

زوردۇن سابىر

# ئارچا پارىغى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارچايارىغى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىددىن بەھرام

统一书号: M10098·887
定 价: (平)0.95元(精)1.30元

زوردۇن سابىر

# ئارچا ياپرىقى

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئوول مؤهەررەری: ئەخەت هاشم



خەيرلىك ئىش........................................
سۇبھى........................................ 105
ئارچا ياپرىغى........................................ 205
ۋاپادارلىق........................................ 305

# خەيرلەك ئىش

## ئىدىقۇت چالمىسى

### 1

ھەمدۇل بوۋاي ئوغلىنىڭ دەرۋازىسىنى قاتتىق جالاقلاتتى. ئۇنىڭ غەزەپتىن زۇۋانى تۇتۇلغان، لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قالغان ئىدى. دەرۋازا شۇنچىلىك قاتتىق جالاقلىدىكى ئوغلىنىڭ ھويلىسىدىكى بودىلىۋاتقان قويلىرى پىشقىرىپ، ئىشەكلىرىمۇ ھاڭراشتى، لېكىن ئۆيدىن ئادەمزات ئۈنى ئاڭلانمىدى. بوۋاي قولىدىكى پارقىراق ھاسا بىلەن چايخانا ئۆينىڭ كوچا تەرەپتىكى كىچىككىنە دەرىزىسىنى ئۇردى، ئەينەك سۇنۇپ ئۆينىڭ ئىچىگە چۇشكەندىن كېيىنلا ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىگىدە ئادەم پەيدا بولدى:

— چوڭ ئاتاممۇ، نىمە بوللا تاڭ سەھەردە؟

— ھۇ، قارا پاتقاق! ھۇ، ئەسكى يوتقان بۆرگىلىرى، سەھەرمىش تېخى! باشقا خەقنىڭ بالىلىرى ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ، كوچىلارغا سۇ چېچىپ بولۇپ ئىشقا ماڭغىلى نىكەم، ۋۇي بىساپا لەقۋالار!

بوۋاي ھويلىغا كىرىپ ھەممىنى تىللىدى - دە، نەۋرىسىنىڭ تېقىمىغا ھاسا بىلەن بىرنى ئۇردى. بوۋىسىنىڭ سەپرا مىجەزىگە كۆنۈك نەۋرە ھاسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ يالۋۇردى:

— جېنىم چوڭ ئاتا، ئەمدى ئۇرمىسىلا، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدۇق...

— نېمىگە؟ يەنە شۇ رۇسۇل دەلتىنىڭ غەلۋىسىمۇ، نېمە دېگەن تۈگىمىگەن مېھمان، ئاخىرى يوق ئويۇن بۇ! ھەي، رۇسۇل دېگەن ئۆلۈك ئېشەك، ئويناۋاتقىنىڭغا ئوتتۇز يىل بولدى، سەن بالا ئەمەس، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەمسەن، يەنە نېمە تۈگىمىگەن ئويۇن بۇ، قوي سويغان ئوخشىمامدۇ تېخى، بۇ بايۋەچچە! بۇ قويلارنى نەشىكەشلەر يېسۇن دەپ بوداپتىمىز - دە؟ ۋوي بەڭگى، ۋوي ئىمانسىز دەلتە! ئۇ قايسى ئۆيدە دالىسىپ ياتىدۇ زادى؟!

— لەمدە... — نەۋرىسى پەس ئاۋازدا ئېيتىپ بەردى.

— ۋوي سېنىڭ دۆلتىڭ قۇرۇسۇن، سۇلايمان گاڭ بولۇپ كەتسەڭمۇ ئىگەكىم!...

بوۋاي ئايلانما پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقماقچى بولۇۋىدى، شۇ چاغدا پەلەمپەي يېنىدىكى كۆك ئىشىك ئېچىلىپ، كېمىر ئۆيدىن مۇلايىم كېلىنى چىقىپ كەلدى ۋە قېيناتىسىغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ھەر كۈنى سەھەردە ئالاھىدە ئېگىلىپ سالام بېرىپ كېلىۋاتقان كۆيۈمچان، سەۋرىلىك كېلىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي، سالىمىنى ئىلىك ئالماي بولامتىمۇ؟ بوۋاي پەلەمپەيدىن پۇتىنى تارتتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئويدان تۇردىلىمۇ بالام! ھە، قايسىسىنى سويدۇڭلار؟

كېلىنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ ئاچچىقى پەسەيدى، ئۇ كېلىنى بىلەن مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. مانا ھازىرمۇ كېلىنىنىڭ سالىمى بىلەن ئۇنىڭ ئاپپاق قاشلىرى ئاستىدىكى ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ، كۆيۈپ قارايغان، قىزغۇچ يۈزىدىكى قويۇق قورۇقلىرى تارالغاندەك بولدى.

— كەلسىلا را، قىزدىل توخلىنى سويۇۋىدۇق، ئېغىز تېگىپ باقسىلا ئاتا!...

كېلىن ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ، سەل ئېگىلىۋېرەك ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بوۋاي كەم سۆز، ئىشچان، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل كېلىنىنىڭ چاچتەك ئىنچىكە قوروۇقلار چۈشكەن، باھار ئاپتىۋىدا ئۆڭگەن بولسىمۇ ئۆز نەپسلىكىنى يوقاتمىغان چىرايىغا قارىدى ـ دە، تېخى چىشلىرى چۈشۈپ بولمىغان ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— شورپا ئېلىپ قويدىلىمۇ؟

— كەچ پىشتى، سىلىنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق...

— ھىم... ھەي رۇسۇل، سېنىڭ بۇزدى ـ چاچتىغا ئامراقلىـ غىڭ! قىزدل توخلا تېخى سەمرىيىتتى ئەمەسمۇ، قانچىلىك يۇزلۇك مېھمانكەن ئۇ بىر نىمىلەر؟

— ئاغىنىلىرىكەن...

— ھە، قانچە خىل تاماق ئەتكۈزدى؟

— كېچىچە ئۇخلاتمىدى ئانامنى! — دېدى كىچىك نەۋرىسى گەپكە ئارىلىشىپ، — مانتا ئەت دەيدۇ، مانتىنى پىشۇرۇپ ئەكەلسە بىر تاللا يەپ قويۇپ، لەغمەن ئەت دەيدۇ، لەغمەننى پىشۇرۇپ ئەكەلسە تېخى بىر چوكا ئىلا ـ ئىلمايلا چۆچۈرەڭ تەييارمۇ دەيـ دۇ. ئانام ئۇنىڭ مەسلىرىگە ئىشلەپلا تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخـ شا دۇ چوڭ ئاتا!...

— ھەي سەيدۇل، ماڭ ئىشەكلىرىڭگە سامان بەر!

ئايال ئوغلىنى بۇيرۇۋىدى، بوۋاي نەۋرىسگە قاراپ:

— ھارۋاڭنى قېتىپ تۈگىنى قاچىلا، سۇ تولدۇرغاچ تۇرغىن، مەن ھازىرلا ئاۋۇ رۇسۇل دەلتىنى ھەيدەپ چىقىمەن! — دېدى.

كېلىنى زەرپىخاننىڭ دەردى كۆپ، ھال ئېيتىدىغان ئادىمى يوق، مۇنۇ ئاچچىغى چۈس قېيناتىسىغا ئېيتاي دېسە يەنە شۇ يىگىرمە يەتتە يىللىق ھەمرىيىنى ئايايدۇ، ئاۋادا بوۋاي رۇسۇلنىڭ ئايالىغا سېلىۋاتقان زۇلمىنىڭ ئوندىن بىرسىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ئوغلىغا كۆرگۈلۈگىنى كۆرسىتىدۇ. رۇسۇلنىڭ قىرىق ـ ئەللىك مىڭ يۇەندەك پۇلى، يۈرۈشۈۋاتقان ئوقتى، مۇنۇ ھەشەمەتلىك ئىككى

قەۋەت جاي، يىگىت بولۇپ قالغان ئۈچ ئوغلى بىلەن بويىغا يەتكەن ئىككى قىزى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق سورۇندا ياقا يېرتىشقا تەييار تۇرىدىغان ئاغىنىلىرى بار، قىسقىسى ھېچنىمە ۋە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارا بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زەرىپىخان دەرت بىلەن قېرىپ ـ تۈگىشىپ كەتسىمۇ ئاتىسىغا دەرت ئېيتمايدۇ.

ــ ئالسلارا ئاتا! ــ دېدى كېلىن تەخسىدە سېمىز گۆش ئەكىلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ــ شورپىمۇ ئىسسىپ قالدى، تۆگۈپ قويغان بەنشىمۇ بار.

ھەمدۇل بوۋاي كېلىنىنىڭ بۇ مېھرىۋانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزىدىن كېيىنچە تارتقان جەۋرىسىنى چۈشەندى. ئاخشام كەچ ئۇلار ئېيتىزدىن بىللە قايتىشقان، زەرىپىخان باللىرى بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يېرىم مو يەرگە پەمىدۇر كۆچۈرگەن، ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن كېلىن كېيىنچە ئۇخلىماي رۇسۇلنىڭ نەشكەشلىرى ئۈچۈن نەچچە خىل غىزا تەييارلىغان. بوۋاينىڭ ئوغلىغا ئاچچىقى كەلدى.

ــ قۇرسىقىم جىقلا تويدىغۇ! ــ ئۇ تەخسىنى ئىتتەردى، ــ بىر قۇرساق گۆش يەۋالدىم، كەچ كىرگىچىلا ئۇسسىغىدەكمەن ئەمدى. رۇسۇل دېگەن...

ــ تەرەپپالا مېھمان بېسىۋالدى، ئۆيدە يىسلەكتىن باشقا كۆكتاتمۇ يوقكەن، ئالدىراشچىلىقتا كىلىتنى يوقىتىپ قويۇپ ئامبارغىمۇ كىرەلمىدۇق، بولمىسا گۆشمىغۇ يوق ئەمەستى. توخلا بۇرۇن سويۇلۇپ كەتتى...

ــ بىرنىڭكىدە گۆش بار ئەمەسمىدى، ــ دېدى ھەمدۇل بوۋاي كېلىنىنىڭ گېپىنى رۇسۇلدىن قاچۇرۇپ باشقا ياققا ئەكىتىۋاتقىنىنى پەملەپ، ــ ئارىلىقتا غادىرىسكۇم بولدى، ئاڭلىدىم، چىقاي دېدىم، ناماز قازا بولمىسۇن دەپ چىقالمىدىم. نامازدىن كېيىن مۈگدىيىپ بىر دەم ئولتۇردۇم. ئۇخلاپ قاپتىمەن، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ مالىمان قىلىشىغا يول قويمايتتىم. ھە،

رۇسۇلنى ئويغاتمالا، قىلىدىغان ئىش چاچتىن تولا تۇرسا يەنە نىمە ئۇيقۇ، بۈگۈن يېڭىچە ئۈچىنچى ئايغا ئون سەككىز، پەمىدۇر تىكىدىغان، پەمىدۇر كۆچىلەيدىغان ئىش، بىر يۈز يىگىرمە تۆشۈك ئۇيغاندا هەر تۆشۈككە ئەللىك تالدىن تەك قويساق شۇ چاغدا ئالتە مىڭ تال تەك كۆچىتىنى تىكىپ بولالايمىز. ئەچىقىدىغان قىغىچۇ تېخى! دەرۋازا ئالدىدا سېسىپ ياتىدۇ. قىغىنى ئۆلچىدىم، ئۈزۈنىسى سەككىز يېرىم، توغرىسى ئۈچ، ئېگىزلىگى بىر مېتىر كەلدى. ئىككى يۈز ئۇلاق چىقىدىغان ئوخشايدۇ، هارۋىغا ئۈچ ئۇلاقتىن باسسا...

— چوڭ ئاتا، تۇڭنى توشقۇزۇپ، هارۋىنى ئىشىك ئالدىغا توختىتىپ قويدۇم! — ئەتىۋالىق نەۋرىسى سەيدۇل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. بوۋاي نەۋرىسىگە يېڭى ئىش بۇيرۇدى:

— ماڭ يۈگۈر، ئاۋۇ بايۋەچچە، ئاغىچىلارنىڭ هەممىسىنى ئويغات، زەرىپخاندىن باشقا هەممىسىنى ئېتىزغا هەيدەپ چىقمەن. ئون يەتتە مو يەرنىڭ هەر موسىغا ئەللىك تەڭگىدىن دۆڭگە پۇل تۆلەيدىغان گەپ، ئاۋۇ بىر يۈز سەكسەن ئالتە تۇپ تەكنىمۇ بىرگە بىكارغا بەرگىنى يوق. بىر مو يەردىن مىڭ تەڭگە، بىر تۇپ تەكتىن ئىككى يۈز جىڭدىن هۆل ئۈزۈم ئالالىساڭ ئۇ چاغدا سەن ئۆزەڭنى دىخان دېسەڭ قاملىشىدۇ، ئاتام رەمىتى بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ يېشىدا دۇنيادىن ئۆتتى. ئون ئۈچ يېشىدا ئېتىز ئىشىغا چىققان ئىكەن، بىر يۈز ئون يىل ئۆمرى ئېتىزدا ئۆتتى. تۇرپاندا ئون ئاي ئېتىزدا يۈرىدىغان گەپ، ئون ئاينىڭ هەر كۈنى ئون ئىككى - ئون تۆت سائەت ئىشلىدى دېسەڭ ۋاي - ۋۇي... بىر يۈز ئون يىل قانچە سائەت بولىدۇ؟ هىساپلىغىنا سەيدۇل! بىلىپ قوي، بوۋاڭ كۈنىگە ئون ئىككى سائەتتىن ئىشلەپ بىر يۈز ئون يىل ئۆمرىنى ئېتىزدا ئۆتكەزگەن. بىرچۇ، ئاۋۇ رۇسۇل دىگەن خام تېرىمچۇ؟ كۈنىگە ئىككى سائەت ئىشلەشكە چىدىمايدۇ، سەيدۇل بالام سەن ئۇنى دورىما، توپىدىن قاچما، دۇنيادىكى ئەڭ پاكىز

نەرسە توپا. ھەممىلا نىمە توپىنى خارلايدۇ، دەسسەيدۇ، تۈكۈ-
رىدۇ... ھەممىنى قىلىدۇ، توپىنى خارلىغانلار ئۆزى خار. ئاتام
رەمتى توپىغا ئىشلىگىنى ئۈچۈن بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ يىل ئۆمۈر
كۆردى، پاكىز، ساغلام پېتى دۇنيادىن ئۆتتى، ئاتامدىكى پاكىز-
لىك، سەمىمى سادىقلىق نەدىن كەلگەن؟ توپىدىن كەلگەن، نى-
مىشقا دىسەڭ توپا ساختىلىقنى كۆتەرمەيدۇ، توپىغا ئىشلىگەن
دىخان شۇنىڭ ئۈچۈن راست گەپ قىلىدۇ، ئادەم ئالدىمايدۇ،
بىلىپ قوي سەيدۇل: يەر دىخاننىڭ جېنى، بايلىغى، ئۇنىڭ يەر-
دىن باشقا يېقىن دوستى بولماسلىغى كېرەك. دەرەخقە يوپۇرماق
كېرەك، ئادەمگە ئەخلاق، دىخاننىڭ ئەخلاقىمۇ توپىدىن كېلىدۇ
بالام!

بوۋاينىڭ دائىم ئېيتىدىغان بۇ گەپلىرى كېلىنى بىلەن كىچىك
نەۋرىسى سەيدۇلغا ھەر قېتىم يېڭى بىر كىتاپ سۆزدەك تەسىر
قىلاتتى، مانا ھازىرمۇ ئۇلار بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئىخلاس بىلەن
ئاڭلىدى. كېلىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىمىر ئۆينىڭ تىمىدىكى قو-
زۇققا ئېسىقلىق تۇرغان، تېگى قارا، گۈلى ھالرەڭ دوپپىنى
قولىغا ئالدى ـ دە، بوۋايغا سۇندى:

ــ دوپپىلىرىنى يەڭگۈشلەيدىغان ۋاق بولدى ئاتا، چوڭ
نەۋرىلىرى سەلىمەنىڭ قول ئىشى، قېنى كىيىپ باقسىلا!

ــ سەلىمەمۇ چوڭ ئانىسىنى دورىدى، لېكىن ئەپەندىچىلىك
قىلغىنى بولمىدى، ئېيتىڭلار، ئەپەندىچىلىگىنى قويۇپ ئېتىزدا
ئىشلىسۇن!

قېرىلارمۇ بالىلاردەك گول بولىدۇ. ھەمدۇل بوۋاي ئالتە
قىرلىق يېڭى دوپپىنى كىيىپ خۇددى كىچىك بالىدەك خوشال
بولدى ـ دە، كېلىنىگە:

ــ ھېلىقى دۆي بىلەن تۈزگەن توختام قەغەز قېنى، ھېلىقى
ھۆل سېتىپ بېرىش بىلەن قۇرۇق سېتىپ بېرىشنى ئوقۇپ بېرىڭا،
مۆلچەرلەپ باقايلى، قانچىلىك ئاشۇرالايمىزكى، يۈگۈر سەيدۇل،

چوڭ ئۆيگە چىقىپ يەنە بىر ھارۋىنىمۇ قوش.
سەيدۇل ھارۋا قېتىشقا، كېلىنى تۆمۈر رىشاتكىلىرى ھاۋا رەڭ سىرلانغان ئەگىمە پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھەمدۇل بوۋاي ھويلىغا چىقىپ ھەيۋەتلىك ئۆيلەرگە زوق بىلەن يەنە سىنچىلاپ قارىدى: ھويلا كەڭ - ئازادە ئىدى. كېسەك بىلەن ئۆرە بولغان چاقماق تاملارنىڭ كەينىدىكى باغدا توقسەن ئالتە تۆپ تەك تەكشى بىخ ئۇرۇپ پاكىز تۆپىدا سونايلىپ يېتىپتۇ. كۈن پېتىش تەرەپتىكى چوڭ ئۆي بىلەن مۇنۇ ھەيۋەتلىك ئۆينىڭ باغ پاسىلىدا بويى ئون تۆت كۆزلۈك، ئېنى سەككىز كۆزلۈك چۈنچە خۇددى بىر شىياۋدۈينىڭ چۈنچىسىدەك ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي كۆزلىرىنى قىسىپ چۈنچىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى كۆزنەكلىرىنى يەنە بىر قېتىم ساناپ چىقتى — تۆت يۈز قىرىق سەككىز كۆز. پاھ قانداق كارامەت - ھە! بوۋاي ئىنچىكە پولات تۇرۇبىلاردىن قىلىنغان ئېگىز باراڭغا، ئاندىن كېيىن كەينىگە قايرىلىپ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيگە قارىدى: ھارۋا ۋە كىچىك ماشىنا كىرەلىگۈدەك كېمىرلىق كوچا ئىشىگى، ئىشىك- نىڭ ئىككى يېنىدا ئىشىكلىرى ھاۋا رەڭ سىرلانغان ئاستىنقى قەۋەت ئۆيلەر، بۇ ئۆيلەر جەمى ئالتە ئېغىزلىق. بوۋاي بىلىدۇ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچى گىلەملەر، سىم كارۋاتلار بىلەن تولغان. ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسى كەڭ، ئازادە پىشايۋان - لەمپە، لەمپىگە قارىغان ئۈچ ئىشىك، ئىككى يانىدىكىسى چاققان، ياخشى ياسالغان ھوجرا، ئوددۇلدىكىسى رۇسۇلنىڭ مېھمان كۈتىدىغان چوڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى. ئۇ ئۆيدە سەككىز گەزلىك ئېسىل گىلەملەر بار. رۇسۇلنىڭ نەشكەش ئاغىنىلىرى شۇ گىلەملەر ئۈستىدە خۇد- دى ئىشەك تۆپىگە ئېغىنىغاندەك ئېغىنىشىدۇ...

بوۋاي ساقىلىنى سىپاپ قويۇپ ئۆزىچە ھىساپلىدى: شۇنچە ئىمارەت بىر ئايدا پۈتتى. ئاستىنقى قەۋەت ئۆيلەرنىڭ ئالتە- يەتتە مېتىرلىق كېمىرلىرى بىر كۈندە ئېگىلىپ بولدى. بىر ئۆينىڭ

ئەگمىسى ئۇچۇنلا سەككىز يۈز كىسەك كېتىدۇ، تېمىغىچۇ؟... بوۋاي
ھىساپلاپ كۆرۈۋىدى، ئاتمىش مىڭدىن جىق كىسەك كېتىپتۇ. بۇ
كىسەكلەرنى ماشىنا ـ ھارۋىلار نەدىن توشۇپ ئەكەلدى؟ نىمىشقا
بۇ ئۆيگە ھەر كۈنى يىگىرمە ـ ئوتتۇزلاپ ئادەم ئىشلىدى؟ ئۆي-
دىكى گىلەملەر، بودىلىۋاتقان قويلار، ۋەلىسىپىت، پوت ـ پوت، ئۈن
ئالغۇلىرىچۇ؟ بۇ بايلىقنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىنى بوۋاي نىمىشقا
زىر ـ زەۋىرىگىچە بىلمەيدۇ؟ ناۋادا بۇ بايلىق توپىدىن كەلگەن
بولسا ھالال ۋە ئەزىز بايلىق ئەگەر باشقىلارنى ئالداش ھىسا-
ۋىغا ياكى قاقتى ـ سوقتى قىلىش ھىساۋىغا كەلگەن بولسىچۇ؟...

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە بوۋاينىڭ يەنە غەزىۋى ئۆر-
لىدى ـ دە:

— ھاي، رۇسۇل، ئاپلا... ئىسمىڭنى نىمىشقا شۇنچە ئۇلۇغ
قويغاندىمەن، تىللىسا گۇنا بولىدۇ ـ دە، ھاي توڭگۇز، ھاي ئىشەك! —
دەپ ۋاقىرىدى. ئوغلىدىن جاۋاپ كەلمىگەندىن كېيىن بوۋاي پەلەم-
پەي بىلەن يۇقۇرى ئۆرلىشىگىلا كېلىن ئۇتتۇر ئۆيدىن ئالدىراپ
چىقتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاتا، مانا توختام قەغەز، ساندۇقتىن ئاران تاپتىم. بول
ھەي سەلىمە، چوڭ ئاتاڭغا مۇنۇ قەغەزنى ئوقۇپ بەرگىن، — دىدى.

كېلىن شۇ گەپ بىلەن بوۋاينى يەنە ياندۇرۇپ تۆۋەنگە
ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. يان ئۆيدىن ئون توققۇز ياشلىق چىرايلىق
قىز چىقتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەسسالام چوڭ ئاتا! — دىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام، قېنى ئوقۇغىنا، بولدى،
بېشىنى ئوقۇما، سانلىرىنىلا ئوقۇ بالام.

ئۇلار باراڭ ئاستىدىكى كۇرسىلاردا ئولتۇرۇشتى. قىز ئوقۇدى:

— ئومۇمى مەھسۇلات يەتتە مىڭ ئەللىك ئالتە جىڭ، كىرىم
بىر مىڭ تۆت يۈز توقسان توققۇز يۈەن يەتمىش بەش پۇڭ. سېتىش
ۋەزىپىمىز: ھۆل ئۈزۈم يەتتە يۈز ئاتمىش يەتتە جىڭ، قۇرۇق

ئۈزۈم توققۇز يۈز ئون جىڭ.
— كىشمىش ئۈزۈممۇ بۇ؟
— ھەئە، چوڭ ئاتا.
— ھە، چوڭ ئۈزۈمچۇ؟
— چوڭ ئۈزۈم: قۇرۇق ئۈچ يۈز يەتمىش بەش جىڭ، ھۆل بىر مىڭ سەككىز يۈز جىڭ.
— چوڭ ئۈزۈمنىڭ كۆتىرە بەرگەن مەھسۇلاتى قانچىكەن؟
— بەش مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن ئىككى جىڭ، چوڭ ئاتا!
— ھەممە ئۈزۈم قانچە جىڭ بالام؟
— ھەممىسى، ھەممىسى... ئون ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئوتتۇز سەككىز جىڭ بولىدىكەن چوڭ ئاتا! — قىز ئىنچىكە قاشلىرىنى يىمىرىپ، بۇرنىنى يىنىك تارتىپ قويدى.
— پۇلىچۇ؟
— تەكىنىڭ ئىككى يۈز يەتمىش سەككىز يۈەن، يەرنىڭ يەتتە يۈز ئون ئالتە يۈەن، ھەممىسى-ھەممىسى توققۇز يۈز توقسەن تۆت يۈەن...
— سۇ پۇلى، توك پۇلى، خىمىيە ئوغۇت،... ھەممە چىقىم، — دىدى بوۋاي بارماقلىرى بىلەن ھىساپلاپ كۆرۈپ، — ئىككى مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن، — ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتىرىپ سۆزلىدى، — كۆكتات، كېۋەز تېرىلغان يەرلەرنىڭ بىر موسىدىن كەم بولغاندا بەش يۈز يۈەن كىرىم قىلىشىنى، تەكىنىڭ ھەر تۈپىدىن ئىككى يۈز جىڭدىن ھۆل ئۈزۈم ئېلىشىنى كۆزلىسەك بولىدۇ. بۇ پۇل ئەمگەك بىلەن كىرىدۇ. ئۇيقۇ بىلەن، نەشە بىلەن كىرمەيدۇ. ھەي رۇسۇل، قاچانغىچە ئۇخلايسەن، تۇر دەيمەن! تۇرپاندا توققۇز ئاي ياز بولىدۇ دەپ شۇنچە ئۇخلامسىنا، تۇرپاننىڭ كۈندۈزى باشقا يەرلەردىن ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ لاپچىيىپ ياتامسىنا! مەن ساڭا سۇلايمان گاڭدەك ئاتىسى ئۈچۈن يەتتە مىڭ سەر كۈمۈش خەجلەپ توقسەن ئىككى تاتىمىسى بار مۇنار تۇرغۇزغىنى دەۋاتقىنىم يوق،

سېنىڭ مامۇت سىجاڭنىڭ ئۆيىگە تەڭ قىلىپ سالغان بۇ ئۆيلىرىڭ ماڭا يوپيۇق بولالمايدۇ. ئۆلسەم ئىككى ماڭدام توپا ماڭا يېتىدۇ. نىمىشقا ھەممىلا ئىشقا مېنى چاپتۇرسەن، كاساڭغا ھاسا تەگمىگىچە كاللاڭنى كۆتەرمەيدىغان بىر نىمە ئوخشىماسەن!

بوۋاي قىزىرىپ چىقىۋاتقان كۈننىڭ نۇرىغا بىر قارىدى-دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرىغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. بۇ قېتىم كېلىنى بىلەن نەۋرىلىرى ئۇنىڭغا ئارا بولالمىدى. بوۋاي ھاسىراپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى-دە، رۇسۇل ياتقان ئۆيگە كىردى.

رۇسۇل — ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئوغلى، بۇ دۇنيادىكى بىردىن-بىر ئارزۇسى. ئۇ ساقاللىق ئىڭىكىنى يۇقۇرىغا قارىتىپ، قورۇقلار ئارىسىدىكى كىچىك كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان، يۇڭلۇق قوللىرىنى ئىككى يېنىغا تاشلاپ، ئاغزى يېرىم ئوچۇق ھالدا ئۇخلاۋاتاتتى.

— ھوي دەھرى، ھوي توڭگۇز كۈچىكى!

بوۋاي ھاسا بىلەن ئاۋال ئۇنىڭ قولىغا، ئاندىن كېيىن يانپىشىغا نوقۇدى، ئوغلى قىمىر قىلمىدى. بوۋاي رەللى بولۇپ پىشانىسىگە نوقۇدى، ئوغلى يەنە قىمىرلىمىدى، بوۋاي غەزەپكە كەلدى-دە، يوتقاننى ئېچىۋېتىپ ئوغلىنىڭ تېقىمىغا ھاسا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. رۇسۇل تەستە كۆزىنى ئاچتى ۋە كىچىك بالىدەك ئۆمىلەپ قاچتى. بوۋاي ئۇنىڭ دۈمبىسىگە، دولىسىغا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇردى ۋە تىللاشقا باشلىدى:

— ۋۇي قىمارۋاز، ۋۇي ئەسكى داس، ئۈنىڭنىڭ يوغان چىتقىسىغا قاراپ ئۆزەڭنى ئەر دەمسىنا، ئەرەنچە كىيىمىڭگە قاراپ ئۆزەڭنى ئەر دەمسىنا!... باغاقىنىڭ بېشىغا ئىسمىڭ يېزىلغىنىغا قاراپ ئۆزەڭنى ئەر دەمسىنا!... ئەر دىگەندە جىگەر بولىدۇ. ھەي لايغەزەل، مەن سېنى ئىدىقۇتنىڭ چالمىسىدەك ئەتىۋالىق، ئېزىلمەيدىغان ئەر بولارمىكىن دىسەم، داۋانچىڭنىڭ قارا توپى

سىدەك لاي بىر نەمە بولغىلى تۇردىڭغۇ، قوپە، ئېتىزغا ماڭە، بولمىسا مۇشۇ يەردىلا گۆرۈڭگە ماڭ، ساڭا ئىت تېرىسىدىن كېپەن تۇرغۇزاي!

رۇسۇلنى يەنە كېلىن تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

٤

ئۇچىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسىدىن كېيىن تۇرپان يېزىلىرىدا باللار يالڭاياق، ئاياللار كۆينەكچان بولۇۋېلىپ تاڭ سەھەردە توپىلىق، تار كوچىلارغا سۇ چېچىشىدۇ، كارىزدىن ئېقىپ چىققان سۈزۈك سۇ بويىدا ئۇلارنىڭ چېلەكلىرى بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ داراڭلىشىدۇ، كۈلكە-چاخچاقلىرى ئۈزۈلمەيدۇ. سەھەردە سۇ بويى بۇ يېزا ئۈچۈن ئاۋات جاي.

زەرىپە ئەپكىشىنى مۈرىسىگە سېلىپ سۇغا ماڭغاندا ئۆي-ئۆيدىن چىققان ئاياللار ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق بىلدۈرۈپ سالام قىلىشتى. كېچىچە ئۇخلىماي مالايدەك ئىشلىگەن ئايال ھازىر مۇنۇ توپىلىق تار كوچىدا ئۆزىنى ھەشەمەتلىك قورانىڭ خوجايىنى ھېساپلاپ مەغرۇر-كېرىلىپ ماڭماقتا، لېكىن ئۇ خۇلۇم-خوشنىلار ئالدىدا مەھەللە بويىچە ئەڭ كاتتا ھېساپلانغان قورانىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆيىقۇسىز كۆزلىرىدىكى ھارغىنلىق ۋە خورلىنىشىنى يوشۇرۇشقا ئىلاجىسىز ئىدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا تەرسا ۋە سەپرا ئېرىنىڭ بىر دەم بولسىمۇ كۆزىدىن نېرى بولۇش ئۈچۈنلا ھارغىنغا قارىماي سۇغا چىققان ئىدى.

ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگۈچىلەر تەرەپ-تەرەپتىن سۆزلەپ كېتىشتى:

— ئەكەلسىلە زەرىپەخان ئايلا، قانچىلىك سۇ بولسىمۇ بىزگە قويۇپ بەرسىلە!

— زەرىپىخان ئىش ـ كۈش بولسا هويت دەپلا قويسلا بولماسمىدى؟

— رۇسۇل بەگنى نىمىگە شۇنچە ئايايلا!

— خىزمەتچى سالسلىمۇ يارىشىدۇ، نىمىگە جان قىنايلا!...

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇرۇش ئورنىغا ئوغىسىنى قايناتاتتى. چۈنكى ئۇ بارغانسېرى ئېشىۋاتقان دۆلەتنى بىلەن كۆپىيىۋاتقان پۇلىدىن بىزار بولماقتا، مۇنۇ ھەشەمەتلىك كاتتا قورادىن زېرىكمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن يوقسۇل چاغلىرى — كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى. بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن باللىرى تېخى كىچىك، رۇسۇلمۇ يۇۋاش، يۇمشاق، ئەمگەكچان دىخان ئىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىكى دۈگىلەك جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇۋېلىپ گۆگۈر ـ مۆگۈر، ئىش ـ تاھا بىلەن زاغرا يەپ، قارا چاي ئىچىپ ناشتا قىلىشاتتى. كەچتىمۇ ئوتياش چاناپ تۈگۈپ تاماق ياكى سۇ پۆرىسى قىلاتتى ـ دە، هوزۇرلىنىپ غىزالىناتتى. غىزادىن كېيىن ئېتىزدا ياكى مەھەللىدە كۆرگەنلىرىنى بىر بىرىگە ئېيتىشاتتى ـ دە، باللىرى پالازلىرىنى كۆتىرىپ سۇ بويىغا ئۇخلاشقا ماڭاتتى. زەرىپە بولسا، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇ چېچىلغان داق يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىشلەپ هارغان رۇسۇلنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ جىمجىت، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۇھەببەت ۋە خوشاللىق بىلەن بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىغىنى ئەسلەيتتى.

يوقسۇل ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ ـ ھە! هازىرچۇ، ئۇلار باي. بانكىدا، ساندۇقتا پۇلى جىق، ئۆي ـ بىسات دىگەن زەرىپىخانىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتكەن، لېكىن بۇ بايلىق ھىساۋىغا ئۇنىڭ كۆيۈمچان، ئىشچان ئېرى ئۆزگەرمەكتە. ئۇ هازىر زەرىپىخانىنى مۇھەببەت ۋە ئائىلە ئىگىسى ھىساپلىمايدۇ. ئۇ نەلەردىندۇر ياكى خوشال ياكى خاپا قايتىدۇ ـ دە، كىيىملىرىنى ئايىلىغا يەشكۈزىدۇ، ھەتتا پۇتىنى يۇ-

غۇزىدۇ. مىڭ بىر جاپا بىلەن دەملەپ كەلگەن چېيى
سۈمۈرۈپ قويۇپ:

— نىمانداق بەتتام بىر نىمە بۇ! — دەپ ۋاقىراپ شالاقتىدا چاچىدۇ. كىملەم ئۈستىدە ئوڭدا يېتىۋېلىپ غىزا بۆيىرۈيىدۇ-دە، زەرىپىخان بىر قولىنى ئون قىلىپ يۈرۈپ تاماق تەييارلىغاندا ئۇخلىۋالىدۇ. ئاستا ئوقۇپ، «ئاش پىشتى!» دىسە ياۋايى ھايۋان بالىسىدەك چۆچۈپ تۇرۇپ ئايلىغا ئالىسىدۇ. ئالدىغا كەلگەن تاماقنى تېتىپ بېقىپ قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرۈپ قويۇپ يەنە باشقا تاماق بۇيرۇيدۇ. زەرىپىخان ئىلاجىسىز ئۇنىڭ دىلى تارتقان تامىغا تۇتۇش قىلىدۇ...

ئەتىگەنلىكى بەزىدە رۇسۇل بەگ ئايلىغا بىر ھەپتىلىك تاپشۇرما بېرىدۇ ياكى نەق پۇل، يېڭى كىيىم، قاچاندۇر ئۆزى تىقىپ قويغان پېچىنى ياكى بىر نىمىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. زەرىپىخان دەرھال تەق قىلالمىسا، تىل-ئاھانەت ياكى تاياقتا قالىدۇ... بايلىق ئۇنىڭ ئىپرىنى قويىدەك مۆمىن ئادەمدىن باغلاقتا بېقىلغان ئىتتەك يامان خۇيى بار، سەپرا خوجايىنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

— تۇۋا، ئادەملەر مۇشۇ ئادەم بۇزىدىغان پۇل دىگەن بىر نىمىگە ئىمانچە ئامراقكەنتاڭ، ئىنسان ئۈچۈن يىگىرمە تۆپ تەك، بەش تۆپ جۇجەم، بەش مو يەردە بۇغداي، شۇنچىلىك قوناق، بىرەو يەردە كۆكتات بولسىلا بولىدۇغۇ، نىمىشقا پۈتۈن پۇلنىڭ ھەممىسىنى، مال-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا تەمشىلىدىغاندۇ بۇ خەق! جۇسەي، يېسىلەك مانتىسى ياكى سۇ پۆرىسى ئەجەپمۇ تەملىكقۇ، نىمىشقا يەنە شۇنچە مۇلايىم، چىرايلىق قويلارنى يالماپ يۇتۇشنى ئەۋزەل بىلىدىغاندۇ بۇ خەق! ئىنسان دىگەن دۇنيادا ياخشىراق كۈن كۆرىمىز دەپ ھەممە يامانلىقنى قىلىدىغان بىر نىمىكەن، نىمىشقىمۇ كالىغا ياكى ئىشەككە ئوخشاش قانائەتچان بولۇپ يارالمىدۇقكىنتاڭ!...

زەرىپخان ئېرىنىڭ خۇي - پەيلىدىن بىزار بولغان كۆڭلىرى ئىنسان توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ يۇقۇرقىلارنى ئويلايدۇ...

— ھەي زەرىپە، كۆزلىرىڭ نىمانچە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى، مەيەرگە كەلگىنە، بىر گەپ ئاڭلىدىم، — دىدى زەرىپخاننىڭ دوستى، ساۋاقدىشى، ھەسەلخان ئىسىملىك دومىلاق جۇۋان ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ.

زەرىپە ئەپكىشنى بىر قىزغا بەردى - دە، ئۆزى سوزۇك سۇ ئۇستىدىكى دوغا شەكىللىك تەبئى ئەگمىنى دەسسەپ دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەتراپنىڭ ئۇژمە دەرىخى ئاستىدا زوڭزايدى.

— دىسەم - دىمىسەم كۆندىشىڭ سېنى ئازاپلاۋاتىدىغۇ - ھە؟

— نىمە دەۋاتىسەن ھەسەلخان؟

— تېخى ئۇقمىدىڭمۇ؟

— رۇسۇلنىڭ بازاردىن ئۆي تۇتۇۋالغىنى راستمىكەن ھەسەلخان؟

— راستكەن زەرىپە. شۇنچە ئازاپنى قانداقمۇ ئىچىڭگە سىڭىرىپ يۈرىدىغانسەن؟ — ھۆكۈمەتكە ئېيتقىن...

— ياق، ھەسەلخان، بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالما! — زەرىپە ئۇنچىدەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ دوستىغا يالۋۇردى، — بۇ دەرتنى مەنلا تارتىپ ئارىلىشىپ كېتەي، رۇسۇلنى بالاغا قويمايلى، باللىرىم بار. ئىنساپ قىلار، بىر كۈنى يامان يولدىن يانار!

— ئانداق بولسا ھەمدۇل ئاتامغا پۈرىتىپ قويساقچۇ؟

— ياق - ياق، ئاتام ئۇقسا رۇسۇلغا ھۆكۈمەتتىنمۇ قاتتىق تەنبىھ بېرىدۇ...

زەرىپە دومىلاق دوستىنىڭ ھىسداشلىقتىن تۆكۈلگەن كۆز

ياشلىرىنى ئۆز كۆز ياشلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ دوستىنىڭ كۆز يېشىنى يېپەك ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. ھەسەلخان دوستىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن يۈرتنىڭ كۆزى چۈشكەن، گۈزەللىكتە بۇ ئەتراپتا داڭ چىقارغان چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى: يوغان چىرايلىق خۇما كۆزلىرى، قويۇق، ئىنچىكە قورۇقلار ئارىسىدا خىرەلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ چىرايلىق بۇرنىنى، يىمىرىلىپ تۇرىدىغان نېپىز لەۋلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا گۈزەللىكتىن بەلگە بەرگۈدەك ھېچنىمىسى قالمىغان. يۇمۇلاق يۈزىدىكى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قىزغۇچ جۇلا، كۆزلىرىنى بوستانىدەك ئوراپ تۇرىدىغان ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلەر، تېقىمىدىن ئاشىدىغان قاپ-قارا، توم ئۆرۈمە چاچ، تالچىۋىقتەك زىلۋا قامەت... قىز گۈزەللىگىنىڭ بۇ ئالامەتلىرى قېنى؟ قايسى سېھىرىي كۈچ بۇ نەرسىلەرنى يوقىتىۋەتكەن، مۇھەببەت جۇشقۇنلۇغىمۇ؟ ياكى ھەر كۈنى غەم-غۇسسە بىلەن ئۆتىدىغان ھايات يولىمۇ؟ ياكى بولمىسا ۋىجدان، ئار-نومۇسنىڭ ئىچىدىن ئۆرتىشىمۇ؟...

— نىمانچە قارايسەن ھەسەل؟ قىزلار دىگەن مۇھەببەت ئۈچۈن ھەممە نىمىسىنى قۇربان قىلىشقا يارالغان خەقكەن، تۈگىدى. ھەممىنى ئاشۇ رۇسۇل ئۈچۈن سەرپ قىلىپ بولدۇم، ئەمدى بىرلا ئىسسىق جېنىم قالدى، ئۇنىڭمۇ ئاياپ ئولتارغۇچىلىگى قالمىدى...

زەرىپىخان ئۈچۈن يىغا ئارام، خوشاللىق بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى دوستىنىڭ يېنىدا يىغلاش، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئەسكى خىياللاردىن بىر دەم بولسىمۇ قۇتۇلۇش، كۆڭۈل يارىسىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش دىگەن سۆز ئەمەسمۇ؟

ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى. ھەسەلخاننىڭ نىمىلەرنى ئويلىغانلىغى مۇھىم ئەمەس، ئوقۇغۇچىلار زەرىپىخاننىڭ نىمىشقا رۇسۇلغا شۇنچە بېغىر ياقىدىغانلىغىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ.

1955-يىلى يازلىقى زەرىپە — خوشنا يېزىنىڭ گۈزەل

قىزى يەتتىنچى سىنىپنى تۈگەتتى. سەھنىدە ناخشا ئېيتقاندا
بۇ ئون بەش-ئون ئالتە ياشلىق قىزنىڭ ئاۋازى بىلەن ھۆسـ
ـنىگە قىزىققانلار كۆپ بولدى. زەرىپىخاننىڭ تۇل ئانىسى قىزىنىڭ
داڭقى بىلەن بىردىنلا ئەتىۋارلىق ئايال بولۇپ قالدى. ئاستانا،
قارغوجا، سىڭگىملەردىن موماي بىلەن تۇققان سۈرۈشتۈرگەنلەر
چىقتى. رايوننىڭ ياسانچۇق، تولا خوتۇن ئالغان كاتىۋىمۇ
ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى ئۆزى ئەكىلىپ بېرىدىغان
بولۇپ قالدى. بىر كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئەلچى
بولۇپ كىردى-دە:
— ھوي، ئاشۇ قىزنى رايوننىڭ كاتىۋىغا بەرەي خانىغا
بېرەتتىڭمۇ، بەرسىنا! — دەپ ۋاقىرىدى مومايغا. — ئۇنىڭغا بەرسەڭ
پۇل ئۈستىدە ئېغنايسەن!
— كاتىپ بۇۋەك بالىكەن، بىزگە پۇلى بولمىسىمۇ ئىنساۋى
بار لايىق لازىم ئىدى! — دېدى موماي يېزىلىق ھۆكۈمەت
باشلىقىغا يېلىنىپ.
— ئىنساپ؟ ئىنساپسىزنى ھۆكۈمەتكە كاتىپ قىلاتتىمۇ، نەچچە
گەپ بۇ!
موماي دۇدۇقلىدى ۋە ئاخىرى رازى بولدى. زەرىپە بۇ
خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇشۇ ھەسەلخاننىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلىدى:
— جېنىم دوستۇم، ئانامغا ئېيت، مېنى ئۇنىڭغا بەرمىسۇن،
كاتىپنىڭ كۆڭلى قارا...
مېھرىۋان موماي قىزلارنىڭ كۆز يېشىدىن ئېرىدى.
شۇ يىلى بىر كۈنى زەرىپىخان تۇرپان — دۈگمۈگدا ئىككى
ئېشەك قاتقان بىر يوپۇقلۇق هارۋىغا چۈشۈپ ئۆيىگە قايتتى.
هارۋىكەش بۇرۇتى يۇمشاق، قاش-كىرپىكى قويۇق، ئىنچىكە،
ئېگىز بويلۇق، توختىماي تاماكا چېكىدىغان يىگىت ئىكەن.
هارۋىغا چۈشۈۋالغان يەنە بىر شوخ چوكان ئۇنىڭغا چاخچاق
قىلدى:

— ئىشەكنى چۈ دىسەڭچۇ، ئىمانچە ئاستا ماڭىسەن، قىز - چوكانلار بىلەن ئۇزاقراق بىللە بولۇۋالاي دەۋاتامسەن - يا؟ يىگىت قىزاردى ۋە ئىشەكلەرنى قامچىلىدى.

— ئىمانداق لاقىلدارغىلا ھەيدەيسىنۇي، قىز - چوكانلارنى قاچۇراي دەمسەن - يا، ھوي، قىزىرىپ تاماكىلا تارتىدىغان بىر ئىمىغۇ سەن. يىگىتمۇ سەندەك بولامدۇ، خوتۇنۇڭ بارمۇ - يا؟ يىگىت تېخىمۇ قىزاردى. ئايال قاقاقلاپ كۈلدى:

— تېخىچە خوتۇن ئالالمىدىڭمۇ. يۈلۈڭ بولمىغان بىلەن چىرايىڭ باركەن. نەچچىگە كىردىڭ، مۇرىگىنە ھوي؟

— يىگىرمە تۆتكە...

— ئىمىشقا تىترەيسەن، بىرسىگە ئاشىق ئوخشىمامسەن؟ ساقىلى بىر باغ جۇسەيدەك بوپتۇ، يەنە نومۇس، قارىغىنا مۇنۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى، تىكىلىپ قارىساڭچۇ، كاتتىنىسى ئىسىگىز كېپىش كىيى بولمىسا، ۋاي - ۋۇي!

— ئىمە بوللا ئايلا ! — يىگىت خاپا بولۇپ تېخىمۇ قىزاردى.

— ئايلاڭنى تاپالماي يۈرگەن ئوخشىمامسەن، ئاۋال مانا مۇنداق چىرايلىقنى تاپ، ئايلاڭ شۇ چاغدا ھە دەيدۇ. توختا مەن چۈشۈۋالاي، پۇل ئالامسەن؟ ئالمىساڭ رەھمەتكە رازى بول، خۇدايىم مۇنۇ قىزدەك بىر گۈزەلنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

ئايال شوخلۇق بىلەن دۇئا قىلىپ خوشلاشتى. زەرىپە بايىقى يىگىتتەك قىزاردى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتقاندا ھارۋا تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلدى. پالاكەتمۇ — بەزىدە بەخت كەلتۈرىدىكەن. قىز بىلەن يىگىت بىر كارىزغا يىقىلدى. قىزنىڭ بېشى بىر نەرسىگە قاتتىق تېگىپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ قارىسا قۇچىقىدا يىگىت يېتىپتۇ، خۇددى بۆشۈكتە ياتقان بوۋاقتەك كۆزنى يۇمۇپ قۇچىقىدا ياتقان يىگىتنى قىز كۈچ بىلەن ئىتتەردى. لېكىن يىگىت تاتىرىپ كەتكەن، بېشىدىن چىققان قان قىزنىڭ كۆينىكىنى بۇلغىماقتا ئىدى. قىز

يىگىتنى يۆلىدى. يىگىت تەستە ھوۇشىغا كەلدى. ئۇ قىزنىڭ نازۇك قوللىرىغا تايىنىپ ئارانلا ئورنىدىن تۇردى-دە، قۇرۇغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ:
— رەھمەت، زەرىپە ...، — دېدى.
ئۇلار يەنە ھارۋىدا جىم مېڭىشتى. ئاخىرى قىز سورىدى:
— مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟
— سەھنىدىن...
— قاچان؟
— سىز ... سىز سەھنىگە بىرىنچى قېتىم چىققان كۈنى...
قىز ئاخىرى ئۆزىگە يوشۇرۇن ئاشىق بولۇپ يۈرگەن يىگىتنى تاپتى. رايون كاتىۋىنىڭ يۈز-ئابرويى، پۇل-دۇنياسىغا قارىماي يوقسۇل يىگىت بىلەن توي قىلدى.
ئەنە شۇ يىگىت مۇشۇ رۇسۇل ئىدى. رۇسۇل بىلەن تونۇشقان كۈنى زەرىپە دوستى ھەسەلخاننىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ ئۇنچىدەك ياشلىرىنى ئاققۇزغان ۋە بەختلىك ئاۋازى بىلەن پىچىرلاپ:
— تووا، تەرەپباللا-ھە! ... — دېگەن ئىدى.
ساددا قىز ئۇ چاغدا ئاشۇ ساپ كۆڭۈل يىگىت قېرىش ئالدىدا ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرگەنمىدى؟
شۇنداق، پالاكەت ئىچىدە بەخت بولغىنىغا ئوخشاش بەخت ئىچىدىمۇ پالاكەتلىك بولىدىكەن. بۇ ئىككى نەرسىنى كىم ئايرىلاشتۇرۇۋەتتىكىن؟

قاتار ئۇچقان تۇرنامۇ،
ئىگىز تۇرغان مۇنارمۇ.
يوق — بارىغا قارىماي،
كۆڭۈل بەرگەن كۈنامۇ...

رەزىپەخاننىڭ شوخ ئوغلى سەيدۇللا ئاخشام دادىسىنىڭ ئۆلپەتلىرىدىن ئۇگىنىۋالغان بۇ بېيىتنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ

ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ۋە ئانىسىغا قاراپ:
— ئاتام، كىلىت ـ كىلىت دەپ ھەممىنى سۈر ـ توقاي قىلغىلى تۇردى ئانا! — دىدى.

زەرىپىخان رۇسۇلنىڭ زەھەرلىك تىلىنى تېزراق ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆيگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى.

ئۇ ھويلىغا كىرگەندە رۇسۇل ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پىشايۋى ـ نىدا قوللىرىنى كىرەدەپ، ھازىرلا ئېتىلىدىغان خورازدەك تۇرۇۋلۇپ، تمك تۇراتتى.

— نەگە يوقالدىڭ؟

— سۈغا باردىم...

— تۆمۈر ساندۇقنىڭ كىلىتى نەدە؟

— باشقا بىرسىگە بەرگەن چېغىڭىز...

— نىمە، نىمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟...

رۇسۇل دۇدۇقلىدى، شۇ چاغدا سەلىمە رۇسۇلنىڭ يېڭى چاپىنىنى كۆتىرىپ چىقتى:

— ئاتا، كىلىتلىرى مۇنۇ چاپاننىڭ يانچۇغىدىكەنغۇ!

رۇسۇل قىزىنىڭ قولىدىن چاپاننى يۇلۇۋالدى ـ دە، ئايىلىغا ۋاقىرىدى:

— ماڭ، يېڭى ئاياق، كىيىلمىگەن كۆينەك تەييارلا، نىمىگە قاراپ تۇرىسەن! بۈگۈن ئالتە ئادەم كېلىپ تەككە ئوغۇت بېرىدۇ، ئەتە ئۇلار پەمىدۇرنى كۆچىلەيدۇ. دادام سورىسا رۇسۇلنىڭ ئاغىنىلىرى دىسەڭلا بولىدى، مېنى سورىسا ئەششاغا كەپتەر ھايىغى يىققىلى كەتتى دىگىن. ئالتە ئادەمنىڭ تامىقىغا ياخشى قارا، بىر ۋاق چاي بىلەن نان، ئىككى ۋاق ئوبدان تاماق بېرىڭلار، ئاخشىمى مېنىڭ ئۆيۈمدە ياتسۇن. ئۇقتۇڭمۇ، تامىقى، ياتقىنىلا بىل، نەدىن كەلگەنلىكىنى، كىملەر ئىكەنلىكى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!

ئۇ خوجايىنلارچە گىدىيىپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تۆۋەنگە

چۈشتى. زەربە پارتلاشقا تەييار تۇرغان بومبىدەك چىڭقىلىپ ئېرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاردى:

— ئۇن كۈن... بازاردىكى ئۆيىڭىزدە تۇرماقچىمۇ؟

— نېمە؟ — رۇسۇل ئۆپكىدەك قىزاردى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق يىگىتلىك ۋاقتىدىكى نومۇسچانلىقىدىن قالغان يالدامىا ئىدى، لېكىن بۇ يالدامىا پاللىدە قىلىپ يېنىپلا سامان ئوتىدەك دەرھال ئۆچتى-دە، ئۇ تۆمۈردەك قارىيىپ ئايىلىغا ئۆكىردى:

— نېمە شەھەر-پەھەركەن ئۇ؟ «خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار، ئەر كۆڭلىسە تۈزىلەر» دىگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۆيدىن يوقالمىسام بۇ پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ بىلىپ تۇرۇپ بەتنام گەپ-لەرنى يەنە ئېغىزغا ئالىسىنا! ماڭغاچقا، كۆزۈڭدىن نېرى بولغاچقا بىرنى ئۇن، ئۇننى يۈز، يۈزنى مىڭ قىلىۋاتىمەنغۇ! سېنىڭ پېشىڭدا ناماز ئوقۇپ يىگىرمە نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم، باشقىلار ئېلىۋەتكەن تېرىنىغا ئالىمىدى. ئۇزۇن كىيسەم رودۇپاي دىدى، قىسقا كىيسەم كېپىنى تىزىدىن ئاشماس دىدى، گەپ قىلسام ۋالاق تەككەن دىسە، گەپ قىلمىسام ئاغزىغا ئىنەك تەپكەن دىدى. ھازىرچۇ؟ كىممەن؟ رۇسۇل بەگ، ئابروي، ئىناۋەت، راھەت-پاراغەت، خوشاھەت دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇل بىلەن سېتىۋالدىم. ئۇچسام قانىتىم، ماڭسام ماغدۇرۇم، سۆزلىسەم تىلىم بار، مېنى بەگ قىلغانمۇ، جىم تۇرغۇزمىغانمۇ پۇل! بىلەمسەن، بىر ئىككى يىل بولدى، پىشانە تەر كۆرمىدى، ئۇچام چاڭ-توزاڭ كۆرمىدى، ئاتامنىڭ دىگىنىنى قىلىپ كەچكىچە توپىغا مىلەنسەم، غىزاغا چالما ئارىلاشتۇرۇپ يىسەم خوشال بولاتتىڭمۇ؟ ئاتام ھە دىسە دىخاننىڭ قانىتى يەر، دىخاننىڭ جېنى يەر، قېنى يەر دەپ كاپشىيدۇ. بىز چالمىدەك چەيلەنگىلى تۆرەلگەنمۇ-يا؟ ئەقىل بىلەن ئەللىك يىل ياشايمەنكى، چالمىدەك دەسسىلىپ يۈز يىل ياشاشنى خالىمايمەن. دىخان ئىدىقۇت چالمىسىدەك بىر يەردە تۇرىدىغان قىممىتى يوق نەرسىمىدى؟ ياق، مەن بۇنىڭدىن

ئويدۇم، مەن چالما ئەمەسمەن، مەن ئەقلنىڭ سۆيى بلەن كۆكلەيدىغان قارىغاي! — ئۇ موتوتسكلىتقا ئولتۇرۇپ كېمىرلىق دەرۋازىدىن ھەيۋەت بلەن گۈكىرەپ چىقتى-دە، شەھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. زەرىپخاننىڭ كۆكرىدىكى پىچاق سانچىلغاندەك ئاغرىدى، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ئېرى ئۈچۈن خوشاللىق، بەخت تۇيۇلغان بۇ سەپەرلەر ۋىجدان ئاقلىغۇچىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ پاكىز ئايال ئۈچۈن گوياكى ئايسىز چۆل كېچىسىدەك قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك ئىدى.

3

ھەمدۇل بوۋاي ئىشلارنىڭ بۇنچە تېز يۈرۈشۈۋاتقىنىغا خوشال. ئالتە ئەركەك ئىككى كۈندىلا ئېتىز ئىشىنى تۈگەتتى. مانا بۈگۈن ئۇلار چۈنچىنىڭ سۇنغان كېسەكلىرىنى تۈزەپ، چىتلارنى شىپقا سىم بلەن باغلاپ يۇلغۇن، بامبۇك چوكىلارنى يېتىپ ئاشقىدەك ياساپ، تەكلەرنى پاكار-پاكار باراڭلىرىغا ئېلىشقا كىرىشتى.

— بىزنىڭ رۇسۇلمۇ سىلەرگە مۇشۇنداق ئوبدان ئىشلەپ بەرگەنمىدى؟

— ۋاھ، رۇسۇل بەگنىڭ قولى دىگەننزە... — دىدى ئۇلاردىن بىرسى، — ئالامەت ئىشلەپ بەرگەن!

— بىز تېخى رۇسۇل بەگچىلىك ئىشلىيەلمىدۇق...

— ئۆزۈمگە چىڭمىسۇ ئۈرۈشنى ماڭا رۇسۇل بەگ ئۆگىتىپ قويدى، — دىدى ئالتەيلەننىڭ ئىچىدىن ئىتتىك ۋە چۈشىنىكسىز سۆزلەيدىغان بىرسى تەك غولىنى ئېھتىيات بلەن يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، — بىر چىلەك سۇنىڭ ئون بەش كىلو كېلىدىغانلىغىنىمۇ بىلمەيتتىم، ئون بەش كىلو سۇغا بىر گىرام چىڭمىسۇ قوشۇپ تەڭشەشنى نەدىن بىلەي؟ ئۆزۈم راسا چەمچەكلەپ پۈراشقا باشلىغان-

دا دورىلىغۇچ ساپىغىغا ئۇرۇۋۇدۇق، كىشمىش ئۆزۈم قاشقىر ئۆزۈمچىلىك بولۇپ يوغىرىپتۇ!

— ۋاي ھارامىلىغەي!، — دىدى بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ھە، قانچىلىك بىيىپ كەتتىڭ بۇنىڭ بىلەن؟

— ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى باھاسىنى چۈشۈرۈپ ئالىمىز دەپ ئۇنىمىغاندىكىن، چىڭخەيگە...

شۇ چاغدا ھىلىقىلاردىن بىرسى ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى. سۆزلىگۈچى دەرھال گېپىنى تۈزدى:

— چىڭخەيدىن كەلگەن خەنزۇلارغا ساتتىم، ئۇ بىر نىمەلەرمۇ بىلىۋاپتۇ، يوغىنىنى يىسەك قورساق ئاغرىيدىكەن، كىچىگىنى يىسەك ياخشىكەن دەيدۇ تېخى!

— ھەي، — دىدى ھەمدۇل بوۋاي قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ قويۇپ، — سەن ئۆزۈم سودىگىرى ئوخشىمامسەن؟ رۇسۇلمۇ سودىگەرچىلىك قىلامدۇ، ئېيتقىنا!

— ياق، ياق خۇدايىم بار، ئۇنداق قىلمىدىم ...

— ئەمىسە، شۇنچە خەنزۇنىڭ ئىچىدىن چىڭخەيلىكنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ موللا تاپقاق ئوخشىمامسەن ھوي!

باشقىلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى، بايىقى سۆزلىگۈچى گەدىنىنى سىلاپ:

— تونۇش خەنزۇ بولغاندىكىن ...، — دىدى.

— تونۇش؟ قايسى يۈزۈڭ بىلەن تونۇشۇڭنى ئالدىدىڭ؟

سۆزلىگۈچى ئوڭايسىزلىنىپ دۇدۇقلاشقا باشلىدى. باشقا بىرسى ئۇنىڭغا بولۇشتى:

— بۇ بىر ئىلەشمەن چوڭ ئاتا، ئاشۇنداق چاينىماي گەپ قىلىدىغان بىر نىمە بۇ!

— سەن ئادەمنى ئىلەشتۈرمەي تۇرغىنا! — دىدى بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ھە سۆزلە، ھوي سودىگەر بايۋەچچە، رۇسۇلنى باشلاپ نەلەرگە ئاپاردىڭ، چىڭخەي دىدىڭما، قانچە

كۆنلۈك يول ئۇ؟ ئىشەك ھەيدەپ بارمىغانسەن، ماشىنا كىراسىغا قانچە ئالىدىكەن؟

— ئەللا - بىللا چىڭغەينى كۆرگىنىم يوق ئاتا...

— يالغان سۆزلەشتىن قوقمايسەنۇ، قەسەمدىن قوقامسىنا؟ بىلسەن، ياڭغۇز سەنلا ئەمەس، سەنلەر ئالتە ئوغرى مۇشۇك ھەممىڭلار بىلسىلەر، ئىپتىشە، رۇسۇل قانداق باي بولدى، ئۇ سىلەرگە نەچچە تەڭگىدىن ھەق تۆلىدى؟

ئالتە يىگىت بىر بىرىگە قاراشتى، ئۇلار ئۈندىمىدى، خۇددى قىلغان ئەسكىلىكى بىلىنىپ قالغان شوخ باللاردەك ئالاقزادە بولۇشۇپ دولىلىرىدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن قوللىرىنى قويارغا جاي تاپالماي قىيلىشتى.

نەق شۇ چاغدا شورىدىن زەرىپىخان كىرىپ كەلدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ بوۋايغا:

— ئاتا، ئۇياتلىق مېھمانلار كېلىپ قالدى، ساقلاپ تۇرىدۇ! — دېدى.

بوۋاي كېلىننىڭ ھەر قانداق سۆزىگە ئېتىۋار بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن. ھازىرمۇ ئاچچىغىدىن دەرھال ياندى - دە، كېلىنگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— مۇنۇ بىر نىمىلەر يوقىلىشسۇن، قولىغا زەھەردىن قاپ تىكىشۈپلىشقان كاززاپلار ئوخشايدۇ بۇلار، ئىگەكىم خامىنىمغا ئالتۇن دۆۋىلەپ بېرىشسىمۇ بېغىمغا يولىمىسۇن. ئۇقتۇڭلارمۇ ئەنە ئىشىك! — بوۋاي ئالتە يىگىتكە ھاسا بىلەن ئىشىك تەرەپنى كۆرسەتتى.

لېكىن بوۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ھىلىقى چاندۇرغۇچىنى تەرەپ - تەرەپتىن جىملەشتى.

... بوۋاي نەۋرىسىگە كىرگەن ئەلچىلەرنى ئۇزىتىۋېتىپ ئاتىسىدىن قالغان ھويلىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ خىيالغا كەتتى. ئۇ خىيالىدا ئوغلى بىلەن ئەستايىدىل سۆزلەشتى. ئوغۇل ئاتىنىڭ ئۆمىدى، گەرچە ئۇ باللىق بولۇپ، ئۆي ئايرىغان، بولۇپ ھەشەمەتلىك

قورا - جاي قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بوۋاينىڭ نەزەرىدە بالا، بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى، ئاتىسى سىزغان سىزىقتىن چىقماسلىقى لازىم. بالىنىڭ نېمە قىلىپ، نېمە قويۇۋاتقىنى، نەدە تۇرۇپ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنى ئاتىغا ئېنىق، بەلگىلىك بولۇشى لازىم. لېكىن رۇسۇل مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئاتىسىدىن سىر يوشۇرىدىغان، ئاتىسىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالدايدىغان بولۇۋالدى. ئەلۋەتتە تاپاۋىتىغۇ ياخشى، دېخان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز نەرسىمۇ مۇشۇ تاپاۋەت بىلەن بەركەت. لېكىن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تاپاۋەتتىن غۇربەتچىلىك تارتقاننىڭ ئۆزى تۈزۈك ئەمەسمۇ؟ يەيدىغىنىنى يەپ، كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ بولغان، ساناقلىق كۈنلىرى قالغان بوۋاي ئۈچۈن ئۈنچىلىك جىق بايلىقنىڭ نېمىگە لازىمى بار؟ كۆڭلى توق، غېمى يوق بولسىلا ھاياتتىن يەنە باشقا نەرسە تاما قىلغۇچىلىكى قالمىغان ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە بالا - ۋاقىسىنىڭ ئامان - ئېسەن، ئىناق - ئامراقلىقى ئەمەسمۇ؟ لېكىن مۇنۇ قارىماققا ھەيۋەتلىك، باياشات كۆرۈنگەن ئائىلىدە بولسا كۆڭۈل غەشلىكى، دىل ئاغرىقى شۇنچىلىك تولىكى، ئۇنى ساناپ چىقىشقىمۇ بوۋاينىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بىلىدىغانلىرىنىلا ئەسلەپ كۆرسە يېتەرلىك: «پېرىۋان كېلىنى خورلانمايدىغان كۈن يوق، ئاق كۆڭۈل بوۋاي خاپا بولمايدىغان ۋاقىت يوق، ئوغۇللارنىڭ بىرلىرى سىرتتا باشقىلارنىڭ قىزلىرىغا چېقىلىپ گەپ چۆچەككە قېلىۋاتقان، يەنە بىرسى بازاردىكى مەسلەرنىڭ مۇشتلىشىشلىرىغا ئارىلىشىپ ساقچىغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان، قىزلارنىڭ بىرسى بوۋاينىڭ كۆزىچىلا خوشنا ئۆيدىكى يىگىتنىڭ ۋەلسىپىتىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقان، بىرسى سوراقسىز سىرتتا قونۇۋاتقان، يەنە بىرسى كىيىم جىدەللى قىلىۋاتقان، كىچىكى بولسا ئوقۇشتىن توختىتىپ دىنىي مەكتەپكە بەرگەنگە نارازى بولۇپ باتناپ تاماق يېگىلى ئۇنىمايۋاتقان،... رۇسۇل توغرىسىدا بوۋاي ھەر كۈنى بامداتتىن كېيىن بىر يېڭى خەۋەر ئاڭلايدۇ.

— رۇسۇل بەگ سۇلايماننىڭ تەگلىرىنى يېرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋاپتۇ.

— رۇسۇل بەگ ئۈرۈمچىدە ئاشخانا ئېچىپ، ھەر بىر ئاش-پەزنىڭ كۆڭلىگە ئون يۈەندىن ھەق تۆلەۋېتىپتۇ.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، رۇسۇل بەگ يوشۇرۇنچە ئۆسۈمگە پۇل قەرز بەرگىدەك.

— رۇسۇل بەگ ئايىمخان سەتەڭنىڭكىدە قونۇپ چىققانىمۇ نىمە! ...

— رۇسۇل پوت-پوت بىلەن كوچىدىن شۇنداق ئىتتىك ئۆتتىكى، توزۇتقان توپىسى بىر ئاش پىشىمغىچە بېسىلمىدى...

بوۋاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوغلىدىن سورىغاندا ئوغلى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— قېرىغىنىڭدا غەيۋەتلەرگە قۇلاق سېلىپ يۈرەمسىنا؟— دەيدۇ.

— غەيۋەت، راست بولسىچۇ؟

— پاچىغىمنى ئۆز قولۇڭ بىلەن چاق ئاتا!

بوۋاي بالىسىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ بالىسىنى قارىلىغۇسى كەل-مەيدۇ. ئۇ يۇقۇرقى گەپلەرنىڭ راستلا غەيۋەت بولۇپ چىقىشىنى تىلەيدۇ. لېكىن ئۆز-ئۆزىنى ئالداش بىلەن تاپقان تەسەللى ئۇزاققا بارمايدىكەن. مانا ھازىر بوۋاينىڭ بالىسىغا بولغان گۇمانى چېكىگە يەتتى. بالىسى ئاتىسىنى ئالداپ راستىلا ئاستىرتتىن باشقا ئىشلارنى قىلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا بوۋاينىڭ كۆزى يەتتى. لېكىن بالىسىنى ئۇ يولدىن نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇشقا بوۋاينىڭ كۈچى يېتەرمۇ؟ مۇتتۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈزەشكە بوۋاينىڭ ئامالى بارمۇ؟ چاتىغى بولمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بوۋاي غەم ۋە ئەندىشىدىن خالى بولالمايلا دۇنيادىن ئۆتىدۇغۇ؟ ئاتا ئۈچۈن بۇ دۇنيادا چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ئادىمىنىڭ غېمىدىن ئارتۇق غەم بولامدۇ؟ ھەي رۇسۇل نىمىشقا ئاتاڭنى ئايىمايسەن؟

ھالال كۆچۈك بىلەن يەرگە ئىشلەپ، پاكىز ئەرسىدىن پەيدا
بولغان ھالال ناننى يەپ، ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ كەسپى بولغان دېخانـ
چىلىغىڭنى قىلىپ غەمدىن، غەۋغادىن خالاس بولۇپ كۆن كەچۈرـ
سەڭ بولماسمىدى؟ ئۇن ئالتە مو يەر، بىر يۈز سەكسەن ئالتە
تۈپ تەك ئاز بايلىقمۇ؟ بىر مو يەرگە ياخشى ئەجرى قىلسا بەش
يۈز يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. ئۇن ئالتە مو يەردىن سەككىزـ
مىڭ يۈەن كىرىم بولىدۇ. ھەمدۇل بوۋاي ئۈزۈم ئۆستۈرۈش
ئۇستىسى، كۆزدە سىپىدق سامان، مال قىغى بىلەن بىر يۈز
سەكسەن ئالتە تۈپ تەكنى ياخشى ئوغۇتلىدى. چاتاشىمۇ يەتتە،
بەش، ئۈچ قىلىپ ناھايىتى ياخشى چاتىدى، ئەمدى كەپتەر مايىقى،
كۆنجۈرە بىلەن قوشۇمچە ئوغۇت بەرسە، ئۈزۈم دېگەن يېقىپ
تۈگەتكىلى بولمايدىغان ھوسۇل بېرىدۇ، كىشمىش، ئاق سايۋى، قىـ
زىل سايۋى، بىجاقى، قاشقىر، غۇنچە ئۈزۈم ... ھەممىسىلا ناھايىتى
ياخشى تۇغۇپتۇ، ھەر تۈپ تەكتىن ئىككى يۈز جىڭدىن ھۆل ئۈـ
زۈم ئالغىلى بولىدۇ. ئىككى يۈز جىڭدىن ھېساپلىغاندا ئوتتۇز يەتتە
مىڭ ئىككى يۈز جىڭ. بۇنىڭدىن سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئۇن ئىكـ
كى مىڭ سەككىز يۈز ئوتتۇز سەككىز جىڭنى چىقىرىۋەتسەك، قالىـ
دۇ يىگىرمە تۆت مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئىككى جىڭ. دېمەك ئۇن
ئىككى توننا ئۈزۈم دېگەن سۆز، ئەگەر سالامەت قۇرۇتۇپ ئالساق
ئۈچ توننا قۇرۇدى دېگەندە ساتساق كىلوسى ئۇن يۈەندىن بولغاندىمۇ،
توننىسى ئۇچ مىڭ، ئۈچ توننىسى توققۇز مىڭ يۈەن بولىدۇ. بۇنىڭغا
ئۇن ئالتە مو يەردىن كىرىدىغان سەككىز مىڭ يۈەننى قوشقاندا،
بولىدۇ ئۇن يەتتە مىڭ يۈەن. ئېقىم چىقىمىغا كەتسۇن ئۇچ مىڭ
يۈەن، قالىدۇ ئۇن توت مىڭ يۈەن ... ئاز پۇلمۇ؟ قولىمىز ئۇن تۆت
مىڭ يۈەن ئەمەس، ئۇن توت يۈەن كۆرمەيمۇ ئۆتكەن ئىدىققۇ؟
ھەي رۇسۇل، ئىمىشقا بۇنچە بايلىققا قانائەت قىلمايدىغانسەن؟
مەن سېنى ئاستانىدىكى گوسۇل، مۇسۇل بايلاردەك تۇرپاننىڭ
ھەممە پاختىسىنى ئىگەللەپ، شەمەي، مەسكاۋلارغا قاتراپ سودا

قىلسۇن دەپ چوڭ قىلغانمىدىم، سەن نىمىشقا قۇلغىڭدا تۇتمايسەن؟ يەردىن تاپقان پۇل بەرىكەتلىك بولىدۇ، پاكىز بولىدۇ، سىڭىشلىق بولىدۇ، نىمىشقا دىگەندە، يەر سىنىڭ تۆككەن تەرىڭگە ھەق تۆلەيدۇ، تەرىڭ بىلەن كۈن كەچۈرسەڭ غەيۋەتمۇ، ماجرامۇ، كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ بولمايدۇ. تەرىڭ بىلەن كۈن كەچۈرسەڭ يالغان سۆزلىمەيدىغان، داداڭنى ئالدىمايدىغان، ئايلىمڭنى قاخشاتمايدىغان، يۇرت - جامائەتنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى ئاڭلىمايدىغان بولىسەن! مەن ساڭا بۇ گەپنى نەچچە قېتىم ئېيتتىم، نىمىشقا قۇلغىڭدا تۇتمايسەن!...

شۇ چاغدا ھويلىغا مەھەللىنىڭ مەزىنى كىرىپ كەلدى، ئۇ قارا دوپپىسىغا دائىم سەللە ئوراپ يۈرىدىغان دۆمچەك بوۋاي.

— نەزىرگە بارىدىغان ۋاخ بولدىغۇ...

— پوشكال ئالدىرىتىۋاتقان چېغى - ھە؟

— قىزغىنىۋاتامسىنا؟ شۇ قىلغىنىڭغا سىنىڭ پوشكىلىڭنى يىمىسەم ...

— ئاز قالدى...

— بىتاپمۇ سەن ھەمدۇل؟

— ئەسكى پالازدەك سۆرۈلۈپ يۈرگىنىمىزدىن، بارىدىغان جايىمىزغا تېزراق كەتكىنىمىز ياخشى ئوخشايدۇ.

— راست ئېيتىسەن ھەمدۇل، ئادەم مۆكچەيگەندە ئېتىۋارى قالمايدىكەن. تۈنۈگۈن بازارغا بىر يەرگە نامازغا چۈشۈۋىدىم، قوندۇرۇپ قالدى. كەچتە كۆتەكتە ئولتۇرسام، يېنىمدىكى تېرەك تۈۋىدىگە بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق كەلدى، يىگىت كۆزۈمچىلا قىزغا چاڭ سالدى.

— ۋۇي بەچچىغەر!

— قىز ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ۋاي، ئادەم بار تۇرسا دىسە، ھىلىقى يىگىت دىگەن ھاڭگا: قېنى، ئاۋۇ بوۋاينى دەمسىنا؟ ئۇنىڭ

نىمىسى ئادەم، ئۇمۇ بىر كۆتەك دىمەسمۇ! ۋاي - ۋۇي، خورلۇق!
بېشىمغا چېقىلغان چۈشكەندەك بولدى ھەمدۇل، نىمە گۇنايىم بار،
نىمگە خورلايدۇ. گۇنايىم قېرىلىغىمغۇ، ۋاي - ۋۇي، ...

يېنىمدىن ئاقچا پۈتكەندە،
خۇدانىڭ ئايىمى كەلدى.
ساقال ئاقاردى، چىش چۈشتى،
ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمى كەلدى.

دەپتىكەن. ئۆلۈم ۋەھىمىسى كىشىنى شۇنچىمۇ يەرگە ئۇرامدۇ
ھەمدۇل؟...

ھەمدۇل بوۋاي نەزىرگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئادىتى بويىچە
كېلىننى خەۋەردار قىلىپ قويماقچى بولۇپ يېڭى قوراغا كىردى،
كېلىنى بېشىنى چېكىلىشۈىلىپ، پوكاندەك قىزىرىپ تونۇر بېشىدا نان
يېقىۋاتقان ئىكەن. كېلىننىڭ ھالىرەڭ كۆينىگىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى
تەرنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ ئىچى ئېچىشتى:
— بالام، نەچچە تونۇر نان ياقتىلا؟
— ئۈچ تونۇر ئاتا، — كېلىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان يۈزىنى لۆڭگە
بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ جاۋاپ بەردى.
— ئۆزىڭىز يۇغۇرۇپ، چەيلەپ، ئۆزىڭىز راسلاپ، تونۇر
قىزىتىپ، يالغۇز يېقىۋاتامسىز بالام؟
— باللارنىڭ ھەممىسى ئىش بىلەن ئاتا.
— نان توشۇپ بەرگىلىمۇ بىرەرسى چىقمىدىمۇ؟
— ھېچقىسى يوق ئاتا!
— ئاۋۇ تانىدىكى كىرلەرنىمۇ سىز يۇدىڭىزمۇ؟
— ياق ...
— ياق دىمەڭ بالام، سىز بولسىڭىزمۇ يالغان ئېيتماڭ،
ھەممىڭلارلا ماڭا يالغان سۆزلەيدىغان بولۇۋالدىڭلار، رۇسۇل ھارام
ئىشنى يوشۇرىدۇ، سىز ھالال ئىشىڭىزنى يوشۇرىسىز، مەزىن ئاخۇ-

تۇم مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، كېلىن بۇ ئۆينىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدى. تاڭ سەھەر تۇرۇۋېلىپ ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان، سۇ سېپىۋاتقان، ئەتىگەنلىك غىزا تەييارلاۋاتقان، بۇ بەگ ـ خېنىملارنىڭ قاچىسىنى يۇۋاتقان، چۈشلۈك تاماق، تېخى ئېتىزغا قاتراۋاتقان، مانا مۇشۇنداق كۈن ئارىلاپ ئۈچ تونۇرلاپ نان يېقىۋاتقان، رۇسۇل دېگەن بىر نىمە ئۆيي ئىشىغا قولىنى ئەگرى قىلىپ قويمايدۇ. باللىرىمۇ قويرۇق تۇتقۇزمايدۇ، ھەممىسىلا پۇل تېپىۋاتىمىز دېگەننى قىلىپ ئۆيي ئىشىنى كۆرسە كۆتىنى قىرماققا ئالىدۇ. ئۇۋال ئەمەسمۇ، كېلىن بولسا ماڭا كېلىن، بۇ بىر نىمىلەرگە كېلىنمىدى؟ بۇنداق دۆلەتنىڭ كۆتىگە ئوت كەتسۇن؟! خاپا بولماي نەزىرگە ئۆزلىرى بېرىپ تۇرسىلا، مەن زەرىپىخانىغا قارىشىپ بېرەي.

— خوپ، ھەمدۇل، پۇلى جىقنىڭ غېمى جىق، ئىشىگى يوق مولامنىڭ قولىغى تېچ، دۇنيادا غېمى يوق ئادەم يالغۇز مەنلا ئوخشايمەن. قوسىغىم نەزىر ـ چىراق بىلەن تويىدۇ، ھەپتىدە ئىككى ئايەت ئوقۇپقويسام بەش ـ ئالتە تەڭگە چۈشىدۇ. ماڭا كايىيدىغان مومىيىم ئۇ دۇنياغا كەتكەن. يەم دەيدىغان ھالالىغا توخۇ، ھارامىغا مۈشۈگۈم يوق. ھەي، ئىنسان دىگەن ئەخمەق، پۇل، دۇنيا تاپىمىز دەپ بېشىغا بالا تاپقىنى ـ تاپقان. رۇسۇل بەگ ئۆيي ئىشىغا قولىنى ئەگرى قىلمايدۇ دەمسىنا، لېكىنزە بالاڭ پۇل تېپىشقا كەلگەندە شەيتاننى ئالدىيالايدۇ، پالچىنىڭ پىرى دانىيا پەيغەمبەردەك باشقىلارنىڭ رىسقى يوللىرىنىمۇ بىلىدۇ. تۈنۈگۈن پوت ـ پوت بىلەن چاڭ توزۇتۇپ مېڭىشۇىدى، بىر قېرىدلار غەيۋەتنى قىلىشتۇق، ھۆكۈمەت ئىككى خوتونلۇق بولۇشقا يول قويغان چېغى، شەھەردىكى كېلىنىمۇ ئەكىرىپ ئىشىگىغا سال ھەمدۇل، خەير ئەمسە، ئىشىگىغا خۇدايىم بەرىكە بەرسۇن!

مەزىن چىقىپ كەتتى. ھەمدۇل بوۋاي بىلەن كېلىن خوددى يامان چۈش كۆرگەن ئەنسىز مومايدەك بىردىنلا جىددىلەشتى.

كېلىن قۇرۇق يەڭلىكنى قىزىق تونۇرغا چاپلىدى. بوۋايمۇ كېلىنگە نان سۇنۇش ئورنىغا لاخشىگىر سۇندى...

ئۇلار ئۈن - تىنسىز تەرگە مىلىنىپ تونۇر بېشىدا ئۇزاق ئىشلەشتى. زەربىخان ئاخىرقى تونۇرغا ناننى يېقىپ بولۇپ، تونۇر ئاغزىغا ئەسكى داسنى كۆمتۈرۈپ قويۇپ، ئۈستىگە ھۆل پالازنى ياپقاندىن كېيىنلا ھەددۇل بوۋاي غودۇڭشىدى:

— راستمۇ بالام؟

— ياق غەيۋەت...

زەربىخاننىڭ ئاۋازى ھارغىنلىقتىنمۇ ياكى دىل ئازاۋىدىنمۇ تىترەپ چىقتى.

— ئۇ راسلا ئەششاغا كەپتەر مايىغى يىققىلى كەتتىمۇ بالام؟

— راست ئاتا، تالا گېپىگە ئىشەنمىسىلە...

— پوت - پوت بىلەن بارغىدەكمۇ؟

— تېزراق بېرىپ ئاۋال يىغىپ قويىدۇ - دە.

— نىمىشقا ياسىنىپ ماڭدى؟

— دۇئايىڭىزنىڭ كۈچى بىلەن تۇت - بەش تەڭگىلىك بولۇپ قالدى. ئىشقىمۇ ئەسكى كىيىم بىلەن بارمايدىغان بولدى. ئىش ئورنىدا يۆتكەيدىغان كىيىمى سومكىسىدا ئاتا!

— ھىم... ئىشقىمۇ ئەسكى كىيىم بىلەن بارمايدىغان بولدى دەڭ. ئۇ دۇنياغىچۇ؟ ئالتۇنغا يۆگىلىپ بارامدىكەن؟

زەربىخان قېيناتىسى بىلەن بۇ خىل گەپلەرنى قىلىشىشنى ئەيىپ ھىساپلىدى - دە، تونۇر بېشىدىن چۈشۈپ ئۆيدىن سوغاق چاي ئەپچىقتى...

تۇرپاندا ئاپرېل ئايلىرى يازغا ھىساپ، قۇياشنىڭ تەپتى باغلارنى چېچەككە، ئېتىز - قىرلارنى ياپ - يېشىل مەخمەلگە چۆمكىگەن، بۇلۇتسىز ئاسمان زۇمرەتتەك يالتىرايتتى. چېچەكلىگەن ئۆرۈك شاخلىرىدا قارغۇجىلار نىملەرنىدۇر دورايتتى. ئۆگزىدە

مىكىيان قاقاقلىسا، تام تۆپىسىدە ئۈچ تاجلىق تۇرپان خورىزى خوشال قانات قېقىپ بوم ئاۋاز بىلەن چىللايتتى...

ھايات مۇنۇ دېگىنىز يۈزىدىن بىر يۈز ئەللىك تۈت مېتىر تۆۋەنلىكتە تۇرۇۋاتقان تۇرپان ئويمانلىقىغا باھار شاتلىقى بەخش ئەتكەن. ئالتۇندەك سېرىق تۇپراق ئۈستىدە يەر ئاستىدىن سوزۇلۇپ چىققان زۇمرەت سۇ شىۋىرلاپ ئاقىدۇ. ئۇ تۇرپان تۇپرىقىنىڭ قېنى، ئاشۇ قان بىلەن پەيدا بولغان شېرىن-شەرۋەت ئىنسانلارنىڭ لەززەتلىنىشىگە مۇھتاج... يالغۇز كارىز سۈيىدەك تازا، تۇرپان قۇياشىدەك ئوتلۇق مۇھەببەت ئىگىسى بولغان گۈزەل ئايال زەرىپەلا باھار شاتلىقىدىن بەھرىمەن ئەمەس. سۆيگۈ ئىنسانىنى بەختلىك قىلىشى لازىم ئىدىغۇ، مۇرات-مەقسەت كىشىنى روھلاندۇرۇشى لازىم ئىدىغۇ؟ گۇمانلىق ئىزىنى ئەيىپلەردىن ئاقلاپ، پۈتۈن كۆز يېشىنى ئېغىر ئىش بىلەن يوشۇرۇپ، ھېچكىمدىن مەدەت ۋە ئەقىل تەلەپ قىلماستىن پۈتۈن باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىنى سەۋىر-تاقەت، چىدام بىلەن ئۆتكۈزۈپ ھايات خوشاللىقىنى قىشتا يەنى چاچقا قىرو چۈشۈپ، بەل مۈكچەيگەندە كۆرۈشكە بەل باغلىغان بۇ ئايال تەۋەرۈك ئىدىقۇت چالمىسىدەك قەدىرلىك بولماي نىمە؟

## كارىز سۈيى نىمىشقا لېيىدى...

### 1

ئەمدى گەپنى رۇسۇلدىن باشلايلى.

ئۇ ھازىر دىخان ئەمەس، ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ قولىغا كەتمەن، نە جوتۇ ئالغىنى يوق، ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئالقىنىدا ھازىر قاداقلارمۇ تۈگىگەن. تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭلاپ قىلالمايدىغان، ئاۋۇقكۆل دىخان ھازىر سورۇنلاردا ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدىغان، ھەتتا ئىلىم-پەن توغرى-

سىدىمۇ ئەيمەنمەستىن چوڭ گەپ قىلالايدىغان مەمەدانىغا ئايلان-
غان. ناۋادا بىر كىشى ئەدەبىيات توغرىسىدا گەپ ئاچقىدەك
بولسا، ئۇ گەپ قىلغۇچىنىڭ دەرھال شېخىنى يېرىدۇ-دە: "بولدى،
ئۇ كىتاپ مەندە بار، مەن ئۇنى مۇنچە يۈز سوم پۇل خەشلەپ
پالانى شەھەردىن سېتىۋالغان!" دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرىمۇ ھەر
خىل بىكارچى، كوچا پاخال قىلغۇچىلاردىن تارتىپ، بەزى ئىدارە
باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قويۇق ئارىلىشىدۇ. قىرىق نەچچە يې-
شىغىچە ئاتىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئۆز ھەركىتىگە ئۆلچەم قىلىپ كەل-
گەن بۇ دىخان ھازىر ئاتىسىنى كۆرۈشتىن بىزار، ئاتىغا بولغان
تۇغما ھۆرمەتلا، ئۇنى ئاتىسىنى ئاشكارا سىلىكىۋېتىشتىن ساقلاپ
تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا ئۇ ئاللىقاچانلا ئاتىسىنى ئۆز
ھويلىسىغا يولاتمىغان بولاتتى. ھازىر ئۇ ئاتىسىغا بولغان مۇئامىلىدە
يالغان ئېيتىشنى بىردىن-بىر ۋاستە قىلىۋالغان. ئاتىسىنىڭ تاپ-
شۇرمىلىرىنى ماقۇل جاۋاپ بىلەن قوبۇل قىلىدۇ-دە، پۇلىنىڭ
كۈچى بىلەن ئورۇنلاپ قويۇپ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ
يۈرىۋېرىدۇ.

ئۇنى نېمە ئۆزگەرتتى؟ پۇل، كىم بۇزدى؟ ئادەم.

پۇل بىلەن ئادەم ياخشى ئاتالما. بۇ ئىككى نەرسىدىن
زىرىكىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ئاسانلا قولغا كېلىدىغان
پۇلمۇ، سېنى سېتىش ئۈچۈن مېھرىۋانلىق كۆرسىتىدىغان ئادەممۇ
ئاشۇ ياخشى نام بىلەن ئاتىلىدۇ. تۇرمۇش لەززىتىنى ھالال
ئەمگەكتىن ئىزلىمىگەن ئادەم ئاچكۆز چاشقانغا ئوخشايدۇ. ھەممىگە
ئۆزىنى ئۇرىدۇ، ئاخىرى قاپقاندا جان بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل
مۇلاھىزە بىلەن رۇسۇلنىڭ كېلىچىكى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا
تېخى ئاساس يوق. رۇسۇل ئۆزى تاللىۋالغان يول بىلەن كېتىۋا-
تىدۇ. ئۇنىڭ كېلىچىكى توغرىسىدا قەلەم ئىگىسى ئالدىن بىر
نېمە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ... گەپنى رۇسۇلنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋا-
لىغا يۆتكەيلى.

ئۇرغۇن ئادەملەر پۈتۈن ھاياتىدا بىر كۆڭۈلۈك مەشغۇلاتنى
تەكرارلايدۇ. لېكىن رۇسۇلبەگ ئىككى يىلدىن بېرى شۇنچىلىك
خىلمۇ-خىل ھەركەتلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزدىكى، كۆپ ھاللاردا
ئۇ نىمىلەرنى قىلغىنىنى ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ.

مانا ئۇ قىپ-قىزىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيدە،
يۇمشاق تاۋار كۆرپىلەر بىلەن ماموق ياستۇقلار ئۈستىدە كۆزىنى
ئاچتى، ئۇنىڭ يېنىدا دۇخاۋا يوتقاننى يېرىم يېپىنىۋالغان ئايال
چاچلىرىنى ئاق ياستۇققا يېيىپ، قوللىرىنى ئىككى ياققا تاشلاپ
ئۇخلاۋاتاتتى. رۇسۇل ئايالغا قارىدى. ئىككى ئايدىن بېرى ئۇنىڭ
كۆڭلىنى خوش قىلىپ كېلىۋاتقان نازۇك بەل، يۇمشاق تىل،
خۇشبۇي بەدەنلىك بۇ ئايال بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭغا
سەت ۋە قورقۇنچلۇق بىلىندى، چۈنكى زەرىپىخان ئۇنىڭغا تەنە
گەپ قىلدى: دادىسىنىڭ غەزنىۋى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزىن ئاخۇنىنىڭ
بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۇنى توساپ:

— ھە، رۇسۇلبەگ، نىكا ئوقۇتۇشقا قاچان چاقىرىسەن، مەن
ھەمدۇل ئاتاڭنى ماقۇلغا كەلتۈردۈم، ھى-ھى... — دەپ كۈلۈشى
ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدى.

— ۋۇي ھېلىم جادۇ، مېنى رەسۋا قىلىپ تاشلاپ ئارىدىكى
يىگىرمە مىڭ يۈەننى يەمەكچى ئىكەنسەن-دە! — دەپ تىللىدى
ئۇ ئۆزىچە غودۇڭشۇپ.

ھېلىم جادۇ كىم؟ ئۇ رۇسۇلنىڭ دوستى، شېرىكى، ئۇنىڭ
قېنىدىكى ساپ نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ بەدىنىگە پالاكەتنىڭ
ئۇندۇرمىسىنى تېرىغان ئادەم مۇشۇ.

رۇسۇل 1970-يىلى جانغا تېگىدىغان مەجلىس، «كۆرەش»،
كۈنىگە ئۈچ ۋاق يېيىلىدىغان تەمسىز زاغرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
بىرىنچى قېتىم دادىسىدىن بىسوراق ئىش-ئوقەت ئىزلەپ ئۆيدىن
چىقىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ ھېچ يەردىن ئىش تاپالمىدى.
ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ چوڭ زالىدا ئۈچ كۈن ياتتى. بىر كېچىسى

قارا نوپۇسلار قاتارىدا لاگېرغا يىغىۋېلىندى. ئەنە شۇ لاگېردا ھېلىم بىلەن تونۇشتى. ھېلىم ئۇنىڭغا بازار نېنى، ئاشلىق بېلەت بەردى. كېيىن ئۇلار ئىككىسى بىللە قېچىپ تۇرپانغا كەلدى. ئىككى يۈز كۈنلۈك سەرگەردانلىق ھېچنەرسە بىلمەيدىغان دىخانغا قوساق بېقىش ئۈچۈن راست گەپ قىلىش زىيانلىق ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدۇردى.

— مەن گۇڭشېنىڭ سەيگۇيۇەنى ئىدىم، ئۈرۈمچىگە تىراكتور ئالغىلى كېلىپ پۈتۈن پۇل، بېلەت، تونۇشتۇرۇشلىرىمنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم! — مانا بۇ رۇسۇلنىڭ بىرىنچى قېتىم ئېيتقان يالغان گېپى.

— بىلمىسىز! — دىدى يىغىۋېلىش پونكىتىنىڭ ياش خادىمى قولىنى سىلكىپ، — سەندەك سەيگۇيۇەن تولۇپ يېتىپتۇ. تىراكتور ئالارمىش، خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل، ئۆيىدىكى گىلەم، ئەديال، ساندۇقىدىكى ئۇن بىلەن نان... سەن ئالمايدىغان نىمە بار؟

رۇسۇل بۇ ھاقارەتلىك گەپكە چىدىيالماي ساقاللىق يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى... ئۇلار شۇ كېچىسى قاچتى. ھېلىم تىنىماي سۆزلەيتتى:

— دىخان بولغاندىن بېرى ئالدىنىپ كېلىۋاتقان خەق! — دىدى ھېلىم جادۇ قۇۋلۇق چىقىپ تۇرغان ئورا كۆزىنى ئوينىتىپ، — قايسى ھۆكۈمەت، قايسى باي، قايسى سودىگەر، قايسىبىر شەھەرلىك كاسىپ دىخاننى ئالدىمايدىكەن؟ دىخاننىڭ ئېغىزى قۇرۇق ئەمچەك ئۈچۈن يارالغانمىدى؟ بىلەمسەن، دىخاننىڭ تەرى نى-نى چىرايلىق چوكانلارنى سەمرىتىدۇ، نى-نى ئىسىلزادىلەرنى سەمرىتىدۇ، دىخان بولمىسا يەر يۈزىدە سۇ قۇرۇيدۇ، دىخان بولمىسا ئالدىنىدىغان ئادەم بولمايدۇ. مەنمۇ بىر دىخان ئىدىم، ئالداندىم، ئالداندىم. ئەمدى ئالداشنى ئۆگىنىۋالدىم، ئاشۇرۇۋېتىمەن. يالغان گەپ ئۈچۈن ئۈنچىلىك جىق ئەقىل لازىم ئەمەس. ئىش قىلىپ راست گەپ قىلمىساڭلا بولدى. كۆردۈڭمۇ، مۇنۇ كاللەك ئاشلىق بېلىتى،

مۇنۇ كاللەك رەخت بىلىتى، ھۆكۈمەت قانچە بىلەت چىقارغان بولسا شۇنچىسىنى ساتىمەن، مۆرىتى كەلسە بىرەر - يېرىمىنىڭ يانچۇغىنى قۇرۇغداپمۇ قويىمەن،... مانا مۇشۇنداق قىلىپ مۇنۇ كاللەك پۇلنى يىغدىم. بۇ بىر كاللەك ئون، ھەتتا يۈز كاللەك بولغاندىچۇ؟ مەن ھېلىم جادۇ ئەمەس، ھېلىماخۇن، ھېلىمجان، ھېلىم ئەپەندى بولالايمەن. مەرىكىلەردە تۆرنىڭ كاللىسى مېنىڭ بولىدۇ، ئېلىپنى بىلمىسەممۇ موللىلار قىرائەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. خېلىسى ئىلىم - بىلىم سورايدۇ. ھەتتا ساقچىلارمۇ مېنى كۆرگەندە ۋەلسىپىتتىن چۈشىدىغان بولىدۇ!...

رۇسۇل ھېلىم جادۇغا ئەيمىنىپ قارىدى. ئىگىز دۈمچەكرەك بۇ ئادەم بىر مېتىرنى بىر چامداپ لوكۇلداپ رۇسۇلغا يانداشىپ كېتىۋاتاتتى: «كىم بىلىدۇ، بىر يەرگە ئاپىرىپ مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرەمدۇ تېخى. لېكىن مېنى ئۆلتۈرسە جۇل - جۇل كىيىملىرىم ئون تەڭگىگە يارىمايدىغۇ...» رۇسۇل شۇلارنى ئويلىدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى يانچۇغىغا ئىككى تال تاش سېلىۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ ۋەھىمىسى بىكار بولۇپ چىقتى. ئەتىگەنلىكى ئۇ ھېلىمنىڭ مېھرىۋان، مەرت ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ھېلىم ئاشخانىدا رۇسۇل ئۈچۈن پۇلنى ئايىماي خەجلىدى. بىر قۇر ئۈستىۋاشىمۇ قىلىپ بەردى. تۆت يانچۇقلۇق چاپان، سېرىق شەپكە ئۇنى يەر ئىسلاھات كادىرلىرىغا ئوخشىتىپ قويغان بولسا، ھېلىمنىڭ تاپىلىشى بىلەن يېڭىدىن قويغان چېچى ئۇنى كىچىكرەك ئىدارە باشلىقىغا ئوخشىتىپ قويدى.

ئۇلار ناسىۋالرەڭ سومكىلىرىنى مۈرىلىرىگە سېلىشىپ بىر يېزىغا يېقىنلاپ كەلدى. بىر دېخان ئېشەك ھارۋىسىنى قۇرۇق ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەي يولداش، — دېدى ھېلىم دېخانغا قاراپ، — ئاكوجاڭ مۇشۇ مەھەللىلىكمۇ؟

— چۈشەنمىدىم... كادىر ئەپەندىم... ئاكىجان دېگەنلىرى...

— ھەي تاغا، ئۈرۈمچىدە ئىشلەيدىغانلاردىن كىم بار بۇ يەردە؟

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئىسمى داڭ ـ داڭنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمى نىمىدى، نىمىدى...

دىخان پىشانىسىنى سىلاپ، ساپ ـ سېرىق چىشىنى كۆرسىتىپ، چىگىش ساقلىنى تىترىتىپ كۈلدى، كۈلگەندە ئۇنىڭ ساغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يۇمۇلدى.

— ھە، راست ھېمىت ئەپەندى... داشۆبدە دەمدۇ، مائارىپتا دەمدۇ...

ئۇلار توپ ـ توغرا دادۇي ئىنقىلاۋىي ۋېيۈەنخۇي ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئىنقىلاۋىي ۋېيۈەنخۇي جۇرىنى ساۋاتسىز دىخان ئىكەن، ھېلىم ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ كۆرۈشتى.

— بىز ھېمىت ئىمىنوپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، — دېدى ئۇ، — بىر سائەتتىن ئوشۇق تۇرالمايمىز.

ئىنقىلاۋىي ۋېيۈەنخۇي جۇرىنى ئۇلارنى مېھمان قىلدى. ئۈچ تۆرت دىخاننى يىغىپ بەردى. ئۇلار ھېمىت ئىمىنوپنىڭ كىچىكىدە ئىزدىلگەنلىكى، تارىخى، سىنىپى پاك ئىكەنلىكى، پەقەت ئاتىسى ئىمىن مەشچى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مەش، چىلەك تۈۋۈلەپ پۇل تېپىپ قويىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئانچە ـ مۇنچە ئۇچۇغىدىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇلارنىڭ خوشنا يېزىغا يېتىۋېلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىگەر توقۇم بىلەن بىر ئات بەردى.

— ئۇ يەتتىنچى دۈيدە، مېنىڭ ئىنىم بار، — دېدى دادۇي ئىنقىلاۋىي ۋېيۈەنخۇي جۇرىنى ھېلىملارغا تاپىلاپ، — ئاتنى شۇنىڭغا بېرىپ قويساڭلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئىنىمنىڭ ئىسمى جامالىدىن...

ئۇلار ياخشى ئاتقا مىنگىشىپ شۇ كۈنىلا باشقا ناھىيىگە ئۆتۈپ كەتتى...

— ئېتىنى بېرىۋېتەيلى... — دېدى روسۇل ئۈچ كۈندىن كېيىن تاغ

تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ـــ دېخانغا ئۇۋال بولىدۇ.
ـــ دېخان دېگەن ئالدانغىلى يارالغان. سەن ئالدىمىساڭ باشقا بىرسى ئالدايدۇ. كۆردۈڭمۇ، ھېلىقى ئاغزىدىن نېنى چۈشۈپ قالغان جۇرىنىنى. قايسى ئىدارىدىن، ئىسمىڭلار نېمە دەپ سوراپمۇ قويماستىن ئات تۇقۇپ بەردى. ئەمدى بۇ ئاتنى قازاقلارنىڭ كۆزىنى تېڭىپ مىڭ يۈەنگە ساتىمىز، غۇلجىغا يېتىپ بىرىۋالساق تازا ئالدىنىدىغانلار شۇ يەردە...
رۇسۇل ئالتىنچى، يەتتىنچى ئايدىن كېيىن خېلى پۇل-لۇق بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. كەلگەن كۈنى دادىسىدىن تاياق يېدى. ئەتىسى دادىسى ئۇنىڭ ئەكەلگەن پۇللىرىنى مۇسادىرە قىلدۇرۇۋەتتى. ئۆزىنى دادۇيگە تاپشۇرۇپ بىرىۋىدى، ئىككى ئاي ئىشكارغا كېسەك قۇيغۇزدى. ئۇ مىڭ پەندىيات دەپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە «زاغرا غاجاپ نوەۇرغا ئىشلىسەممۇ ئۆز ئۆيۈم تېنچ، ۋەھىمىسىز ئىكەن» دېگەن يەرگە كەلدى.
يىراقلاپ كەتتۇق. گەپنى يەنە رۇسۇلنىڭ بۈگۈنكى كۈنىگە يۆتكەيلى.
چوكان ناز بىلەن رۇسۇلنىڭ قولىنى تۇتتى-دە، ئۆزىگە تارتتى:
ـــ تىڭشاپ بېقىڭ، كىچىك ئابدۇرۇسۇل دادا دەۋاتىدۇ!
رۇسۇل ئايالنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتەردى:
ـــ رۇسۇلمۇ، ئۇسۇلمۇ تۇغۇلغاندا كۆرىمىز!...
ـــ نېمە؟ گۇمانىڭىز بارمۇ تېخى... ـــ ئايال جەينىكىگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى، ـــ يۈزسىزلىك قىلىسىڭىز...
ـــ رۇسۇل بېشىدىكى سومكىسىدىن بىر كاللەك پۇل چىقاردى:
ـــ مە، بەش يۈز سوم، مۇشۇنىڭ بىلەن ئاغزىڭنى يۇم!
ـــ نېمە؟ سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى، بىلەتتىم، ئەمدى چاندىڭىزمۇ؟
ـــ سېنىڭ قەستىڭ مۇشۇ پۇلغۇ. چاندى-پاندى دېگىدەك

ئاشىق ـ مەشۇق ئەمەسقۇ بىز!

ـ كۆكۈلنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچىمۇ سىز؟

ـ نىمە كۆكۈل دىگەن؟ ـ دىدى رۇسۇل ئالدىراپ كۆينىگىنى كىيىۋېتىپ، ـ ئالتە بالام بىلەن ئايىلىم بارلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ ئادەمگە يىلىمدەك چاپلاشتىڭ. بىرىنچى كېچىسى مەسچىلىكتە سېنىڭ بىلەن بىللە بوپ قاپتىمەن. پۇلۇمنى دىمىسەڭ، مەندەك تومبالىقا سەرالىقا يېقىن كېلەتتىڭمۇ؟ ھازىردىن باشلاپ مەن سېنى تونۇمايمەن!

رۇسۇل ئورنىدىن دەس تۇردى. ئايال ياستۇقنى قۇچاقلاپ ھۆلاپ يىغلىدى. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيگە ھېلىم كىرىپ كەلدى. ئۇ ھازىر خېلىلا قوساق سالغان، ئورا كۆزى نۇرلىنىپ، قاتاڭغۇر يۈزىدە ئارتۇق گۆشلەر پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايىنىپ:

ـ نىمە قىلماقچىسەن؟ ـ دىدى.

ـ ئارىنى ئۈچۈق قىلماقچىمەن! ـ رۇسۇل سوغاقلا جاۋاپ بەردى.

ـ مېنىڭكىگە چىقىپ تۇرغىن، سۆزلىشىمىز. ھازىرچە مۇنۇ چىرايلىق بىلەن ئارىنى ئۈچۈق قىلىپ بېرەي.

رۇسۇل دالانغا چىقىپ ئايالنىڭ نازلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

ـ ئارانلا بەش يۈزما...

ـ قالغىنىنى مەن...

رۇسۇل سەسكىنىپ تالاغا قاراپ ماڭدى. ئۇ باغ ئىشىگىدىن چىقىپ كۆل بويىغا باردى ـ دە، سوغاق سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزىنى يۇدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، روھي ئازاپ ئۇنى قىينىدى. بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ يادىغا زەرىپخانىنىڭ خۇما كۆزلىرى كەلدى. ئالتە بالىسى، ئاتىسىنىڭ غەزەپلىك چىرايى، خولۇم ـ خوشنا، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. «ئاۋۇ ئايالدىن، باج ئىدارىسىنىڭ سېلىغىدىن،

يەنە بىرسىنىڭ جازاسىدىن پۇل بىلەن قۇتۇلغىلى بولىدىكەن،
لېكىن مۇنۇ روھىي چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئوخشايـ
دۇ. يىراقلارغا باش ئېلىپ كەتسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا ئاتام قاغشىمايـ
سىچۇ؟ ...» ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترىدى.

— پۇل-پۇل تاپىمەن دەپ بېشىمغا بالا تېپىۋالدىم! — دىدى
ئۇ تاماكا ئوراۋېتىپ، — ھەممىنى قىلغان سەن ھېلىم جادۇ!

ئۇ ئىككى يىل بۇرۇنقى ئىشنى ئەسلىدى.

رۇسۇل دادىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سېتىپ بېرىش پىلانىـ
دىن ئاشۇرغان ئۈزۈمنى رىزىنكا چاقلىق هارۋىغا بېسىپ بىر يۈز
سەكسەن كىلومېتىرلىق يولنى مېڭىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. كىشمىش، قىزىل
سايىۋى، ئاق سايىۋى ئۈزۈملىرى خۇددى هازىرلا سايىغىدىن ئۈزۈلـ
گەندەك پارقىراپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئەرداۋچاۋ بازىرىدا ئۇنىڭ ئالتە
يۈز كىلو ئۈزۈمى ئىككى كۈندىلا سېتىلىپ بولدى. ئاخىرقى بىر
يەشىك سېتىلىۋاتقاندا بىر قول ئۇنىڭ ئۈزۈم تارتىۋاتقان تارازىـ
سىنى كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— ۋۇي، سىز ھېلىماخۇنمۇ؟ — دىدى رۇسۇل ھېلىم جادۇنى
تونۇپ.

— بولدى، قالغىنىنى شۇنداقىلا مەن ئالىمەن، — دىدى
ھېلىم جادۇ بىر يەشىك ھۆل ئۈزۈمگە سانىمايلا ئون يۈەنلىك يىگى
پۇلدىن بىر نەچچىنى تاشلاپ، — ھەيدە، ھارۋاڭ بىلەنلا مېنىڭ
ئۆيۈمگە تارت!

بالىخانىلىق ئۆيلىرى بار، قوش ئىشىكلىك چوڭ قورو ئالـ
دىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن ھېلىم:

— مۇشۇ جاي مېنىڭكى، بۇ يىل يىگىرمە بەش مىڭ يۈەنگە
ئالدىم، — دەپ ماختاندى، — سەككىز ئېغىزلىق ئۆيدە ئۆزەم يالغۇز
تۇرىمەن، خوتۇن بالاڭ دەمسىنا، بالام بەلدە، خوتۇن يولدا. ئۇيـ
غۇر چوكانلىرى دەمسەن، خەنزۇ تەتەيلىرى دەمسەن ھەممىسىلا
مىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۈزۈمنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى كۆك ئىشىكـ
لىك ئۆيگە ئەكىر، ئېشەك هارۋاڭنى ئاۋۇ لەمپە ئاستىغا چىقار!

رۇسۇل ھەيۋەتلىك مېھمانخانىغا كىرىپ گىلەم ئۈستىدە
يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ھېلىم ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى:
— ئاۋۇ لوم-لوم ساپامۇ مېنىڭ. ئولتۇرغىن، قوپ.
— بولدى، مۇشۇ يەرمۇ... — دېدى رۇسۇل قورۇنۇپ.
— تۇرە، گىلەملەرنى قورقماي دەسسەۋەرگىن. مېنىڭ ئۆيۈمگە
ئەۋلىيا كەلمەيدۇ. ساڭا ئوخشاش ئوقەتچىلەر كېلىدۇ.
رۇسۇل لوم-لوم ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممە بالايۇ-ئا-
پەت مۇشۇ ساپاغا ئولتۇرۇش بىلەن باشلاندى.
— چاي ئىچ، ھە قېنى ئېيتقىنا، ئەزالىرىڭدىن قۇرۇق
ئۈزۈمنىڭ كىلوسىنى نەچچە پۇلدىن ئالغىلى بولىدۇ؟
— ئۈچ كوي ئىككى مودىن ئالغىلى بولار.
— ھىم... سىنىڭ قانچىلىك قۇرۇق ئۈزۈمۈڭ بار؟
— كىشمىش، سايۋى بولۇپ بىر توننا چىقىپ قالارمىكىن...
— بىر توننا؟ ھىم... كىلوسىنى تۆت كوي توققۇز مودىن
سېتىپ بەرسەم، بىر توننا ئۈزۈمۈڭ تۆت-بەش مىڭ كويغا
يارايدۇ. قانداق دەيسەن؟
— راستما؟ نەدە شۇنداق ئالىدىغان يەر باركەن؟ — رۇسۇل-
نىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.
— بارغاندا كۆرىسەن، ئانداق بولسا گەپ شۇ-ھە، مۇنۇ
ئون مىڭ كوي، تونىسىنى ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز يۈەندىن ئۈچ تون-
نا ئۈزۈم سېتىۋال. كۆزۈڭنى جامەك قىلىسەنغۇ، ئادەم قوشىمەن.
بىر ئايغىچە ئېلىپ تەييارلاپ قويىسىلەر. بىر ئاي بولغاندا ماشىنا
ئېلىپ چۈشىمەن. تۇرپاندىن ئۆتتۇر، ھىلىقى ئۈزۈمنى قىممەت ئال-
ىدىغان يەرگە بارىمىز. بىر توننا ئۈزۈمنىڭ كىرا ھەققىغە سەككىز
يۈز كوي تۆلەيسەن. بىر بارغان جايدا بەش كوي يەتتىمۇ،
ئۇنىڭدىن كىلوسىغا سەككىز موچەن كىراسىغا چىقىپ كەتسە، ساڭا
تۆرت كوي يەتتە مودىن قالىدۇ. يەتتە موسى ئېقىم-چىقىمغا
كەتسىمۇ... قورقۇۋاتامسەن؟ بۇ دىگەن ھۆكۈمەت يول قويغان

ئىش. ھېلىقىدەك ئالداپ - سالداپ ئات ئوغۇرلايدىغان ئىش ئەمەس!

كىچىككىنە سومكىسى بىلەن تۇتقۇزۇلغان ئون مىڭ يۈەن پۇل
رۇسۇلنىڭ قولىدا ھازىرلا پارتلايدىغان بومبا تۇرغاندەك قورقۇنچ-
لۇق بىلىنگەن ئىدى. ھېلىم رۇسۇلنىڭ لىكىتاسما بولۇپ تۇرۇ-
ۋاتقىنىنى بايقىدى - دە، ئۇنىڭغا يەل بەردى:

— نېمىدىن قورقىسەن؟ ھۆكۈمەت بانكىسىنى ئوغرىلاۋاتقى-
نىڭ يوق، ياكى بىراۋنىڭ تېمىنى تېشىۋاتقىنىڭ يوق. ھۆكۈمەت
يول قويغان ئىش، سەن تېخى ھېچنېمە بىلمەيسەن، ئون مىڭ
كوينى خۇددى تاغ كۆتەرگەندەك تەستە كۆتىرىۋاتىسەن، ئون مىڭ
كوي قانچىلىك پۇل بۇ؟ باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئاڭلاپ
قوي: يېقىندا بىر تۇڭگان بىلەن بىللە بولۇپ قالدىم. غۇلجىدىن
تۆت تونىنا بىمۇ يۆتكەپتۇ. تونىنىسىنى ئوتتۇز نەچچە مىڭ كويدىن
ئاپتۇ، ئىچكىرىگە ئاپىرىپ تونىنىسىنى سەكسەن نەچچە مىڭ كوي-
دىن سېتىپ، ئۈچ - تۆت يۈز مىڭ كوي پۇلنى ساق - سالامەت
ئېلىپ كەپتۇ. ئوغۇل بالا دىگەن مانا، تۆت تونىنا بىمۇنى يىغى-
ۋېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ناھىيىنى تولۇق قولغا ئېلىش كېرەك!
سەن قورقىسەن تېخى، شۇلارمۇ دىخانغۇ، بىر گۇڭشېنىڭ تەمىنى-
لەش ئىدارىسىنىڭ دەسمايىسى ئەللىك مىڭ كويدەك بولىدۇ. ھې-
لىقى تۇڭگانىنىڭ قانچە؟ بەش - ئالتە گۇڭشېنىڭ دەسمايىسىدىن.
جىق. تولا بەزگەكلىك قىلماي ماڭ يۈگۈر، چىقىپ ئۆزۈم سېتىۋال!

ئۇلار بىر ئايدىن كېيىن ساق - سالامەت يولغا چىقتى. يا-
پونىيىنىڭ كۆك ماشىنىسى تۆت تونىنا ئۆزۈمنى، تۆت ئادەمنى
ئېلىپ توپ - توغرا ئىككى يېرىم كۈن يول ماڭدى.

بىر شەھەرگە كېلىپ ياخشى مېھمانخانىغا چۈشتى. شەھەرلىك
سودا كوپېراتىۋىنىڭ باشلىغى ھېلىم، رۇسۇللار بىلەن ئايرىم - ئاي-
رىم ئۇچراشتى. ھېلىم سېمىز، پاناق، تاقىر باش جىڭلىنى ئۆزۈم،
قوغۇن، ئالمىلار بىلەن مېھمان قىلىپ بولۇپ، ئالدىغا مىڭ سوم
پۇل قويدى. باشلىق رۇسۇلغا قارىدى.

— بۇ، بۇ...

— كېرەك يوق، بىزنى تېزراق يولغا سالسىڭىز بولدى، — دىدى ھېلىم. باشلىق بىر نىمىلەرنى يازدى.

ئەتىسىلا تۆت تونىنا ئۈزۈم ھۆكۈمەت دۇكىنىغا بەش كوي ئىككى مودىن بىراقلا ئۆتكۈزۈلدى. رۇسۇلنىڭ قولىغا تۆت مىڭ كويدەك پۇل تەگدى.

— مانا بۇ شىنىڭ شەھرى، — دىدى ھېلىم رۇسۇلغا ماختىنىپ، — بىلەمسەن، سەن ھازىر ئۆيۈڭدىن بىر مىڭ ئەللىك ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىسەن. كۆڭلۈڭ قايسى تاماشىنى خالايدۇ؟ ھەر قانداقى قاملىشىدۇ. بىلىپ قوي، پۇل چىراي، پۇل قانات، پۇل مەنسەپ، ئابروي، مەرتىۋە! تېخىلا خوتۇنۇڭنى، داداڭنى ئويلاۋاتامسىنا، خوتۇن ئۆز ئۆيۈڭدە ئەمەس، خوتۇن دىگەن بىلەن مۇڭداشقىلى بولىدۇ، كۆڭۈل ئاچقىلى بولمايدۇ. ماشىنا ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ سوغدا قىينالدىڭ، ئەمدى جاپانىڭ ھالاۋىتىنى كۆرىدىغان چاغ كەلدى.

— ھالاۋەتنى ئۆيۈمدە كۆرەي...

رۇسۇل ئۇ قېتىم راستىلا تاپقان پۇلنى كۆكرىگىگە تېڭىپ ئۆيگە تېچ-ئامان پويىز بىلەن قايتىپ كەلدى.

لېكىن شۇ قېتىم ھېلىم ياپون ماشىنىسى بىلەن ئاقسايغا بېرىپ بىر ماشىنا ئىككى يۈز ئەللىك قوي بېسىپ كەپتۇ. قويلارنىڭ ئالدى يىگىرمە بەش كوي، كەينى ئون سەككىز كويغا توختاپتۇ. ئۈرۈمچى، تۇرپانغا ئەكىلىپ ئالدىنى يۈز يىگىرمە، كەينىنى ئاتمىش كويدىن سېتىپتۇ. بۇ غەنىمەت پايدا ئۇنى قىزىقتۇردى. دادىسىغا بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى بېرىپ قويۇپ قالغان پۇلنى بېلىگە تۈگۈپ لازا سېتىپ چىقىمەن دىگەن بانا بىلەن ئۈرۈمچىگە يەنە چىقتى-دە، ھېلىمنى ئىزلەپ تاپتى.

شۇنداق قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئون يىگىرمە مىڭ كوي، ئىككى يىلدىن كېيىن ئەللىك ئاتمىش مىڭ كويلۇق دەسمايىغا

ئىگە بولۇپ قالدى.

ھاياتنىڭ بۇ ئاسان يولى ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتتى. مۇنۇ بۇ-گۈنكى ۋەھىمە ئەنە شۇنىڭ بەدىلىگە كەلدى.

كۆل سۈيى تۈيۇقسىز چولتۇكلىدى، رۇسۇل چۆچۈپ لىپىد-غان سۇغا قارىدى. ھېلىم ئوچۇم بىلەن سۇنى بېشىغا قۇيۇپ كۆلدە يۇيۇنۇۋاتاتتى.

— ھەي، ئىچىدىغان سۇنى ھارام قىلدىڭغۇ!

—ھە ؟ — دېدى ھېلىم كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، — ھالال، ھارام دەپ قاپسىنا؟ ئېيتقىنا، بۇ دۇنيادا زادى قايسى نەرسە ھالالكەن؟ ئۆزەڭ تاپقان بالىڭمۇ ھارام دەپسەن - تېخى!

2

ئاتا بولغۇچىلار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ئەيىۋىنى كۆرۈشكە قىيىق كېلىدۇ. ھەمدۇل بوۋايمۇ بۇ ئاجىزلىقتىن خالى ئەمەس، قاراڭلار! ئوغلى بىر نەچچە، كۈنلەر يوقىلىپ كېتىپ مانا بۈگۈن بىر قول تىراكتورىغا كەپتەر مايىغى بېسىپ دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولۇۋد-دى، نەچچە كۈنكى گۇمان، ئاچچىقلىرىنى ئۇنتۇپ ھاسىغا تايانمايلا ئالدىراپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقتى - دە، مىشكاپلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كەپتەر مايىغىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سورۇپ باقتى - دە:

— پاھ، نىمە دېگەن قۇرۇق - ھە! چۆل كەپتىرىنىڭ مايىغى كۆچلۈك بولىدۇ بالام، ئۇزۇمەلەر كۆلۈپ كېتىدىغان بولدى. توپ-توغرا تەكلىككە تارت ماشىناڭنى. قۇرۇق ئوغۇتنى بۈگۈنلا بېرەي-لى! — دېدى.

— ئىككى - ئۈچ كۈن تەخىر قىلايلى ئاتا!

— تەخىر، ھېلىمۇ بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تولا ساخولۇق قىلمىغىنا. ھەي سەيدۇل، بول ھىلىقى قۇرۇق چىلەك، ئول - بول-نى ئەچىقىپ ماشىنىغا سال، ئىشەك ھارۋىغا تۈگىنى قاچىلا، سۇغا

ماڭ، ئۆزۈملەرگە تەم كىرەي دىدى، تەخىر دەيدا!

ئاتىنىڭ دىگىنى دىگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولىدۇ-دە، رۇسۇل تىراكتورچى بالىغا قارىدى:

— ھەيدە ئەمىسە، بىزنىڭ تەكنى بىلىسەنغۇ...— رۇسۇل مايلاشقان ئۇستىۋاش كىيگەن، ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىزلىق، ۋەھىمىدىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ساقاللىرى كىرپە تىكىنىدەك تىك-تىك بولۇپ ئۆسكەن، قارىسىدىن ئېقى كۆپ بۇ ساقاللار ئۇنىڭ ئىچكى ئازاپلىرى، روھى چۈشكۈنلۈگىنىڭ گۇۋاچىسى ئىدى.

ئۇ ھېلىقى ئايالدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ھېلىم ئايالنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىمەن دەپ تېخىمۇ چىگىشىپ قويغان ئوخشايدۇ. ئايال رۇسۇلنىڭ پۇللىرىنى بېشىغا ئېتىپ، سوتقا ئەرز قىلىمەن، چاۋاكىنى چىتقا يايىمەن دەپ ئەخىر رۇسۇلنى يالۋۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن رۇسۇل بۇ ئايالدىكى تەرسالىقنىڭ سەۋەپچىسى ھېلىم جادۇ ئىكەنلىگىنى بىلىپ بولدى. ھېلىم مۇشۇ يول بىلەن رۇسۇلنى قېقىپ چىقىرىپ ئۆزۈم سودىسىنىڭ خوجايىنى ئۆزى بولۇۋالماقچى. مانا بۇنى رۇسۇل بىلىپ بولدى. ھازىرچە بۇ قىلتاقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغاچقا رۇسۇلنىڭ روھى چۈشكەن، غېمى كۆپ ئىدى.

— ھەيدە، تېز ھەيدە، كۈن ئىسسىغىچە قوزۇقلارنى قېقىپ بولايلى، كەچقۇرۇن قوزۇق ئوغۇت بېرىمىز. ھاي زەرىپخان، چۈشلۈك تاماق قىلىمەن دەپ جۈۋىماڭ، نان بىلەن سوغ چاي بولسىلا بولدى...

— قوزۇق ئوغۇتنى ئۆزىمىزلا بېرەيلى ئاتا، — دىدى رۇسۇل ئاتىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — سىلە بارمىسىلىمۇ بولا!

— نىمە، قوزۇق ئوغۇتنى مەنسىز بېرەلەمسىنا؟ ھەي سېنىڭ ئاسمان باقتىلىغىڭ، كۆچەتكە يابىلاق شۇكنى قويما دەپ مىڭ ئېيتتىم، قارىسام يۈز تالدىن جىق يابىلاق شۇك قويۇلۇپتۇ، ئۆزۈم

بولامدۇ ئۇ! يۇلۇپ تاشلىدىم، پۇتاشنىمۇ چولتا قىپسەن، چوڭلىرىنى يەتتە بىخ، ئاندىن بەش، كىچىكلىرىنى ئۈچ بىختىن قويۇڭلار دەپ قۇلىغىغا نەچچە قېتىم ۋاقىرىدىم، تازا بىر ئىشەك قۇلاق بىر نىمە بولدۇڭغۇ، ئارىلاپ قارىسام تۆرغۇن شاخلاردا تۆت بىخ، ئىككى بىخ! مەندىن كېيىن قالساڭ نان تېپىپ يېيەلمەيدىغان ئوخشايسەن! ھەيدە بالام سوپىگىڭنى!

قول تىراكتور يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بىر دەم يېزىنىڭ تار-توپىلىق كوچىلىرىنى ئايلىنىپ توپا توزۇتۇپ ماڭدى-دە، ئاندىن ئاق، ھالرەڭ نەشپۈت شاپتۇلا، ئۆرۈك چېچەكلىرى بىلەن پۈركىنىپ ھېيتلىق كىيىم كىيگەن قىزلاردەك سىن ئالغان، پۈراقلىق باغلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، قويۇق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان سىمونت يولغا چىقتى، ھاۋا ئىسسىق بولغىنى بىلەن شاماللىق بولغاچقا چەكسىز يولدا مېڭىش كۆڭۈللۈك ئىدى، بوۋاي باھار شاتلىقى بىلەن روھلاندى!

— ھەي رۇسۇل، پەمىدۇرلىرىمىز غوچچىدە بۇدۇشقاقتەك چۇشۇپتۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بىر يېرىم ئايدا مۇشۇ سوپەك بىلەن ئۆرۈمچىگە ئەچىقىپ باش بۇرنىنى ئۆزەم ساتىمەن!

رۇسۇل زورىغا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، بۇرۇن كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان بۇ پاراڭلار ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزىمەس ۋە زېرىكىشلىك بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى.

— قاچانغىچە لېيى خاملىق قىلىسەن، ئەسنىگەندە ئاغزىڭنى قولۇڭنىڭ كەينى بىلەن تورا، سەتلىكىنى، ساقىلى ئاقارغان ئادەم تۇرۇقلۇق كىچىك تىلى كۆرۈنگۈچە ھا بولۇدا! توختات بالام!

بوۋاي قولىنى كۆتەردى، تىراكتور توختىدى.

— ئاۋۇ مەزىن ئاخۇن كوچىدا ھاپىزلىق قىلىپ نەگە ماڭغاندۇ-ھە؟ ھاي مەزىن، ھاي نىياز، ھاي ياسىناخۇن، چىقىڭلار، تەكلىككە ماڭغانسىلەر، نىمىگە نېزىقايسىلەر، چىقىڭلار سوپەككە!

دىخانلار قول تىراكتورىغا توشتى. تىراكتور سىمونت يولدا دىرىلدەپ ماڭماقتا، ھەمدۇل بوۋاي مەزىن ئاخۇنغا چاخ-چاق قىلدى:

— ھەي، تەكلىكتە پوشكال بولمىسا نىمە دەپ يۈرسەن؟

— پوشكال بولمىسا دادۇر باردۇ؟ نىمە، مېنى سەن كەچكىنچە ئۆيدە ئولتۇرىدىغان مەستۇرە دېۋىدىڭمۇ؟ كۈنىچى غوجام، مۇنار غوجام، كوشت ئەخمەت غوجام... غوجىلار چاقىرغىلى تۇردى، مەنزە، ھاي غوجىلار ئاۋال ۋەدە بېرىڭلار، شام گورغا ھەمدۇللىنى باشلاپ كەلسەم سىغىشمىزمۇ دىدىم. غوجىلاردىن نىدا كەلدى. باقىدا ئىككى قەۋەت بىناغا سىغمىغان بىلەن شام گوردا چاشقان تۆشۈكگە سىغدۇردى. مەنزە، ھاي ئۇ ئۆزىلا كەلسە سىغۇر، بىراق ئىككى يۈز توپ تەكنىمۇ ئالغاچ كېلىدۇ ئەمەسمۇ دىدىم، قانداق؟

— ھا - ھا - ھا! — دىخانلار مەزىننىڭ تەنىسگە قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ھوي مەزىن، مېنى شۇنچە دۇنياغا تويمايدىغان يالماۋۇز دەمسەن؟ ماۋۇ دۆيجاڭچىلىك ئاچكۆز ئەمەستۇرمەن؟

ھەمدۇل ئاخۇن تىراكتورنىڭ كەينىدە ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قارچۇغىدەك زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قارا بۇرۇت، قاڭشالىق، تېگى قىزىل، ھال گۈللۈك تۇرپان دوپپىسى كىيگەن ئادەمنى كۆرسەتتى.

— ئەمدى ماڭا يېپىشماقچىمۇ؟ — دىدى دۆيجاڭ كۈلۈپ، — ئالالماي قالغان نىمەڭ بار، سەن قېرىنىڭ؟

— مۇكاپاتچۇ؟ بۇلتۇر كۆتىرىپ بەرگىنىڭدىن ئون يەتتە مىڭ جىڭ ئاشۇرۇۋەتتىم، 103 - نومۇرلۇق كېۋەزدىن بىر يۈز ئوتتۇز جىڭدىن، ئۈزۈن تالالىقتىن بىر يۈز يىگىرمە تۆت جىڭدىن ساپ پاختا ئېلىپ بەردىم. قانچىلىك مۇكاپات بەردىڭ؟ مۇكاپات دەپ بەرگەن يېغىڭچۇ مەزىن ئاخۇننىڭ بىر قىشتىملىق پوشكىلىغا يەتمىدى!

— بۇ يىل جىق بېرىمىز ھەمدۇل ئاتا!

— جەردمانىنى تولۇق ئالدۇ بۇلار، ئەمما مۇكاپاتقا كەلگەندە قولى تىترەيدۇ، — دىدى پاناقراق، كۆمۈردەك قارايغان، تازچاق دىخان پىخىلداپ كۈلۈپ، — تۇتقان تەكتىن بەش تۆپنى ئېشىگىم يەپ قويىۋىدى، ئىككى كويدىن موككىدە ئون كوي جەرىمانە ئالدى. ھۆكۈمەتنىڭ سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنلىمىسىدىڭ دەپ ھۆل ئۆزۈمگە بەش موچەندىن، قۇرۇق ئۆزۈمگە ئون كويىدىن جەرىمانە ھىساپلاپ كېۋەز ساتقان پۇلۇمدىن موككىدە بىر يۈز ئوتتۇز كوي تۇتۇپ قالدى، شۇمۇ ئىنساپمۇ؟

— كىم سىنى شەخسكە ساتسۇن دەپتۇ؟

— رۇسۇل بەگلەر قىپ ـ قىزىل ئاخچىنى تەلەپ...

رۇسۇل ئۇنىڭغا ئالايدى، لېكىن ھەمدۇل بوۋاي بۇ گەپكە دىققەت قىلمىدى.

— يىمەيدىغان ئادەم دۆيجاڭ بولغىنى تۈزۈك، — دىدى مەزىن ئاخۇن قارا دوپپىسى ئۈستىگە يۆگەلگەن كىر سەللىسىنى جۆندەۋېتىپ، — مورتۇقلۇق نامەت خەلپەت قالتىس ئادەم ئىدى. شياڭجاڭ سايلىمىدا ئىككى ئادەم شياڭجاڭلىقنى تالىشىپ قاپتىكەن. ئىككى تەخسە دادۇرنى ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ كىم بالدۇر يەپ بولسا شۇنى شياڭجاڭ سايلايمىز دەپتىكەن، بىرسى ئالمان ـ تالمانلا بىر تەخسە دادۇرنى شاكىلى بىلەنلا يەپ قويۇپتۇ، يەنە بىرسى يىمەپتۇ. نامەت خەلپەت يەپ بولغىنىغا قاراپ: خۇدا ساقلىسۇن، سەن شياڭجاڭ بولساڭ پۈتۈن يۇرتنى شاكىلى بىلەن يەۋېتىدىكەنسەن، سىنىڭ نەپسىڭ يوقكەن دەپ ھىلىقى دادۇر يىمىگىنىنى سايلاپ قويۇپتۇ. دۆيجاڭ سايلاشتا بىزمۇ شۇنداق قىلساق بولاتتى...

ـ مەزىن سايلاشتىمۇ؟

— جىق يىگىننى سايلاش كېرەك ـ تە، — دىدى مەزىن كۈلۈپ، — نەزىر دىگەننى قانچە كۆپ يىسە، شۇنچە ساۋاپ!

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى.

— ھە، مەزىن گەپ قىلە! — دېدى ھەمدۇل بوۋاي كۈلۈپ.

— ئەمما لېكىن، — دېدى مەزىن كۈلۈپ، — نىياز شىيەنجاڭنىڭ ۋاقتى بولغان بولسا مۇنۇ بىزنىڭ نىياز تازلارمۇ كاتتا ئۇسۇلچى بولۇپ كېتەتتى. رەھمەتى نىياز شىيەنجاڭ سەيلە بولغاندا كۈللۈھۇم تازلارنى يالاڭۋاش قىلىپ، پۇچۇقلارنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇسۇلغا سالاتتى. توكۇرلارنىمۇ يىغىپ ئەكىلىپ ئايرىم ئۇسۇل ئوينىتاتتى، ھى - ھى - ھى...

— پوشكالچىلارنىچۇ؟

— لەنىتى، پوشكالنى دەستىرخانغا تاشلاپ قويۇپ، قولۇڭنى كەينىڭگە قىلىپ چىشىڭ بىلەن ئالسەن دەپ يەتمىش بەشنى كۆرسەتتى...

ئۇلار ۋاڭ - چۇڭ، خۇشچاقچاق بىلەن ئۈزۈملۈك باققا يېتىپمۇ كەلدى. تىراكتور توختىغاندا مەزىن ئاخۇن ئىشلەۋاتقان ئاياللارنى كۆرۈپ رۇسۇلدىن سورىدى:

— ھە، رۇسۇل بەگ، توقالنىڭ نىكاسىنى قاچان...

— نىمە؟ — ھەمدۇل بوۋاي چۆچۈپ سورىدى.

— خەۋىرىڭ يوقمۇ تېخى ھەمدۇل؟ بىزنىڭ ئابدۇرۇسۇل...

— ھەي مەزىن ئاخۇن، سەللىنىڭ ھۆرمىتى قېنى؟ — رۇسۇل ئۇنىڭغا ئاستا، ئەمما غەزەپ بىلەن دېدى. مەزىن جىمىپ قالدى...

تۇرپان باغلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، ساغۇچ توپا ئۈستىدە سونايىلىنىپ ياتقان تەكلەردىن قېنىق يېشىل، يۇمران يوپۇرماقلار بىلەن بىللە ئۈزۈملەرمۇ كۆتىرىلىپ چىققان، قارىماققا بۇ سىرىق تۇپراق گويا ئۆزىنىڭ ئەترەك تومۇرلىرى ئۈستىگە يېشىل شايىدىن لىباس ياپقاندەك كۆرۈنەتتى. دېخانلار ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن تەكلەر ئەتراپىدا خۇددى قىزىنى ياساندۇرۇۋاتقان ئانىدەك زوق ۋە مۇھەببەت بىلەن پەرۋانە بولماقتا ئىدى...

ھەمدۇل بوۋاي مۆلدۈرلەپ تۇرغان كىچىككىنە بىر ساپ ئۈزۈمگە ئېڭىشتى. ئۇ كىچىككىنە ساپ ئۈزۈمنىڭ تېخى تۈكۈلۈپ بولمىغان پۇراقلىق چېچەكلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى:

ــ راسا ۋاقتى، ھەي رۇسۇل كۆردۇڭمۇ، ئۈزۈم ئۈزۈق سۇراۋاتىدۇ. كۈزدە كۆمۈلگەن يانتاق، سامان بۇنچە جىق ئۈزۈمگە ئۈزۈق بولالايتتىمۇ؟ ھەر بىر تەككە يىلتىزدىن يېردىم مېتىر نېرىغا مۇنۇ قوزۇقلارنى قېقىپ سۇغۇرۇۋالىدىغان گەپ. ھەر بىر تەككە ئۈچ قوزۇق قېقىلسا بولار، تۈرسەنىڭغۇ، قاراڭغۇ چۈشكىچە قېقىپ بولايلى. قاق، مەن سەيدۇل بىلەن كەپتەر مايىغىنى ئۇماچ قىلىپ تەييارلاپ تۇراي، قاراڭغۇ چۈشكەندە پانار يورۇقىدا بولسىمۇ ئوغۇتنى تۆشۈكلەرگە قۇيۇپ بولايلى.

بۇ ئىش رۇسۇل ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك، بىرىسىگە بەشئون كوي بەرسىلا پۈتىدىغان ئىش ئىدى. مۇنۇ كەپتەر مايىغىمۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەنلا كەلگەن ئىدىغۇ، قوزۇق قېقىش، مايىق ئۇمىچىنى تۆشۈكلەرگە بىرمۇ ـ بىر قۇيۇش قانچىلىك ئاۋارىگەرلىك، زېرىكىشلىك ئىش ـ ھە؟ نىمىشقا بۇنى بۇرۇن ئويلاشمىدى؟ شۇنچە پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ تۇرۇپ تەرگە چىلىنىپ، مايىقىقا مىلىنىپ، توپىغا چۆكۈپ ئىشلىسە ئۇنىڭ دۆلەت كۆرگىنى قېنى؟...

ئۇنىڭ بېشى قاتتى. ياغاچ قوزۇقنىڭ بىرسىنى پالتا چولتىسى بىلەن ئۈزۈم يىلتىزلىرى بار يەرگە قاقتى. مىڭ تەسلىكتە سۇغۇرۇپ ئالدى، ئىككى يۈز تۆپكە يېقىن تەككە ئۈچتىن قېقىلسا بەش ـ ئالتە يۈز قېتىم قوزۇق قېقىش كېرەك. مۇنۇ قېرى بۇ ئامالنى نەدىن تاپقاندۇر؟ تېخى ئۇنىڭ دېيىشىچە بىر جىڭغا ئۈچ جىڭ قېتىلارمىش. ئۇندىن كۆرە چېكىمىسۇ ئۇرۇش ھەم ئوڭاي، ھەم ئۈنۈملىك ئەمەسمىدى؟ بىر چېلەك سۇ ئوتتۇز جىڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بىر گىرام چېكىمىسۇنى قېتىپ ئېرىتسەن، بىر چېلەك دورا بەش ـ ئالتە تۆپكە يېتىدۇ، دورا چاچىدىغان كۈش ـ كۈش ماشىنا بىلەن ساپاقلارغا چېلەكتىكى سۇيۇقلۇقنى كۈشۈلدىتىپ ئۇرۇش ھەم ئوڭاي، ھەم كۆڭۈللۈك. كىشمىش ئۈزۈم قاشقىر ئۈزۈمدەك يوغىنايدۇ. بىر گىرام چېكىمىسۇ بىر كوي ئەتراپىدا، دىمەك ئازراقلا پۇل بىلەن بىر جىڭ ئۈزۈمنى ئوخشاشلا ئۈچ

جلڭ قىلغىلى بولىدۇغۇ. ئۇئاي سېپىيدۇ دەيدۇ، سېپىتماي سا-
تىدىغان مەن تۇرسام، تەمىسىز، قوساق ئاغرىتىدۇ دەيدۇ، بىز
يېمىگەندىكىن مەيلى ئەمەسمىدى. خەقنىڭ قوسىقى بىلەن بىزنىڭ
نىمە كارىمىز؟ جالىق قىلىپ پۇل تاپسا هارام بولىدۇ دەيدۇ.
هېلىم جادۇ ئېيتىشىۋ، دۇنيادا هالال نەرسە يوق دەپ، سۆت
موزاينىڭ رىسقى، تۇخۇم توخۇنىڭ بالىسى، گۆش بۆرە - يولۋاس-
نىڭ ئوزۇغى، كۆكتات قوي - كالىنىڭ، بۇ نەرسىلەرنى ئەجەپ باش-
قىسىنىڭ رىسقى دىمەي موك - موك سوقىدىكەنلا، ئەجەپ رۇسۇل
بىر ئىشىنىڭ ئېپىنى قىلسىلا هارام بولۇپ قالىدىكىنا؟ سىز تۇمشۇق
تىرەپ توخۇدەك يەر تاتىلاپ يۈرۈپ ئارانلا بىرنى ئىككى قىلا-
لايسىز، مەنچۇ؟ ئاغزىمنى بىرلا مىدىرلاتسام بىرنى ئون قىلالاي-
مەن، يۈز قىلالايمەن، سىزنىڭ چىلەكلەپ تەر تۆكۈپ يۈرۈپ
تاپقان پۇلىڭىزنى مەن يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزەمنى يەلپۈپ ئولتۇ-
رۇپ بىردەمدىلا تاپىمەن، يەنە تېخى مېنى دەللە، پالانچى - پو-
كۇنچى دەيسىز، قاراپ تۇرۇڭ، دەلتە ئىكەنلىگىمنى بىر كۆرسى-
تەي، سىز ماياقتىن ئۇماچ ياساپ بولغىچە بەش - ئالتە يۈز يەرگە
قوزۇق قېقىپ بولمىسام...
ئۇ بارغانسېرى قىزىۋاتقان كۆڭگە قارىدى. كۈن چۈش بولۇپ
قالغان، ئۆزى ئىنجىقلاپ، تەرلەپ - پىشىپ ئارانلا تېخى ئون قو-
زۇق قاققان ئىدى. مۇشۇنداق بولسا ئەتە كەچ كىرىگىچىمۇ بۇ
قوزۇقلارنى قېقىپ بولالمايدۇغۇ، بۇ ئىشقا ساختا قىلىشقا بولماس-
مۇ؟ تېپىز قېقىپ قويسا تېجىمەل قېرى هازىرلا بىلىپ قالىدۇ.
كەم قاقسىچۇ؟ ياق، بوۋاي هەر - بىر تۆپ تەكىنى بەش قولدەك
بىلىدۇ، ياخشىسى پۇل...
— هەي نىياز، هەي كۆسەي!
ئۇ تولىنى كۆزىگە دالدا قىلىپ نېرىدا ئۆزۈمگە قىغ كۆمۈ-
ۋاتقان هىلىقى قارا ئادەمنى چاقىردى. نىياز تاز، نىياز كۆسەي دەپ
چاقىرىلىسىمۇ هە، دەۋېرىدىغان ئادەم چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ

ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھەي كۆسەي، ئاسان پۇل تېپىشقا مىجەزىڭ قانداق؟

— بىر قوزۇق قاقسام قانچىدىن بېرىسەن؟

— بىر موچەن...

— ئونى بىر كويما؟

— ھە، قانچىدىن ئالماقچىدىڭ؟

— يەنە بىر موچەن قوش.

— ھەي كۆسەي، كەچ كىرگىچە قېقىپ بولسەڭغۇ، بىر كۈندە يۈز كوي تاپاي دەمسەن؟

— سەنچۇ؟ ھەر كۈنى يۈز كوي، نەچچە يۈز كوي تاپىسەن، بىز ئىت يىلىدا بىر، ئىشەك يىلىدا بىر قېتىم تېپىپ قالىمىزغۇ؟

— مېنىڭ شۇنچە پۇل تاپىدىغىنىمنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— كىم بىلمەيدۇ، ئەششادىن كەپتەر مايىغى ئەكىلىشكە ئۈچ ئادەمگە يۈز ئەللىك كوي تۆلىگىنىڭنى، پەمىدۇر كۆچلەيدىغانلارغا كۈنلۈگىگە ئالتە كوي بەرگىنىڭنى، مىۋە-چىۋە شىركىتىنىڭ بوغالتىرىغا ھۆكۈمەت باھاسىدا ئىككى كوي بەش مو تۆت پۇڭدىن ئۈزۈم ئېلىپ بەرگىن دەپ ئىككى يۈز كوي پارە بەرگىنىڭنى، ھىلىقى خوتۇنىڭ قوسىغىدىكى بالاڭنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دورا ئىزلەپ...

— ھوي ئىت! ھوي ئىغۋاچى!

رۇسۇلنىڭ قوللىرى غالىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ئىغۋامۇ؟ پۈپۈن خەقنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ؟

— ئاتام ئاڭلىدىمۇ؟

— ئاڭلىمىغان چېغى، بولمىسا پاچىقىڭ ساق تۇراتتىمۇ، ھە ئىككى موچەنگە قانداق مىجەزىڭ؟

— مەيلى، قاق، تېزراق قاق... ھەي بايىقى گەپلەرنى زادى كىم تارقىتىپ يۈرىدۇ بىلەمسەن؟

سېنىڭ پۇلۇڭ تارقىتىدۇ، كىم تارقىتاتتى؟ گاداي بولساڭ

ساڭا ھېچكىم قارىمايتتى، ھازىر سەن پۇلـلۇق، پۈتۈن خـەقنىڭ كۆزى سەندە، قايسى تۆشۈكتىن چىقىپ قايسى تـۆشۈككە كىرگە-نىڭنى بايقاپ يۈرىدىغانلار يوق دەمسەن؟ سېنىڭ پۇلۇڭنى، ئالغىچە تىلىدىن شېكەر تامغۇزغانلار، پۇلۇڭنى ئېلىپ بولۇپلا ئەسكى پۈرۈچ-لىرىڭنى كوچىغا ئەچىقىپ يايىدۇ-دە!

— ئۆلۈڭلار، ھەممىڭلار ئۆلۈڭلار!

— ئۆلىمىز، ئۆلىمىز. لېكىن سېنىمۇ ساق قويمايمىزغۇ!

نىياز كۆسەي ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى ۋە قو-لىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ پالتا جۇلدىسى بىلەن قوزۇقـنى يەرگە قې-قىشقا باشلىدى...

زەرىپىخان چۈشـلۈك تاماق ئېلىپ كەلـدى. ئۇ تەرلەپ-قارىداپ كەتكەن. ئەپكىشىنىڭ بىر بېشىدا ئاغزى داكا بىلەن ئوبدان يېپىلغان چېلەكتە سۇيۇق ئاش، يەنە بىر بـېشىدا سـۋەتتە نان، چەينەكتە چاي، قاچا-قۇچىلار بار ئىدى. يىگىرمە-ئوتـتۇز كىلو يۈكنى دۆرىسىگە سېلىپ، ئۈچ كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ كەلگەن ئايالغا رەھمەت ۋە ئالقىشمۇ ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن رۇسۇلنىڭ ئې-غىزىدىن يۈەشاق سۆز ئورنىغا تىل چىقتى:

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ بەش-ئالتە يۈز تال قوزۇقـنى يالغۇز قاقسۇن دېدىڭمۇ تەييار تاپ!

— ئاش ئىتىپ...

— ئاناڭغا ئەپبار بۇ ئىشىڭنى، ۋاي مىلجىك-لەقۋا.

ئۇ چېلەكنى تەپتى. چېـلەك سىڭايان بولۇشىغا زەرىپىخان تۇتۇۋالدى. زەرىپىخان يەرگە تۆكۈلگەن قىپ-قىزىل مايلىق ئاش يۈزىگە قاراپ قاتتىق ئۇھ تارتتى. ئۆز ئەمگەك تەرى بىلەن پىشقان ئاش-نىڭ مۇشۇ ئېرى بىلەن قېيناتىسى ئۈچۈن ئىكەنلىـگىنى ئويـلاپ ئۆز غەزىۋىنى باسالمىدى، ئايال ۋۇجۇدىـدىكى ئەڭ ئاچچىق تـىل بىلەن ئېرىغا:

— نىمانداق دىلىڭىز تاش بولۇپ كەتتي ھە، قولۇمنى كۆسەي

چېچىمنى سۈپۈرگە قىلىپ يۈرۈپ ئاران پىشۇرۇپ ئەكەلسەم...

— تاش؟ تاشنى كۆرمەپسەن تېخى!

پۈتۈن خاپىلىغىنى ئايىلىدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن رۇسۇل ئايالىغا ھومىيىپ ماڭدى. تازا شۇ پەيتتە مەزىن ئاخۇن پەيدا بولدى - دە:

— ھوي رۇسۇل بەگ، شەيتانغا بەس بەرسىلە، بىلەمدىلا ئايالنى قېرىتىدىغان نەرسە ئۆتۈننىڭ ھۆلى بىلەن قىڭراقنىڭ قاشىكى، ئەرنى قېرىتىدىغان نەرسە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى بىلەن ئۇلاقنىڭ قاشىكى، زەرىپىخان بالام ئاش قويسىلا، تۆكۆلگىنى قورۇت - قوڭغۇز قاچىدا قالغىنى ھەمدۇللا ئىككىمىزنىڭ رىسقى. رۇسۇل بەگلەر تۈنۈگۈن شەھەردە يىگەن مانتىسىنىڭ تەشنالىغى بىلەن ماقۇل، چۆگۈندىكى چايدىن بىر پىيالىدىن بېرىپ قالغىنىنى ئىچىۋەرسۇن، نىيار بەگ، سىلىمۇ بارمۇ تېخى؟ بايا زەرىپخان كۆسەينىڭ كېپىنى قىلىۋىدى، قازان بېشىدا تويۇپ كەلگەنلا، ھى - ھى - ھى...

بوۋاينىڭ گېپىگە ئاۋال نىياز كۆسەي، ئاندىن كېيىن زەرىپخان كۈلدى. رۇسۇل بولسا بوۋاينى كۆرۈپ ئالاقزادە بولدى، ئۇ كېتىشكە ئالدىرىدى، ئايىلىغا قاراپ:

— مېنىڭ ئورتۇمدا ئىشلەيدىغانسەن، مېنىڭ بازاردا ئىشىم بار، — دىدى.

مەزىن ئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ شېئىر ئوقۇدى؟

مەن بازارغا بارمىسام،
نەقىدە بولمايدۇ بازار.
سىز خېنىمنىڭ دەردىدە،
كېلىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا! ھى - ھى - ھى...

قوشاق رۇسۇل بىلەن زەرىپخانغا خۇددى ئاچ قوساققا ئىچىلگەن دورىدەك كۈچلۈك تەسىر قىلدى. رۇسۇل بىر تاتىرىپ-

بىر بوزۇرۇپ مەھەللىگە قاراپ تېز كېتىش ئۈچۈن نېرىدىكى قول تىراكتۇرنىڭ يېنىغا، زەرىپىخان بىردىن-بىر مۈكۈدىشى بولغان قېيىناتىسىنى ئىسسىقىراق ئاش ئىچىۋالسۇن دەپ چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئازگال تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى...

3

تۇرپانلىقلار ئۈزۈمنى جۈجەم دىيىشىدۇ، جۈجەم پىششىغى تۇرپاندا مەمۇرىچىلىق باشلانغان چاغ. باللار تۈگۈل، چوڭلارمۇ ھاۋاسى ئىسسىق بۇ جايدا جۈجەمنى بىرەر ۋاق تاماققا تېگىل قىلىۋېرىدۇ. ياقۇتتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئاق، قارا، چېقىر جۈجەملەر تىلنى يارىدىغان شەرۋىتى بىلەن داڭلىق: «بىر قۇرساق جۈجەم يەپ — ئىككى ئۈچ چىنە كارىز سۈيى ئىچىۋەتسە ئادەم كەچكىرگىچە شەرۋەت پۇراپ تۇرىدۇ» — مانا بۇ دىخاننىڭ گېپى، لېكىن بۇ گەپ زادىلا ماختانغانلىق ئەمەس...

بەشىنچى ئاينىڭ ئون بىرىنچى كۈنى رۇسۇل بەگ بىر ماشىنا مېھمان بىلەن ئۈرۈمچىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ھىلىقى چوكاننى ئۈرۈمچىگە نىمىگە ئېلىپ كەتكەنلىگى، يىگىرمە نەچچە كۈندىن بېرى نىمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىگى قاتارلىقلاردىن تولۇق خەۋەردار بولغان زەرىپىخان بارلىق ئاچچىق، خورلۇق، كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ مېھمانلار ئالدىغا كېمىرلىق دەرۋازىدىن كۈلۈپ چىقتى. ئوغلىنىڭ قوزۇق ئوغتى بەرگەن كۈنى قېچىپ كېتىپ، پۈتۈن ئېتىز ۋە ئۆي ئىشىنى كېلىن بىلەن ئۆزىگە تاشلاپ قويغىنىغا خاپا بولۇپ، ئۆز گۆشىنى يىگۈدەك بولۇپ چېچىلىپ يۈرگەن ھەمدۇل بوۋاي يېزا ئادىتى بويىچە يەنىلا ئوغلىنىڭ مېھمانلىرى بىلەن بىرمۇ-بىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئۆز ھويلىسىدىكى يۈزلۈك مېھمانلارغا دەپ ساقلاپ قويغان جۈجەملەرنى ئۆز قولى بىلەن ئىرغىتىپ، نەۋرىلىرىگە يېگى قوراغا توشۇتتى.

مېھمانلار ئىككىنچى قەۋەتنىڭ مېھمانخانىسى، گىلەم سېلىنغان كەڭرى پېشايۋاننى ئىگەللەپ يېڭى سويۇلغان قوي گۆشىدە ئېتىلگەن ياخشى غىزا، ياخشى قورۇلغان سەيلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئۇلار خۇددى تۇرپانغا زىيارەتكە ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىغان چەتئەللىك مېھمانلارغا ئوخشاش ماشىنىغا چۈشۈۋېلىپ بېزەكلىك، ئىدىقۇت، يارغول، ھەتتا تۇيۇق غوجام (ئەسھابۇلكەھپ) لەرگە بېرىپ كېلىشتى. ئۇلار كەلگىچە زەرىپىخان ھۆپۆلدەپ تۇرغان تومۇزدا تونۇرغا يۆلەپ قېتىم باش تىقىپ نان، پېتىر توغاچ، چاۋاتلارنى ياقتى. ئۇلارغا مەخسۇس ئۆيلەردە سوغاق چاي، پىۋا، چىشۆيلەرنى ھازىرلىدى. ئۆز قولى بىلەن كۆكتات ئاقلاپ، ئۆز مۈرىسىدە ئەپكەش كۆتىرىپ بىر مىنۇت ئارام ئالمىدى. مېھمانلار مەس بولۇپ ئۇخلىغاندىن كېيىن قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ، ئەمدى كىچىككىنە كۆز يۇماي دەپ قىڭغىيىۋىدى، ئۇنىڭ بېشىدا رۇسۇل پەيدا بولدى:

— ھەي، قورۇغان سېپىلىڭ نىمانچە تۇزلۇق؟

— تېتىغاندەك قىلىۋىدىم ...

— ئۆل ئىلاھىم، خېمىرلىرىڭ نىمىشقا مىچ-مىچ، نىمىشقا چېيى قانمىغان خېمىردا لەغمەن تارتىسەن؟ ...

— جىق يۇغۇرۇپ قويۇپ، ياخشى چەيلىيەلمىگەن ئوخشايمەن ...

— خىزمىتىمنى قىلالمىساڭ گېپىڭنى قىلمامسەن!

— ...

— سەن گادايغا خوتۇنلۇققا يارايسەن، پۇل تاپىدىغان ئوغۇل بالىنىڭ پۇتىغا چۈشەك، بېشىغا توخماقسەن!

— راست ئېيتىسىز ...

— راست دەيسەنۇ، يەنە سالجىدەك چاپلىشىسەن، خېتىڭنى ئالمامسەن!

— ئاتامغا دەڭ ...

— دىمەيمەن يوشۇرۇنچە خېتىڭنى ئالسەن!

زەرىپخان يۈزىنى بىلىگىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى...

شۇ چاغدا كاڭدا — يالاڭ كىيىم بىلەنلا ئۇخلاۋاتقان سەيدۇللا چۆچۈپ ئويغاندى:

— چوڭ ئاتامنى باشلاپ چىقمەن، كەچكىچە ئانامنى تىللامسەن!

— ۋاقىرىما، ھىلى بىكار!

— ۋاقىرايمەن، چوڭ ئاتا!

رۇسۇل تالاغا چىقىپ كەتتى. سەيدۇللا ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈزىنى-يۈزىگە يېقىپ پىچىرلىدى:

— ئادەم دىگەن پۇل تاپسا ئەسكىلىشىپ كېتەمدۇ ئانا، ئاتام نىمانچە ئەسكى!

— ئاتاڭ ئەسكى ئەمەس ئوغلۇم، پۇل ئەسكى...

زەرىپخان ئوغلىنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ قاتتىق يىغلىدى. كۆز يېشىمۇ بىر مەلھەم، بەزىدە كۆڭۈل يارىسىنى كۆز يېشى بىلەن بەزلەپ يۈرەكتىكى ئاچچىق ھەسرەتنى كۆز يېشى بىلەن ئېرىتىۋەتكىلى بولىدۇ. زەرىپخان يىغا بىلەن ئارام تېپىپ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى...

ھاياتقا لەززەت، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش ئۇنى پەپىلەپ شىرىن ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. كەڭرى قورانىڭ تۈگىمەس كۆڭۈللۈك ئىشلىرى ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئىششىغان كۆزلىرىنى ئۇسما چايقىغان قىزلاردەك سۈزۈك سۇدا چايقاپ ئۇيقۇسىزلىق ئازاۋىنى تۈگەتتى. بىر كۈندىلا كىرلەشكەن ھالىرەڭ كۆينىكى ئورنىغا شاپتۇل چېچىگى گۈللۈك بار، تېگى ئاق ئىپەك كۆينىكىنى كىيىپ، بېشىغا غىلدىر ياغلىقنى چىڭ چېكىلەپ تاڭدى. ئاۋال ئۈزۈم بارىڭى ئاستىنى، ئاندىن كوچىلارنى پاكىز سۈپۈردى-دە، سۇ ئەكىلىپ چېچىش ئۈچۈن ئەپكىشىنى مۈرىسىگە سالدى. ئۇ سۇ

بويدا قېيناتىسىغا ئېگىلىپ سالام بەردى. ھەمدۇل بوۋاي يۇيۇ-
ۋاتقان سامىنىنى قويۇپ قويدى-دە، سامان يۇقى قوللىرىنى قول-
تۇغىغا سۈرتۈۋېتىپ كۆكرىكىگە جۈپلەپ:
— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام بالام، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ —
دېدى.
— خۇداغا شۈكرى ئاتا. نىمانچە ئەتىگەن تۇرۇۋاللا؟
— كېچىدىكى شامال پەمدۇر باراڭلىرىنى ئۆرۈۋەتتىمىكىن يا-
كى خاڭگا تىرەكلىرىنى يىقىتىۋەتتىمىكىن، ئۆمسە بىر چۈش كۆ-
رۈپتىمەن بالام. سەيدۇللا ئويغاندىمۇ، ئەتىگەنرەك ئېتىزغا
بارىدىغۇ.
— مېھمانلار ئۈزىسلا مەنمۇ بارىمەن ئاتا!
— رۇسۇلچۇ؟
— يەنە بازارغا بارىدىغان ئوخشايدۇ ئاتا.
— پۇتىنى چېقىپلا، نان تاشلاپ بېرىپ باقسىدىغان يەرگە
يەتتىم. ساقالغا ئاق كىرگەندە نىمە بۇۋەكلىك بۇ!
— بوپتۇ، سىلى بىلەن بىز بولغاندىكىن ئاتام بار دەپ ئېغە-
نايدۇ-دە.
بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ سىۋىتىنى كۆتىرىپ ئۆيگە ماڭدى. سۇ-
نىڭ ئىككى قاسنىغىدىكى كۆكۈل مەيداندا يېزا باللىرى ئوڭغۇل-
دوڭغۇل يېتىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان كارىز سۇ-
يى ئۇيقۇسى قانىغان بالىنىڭ كۆزىدەك سۈزۈك، ئۇنىڭ ئاۋازى
يىراقتىن ئاڭلانغان تەمبۇر ئاۋازىدەك يېقىملىق ئىدى. سۇ بويى-
دىكى ئۈژمە دەرىخىگە كاككۇك كېلىپ قوندى-دە، قاقاقلاپ كۈ-
لۈپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ پاختەك
كېلىپ قوندى. پاختەكنىڭ بىرسى «گۇك-گۇك» قىلسا يەنە بىرسى
«خوتۇندىن قورقىدۇ» غا سايرىغىلى تۇردى. «تووۋا»، — دەپ ئويلىدى
زەرىپىخان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ، — «جاھاننىڭ ھەممە غېمىنى مەن-
لا يىغىۋالغان ئوخشايمەن. ئانام رەھمەتلىك: «بايلارنىڭ خوتۇنلىرى

ياالغان كۆلىدۇ» دەيدىغان، راست ئوخشايدۇ. ئېچىلاي دىسەم يىغا
ياەشىپلا تۇربدۇ. كۆلۈمسىرەي دىسەم كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىيدۇ...
ئۇ ئۆزىنىڭ سۇدىكى شويلىسىغا قاربدى: چىكە چاچلىرى ئاقارغان،
يۈزى كىچىكلەپ، قوشۇقتەك بولۇپ قالغان، كۆزلىرى نۇرسىز،
بوينى ساپاقتەك ... قېنى ئۇنىڭ گۈزەللىگى؟ مۇشۇ سۇ بويىدا ئۇ
نۇرغۇن قېتىم شويلىسىغا قارىغان ئىدىغۇ، ئوت چاقناپ تۇرغان،
مۇھەببەتكە قانمىغان كۆزلەر، نۇر يېغىپ تۇرغان، ئانار دانىسىدەك
سۈزۈك يۈزلەر، قۇندۇز تۈكىدەك قاپ - قارا قاش كىرپىك، توم ئۆرۈل -
گەن ئىككى تال ئۇزۇن چاچ، سۈرەتتەك كۆرۈنىدىغان قەددى -
قامەت ... دائىم زەرپىخاننىڭ ئۆزىنى ھەۋەسلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ
قىزلىق، جۇۋانلىق غۇرۇرىچۇ؟ ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىغىنى كىم
بۇلاپ كەتتى؟ ئەلۋەتتە مۇشۇ ئۆي، ئاشۇ رۇسۇل ... ئۇ بايلى -
غىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مانا ئەمدى ئەرگە چۈشەك، توخماق
بولۇپ تۇيۇلماقتا. كۆڭۈل توقلۇغىمۇ ئۆي، بالا، ئەر، ئۆمۈر خوشلۇ -
غىمۇ ئاشۇ ئۈچ نەرسە، ياشاشنىڭ لەززىتىمۇ ئاشۇ ئۈچ نەرسە
دەپ قاراپ كەلگەن ساددا دىخان ئايال ئۈچۈن چۈشەك، توخ -
ماق بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ؟
ئۇنىڭ ئۈنچىدەك ياشلىرى سۇغا چۈشكەندە بىر ئىسسىق
گەۋدە ئۇنى كەينىدىن يېنىك قۇچاقلىدى.
— ھەسەل، جېنىم دوستۇم!
— ھىلىقى ئېزىتقۇنى تاپتۇق. يۈزىگە تۈكەردۇق، — دىدى
ھەسەلخان خوشال بولۇپ، — رۇسۇلكامنىڭ كۆڭلى نىمانداق پەسكىنە -
تاڭ، ئۇپا - ئەڭلىك، ئەترە - پەترە بىلەن چىرايلىق بولۇۋالغىنى
بولمىسا بىر قۇرۇق جادىگەركەن ئۇ، ۋاي - ۋاي، ئۇنىڭ قوللىرىدىكى
قوش - قوش ئۈزۈك، ئىسىل ھالقا، بۇلاپكا! قۇلاقلىرىنى يىرتىپ
تۇرۇپ ھالقىلىرىنى تارتىۋالاي دىسەم بىزنىڭ كىشى ئارىلىشىۋالدى.
— سەن ئۇنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— پېپىگە چۈشتۈم. ئۈچ كۈن ئىش قىلماي بازاردا يۈرۈپ تىنىڭ-تىڭلاپ يۈرۈپ تاپتىم. ماگىزىندىكى ھېلىقى قەمبەر كۆنچى-نىڭ قىز ئالغان خوتۇنىكەن. ئۇ ئىككى ئەرگە تېگىپتۇ. ۋاي شەرمەندە! ئاۋال ھېلىقى تۆگە بويۇن ھېلىم جادۇ دىگەن كاززاپ بىلەن تېپىشىۋاپتىكەن، ھېلىم جادۇ ئەمدى ئۇنى رۇسۇل ئاخۇنغا ئۆتۈنۈپتىدەك. نىمە دەيدۇ دىمەمسەن تېخى: رۇسۇل مېنىڭ، ئۇنىڭ پۇللىرىغا مەن شىرىك، تېخى مەھەللەگىلەردىكى ھەيۋەت ئۆيىنىمۇ مەن تۇتىمەن، خوتۇنىنى خىزمىتىمگە سالىمەن، چىدا، قانداق قىلاتتىڭ دەپ ھازازۇللۇق قىلدى دىگىنە! مانا ئەمىسە دەپ چېپىچىدىن تۇ-تۇپ ئاستىمغا بېسىپ تازا سالدىم! قانداق ئۆچۈك چىقتىمۇ؟

ئۇلارنىڭ پارىڭى راسا قىزىغان بولاتتى. سۇ بويىغا ئىشۈرىق كۆتىرىپ مەزىن ئاخۇن كېلىپ قالدى. مەزىن ئاخۇن ئاياللارنىڭ سالىمىغا جاۋاپ بېرىپ بولۇپ ئۆزىچىلا شېئىر ئوقۇدى:

«داۋا» بىلەن «دار» باشىدا «دال»① بار،
«زالىم» بىلەن «زاھىد» نىڭ باشىدا «زال» بار.
قوساق ئاچى گۇنا ئەمەس، توقلۇق ئەيىپدۇر،
ھەر ئەيىپنىڭ باشىدا ئىشتاھا — گال بار!
مەن بازاردىن بەك بىزار، كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ،
ئىشىگىم مەندىن چىۋەر توقۇمىنى ماڭا ئارتىدۇ...

بىر ئىشەكنىڭ تۆت بالىدەك غەلۋىسى بولىدىكەن، رۇسۇل بەگ بىر ئىشەك ئېلىپ بېرىۋىدى، يۈز يىل ياشا دەپ دۇئا قىپتىمەن. خوشال بولۇپ دۇئا قىلغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، مەن بەش ۋاق ئەزان ئېيتسام، ئۇ ھارام ئون ۋاق ھاڭرايدۇ. مەن بىر پوشكال بىلەن تويىمەن، ئۇ ھارام تۆت تامنى يەيمەن دەپ

① ھەجلىگەندە «د» دال «ز»زال ئوقۇلىدۇ.

تۇردۇ. زەرىپەخان بالام، رۇسۇل ئاخۇنغا ئېيتىڭ، ئىشىگىنى ئېلىۋالسۇن،
نوختا، چوم، قوشقۇنلىرى بىلەن بىكىرىغا بېرىۋەتمەن!
ئايالار غەمنى بىلمەيدىغان خۇش‌خۇي مەزىننىڭ مەنىلىك
شېئىرلىرى، ناشتىلىق چاخچىقىغا كۈلكە بىلەن جاۋاپ بېرىپ ئۆز
ئۆيلىرىگە قايتىشتى...

زەرىپەخان قويغان تۇتقىننى بىلمەي، گاڭگىراپ يۈرۈپ
هويلا-ئارامنىڭ ئىشلىرىنى قىلدى. ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى
سەرپ قىلىپ، زوق بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇپ يۈرگەن مۇنۇ ھەي-
ۋەتلىك قورا-جاي ئۇنىڭغا گۆرۈستاندەك سۈرلۈك، ئەسكى تام-
لىقتەك سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ بۈگۈنلا، يەنى ھەسەلخاندىن
رۇسۇلنىڭ باشقا بىر ئايالغا راستلا باغلىنىپ قالغىنىنى بىلگەندىن
كېيىن مۇھەببەتسىز ھاياتنىڭ نەقەدەر مەنىسىز، زېرىكىشلىك
ئىكەنلىكىنى بىلدى. گۇمان، مىش-مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈ-
ۋەرگەن بولسا، ھەتتا رۇسۇلنىڭ قوپال گەپلىرىنى، «خېتىڭنى ئال!»
دەپ قىستاشلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈۋەرگەن بولسىمۇ ئۆزىگە تەسەللى
تاپالىغان، ئۆزىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى «رۇسۇل ئۇنداق قىلمايدۇ»
دىگەن سۆز بىلەن قوغداپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتى. لېكىن بۈگۈن
ھەسەلخان ئۇنىڭغا ھىلىقى مۇھەببەت قاراقچىسىنىڭ بەشىرىسىنى
كۆرسەتتى، ئاۋازىنى ئاڭلاتتى. قاراقچى: «تېخى ئايلىنى خىزمىتىمگە
سالىمەن، ھەيۋەتلىك ئۆي-جاي مېنىڭكى!» دىگەندەك، بۇ قانداق قور-
قۇنچلۇق خەۋەر، دەھشەتلىك ھەيۋە-ھە؟ ئۆز ئېرىنى بەختلىك
قىلىش ئۈچۈن بەدىنى قورۇغىچە تەر تۆكۈپ قۇرۇق تېرە-ئۇستىخان
بولغان ئايالغا تۇرمۇشنىڭ جازا بەرگىنى نىمىسى؟ زەرىپەخان قىز
چېغىدىن باشلاپلا پۇل-دۆلەتتىن مۇھەببەتنى ئۈستۈن بىلگەن،
ئۇنىڭغا مۇھەببەتتىن باشقا ھېچنىمە لازىم ئەمەس ئىدىغۇ؟ مانا
ئەمدىلىكتە پۇل-دۆلەت ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇھەببىتى قۇربان بولۇۋا-
تىدۇغۇ؟ ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى مۇھەببەت ئۈچۈن بول-
ماستىن پۇل-دۆلەت ئۈچۈنلا بولسا دۇنيادا ئىنساندىنمۇ ۋەھشى نەرسە

يوق ئىكەنغۇ! ياكى زەرىپىخان تۇرمۇشنى خاتا چۈشىنىپ قالدىمۇ؟ مۇھەببەت، بەخت، ساداقەت دىگەن نەرسىلەر ئادەم ئالدايدىغان، پۇل تېپىشنىڭ يولىدا ئېيتىلىدىغان چىرايلىق سۆزلەرمۇ؟ ياكى تۇكىلاشچىنىڭ تۇكىلىگىدەك ئادەملەرنى سودىگەرگە ئالدىنىشقا قىرىدىغان ئاۋازمۇ؟ ...

— ھەي زەرىپە!

زەرىپىخان چۆچۈپ يوقۇرىغا قارىدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پىشايۋىنىدا بىر قولى بېلىگە، يەنە بىر قولىدا تۆمۈر رىشاتكىغا يۆلىنىپ، مايكىچان ھالدا رۇسۇل تۇراتتى.

— ھەي!

— ھە، نىمە دەيلا!

— تېخىچىلا قازاندىن ھور چىقماپتىغۇ؟

— مانا ھازىرلا ...

— نەۋاق بولدى؟ — رۇسۇل كۆرسەتكۈچ قولى بىلەن قولىدىكى ئالتۇن رەڭلىك سائەتنى چوقۇپ تۇرۇپ ھومايدى.

— تېخى جامائەت مېچىتتىن يانمىدى ...

— ئاچچىق - چۈچۈك سۇەنتاگرۇ، ئىككى تەخسە گۈيرۇ تەييار قىل. ھىلىقى يېڭى تىكتۈرگەن سارجا شالۋۇرغا دەزمال سال، قىرىنى خاتا چىقارغانسەن تۈزىگىن. ھە، نەگە پايپاسلايسەن، ئىلمان سۇ بىلەن داسنى تەييارلا، بېشىمغا سۇ قۇيۇپ بېرىسەن! يېرىم سائەت، يېرىم سائەتتىن كىيىن ماشىنا كېلىدۇ، بۇ قېتىم سەپەر ئۇزۇنغا!

زەرىپىخان يۇقۇرىدا تۇرۇپ ئۆزىگە بۇيرۇق بېرىۋاتقان يوچۇن، سۇرلۇك ئادەمگە ئازاپ بىلەن بىر قېتىم تىكىلىپ قارىدى: رۇسۇل بۇرۇتىنى كۆتمەك قىلىپ ياساتقان، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بۇرۇنقى مېھرىۋان كۆزلىرى ھازىر ئۇلتۇرۇشقان، قورقۇنچلۇق ئىدى...

— چۈشەمسىز چىقمەنمۇ؟ — دىدي داس - چۆگۈن ۋە سوپۇن،

يېڭى لۆڭگە كۆتىرىۋالغان زەرىپىخان پۆت-قولى تىترىگەن هالدا.

— مەن نەدە تۇۋۇراتىمەن، قاچاندىن بېرى خانىم بولۇۋالدىڭ؟

— مەن چىقاي ئەمىسە، لەمپە ھۆل بولمىسۇن دەپتىمەن...

ئۇ پەلەمپەي بىلەن ئۆرلىۋىدى، رۇسۇل پەلەمپەيدىن ئالدىغا چۈشتى:

— يامىشىپ نەگە بارىسەن كۆك قۇرۇت!

— ماقۇل، سىز چۈشۈڭ ئەمىسە...

رۇسۇل بېشىنى بويۇنلىرىنى پاكىز يۇدى، زەرىپىخان يېڭى لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ گەدىنىنى، كۆكرىگىنى ئېرتتى. شۇ چاغدا رۇسۇل ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— ئۈچ تالاق، ئۈچ تالاق، ئۈچ تالاقسەن، ئاڭلىدىڭمۇ ئۈچ قېتىم تالاق دىدىم. ئۇن كۈندىن كېيىن سېرىق قەغىزىڭنى قولۇڭغا بېرىمەن. ئېيتە، نىمىلەرنى ئالسەن، ئۈچ پارچە گىلەم، مىڭ سوم پۇل بېرىمەن، دادامغا تۇيغۇزما، بىلدىڭمۇ؟

— بىلدىم.

— يەنە نىمىلەرنى ئالسەن؟

— ھىچنىمە...

— زەرىپىخانىنىڭ لەۋلىرى كەچكۈزدە قالغان ياپراقتەك كۆكەردى، ئىزغىرىن شامالدا دىرىلدىغان يالغۇز قورايدەك تىترىدى، لېكىن سەۋىر تاقەت بىلەن تاۋلانغان ئايال ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ قالالىدى...

ئۇ ئەمدى يات ئادەم. بۇ ھويلا ئەمدى ئۇنىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ قولى بىلەن كۆكلىگەن گۈللەر، ئۇنىڭ تەرى بىلەن ياشارغان باغ، ئۇنىڭ مېھرى بىلەن گۈللەنگەن ئۆيلەر ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى ناخشا،

ئەمگەك، مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇنۇ مەھەللە ئەمدى ئۇنىڭ
ئەمەس، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى سانسىز قېتىم دەسمالLاپ،
سانسىز قېتىم غۇچچۇرلىتىپ يۇغان قاچا، جوزا-ئۈستەل، خوشاللىد-
غىغا شېرىك بولۇپ، ئاشۇ ئەر، ئاشۇ بالىلار ئۈچۈن ئەجىرى قىلىپ
خۇددى زەرىپىخانىدەك ئۇپرىغان قىگىراق، سۇپرا-ئاشتاخ-
تىلار ... ئەمدى ئۆز ئىگىسىنى ئۇزىتىدۇ...
مېھمانلار ھويلىنى يەنە مالىماتاڭ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ قول-
لىرىغا سۇ قۇيۇلدى، ئالدىغا داستىرخان سېلىندى، زەرىپەخان تۇغما
ئادىتى بويىچە مېھمانلار ئالدىدا خۇش خۇي، ئوچۇق-يورۇق
بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا رۇسۇل يەنە كەلدى:
— سۇەنتاگرۇغا نىمىشقا تۇز سالمىدىڭ؟
— ئۇنتۇپتىمەن-دە، ماقۇل ھازىر ...
— كاللاڭ نەدە؟
— سىز ماڭا ئەمدى قوپاللىق قىلماڭ، — دىدى زەرىپىخان
شۇرلاپ، — مەن ئەمدى سىزگە يات بىر ئايال ...
— ھىم ...
ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كۆك سىرلانغان، چاقىقان بىر ما-
شىنا كېلىپ توختىدى، زەرىپىخان دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ماشىنىنىڭ
كەڭ كەپىنكىسىدە ئىگىز، ئوراكۆز بىر ئادەم بىلەن ئەتلەس
كۆينەك كىيگەن، ئىسىل غىلدىر ياغلىق تاڭغان، قۇلاق، قول،
بويۇنلىرى يالت-يۇلت ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن تولغان، ئوپا-
ئەڭلىك بىلەن ئۆزىنى ياشارتىۋالغان بىر ئايال ئولتۇراتتى.
شوپۇر ھەدەپ گۇدۇك بېرىپ ئۆيدىكىلەرنى چىللىماقتا ئىدى.
— قېنى چۈشلى مېھمانلار! — دىدى زەرىپىخان كۈلۈپ
تۇرۇپ.
— سىلى زەرىپىخان بولامىلا، — دىدى ئوراكۆز ئادەم كۆتمەك
بۇرۇتى ئاستىدىن شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، —
رۇسۇل بەككە ھېلىم ئاخۇن كېلىپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ دەپ

قويسىلارا، ئۆيگە كېلەر قېتىم چۈشمەيمىزمۇ!

ھېلىقى ياسانچۇق ئايال زەرىپىخانغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى-دە، ھېلىم ئاخۇنغا مەنىلىك قاراپ قويدى، زەرىپىخان ئۇلارنى دەرھال تونۇدى: بۇلار ئەلۋەتتە ھېلىم جادۇ بىلەن ھېلىقى ئايال ئىدى.

زەرىپىخان ھويلىدا نىمىلەر بولۇۋاتقىنىنى سەزمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىرلىرى كۈلۈشەتتى. بىرلىرى ۋاقىرىشاتتى، بىرلىرى يەنە بىرلىرىگە يېلىناتتى، بىرلىرى يەنە بىرلىرىگە قوپال گەپ قىلاتتى، بىرلىرى ماشىنىغا چىقىۋېلىپ يەنە بىرلىرىنىڭ قولىنى تارتاتتى، يەنە بىرلىرى جۈجەم قاچىلانغان سىۋەتلەرنى توشۇيتتى... زەرىپىخان يەر-جاھان ئايلىنىۋاتقاندەك، ئادەملەر يوغان بىر قازانغا چۈشۈۋېلىپ بىردە قايناۋاتقاندەك، بىردە ئاق بالداق بولۇپ چاراس-چۇرۇس قىلىپ ئېتىلىپ چاچىراۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا بېشى قاياتتى، تۇرۇپلا كۆلكىسى قىستايتتى، تۇرۇپلا ھۆكىرەپ يىغلىغۇسى كېلەتتى.

— ئانا، نىمە بولدىلا!

ئۇ قىزى سەلىمەنىڭ ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلىغاندەك بولدى.

— سەلىمە بالام! — دېدى ئانا قىزىنى يېنىغا تارتىپ، — كېۋەزگە قارا، ئىشەك!

— ئانا، ئانا نىمە بولدىلا!

شۇ چاغدا ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. زەرىپىخان ئۆزىمۇ سەزمەستىن بىر نەرسىگە قول سوزدى-دە، دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئۇنى سەلىمە بىلەن سەيدۇللا قولتۇغىدىن يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

كەچقۇرۇن ئۇنى دوختۇردىن ئېلىپ كېلىشتى. دوختۇر:

— چارچىغان، نېرۋىلىرى قالايمىقانلاشقان، ئۇخلىسۇن، ئىش قىلمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

زەرىپىخان بىر ئايدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى، ھەمدۇل

بوۋاي رۇسۇلنى ئىزلەيتتى، لېكىن ھېچنەدىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. قىرىق گىرادۇس ئەتراپىدىكى ئىسسىقتا ئېتىزدا ئىشلەش سەكسەن نەچچە ياشتىكى بوۋاي ئۈچۈن ئازاپلىق بولسىمۇ ھەمدۇل بوۋاي زارلانمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ پەمدۇرلىرى مۆلچەرلىگىنىدىنمۇ كۆپ پۇل بولدى. ئۆزىنىڭ بارلىق تەك كۆكى، كېۋەز كۆكىنى سېتىپ تاۋكادا ئۇتتۇرۇپ بولۇپ رۇسۇلغا ئۆز كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان نىياز كۆسەي ھەمدۇل بوۋاينىڭ مۇشكۇلىنى يەڭگىللەتتى.

پىيالىدەك پەمدۇرلارنى يەشككە قاچىلاۋېتىپ بوۋاي نىياز كۆسەيدىن:

— ھەي، بۇ ئۆينىڭ نېنىنى يەۋاتقىنىڭغا بىر ئاي بولدى، پارچە خىراجىتىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ پۇل سوراپ قويمايسەنغۇ، پەمدۇرنى جىڭلاپ ئەچىقىپ ساتىسەن، بىرپۇڭ پۇلنى كەم قىلماي ئەكىرىپ بېرىۋاتىسەن، ئۆزەڭ قانداق مۆرىمەس بىر نېمىسەن؟ — دېدى.

نىياز كۆسەي بېغىردەك كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى:

— ھەققىمنى ئېلىپ بولغان تۇرسام.

— رۇسۇل دەلتىدىنمۇ؟ ئۇ ئەمدى بۇ ئۆينىڭ ئادىمى ئەمەس، پەمدۇرغا تەڭ ئىشلىدۇق، پايدىسىنى تەڭ ئالىمىز. يەر دۆلەتنىڭ، كۆچەت پۇلى، ئوغۇت پۇلىنى مەيلى دەۋىتتەي، ئىككىمىز ئىشلىدۇق، ئىككىمىز تەڭ ھەق ئالىمىز.

— تەشكىل يەرنى سىلىگە بەرگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىلا نېمە سىلىنىڭ، مەن ئايلىغىمغا يۈز كويدىن ئالغان. ئۈچ ئاي ئىشلەپ شۇنى ئۆزسەملا بولدى.

— بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي كەسكىن قىلىپ، — رۇسۇل دەلتى بىلەن بولغان مۇئامىلەڭنى ئۆزەڭ تۈگىتىۋال. مېنىڭ ھېساۋىمدىكى يەردىن قانچىلىك كىرىم كىرسە ئۇنىڭ يېرىمى سېنىڭ. يەر ھەققىنى تەڭ تۆلەيمىز. كۆزلىرىڭنى چوڭ-چوڭ قىلىسەنغۇ —

ھوي! ئادەم يالاشقا بولمايدۇ، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. سەن ئېتىزدا قونۇپ جاپانىڭ ئېغىرىنى تارتىپ ئىشلىدىڭ، كۆچلەندۈرگەندىمۇ، چۈنەك ئالغاندىمۇ بىللە ئىشلىدىڭ. قوزۇق ئوغۇت، كەپتەر مايىقى ئەكىلىش، ئوغۇت ئەچىقىش ... قايسى ئىشقا سېنىڭ قولۇڭ تەگمىدى؟ ھەققىمنى ئالدىم دىگىنىڭ بىلەن ئۇ ئالغىنىڭمۇ تاۋكادا بولغان ئىش. بىلىپ قوي، رۇسۇل دەلتىنىڭ بىر پۇڭ پۇلىنى چىشىمىنىڭ كامىرىغا باسمايمەن. كۆردۈڭمۇ، ئۇ چايان زەرىپىخانىنىڭ خېتىنى بېرىپتىكەن، مەن كېلىنىنى باللار بىلەن كونا ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەچىقىۋالدىم. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قەۋەت ئۆيى ھۇلغاراپ قالدى. پاختەك ئۇگىسى بولغىلى تۇردى. ئۇ ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئادىمى ئەمەس، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، زەرىپخان جۈجەم پىششىقىدا كۆكۈل ئاغرىقى بىلەن يىقىلغاندىن بېرى مېنىڭ ماغدىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپى تۆگىدى. بىر پۇتۇم ئۆيدە، بىر پۇتۇم گۆردە بولۇپ قالدى. زەرىپخان ئېتىز ئىشىدىن قالدى. سەلىمە قىزىم ئەپەندىچىلىك قىلىمەن دەۋەرگەندىكىن، رايىغا باقتۇق. قالغان باللار ئۆزەڭ بىلسەن ئېتىزنى يامان كۆرۈشىدۇ. بىرلا سەيدۇللام ئېتىزغا ئامراق، بىراق ئۇ كىچىك. چېقىلدۇرۇپ قويمايلى دىدۇق. ئەمدى ئويلاپ باق، بۇنچىلا پەمدۇر، كېۋەز، تەكنى مەن قانداق يىغىشتۇرىمەن؟ سېنىڭ ئۆز يېرىڭ، ئوقىتىڭ بولمىغاندىكىن شېرىك بولايلى. ھىساپلىسام ئون نەچچە مىڭ كوي كىرىم بولىدىغدەك. تەڭ ئاللى. ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دىگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ نىياز بەگ!

ئۆزىنىڭ ھالال بايلىغىنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۋاتقان ئادەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن نىياز كۆسەي، بۇۋايغا ھەيران بولۇپ تىكىلىپ قاردى:

— تۆت ئاي ياللانسام ئارانلا تۆت يۈز كوي تاپالايتتىم. سىلى بىلەن شېرىك بولسام ئۆزلىرىنىڭ دىيىشىچە جىق پۇلغۇ بۇ...

— شۇنداق نىياز بەگ، — دىدى ھەمدۇل بوۋاي ئۇلۇق گىچىك تىنىپ قويۇپ، — مېنىڭ ھىساۋىمچە ئون ئالتە مو يەر، بىر يۈز ئوتتۇز بەش توپ تەك بىزگە ياخشى مىۋە بېرىدۇ. مەن ئونتۆت مىڭ كوي ھىساپلىغان ئىدىم. ئۇنىڭدىنمۇ ئاشىدىغان ئوخشايدۇ. ئىش قىلىپ ھالال تەر تۆكسەڭ، ھارۋىنىڭ ئىچ ئېتى بولۇپ بەرسەڭ، يەتتە سەككىز مىڭ كوي پۇل قولۇڭغا كىرىدۇ. ئەمما لېكىن ئەمدى تۆت ئوشۇقنىڭ يېنىغا بارما، ئىنساۋى بار بىر مەزلۇمنى تېپىپ بېشىڭنى ئوڭشاپ قوياي، ھالال ئىشلە، ھالاللاپ نان يە. رۇسۇل دەلتى كۈنىگە بەلكى يۈز كوي، ئىككى يۈز كوي تاپار. لېكىن تاپقان پۇلى ھارام. شۇڭا ئۇ پۇل تاپتىم دەپ ئوتتا مىنىۋالدى، ئەمدى پۇل ئۇنى دوزاققا ئېلىپ كىرىدۇ.

يەتتىنچى ئايلار دىخانلار ئۈچۈن ئازاپلىق، تەر چىپىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. شامال ئۇلار ئۈچۈن تۇتىيا، لېكىن نىياز كۆسەي يالغۇزلا تامبال بىلەن بولۇۋېلىپ باشقىلار زەي گەمدە ياتقاندىمۇ ئېتىزدا ئىشلەۋەردى. سالقىندا بولسا لاي بىلەن سەل ئاقىرىپ قالغان سۇ كالىسىنىڭ تېرىسىدەك يالتىراق بەدىنىدىن تەر ئاققۇزۇپ تېخىمۇ قاتتىق ئىشلىدى. ئۇنى ھەمدۇل بوۋاي زەرىپىخاننىڭ تەملىك تاماق، مۇزدەك چېيى بىلەن ياخشى تەمىنلىدى.

رۇسۇلنىڭ باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ھەمدۇل بوۋاي، زەرىپىخانلار ئۈچۈن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈردى. لېكىن نىياز كۆسەيگە بولسا ئەكسىچە خوشاللىق-بەخت كەلتۈردى. ئۇ يېقىن ئارىدا باي بولىدۇ، ئۆيلىنىدۇ، بالا-ۋاقىلىق بولىدۇ.

دۇنيادا شۇنداق، بىرسىنىڭ جەۋرى-جاپاسى ھىساۋىغا يەنە بىرلىرى راھەت-ھالاۋەت كۆرىدىغان گەپ، بۇ توغرىدا مەزىن ئاخۇن بىر كۈنى مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

مېنىڭ قايغۇلىرىم ئۈزۈندىن-ئۈزاق،
سېنىڭ شاتلىغىڭ چەكسىزدۇر بىراق.

ھەم ئۇنىڭغا، ھەم بۇنىڭغا تايانما چۈنكى،
ھەممىنى بۇ پەلەك قىلۇر ئويۇنچاق...
(ئۆمەر ھەييامدىن)

## چۈنجىگە قاراپ كۈل

1

سەككىزىنچى ئاي تۇرپان دىخانلىرىنى تېخىمۇ ئالدىرىتىدىغان ئاي. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كۈلدۈرۈپ، بەزىلىرىنى يىغلىتىدىغان ئاي. بۇ ئاينىڭ ئون بەش-يىگىرمىسىلىرىدىن كېيىن ئۈزۈم ئۈزۈلىدۇ. ئۇلار ئاۋال ھۆل پېتى سېتىپ بېرىش پىلانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئالدىرىشىدۇ. ئۈزۈم باسقان ئېشەك ھارۋا، قول تىراكتۇر، ماشىنىلار تار كوچىلاردىن چاڭ توزۇتۇپ توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. تەك باغلىرى گويا پۈتۈن مەھەللە كۆچۈپ بېرىۋالغاندەك ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. ناخشا، كۈلكە، مۇھەببەتلىك چاخچاق خۇددى شۇ باغلارنىڭ ئۈزۈمىدەك لەززەتلىك ئاڭلىنىدۇ.

مانا بۇ تۇرپان باغلىرىنىڭ توي ئېيى، مەرىكە ئېيى...

نىياز كۆسەي ھەممىدىنمۇ خوشال، ئۇ ئۆز ھاياتىدا بۇ يىلقىدەك خوشال بولمىغان. ئون ئالتە مو يەردىكى كېۋەز، پەمىدۇر، خاڭگا، جاڭدۇ خۇددى بىر بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئوخشىغان. يالغۇز پەمىدۇرىلا ئىككى ئايدىن بېرى سېتىلىۋاتىدۇ، يېيىلىۋاتىدۇ، لېكىن تېخىچىلا ھىچ قول تەگمىگەندەك تۇرىدۇ. «108-نومۇرلۇق» كېۋەز ياكى ئۇزۇن تالالىق كېۋەز بولسۇن باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى. تۈنۈگۈن نىياز بىر تۈپ كېۋەزنىڭ غوزىگىنى ساناپ كۆرۈۋىدى. بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى تال چىقتى. بۇ قانداق كارامەتلىك ئىش-ھە! بىر يۈز ئوتتۇز ئالتە تۈپ تەكچۇ تېخى؟ سېرىق تۇپراقلىق يەرگە سونايلىنىپ ياتقان ھەر بىر تۈپ تەكتە كەم بولغاندا

يەتمىش ـ سەكسەن ساپ ئۆزۈم.خۇددى مەرۋايىت دانىسىدەك سۈزۈك كىشمىش ئۈزۈم، قىممەتـلىك كەھرىۋادەك كـۆزنى چاقنىدىغان سايۋىلار خۇددى هازىرلا يېرىلىپ شەرۋەت ئاققۇزىدىغاندەك مەي بولۇپ تۇرىدۇ، نىياز ئۆمرىدە بۇنداق ئوخشىغان ئـۈزۈمنى كۆر-مىـگەن. مۇشۇنچىلا بايلىققا ئۇ شـىرىك. هازىر ئۇ ئون ئالتە مو يەردىكى تېرىقچىلىق بىلەن بىرىۈز ئوتتۇز ئالتە تۈپ تەكنىڭ تولۇق خوجايىنى. پەمىدۇر، خاڭگا ياكى ئۈزۈم ئالغۇچىلار كەلسە قانچىلىك ئالسىمۇ هەمدۇل بوۋاي خېرىدارلارنى ئېتىزغا ــ نىياز كۆسەينىڭ ئالدىغىلا يـولـلايدۇ. نىياز جىڭلاپ بېرىپ پۇلنى ئالىدۇ، هەمدۇل بوۋاي ياكى زەرىپىخان قانـچىلىك سېتىلدى قـانچـە پۇل بولدى، دەپ سوراپمۇ قويمايدۇ. لېكىن نىياز كۆسەيمۇ بىر پۇڭچەنگە كۆز ئالايتقىنى يوق، هەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم زەرىپىخانغا غەللە تاپشۇر-غـلـى بارغاندا تاماكا ئېلىپ چەككـەن ئۈچ مـوچەننىمۇ قالدۇر-ماستىن ئېيتىدۇ. زەرىپىخان بۇنداق چاغلاردا كۈلۈپ قويىدۇ ـ دە:

ــ نىمانچىلا ئۇششاق ـ چۈشەككىچـە دەپ كېتىدىلا، خەشلە-ۋەرسىلە، ئۆزلىرىنىڭ پۇلى، ــ دەپ قويىدۇ. نىياز كۆسەي زەرىـپىخاندىن كۆزنى قاچۇرۇپ:

ــ شۇنداقتىمۇ، شىرىك ئوقەت بولغانـدىكىن لىلـلا بولغىنى تۈزۈك ! ــ دەپ قويىدۇ.

بۈگۈن ئۇ چۈشىدە زەرىپىخاننى كۆردى. تووۋا، ئۇ چـۈشىدە زەرىـپىخـان بىلەن تـوي قىپتـۇدەك، رۇسۇلنىڭ هىلىقى مېهـمان كـۈتىدىغان چوڭ ئـۆيىگە ئۇلارنى كـۆچۈرۈپتۇدەك. قىپ ـ قىزىل گىلەملەر ئۈستىدە، گۈللۈك تاۋار يوتقان ـ كۆرپىلەر، ماموق ياسـتۇقلار سېلىقلىق تۇرغۇدەك ــ زەرىپىخـان قىپ ـ قىزىل تاۋاردىن ئىچ كـۆينەك كىيىۋېلىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئورۇن تۈزەشـتۈرۈۋاتقۇدەك ...

نىياز كـۆسەي قىرىق نەچچە يىلـلىق هاياتىدا كـۆرمىگەن لەززەتنى چۈشىدە كۆردى.«تووۋا، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ تاڭ سەهەردە

داق بورا ئـۈستىدە ئوقدا يېتىپ ئىككى ئالقىنىنى گەجگىسىگە قويۇۋېلىپ، — رۇسۇلزە لەززەتتىن ئىككەرگەن ئىكەن ـ دە، مۇشۇنـداق خوتۇننى قويۇۋېتىپ يەنە قانچىلىك راھەت كـۆرەركىن، راسـتلا خۇدايىم بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى تەكشى تاراتمىغان ئىكـەن. رۇ- سۇللار سەدىقە قىلىۋەتكەن نەرسە بىردەكلەرگە تۇتىيا ...»

ئۇ زەرىپىخان توغرىسىدا يەنە تۈرغۈن شىرىن خىياللارنى سۈرگەن بولاردى، بىردىنلا مەزىن ئاخۇننىڭ ھـاپىزلىغى ئاڭـ لاندى، ـ دە، ئارقىدىنلا شۇرىدىن ئۈنىڭ كىر سەللىسى كۆرۈندى. مەزىن ئاخۇن شېئىر ئوقۇدى:

سېرىق توپا مېنىڭ ئانام،
چۈچۈك بۇيا ماڭا تاتام.
ئېمىپ تويماس مېنىڭ بالام،
نەپسى يامان ئادەم ئىرۇر.

شەرۋەتلىرىم تىلنى يارار،
ساپ قان بولۇپ تەنگە مادار.
لېكىن بالام مېنى ساتار،
پەيلى يامان ئادەم ئىرۇر.

ھـاي كـۆسەي، ھـاي خـۇدادىن چاچ تىلەپ ھارمايدىغان سېخى تاز، يۇمشاق نان ئەكەلدىم، قىزىل سايۋىدىن ئىككى جىنىڭ ئۈزە، ئۈزۈم سەندىن، ئېغىز مەندىن، تائامى ماڭا، ساۋابى ساڭـا، لەززىتى مېنىڭ، مەينىتى سېنىڭ، كېچىچە توپىغا مېلىنىپ ياتتىڭغۇ دەيمەن، يۈزۈكنى توپىدا يۇغىن، قولۇكـنى چالمىغا ئېيتـقىن شۇ چاغدا ئاندىن تۇغما پاكىز بولىسەن!...

— كەلسىلە مەزىن ئاخۇنۇم!

— كېلىپ بولغان ئادەمگە قانداق ئىلتىپات بۇ!

مەزىن ئاخۇن كۈلۈپ قويۇپ يۇمشاق توپىغا ئولتۇردى. نىياز كۆسەي پاكىزە كارىز سۈيىدە يۇيۇلغان قىزىل سايۋى ئۆزۈمدىن بىر ساپاق ئەكەلدى-دە، سىۋەتنى دۈم كۆمۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قويدى:

— قىنى باقسىلا!

— ھەي، سەن بۇ باغنىڭ قارانچۇغىمۇ؟

— ياق، خوجايىنى ئاخۇنتۇم!

— ئىككى قەۋەتلىك قورانىڭ قۇلىمۇ؟

— ياق، خوجايىنى ئاخۇنتۇم.

— ھىم، — دىدى مەزىن ئاخۇن لەززەتلىك ئۆزۈمنى شوراپ تۇرۇپ، — زەرىپخاننى ئالاي دەمسەن-يا؟

— يوقسۇ، تەقسىر بىرگە ئوشۇقلىق قىلدۇ.

— ھىم، پەتتار دوقىنىڭ ئۆزۈملىرى شاخلىرى كۆپ بولۇپ كىتىپ ھۆپلەپ كىتىپتۇ، بەتتام. زەرىپخاننىڭ گىپى چىقىۋىدى، بىشىڭ قىزارغىلى تۇردىغۇ تازچاق، ئىچىڭدە دەردىڭ كۆپ، قىنىڭ ھۆپلەپ كەتكەن چىغى، ھەمدۇللىغا دەپ باقايمۇ-يا؟

نىياز كۆسەي بىشىنى چايقىدى.

— بىرمىدىغان سەدىقەڭ يوقمىدى؟

نىياز ئىشتان قىرغىغىدىن ئىككى كوي پۇلىنى چىقىرىپ مەزىن ئاخۇنغا ئۇزاتتى.

— خوجايىن بولماق ئاسان ئەمەس، — دىدى مەزىن ئورنىدىن تۇرۇۋىتىپ، — سەھەردە كۆرگەن چۈش، ئوڭدىكى ئىش، خەيرلىك بولغىن كۆسەي.

مەزىن ئاخۇننىڭ كىينكى سۆزى ئۈچۈن ھەممىلا نىمىسىنى سەدىقە قىلىۋىتىشكە تەييار تۇرغان نىياز كۆسەي، خوشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي ئوغلاقتەك قىيغىستتى. ئۇ يالتىراپ تۇرغان ئۆزۈملەرنى شۇنچىلىك تىز ئۈزدىكى، يىراقتىن قارىغان كىشى ئۇنى گەدىش ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ دەپ ئويلاپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئۆزۈمنىڭ بورا ئۈستىگە قانچىلىك دۈۋىلەنگەنلىگىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. بىر ئايال:

— كىچىچە ئۇخلىماي ئۆزۈم ئۈزدىلىمۇ نىمە! — دىگەنىدىن كىيىنلا ئۇ ئىشتىن توختىدى. ئۇ ئۆزىگە زوق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان زەرىپىخاننى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆينەكسىز، قاپ-قارا تېنىدىنىمۇ ياكى ماي قاپىغىدەك پاقىراپ كەتكەن بېشىدىنىمۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ خۇددى تونۇرغا باش تىققاندەك بىردىنلا تەرلىدى:

— كەلدىلىمۇ زە...زەرىپەم...

— نىياز ئاخۇن نىمە بوللا؟

— تەرەپبالا...

— سىلىگە كىيىم ئەكەلدىم، — دىدى زەرىپخان قولىدىكى بوپسىنى شەرەت قىلىپ، — كىر كۆتىرىشلىك، قارا دىچۆلياڭ كۆينەك، قارا دوخاۋا بۆك، قارا چىپەرقۇت ئىشتان، قارا خەي...

— ئۆزەممۇ قارا، ھى-ھى-ھى...

— كۆكۈللىرى ئاق، شۇسى بولدى...

— سىلى شۇنداق ئويلامىلا زەرىپەم؟

— راست ئەمەسمۇ-يا؟

— زەرىپەم بۇگۇن سىلىنى چۈشەپ قاپتىمەن...

— مېنىمۇ؟

— تاڭ ئاتار ئالدىدىلا دىسىلە... مەزىن ئاخۇنۇم ئۇكۇكىدىكى ئىش دىدى...تووۋا، ئۇكۇم بولسىغۇ...تووۋا!

— ياخشى چۈش كۆرگەن ئوخشايلا-دە؟

— ياخشى بولمامدىغان زەرىپخان...

— خۇدايىم تەلەيلىرىنى بەرسۇن.

— خۇدايىمغۇ بېرەر، ئەمما سىلى...

— مەن خۇدادىن ئۈلۈغمىدىم؟

— ئانداقتا، زەرىپخان بىزنى خۇدايىم ئۇزى قوشسا..

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — زەرىپخاننىڭ چىرايى بىردىنلا
تامدەك تاتىرىپ كەتتى. نىياز كۆسەي ئايالنىڭ لومىدە كۆزىگە
ياش ئالغىنىنى كۆردى. ئايالغا خورلۇق بولۇپ تۇيۇلغان بۇ سۆزى
نىيازنىڭ ئۆزىگە تاياق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك
چىرمىۋالدى. ئۇ بەزگەك ئادەمدەك تىترىمەكتە، دورداي كالپۇك-
لىرى قورقۇنچلۇق تۇس ئېلىپ مىدىرلىماقتا ئىدى. زەرىپخان
تەستە ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ چۈشەندى. مۇتۇ كۆرۈمسىز ئىنسان
ئۇنى ئاشۇ تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدىكەن، نېمىلا
بولمىسۇن زەرىپخاندەك تاشلاندۇق ئايال ئۇچۇنمۇ ئوت-كاۋاپ
بولۇپ يۈرگەن ئادەم بار ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ جاراھەتلىك قەل-
بى باشقا بىرسىنى سەكپارە قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەرلەرگە لازىم
بولىدىغان نەرسە ئۇنىڭ قەلبىدە يوق. ئۇنىڭ مۇھەببەت، ھېس
تۇيغۇلىرىمۇ كۆڭلىدەك مۇز بولۇپ قاتقان، ئۇنى ھېچقانداق ھارا-
رەت ئېرىتەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ نىياز كۆسەيگە ئىچى ئاغرىدى:

— كىيىنىۋالسىلا نىياز ئاخۇن، بۇندىن كېيىن يالغۇز يۈر
مىسىلە، يېڭى ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋەت لەمپىسىگە ئورۇن ھازىر-
لاپ قويدۇم. كېچىسى شۇ يەردە قارانچۇق بولغاچ ياتسىلا، ئاتام
باياتىن چىتلارنى شىپقا سىم بىلەن ئېسىپ چىقتى. بۈگۈن چۈن-
جىگە ئۆزۈم ئەكىرىمىزكەن. ھازىر سەيدۇللام ئۆزۈم تۇشۇشقا
ھارۋا ئەكىلىدۇ، قېنى، غىزالانسىلا، مەن ئۆزگەچ تۇراي، — دېدى.

نىياز كۆسەي ئايالنىڭ دېگىنىنى قىلدى.

كۈنلەر كۆڭۈللۈك، بەرىكەت بىلەن ئۆتمەكتە. ھەمدۇل بوۋاي
بەش كۈندىن بېرى تۇشۇلۇۋاتقان كىشمىش ئۆزۈمنى بىر ساپ-بىر
ساپتىن قولىدىن ئۆتكۈزۈپ «چىت» دەپ ئاتىلىدىغان ئاسما چەن-
زىنىڭ تۆشۈكلىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن يولغۇن، بامبۇك چوكىلارغا ئېسىپ
چىقتى. مانا، بەشىنچى كۈنى ئۇ ئاخىرقى «چىت»كە بەلدىگىدە
ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئۆزۈم ئاسماقتا. ئۆزۈم ئۇنىڭ قەلبىدىكى بالىسى

پەيدا قىلغان تۇمانلارنى سۈرۈپ چىقىرىۋەتتى. كۆكۈللۈك ئەمگەك ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغا مەلھەم بولدى. ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا مۆك-چەيگەن، قەددىنى تەستە رۇسلاپ ئۆزىگە ئۈزۈم سۇنۇپ بېرىۋات-قان نىياز كۆسەيگە چاخچاق قىلدى.

— نىياز بەگ، ھۆكۈمەتنىڭ سېتىپ بېرىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدۇق. ئەمدى دۈيجاڭنىڭ ئالدىغا مۇكاپات ئالغىلى ياسىنىپ بارارسەن؟

— خۇدا بۇيرۇسا...

— ئەمدى كېلىن ئوقۇشايمۇ؟

— ئۆزلىرى ئاتا!

— كاسسىر تۇتىدىغىنىنى تۇتۇپ بولۇپ بىزنىڭ ھەققىمىزنى ئەكەپتۇ. تەڭمۇ-تەڭ قىلىپ ئىككى كىنىشكا قىلدۇرۇپ بانكىغا قويۇپ قويدۇم. بىر كىنىشكىغا سېنىڭ ئىسمىڭ يېزىلدى. ھازىرچە كىنىشكاڭدا بىر مىڭ بىر يۈز تەڭگە پۇلۇڭ بار. كىنىشكاڭنى قو-لۇڭغا بېرەيمۇ، بەرسەم دەتتىكەمگە تىكىۋېتەرسەنمۇ-يا؟

— ياق، ياق، پەندىيات!

— كېيىن بىراقلا ئالامسەن؟

— زەرىپىخان ساقلاپ قويسۇن، — دىدى نىياز كۆسەي ئۇ-لۇق كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ھەمدۇل ئاتا، پۇلنى ئۈچكە بۆلسەك دۇرۇس بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىر ئۈلۈشى زەرىپىخاننىڭ بولسۇن.

— دۇرۇس ئويلاپسەن. لېكىن زە، بىز بىر ئائىلە ئىككى ئۈ-لۈش ئالغان بولۇپ قالىمىزكەن، مېنىڭ يىققان-تۆككەنلىرىم ئاشۇ بالىنىڭ، بايقاۋاتامسەن، مېنىڭ بۇلتۇرقى ماغدۇرۇم بۇ يىل يوق. ھەي، نىياز بەگ، مېنى ئەمگەك ئەمەس، بالا غېمى مۆكچەيتىۋەت-تى. رۇسۇل ھەر قانچە ئەسكى بولسىمۇ پۇشتۇمدىن تامغان يالغۇ-زۇم ئەمەسمۇ، ئاڭلىسام ھىلىقى خوتۇننى قويۇۋېتىپ ئۈرۈمچىدىن يەنە ئۆيلىنىپتىمىش. دۇكان ئېچىپتىمىش، شىرىنگى بېيجىڭ، شاڭ-خەيگە قاتناۋېتىپتىمىش، ئۆزى يېقىندا خاڭجۇغا بېرىپ كەپتۇدەك

ئاشۇ بالىنىڭ بىر پالاكەتكە يولۇققىنىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن خۇدايىم ئامانىتىنى ئالسا بولاتتى. ئاڭلاپ قوي، قازا يېتىپ مەرىكەم بولۇپ قالسا، ئۇنى نامىزىمغا ئېيتماڭلار، ئەجىلىمدىن ئون - يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۇلتۇرگىنىمگە خاپا ئەمەسمەن، ئاتا دىگەن بالا غېمى بىلەن ئۆلىدىغان گەپ. لېكىنزە، زەرىپەخاننى خورلىغىنىغا چىدىسىمىدىم. ئۆلسەم كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. زەرىپخان بالام تېخىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىت ئۈزگىنى يوق. ھىلىھەم بولسىمۇ بويۇن ئېگىپ، توۋا قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ ھەممە ئەسكىلىكىنى ئۇنتۇيدىغاندەك قىلىدۇ!

نىيازنىڭ قولىدىن بىر ساپ ئۈزۈم چۈشۈپ كەتتى. نىياز خىجىل بولۇپ يەرگە ئېڭىشىپ پىتىراپ كەتكەن ئۈزۈملەرنى بىرمۇ-بىر تېرىشكە باشلىدى. ئۇ بىر تال ئۈزۈمنىڭ توپىسىنى پۇ دەپ ئاغزىغا سېلىۋىدى، ھەمدۇل بوۋاي كۈلۈپ كەتتى.

— سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام توپىسىنى پۇ دىمەيتتىم. دۇنيادا توپىدىن پاكىز نىمە بار؟ شەرۋەتمۇ، ئالتۇنمۇ، ئىنسانمۇ، قىزىلگۈلمۇ، دۇنيادىكى ئىسىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توپىنىڭ بالىلىرى. توپىنى يات كۆرگەن ئادەم رۇسۇلدەك دادىسىنى خورلىغان بولىدۇ. بىلىپ قوي نىياز، دىخان توپا بىلەن ئەزىز، توپىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا ئىنسان دىگەن ئىشەك تېزىكىدەك خورلىنىدۇ. ئىككى يىل بۇرۇنلا بىزنىڭ رۇسۇلمۇ توپىدا يېتىپ، توپىدا ئېغىناپ يۈرەتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا دادىسىمۇ، خوتۇنىمۇ پاكىز، ئەزىز بىلىنەتتى. ھازىرچۇ، كۆردۇڭمۇ، ئۇ توپىدىن يىرگىنىدىغان بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا دادىسى، خوتۇنى، باللىرى، ئېتىز، باغلىرى سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇھ، خۇدايىم ئىنساننى يەردىن ئايرىمىسۇن...

ئۇلارنىڭ چۈنجىسىگە دۈيجاڭ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھەمدۇل ئاتا، بەرىكەت تاپ!

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، ئېيتقىنىڭ بولسۇن!

— قانچىلىك ئەكىردىڭلار ئاتا؟

— كىشمىش، سايۋى بولۇپ ئون تۆت مىڭ نەچچە يۈز جىڭ...

— تەكلىرىڭدە يەنە كۆپ تۇرىدىغۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا ئون بىرىنچى ئايغىچە تەك چۆگۈلەيمىز تېخى...دە، مۇكاپات پۇلىمىزنى قاچان بېرىسەن؟

— ئۈچ كۈندىن كېيىن ھۆل سېتىپ بېرىشنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلارغا مۇكاپات بېرىمىز.

— بىزگە قانچىلىك ئاقچا كېلىدۇ؟

— سەن رازى بولغۇدەك كېلەر.

— قۇرۇق سېتىپ بېرىشنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ قوشۇپ بېردۋەت. بىز بەربىر ئاشۇرۇۋېتىمىز. مەنغۇ ئالدىرىمايمەن، مۇنۇ نىياز بەگ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم مۇكاپات ئېلىۋاتىدۇ. خۇددى يېڭى توي بولغان يىگىت خۇدايىمدىن ئۇزاقىراق كېچە تىلىگەنىدەك جىقراق مۇكاپات تىلەۋاتىدۇ، راسىمۇ نىياز بەگ!

نىياز كۆسەي جاۋاپ ئورنىغا گەدىنىنى سىلاپ ھىجايدى. دۈيجاڭ نىياز كۆسەيگە قارىدى:

— ئەمدى راسا تۆمۈردىن ياسالغان كۆسەيگە ئوخشاپسەن نىياز. بەركەت ئوچىغىنى چۇخچىلاۋەرگىن. بولدى، يېرىڭنى، تەكلىرىڭنى ساتقىنىڭ ئۈچۈن كېلىدىغان جازانى كەچۈرۈۋېتىمىز. مۇكاپات دېگەن بۇنىڭدىن ئوشۇق بولامدۇ؟

— ھەي دۈيجاڭ، — دېدى ھەمدۇل بوۋاي ۋاقىراپ تۇرۇپ، — نىيازغا كېلىدىغان جازانى رۇسۇلغا بەرگىن، ئۇنى نېمىگە ئايايسەن، ئۇ پۈتۈن يۇرتنى، ئاتىسىنى، خوتۇن - بالىسىنى سېتىۋەتتىغۇ، نېمىشقا ئۇنى تېپىپ كېلىپ جازالىمايسىلەر؟ نېمىشقا ئۇنىڭ پۇللىرىنى، مۇنۇ ھەيۋەتلىك ئۆيىنى تارتىۋالمايسىلەر؟ ئۇنىڭ تاپقان - تەرگىنىنىڭ ھەممىسى ھارام. پۇل - دۇنياسىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى قاماقتا ئېلىڭلار، ئويلىغىنا، يەر يۈزىدىكى دىخانلارنىڭ ھەممىسى رۇسۇلدەك ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، ئادەملەرنى ئېزىدىغان

ئەزگۈچىلەرگە ئۆزگەرسە، جاھان كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتمەمدۇ.
دېخاننىڭ سودىگەر بولغىنى — قويننىڭ بۆرە بولغىنى، كەپتەرنىڭ
سىغىزخان بولغىنىغا ئوخشاش. مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، دۇنيادا
تازا نەرسە قالامدۇ زادى؟ سەن دۈيجاڭ نىمىشقا ئەزالىرىڭغا
ئىگە بولمايسەن؟ سەن رۇسۇلنى تېپىپ كېلىپ جازالىمىساڭ، ئۇس-
تۈڭدىن سوتقا، بېيجىڭغا ئەرز بېرىمەن!

دۈيجاڭ بوۋاينىڭ ھالىغا يېتەتتى، ئوغلىنىڭ دەردى بىلەن
يۈرىكى پۇچۇلانغان بوۋايغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى
بېرىش زۆرۈر ئىدى:

— ئادەم دېگەن ئۆزىنى-ئۆزى جازالايدىكەن، — دېدى
دۈيجاڭ مەنىلىك قىلىپ، — كۆردۈقمۇ، ھەر-ھەر سەكرىگەنلەرمۇ
ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆزى جازالىدى. خەلقنىڭ نەپرىتى، جەمئىيەتنىڭ
غەزىپى ھەر قانداق يۇرت بۇزۇقىنى جازالايدۇ. رۇسۇلمۇ ئىنى-
ساپقا كېلىپ قالار، ئەگرى يول دېگەننىڭ دوخمۇشلىرى كۆپ
بولىدۇ. بىرىسىگە بولمىسىمۇ بىرسىگە ئۇسۇپ بېشىنى يېرىۋالىدۇ!

— بىزمۇ ئۇسىدۇققۇ، — دېدى نىياز كۆسەي پاناق بۇرنىنى تارتىپ
قويۇپ، — مانا ئەمدى قېرىغاندا تۆت ھوشۇقنى تاشلاپ ئادەم بولا-
مىز دەپ يۈرۈپتىمىز.

نىياز كۆسەي راستلا يامانلىقتىن قول ئۈزدى. ئۇنىڭ پۇللۇق
بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلاپ بىر كېچىسى ئۆلپەتلىرىدىن بىر نەچچىسى
ئۇنى ئىزلەپ كەلدى. نىياز كۆسەي ئۇلارغا:

— سىلەردىن ئارىنى ئوچۇق قىلغىلى قويساڭلارا، مەن ئىك-
كىنچى تاۋاكاغا دەسسىمەيمەن، پۇل لازىم بولسا مېنى بۇلاڭلار، ئۆل-
تۈرۈڭلار، ئەمما ئاخىرىدا ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلەر جازالايسىلەر، —
دېدى.

ئۇ رۇسۇلنىڭ ئادەمسىز، ئۆي-ئەنجامغا باي قوراسىنى
ساقلاپ لەمپىدە ياتاتتى. يەردىن ھۆللۈدەپ ئىسسىق كۆتىرىلىپ
لەمپىنى تېخىمۇ دىمىقتا قىلىۋەتكەن، ئۇ ئۆزىنى يەلپۈپ، ھېلىدىن

ھېلىغا تاماكا چېكىپ، خوشنا قورادىكى زەرىپىخاننىڭ بىر يۆتەلگىـ
نىنى بولسىمۇ ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن شۇ ياققا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى.
گەرچە ھېلىقى قېتىم زەرىپىخان قاتتىق رەنجىگەندىن بېرى ئۇ
ئايالغا بىر قېتىممۇ تىكىلىپ قارىمىغان بولسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە
يۇتۇپ، كۆيۈك ئازاۋى تارتماقتا ئىدى. ئۇ ھازىر تېخىمۇ كەم
سۆز، ئىشچان بولۇپ قالغان، شالاڭ، يىرىك ساقال - بۇرۇتى ئۇنىڭ
كۆمۈردەك قارا چىرايىنى يېپىپ قالمىغىنىدا ئىدى، بەلكى كىشىلەر
ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىن سېرىقداپ قالغىنىنى بىلگەن بولاتتى، ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئادەملەر زېرىكىشلىك، يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال قىلىش كۆ-
ڭۈللۈك ئىدى. ئۇ چوڭ قورادا يالغۇز ياتقان كېچىلىرى پۈتىنىڭ
ئۇچىدا دەسسەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن
زەرىپخاننىڭ يالدامىلىرىنى ئىزلەيتتى. ئۇنىڭ تەلەيسىزلىكىنى قا-
رىماقدىغان، ئۇنىڭغا زەرىپخاننىڭ بىرەر يالدامىسى ئۇچرىمىدى. ئۇ
ئامالسىز ئىككىنچى قەۋەتتىن تۆۋەن چۈشۈپ يازلىق ئوچاقىنىڭ
سۇپىلىرىغا يۈزىنى، بۇزۇلغان تونۇرنىڭ گىرۋەكلىرىگە كۆكسىنى
ياقاتتى.

بۈگۈنمۇ خۇمارىنى بېسىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئىشلارنىڭ ھەمـ
مىسىنى قىلدى. لېكىن خۇمارى بېسىلمىدى. بۈگۈن چۈشتە دوغاپ
سۇنغاندا زەرىپخاننىڭ قولى بىر بارمىقىغا تېگىپ كەتكەن ئىدى،
ئۇ ئەتراپىنى تىڭشاپ بېقىپ قاراڭغۇ كېچىدە ھېچ تىنۇش ئاڭلان-
مىغاندىن كېيىن ئۆز بارمىقىنى ئېھتىيات بىلەن لېۋىگە ئاپاردى.
گويا زەرىپخاننىڭ لېۋىنى سۆيگەندەك بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇ-
جۇدىنى تىترەك باستى...

شۇ چاغدا يان ئىشىك ئاستا چېكىلدى. نىياز خۇددى ئەيىپـ
لىك بىر ئىش قىلغان ئادەمدەك ھودۇقۇپ قولىنى كەينىگە يوشۇر-
دى. ئىشىك قاتتىقراق ئۇرۇلغاندا ئۇ ئىشىك ئېچىش ئۈچۈن
تۆۋەنگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى.

— بۇ كىم؟ — نىياز تىترەپ تۇرۇپ سورىدى.

— سەن ئۆزەڭ كىم؟ — سىرتتىكى ئادەم قوپال ئاۋازدا سو-
رىدى.
— بۇ، مەن نىياز...
— ئۆلىدىغان لالما ئىت، ئىت ئاغزىدىن چۈشۈپ قالغان
تاز!
— تىللىمىسلا رۇسۇل بەگ، بوۋاي، بوۋاي مېنى قارانچۇق
بول دىگەچكە...
ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن هويلىغا رۇسۇل كىرىپ كەلدى.
— چىراق ياق كۆسەي!
— چىراق يوق...
— ئىككىنچى قەۋەتنىڭ مېھمانخانىسىدا يەشىك ئىچىدە شام
بار، ئاچقۇچ يوق دەمسىنا، ئاچقۇچ مانا، ماڭ يۈگۈر، شام ياق!
نىياز بىر مىنۇتتىن كېيىن رۇسۇلنى خىرە يورۇغان مېھمان-
خانىدا كۆردى. رۇسۇلنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھەممىلا نېمىسى ئۆز-
گەرگەن: سەمىرىپ كۆزلىرى بورتۇپ چىققان، بۇرۇتىنى چەكتۈر-
مەي قويۇۋەتكەن، تورپان دوپپىسى تازا سىڭىشقان بېشىغا پاخ-
پايتىپ چاچ قويۇۋالغان، چېچىنىڭ كەينى گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇ-
رۇپتۇ. كىيىملىرىمۇ غەلىتە! يوغان-يوغان گۈلى بار كۆكۈچ كۆي-
نەك-چاقماق شالۋۇر كىيگەن. پۇتىدىكى كىپىشىنىڭ ئۇچكىسى بۇ-
لەكچىلا ئىگىز. سول بىلىگىدىكى سېرىق سائىتىنىمۇ نىياز شۇ چاق-
قىچە كۆرۈپ باقمىغان...
— سەن بۇ ئۆيدە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟
— سىلىگە قەرزدار ئىدىم، قەرز ئۈزۈۋاتىمەن، ھەمدۇل ئا-
تام بۇ ئۆيگە قارانچۇق قىلىپ قويدى...
— ھەمدۇل ئاتاڭ كېسەل ئەمەسمۇ؟
— ساغلام.
— زەرىپە نىمىشقا تېخى كەتمىدى؟
— بىلمەيمەن رۇسۇل بەگ!

— پۇل خەجلەمسەن؟
— پۇل، پۇل ...
— مىڭ كوي بېرىمەن، ماڭا خىزمەت قىلامسەن؟
— قىلاي، رۇسۇل بەگ!
— مە، ئانداق بولسا مۇنۇ پۇلنى ئال. ئۆيدىكى ھەممە تەلىقاتنى ئۇرۇمچىگە يەتكۈزۈپ بېرەلەمسەن؟
— ياق-ياق بۇ ئىشنى قىلالمايمەن رۇسۇلبەگ!
— نىياز، سەن ياق دىمە، — دەپ يېلىندى رۇسۇل، — ئۇقەت بۇرۇنقىدەك ئەمەس، دەسمايىنى يەپ بولاي دىدىم، دادامدىن قورقىمەن، بولمىسا قايتىپ كېلەلمەيمەن. ئۇنداق قىلما، ماشىنا ئەۋەتەي، بېسىپ بەرگىن ...
— ھەمدۇل ئاتامدىن بىسوراق قىل يۆتكىيەلمەيمەن بېگىم!
— ھەي كۆسەي! — رۇسۇل ئاچچىقلاندى، — قىلامسەن، قىلمامسەن؟
— يا ... ياق ...
شۇ چاغدا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى. ئارقىدىن ھەمدۇل بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ھەي، نىياز، مايانقا قارىغىنا!
رۇسۇل شامنى ئۈچۈرۈپ نىيازنى تالاغا ئىتتەردى ۋە ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.
— كېۋەزگە سۇ قويىدىغان گەپ كەن، بىللە بېرىپ كېلەلمىسۇ؟
— مەن ھازىر چىقاي، — نىياز تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردى. بوۋاي چىقىپ كەتتى. رۇسۇل پەسكە چۈشتى:
— بىرسىگە دىگۈچى بولما كۆسەي، دەپ قويساڭ ئەجىلىڭ قولۇمدا!
بىردەمدىن كېيىن موتوتسىكلىتنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. نىياز قاراڭغۇلۇققا قاراپ غوتۇلدىدى:

— ھەر كىم ئۆزىنى-ئۆزى جازالايدۇ، ئىلاھىم تېزراق ئۆل، زەرىپەم مېنىڭكى بولۇپ قالسۇن...

## 2

زەرىپخان تىنچىق كۈنلەرنىمۇ كېۋەزلىكتە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا بەزىدە ھەسەلخان، بەزىدە قىزى سەلىمە ھەمرا بولۇپ بىللە ئىشلىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى خۇشخوي، ناخشىچى گۈزەل قىز، كېيىنكى كۈنلەردىكى دىلكەش، كۆڭۈلچەك، مۇھەببەتلىك جۇۋان ھازىر كەم سۆز، خىيالچان، بەزىدە ھەتتا ھاڭۋاقتى، ئۇنتۇغاق موماي‌غا ئايلانغان، ئۇنىڭ ئىككى قولىغى ئۈستىدىكى ئۆز ۋاقتىدا بۇرغاي سېكىلەك بولۇپ ھۆسنىگە زىننەت بولغان قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى ھازىر بوزارغان، يىراقتىن قارىغان كىشى بۇ چېكلەپ تاڭغان ياغلىقنىڭ ئىككى چېكە تەرىپىدىن چىقىپ تۇر-غان غۆژمەك چاچلارنى قولاققا قىستۇرۇۋالغان كۆكۈش تاغ گۈلى دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى ئەتراپىدىكى قورۇق-لار مۇشۇ بىر ئىككى ئاي ئىچىدە ئالاھىدە كۆپەيگەن. ئىككى قوۋزى ئولتۇرۇشۇپ ياڭاق تېرىلىرى ساڭگىلاپ قالغان. بۇ موماينى ناۋادا بىر كىشى: ئۆز ۋاقتىدا داڭلىق گۈزەللەردىن ئىدى دېسە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر يېقىنلىرىنى ھەيران قالدۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ مىجەزىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىش بولسا ھەسەلخان، ھەمدۇل بوۋاي، ھەتتا سەلىمەنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا: ئۇ ھازىر سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا سىزدىن سوئال سورايدۇ. مەسىلەن، «مىجەزىڭىز قانداق؟» دېسىڭىز ئۇ: «ھىلىقى دورا پايدا قىلدىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «تاماق يەپ كەلمەيسىزمۇ؟» دېسىڭىز ئۇ: «ئاتاڭنىڭ مىجەزى يوق...» دەيدۇ. ئۇ بەزىدە سۇ بويىدا شۇنچىلىك ئۇزاق، جىمجىت، ئىڭەكنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇكى، كۆرگەن كىشى ئۇنى قاتۇرۇپ قويغان ھەي-

كەل دەپ قالدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىمۇ بۇرۇنقىدەك چەبدەس ئەمەس، بىر ئەپكەش سۇنى ئىككى قېتىم تىنىۋېلىپ ھويلىسىغا ئارانلا ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ بىرلا ئىشى تېخى بېجىرىم. سالامەت، ئەقلى جايىدا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك قىلغاندا ئاداشمايدۇ. مەسىلەن: كېۋەز پىتىلىسا ياكى پەمىدۇر، خاڭگا ئۈزسە ھەرگىزمۇ خاتا ياكى ئېھتىياتسىزلىق قىلمايدۇ. ئەمگەك قىلغاندىلا ئۇ باشقىلارنىڭ سوئاللىرىغىمۇ جايىدا جاۋاپ قايتۇرالايدۇ. ئۆزىمۇ باشقىلارنى گەپكە ياكى ناخشىغا سالالايدۇ. ئۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىل ئەمگەك قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئادىتى بولسا كېرەك...

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىر غەلىتە ئىش بولدى. زەرىپەخان ئېتىزدىن يېنىشىدا بىردىنلا تۇرپان بازىرى تەرەپكە قاراپ چوڭ يول بىلەن كېتىپ قالدى.

— نەگە؟ — دىدى ھەسەلخان ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

ئوبۇلنىڭ يېنىغا.

— ئوغلۇڭ كەلگىن دىگەنمىدى؟

— ھەئە، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ كېلەي...

— كىيىم يۆتكەپرەك ماڭارسەن.

— بولدىلا...

ھەسەلخان ئۇنى قايتۇرمىدى. كەچقۇرۇن زەرىپەخاننى مەزىن ئاخۇنۇم ھەمدۇل بوۋاينىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ مۇنداق دىدى:

—... سۇلتان مامۇتخان غوجامغا دۇئا قىلىپ ئىمىن گاڭنى بىر قاغدۇتەي دەپ مۇنار غوجام مازىرى يېنىغا بارسام، مۇنار تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى، بۇ نىمە كارامەتتۇ دەپ قاراڭغۇدا تەمتىرەپ يۈرۈپ مۇنار ئىچىگە كىردىم. تىڭشىسام راستلا بىر ئايال ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتىدۇ. ئالۋاستى بولسىمۇ يىغلىغان بولغاندىكىن بىچارىكەن دەپ مۇنار تاتىملىرىنى ساناپ-بېسىپ يۇقۇرى ئۆرلىدىم. ھىلىقى ئايال يىغلاپ ئالدىمدىلا كېتىۋاتىدۇ.

ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئۆزى يوق. مىڭ بىر جاپا بىلەن ھەر بىر تاتمىنى ئۈچ ماڭدام بىلەن ئاران بېسىپ توقسان ئىككىنچى تاتمىغا قەدەم قويدۇم، قارىسام زەرىپىخان ئولتۇرىدۇ.

— نىمە بوللا بالام!

— ...

— سۇلايمان گاك بۇ مۇنارنى دەرتمەنلەر ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالسۇن دەپ ياساتمىغان بولغىيدى، ئۆلسىلىمۇ ئىمان بىلەن ئۆلسىلارا دېۋەتتىم ئاچچىغىمدا، ئىماننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زەرىپىخان تىلغا كىردى:

— ئۆلگىلى كەلمىدىم ئاخۇنۇم، تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم، دەيدۇ تېخى.

— مۇنار بېشىدا نىمە تاۋاپكەن ئۇ، يۈرسىلە، — دەپ قايتۇرۇپ چىقىپ، ئىشەك ھارۋىغا تۆت موچەنگە كىرا قىلدۇرۇپ قايتۇرۇپ كەلدىم، قانداق قىپتىمەن ھەمدۇل؟

ھەمدۇل بوۋاي جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ كېلىنىگە بىر قارىدى-دە، ئاپپاق كىرپىكلىرىنى نەمدەپ ئېقىۋاتقان يېشىنى ئاق كۆينەگىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى...

ئەتىسىدىن باشلاپ ھەمدۇل بوۋاينىڭ قولى ئىشقا بارمايدىغان بولدى. بوۋاينىڭ پىكرى بويىچە سەلىمە ئانىسى بىلەن بىللە بولىدىغان، سەلىمە بولمىغان كۈنلىرى ھەسەلخان بىللە ئىشلەيدىغان بولدى. ھەسەلخان دوستىنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىش ئۈچۈن كۆپرەك رۇسۇل توغرىسىدا قىزىق-قىزىق خەۋەرلەرنى، مەسىلەن: خوتۇنىنى ئۇرغانلىقى، مەس بولۇۋېلىپ زەرىپىخاننى يادلاپ يىغلىغانلىقى، يېقىندا تۇرپانغا كەلگەنلىكى، دادىسىدىن قورقۇپ بۇ يېزىغا چىقالمىغانلىقى، ھېلىقى ھېلىم جادۇدىن ئايرىلىپ چىققانلىقى، ھېلىم جادۇنى ساقچىلار ئىزلەپ يۈرگەنلىكىدەك گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا زەرىپىخان قاقاقلاپ كۈلەتتى، ھەتتا ياخشىمۇ غىڭشىپ قوياتتى.

بۈگۈن ئۇلار پەرتۇق تارتىپ تۇنجى قېتىم كېۋەز شادىسىنى ئۈزدى. هازىر تۇرپاندا ئىسسىقمۇ ئاخىرلاشتى. سالقىن شامال پاختىكار ئايالللارنى، ئۈزۈمزار باغلارنى شاتلاندۇردى. سەيدۇللا ئىشەك هارۋىسىغا لىخشىتىپ قوغۇن بېسىپ ئانىسى ئىشلەۋاتقان يەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. هەسەلخان:

— هەي، بەگزادە قوغۇنىڭ مۇزدىگىدىن بىرنى بەرگىنە، — دېۋىدى، تېتىك بالا هارۋىسىنى توختىتىپ تورلىشىپ پىشقان چار قوغۇننى قولىغا ئېلىپ پوكشىتىپ قويدى:

— مەسىلە ئايلا، تۈنۈگۈن ئۈزۈپ پەلەككە يۆگەپ قويغان، شاپىقىمۇ هەسەل! — دېدى كۈلۈپ.

هەسەلخان قوغۇننى ئېلىپ بۇرنىدىن قانغىچە پۇرىدى-دە، ئاندىن كېيىن بوشلا ئۇرۇۋىدى، قوغۇن ۋاك-ۋاك قىلىپ تۆت پارچە بولدى. ئۇ ئىككى بارمىغى بىلەن ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ بارماقلىرىنى يالىدى:

— راستلا هەسەل-هەسەل، بول زەرىپە، ئارماندا قالىسەن بىكار!

زەرىپىخان قولىنى پەرتۇغىغا سۈرتۈۋېتىپ دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئابىناۋاتتىن قوۋزىنى تولدۇرۇپ بىر چىشلىۋىدى، چارچىغان بەدىنى شەرۋەت بىلەن ياشارغاندەك، مىسكىن يۈرىگى مۇزدەك شىرنا بىلەن كۆلگەندەك بولدى. ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنىڭ شەرۋىتىدىن روهلانغان ئايال يازىچە تەرى تۆكۈلگەن ئېتىزىغا قارىدى.

قارامتۇل يېشىل ياپراقلار ئىچىدىن ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ئاپپاق كېۋەز غوزىلىرى، تەرمە ۋە شاخلارغا ئېسىلىپ تۇرغان بەزەن كۆك، بەزەن سېرىق تەرخەمەك، جاگدۇلار، نېرىدىكى قوغۇنلۇق كەپىسىگە ياماشقان كاۋا-قاپاقلارنىڭ ئاق-سېرىق گۈللىرى، بارالڭ چۆرىسىدىكى رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئۈستىدە پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن هەرە، كېپىنەكلەر، ياپ-يېشىل ئېتىز-قىرلار،

سۈزۈك ئاسمان، رەت-رەت تېرەكلەر، ئومۇمەن تۇرپان تۇپرىقىدا ياشناپ، تۇرپان ئاسمىنى ئاستىدا كۆكلىگەن ھەممىلا نەرسە چەكسىز گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى...

—ئۇھ!—دىدى زەرىپىخان قوغۇننى ئىككىنچى قېتىم چىشلەپ،— توپىغا ئىشلەيمىز، شەرۋەت چىشلەيمىز. تۇۋا، ئادەملەر مۇشۇنداق يەرنى تاشلاپ كېتىپ يەنە نىمە ئىزلەيدىغاندۇر؟

دوستىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ھەسەلخان كۈلۈپ قويدى:

— يادىڭدىمۇ، ئىككىمىز مەكتەپتىكى چېغىمىزدا «گۈزەل تۇرپان» دىگەن لەپەرنى ئېيتاتتۇق، چۈشەنمەيلا «مىۋىسى تاتلىق، سۈلىرى ناۋات»، «خەلقى باياشات مەلىسى ئاۋات» دەپ ۋاقىراپتىكەنمىز. مانا ئەمدى «گۈزەل» نىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەندە بىزگە ناخشا ئېيتىدىغان سەھنە يوق! — دىدى. شۇ چاغدا گولەڭلىك ئىچىدىن نىياز كۆسەينىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى. نىيازنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىنى ھازىرلا بىلگەن ئىككى ئايال قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

— بىچارە، ھەمدۇل ئاتامنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا خوشال، — دىدى ھەسەلخان كۈلۈپ، لېكىن نىيازنىڭ خوشاللىقى يالغۇز ئۇلا ئەمەس، بەلكى زەرىپىخاننىڭ خوشال كۈلگىنىمۇ مۇھىم سەۋەپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن زەرىپىخان كۈلۈپ قويدى:

— بىچارىنىڭ ئۆزى سەت بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى. كىشىلەر ئۇنى كۆزگە ئىلمىغىنى بىلەن ئۇنىڭ خېلىلا ۋىجدانى باركەن. مېنىڭچە ئۇنىڭغا چۈشۈۋالغان ئايال بەختسىز بولمايدۇ، ئاياللار پۇل، دۇنيا بىلەن بەختلىك بولىمىز دېيىشىدىكەن، كۆردۇڭمۇ، بىز كەمبەغەل چاغدا قانداق ياخشىدۇق، رۇسۇلمۇ ماڭا، مەنمۇ ئۇنىڭغا قانائەت قىلىشاتتۇق. نۇرغۇن پۇل، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىزنىڭ بەختىمىزنى كاردىن چىقاردى. رۇسۇلنىڭ يۈزسىزلىكىگە مەيلى دەيمەن، بۇزۇلغان يالغۇز ئۇلىمۇ؟ خېلى-خېلى، مەن-مەن دىگەنلەرمۇ دۆلەتنى كۆتىرەلمەيدىغۇ. رۇسۇل قانچىلىك

ئادەم ئىدى؟ مېنىڭ ئۆزەمگە غەزىۋىم كېلىدۇ، نىمىشقا ئۇنىڭ بۇزۇلۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا يېلىنىپ سۇخەنچىلىكىنى قىلدىم؟ نىمىشقا ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايمىدىم؟ زادى نىمىشقا ھازازۇل بولۇپ تۇغۇلمىدىم. ھازازۇللار ئۆتىدىكەن، كۆڭۈلچەك، مېھرىۋان ئادەم خورلىنىدىكەن زادى...

ئۇ يەنە ياغلىقىنى كۆزىگە ئاپىرىۋىدى، ھەسەلخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— قويساڭا شۇ رۇسۇلنى، ئوچۇق-يورۇق، خۇشال-خۇرام يۈرگىنە! يەيمەن، كىيىمەن دىسەڭ ئالدىڭدا ئىشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. بالىلىرىڭ ئەسقاتتى. ئوغۇل ئۆيلە، قىز چىقار، خۇدايىم ئەردىن ئېيتمىغان بولسا بالىدىن ئېيتار، ئەردىن كۆرمىگەن خۇلۇقنى كېلىن، كۈيوغۇللاردىن كۆرەرسەن.

— ئاتامنى ئايايمەن، بولمىسا بۇ ئۆيدە بىر مىنۇت تۇرغۇم يوق. رۇسۇلنىڭ يېڭى ئۆيىگە قارىغىم كەلمەيدۇ، ئەزبىرايى دەرۋازىسىدىن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۆتىمەن. بەزى كۈنلىرى خۇدايىمدىن ئاپەت تىلەيمەن، ئاشۇ ئۆي كۆيۈپ كۇل بولسىدى دەيمەن. ئەمما ئاتام تۈگىشىپلا كەتتى، شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا يالغاندىن بولسىمۇ كۈلۈپ-ھىجىيىپ قويىمەن...

يىراقتىن ئاپپاق كۆينەك، قارا بۆك كىيگەن بوۋاي كۆرۈندى، بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ، بىر نىمىلەرنى تېرىپ كەلمەكتە ئىدى. بوۋاي يەردىن بېشىنى كۆتەرمەي بىر نىمىلەرنى ھىساپلاپ-ساناپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قارىشىپ تۇرغان ئاياللارنى كۆرمىدى. ئەنە، كېۋەزلىككە كىرىپ ھەر تۈپ كېۋەزگە بىر بىرلەپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئاياللارغا يېقىنىراق كېلىپ قىرغاقتا ئۆسكەن بىر تۈپ باراقسان كېۋەزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ خۇددى ئۆزۈندىن كۆرمىگەن قىرىندىشىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كېۋەزگە قاراپ قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى، ئاندىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىۋىدى، پاختىدەك ئاقارغان قاشلىرى ئوينىپ، قان تېمىپ

تۇرىدىغان قارامتۇل يۈزىدە خوشاللىق جىلۋە قىلدى. ئۇ كېۋەزنىڭ تۈۋىگە زوڭزىيىپ ئولتۇردى، ئۆز-ئۆزىگە بىرنىمىلەرنى دەپ سۆزلىدى، ئۆزىچە كۈلدى. بوۋاينىڭ خوشلىقى ئايالىرىغىمۇ ئۆتتى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بوۋاي تەرەپكە ماڭدى. ئاياللار يېتىپ بارغاندا بوۋاي ئاخىرقى غوزەكنى ساناپ بولۇپ كېۋەز شاخلىرىنى قۇچاغلىدى-دە، قاقاقلاپ كۈلدى:

— بەركەت، ئامەت! — دىدى ئۇ ۋاقىراپ، — زەرىپىخان بالام، ھېلىقى ئايرىم باققان كېۋەز مۇشۇغۇ ھە، قارىسىلا بىر يۈز ئەللىك ئۈچ تال غوزەك! يۈزدەك غوزەك جەزمەن پىشىدۇ بالام. جەزمەن مۇشۇ بىر تۈپتىن يەتتە-سەككىز سەر ساپ پاختا چىقىدۇ! — ئۇ پىشقان بىر تال غوزەكنى ئۈزۈۋېلىپ پاختىسىنى چىقىرىپ سوزۇپ كۆردى ۋە ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ھېساپلىدى-دە، خوشال بولۇپ، باشلىرىنى گىلدىڭلىتىپ يەنە قاقاقلاپ كۈلدى:

— تالاسى ئەللىك مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ بالام! مانا مول ھوسۇل، گەپ يوق بىر يۈز ئەللىك جىڭدىن ساپ پاختا ئۆتكۈزىمىز. كېلەر يىلى خۇدايىم ئۆمۈر بەرسە ئۇنبەش مو يەرگە ئۇزۇن تالالىق پاختا تېرىيلى، نىيازغا قانداق باقسا كېۋەز ئوخشايدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويسام كېۋەز دىگەننى قوي بوقىدىغاندەك بوقايدۇ.

ئۇلار شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە خوشال-خورام قايتىشتى.

ئەل ياتقۇ بىلەن بوران چىقتى، ھەمدۇل بوۋاي سەيدۇللا-نى ئويغىتىپ ئىشەككە مىنىپ ئېتىزغا قاراپ ماڭدى.

— مەن باراي ئاتا، نىياز بىلەن سەيدۇللا بارسۇنمۇ يا؟ — دىدى زەرىپىخان بوۋايدىن ئەنسىرەپ.

— نىياز ھاردى، ئارام ئالسۇن، سىلى بارغان بىلەن پەمى-دۇر قاقلىرىنى ساقلاپ قالالمايلا، ئۆزەم بارمىسام ئەپلەش-مەيدۇ!...

ئىككى ئىشەكلىك چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زەرىپىخاننىڭ

ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇنىڭ قىزلىرى تاتلىق ئۇيقۇدا، تالا قارا سىيادا بويىۋەتكەندەك قاراڭغۇ، هويلىدا نىمىلەردۇر ۋىشىلدايدۇ، تۇرۇپلا غوڭۇلدايدۇ، يەنە تۇرۇپلا پۇشتەك چالغاندەك قىلىدۇ. نىمىلەردۇر غاراسلايدۇ، خۇددى يەر سىلكىنگەندەك ئۆيدىكى چىنە قاچىلار تاراقلايدۇ...

ئۇ ياغلىقىنى چىڭىلەپ تېڭىپ هويلىغا چىقىۋىدى، ئاچچىق تۇزاڭ كۆزىگە ئۇرۇلدى. بوك باراڭ، ئۇنىڭ كەينى يىگىرمە نەچچە تۈپ ئۆرۈك دەرىخى، باغ بولسا قويۇق تەك، باغدىكى تەكلىكنى ئارىلاپ يېڭى قوراغا چىقىشلىق بولىدۇ، ئۇ شۇ يول بىلەن بېغىدىكى كىچىك چۆنجىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەردە بورا ئۆستىدىمۇ پەمدۇر قېتىقى بار ئىدى. ئۇ سىيپىلاپ يۈرۈپ بورىنى تاپتى. بورا پۆكلىشىپ قاپتىكەن، ئۇ تۈزەشتۈرۈپ تۆت بۇرجىكىگە كېسەك قويماقچى بولدى. شۇ چاغدا يېڭى هويلا تەرەپتىن بىرسىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى كەلدى. ئايال ئۇ ياققا قارىۋىدى، يالت-يۇلت قىلىپ تاملارغا قول چىرىغىنىڭ يورۇقى چۈشتى. زەرىپىخان باغ يولى بىلەن شۇ ياققا قاراپ ماڭدى. ئۇنى تىترەك باستى، پۇتلىرى هېچ قولاشمىدى. شۇ چاغدا بىردىنلا نىياز كۆسەينىڭ ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىلەر ئو... ئوغرى، بۇ... بۇلاڭچى!...

زەرىپخان باغ يولى بىلەن يېڭى قوراغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ هويلىغا كىرگەندە ئۈچ ئادەم پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرىغا چىقىشقا هەركەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قول چىرىغى بار ئىدى. قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا زەرىپخان بۇ ناتونۇش ئادەملەردىن بىرسىنى تونۇدى. ئۇ هىلىقى چاغدا ئۆژمە يېغىلى كەلگەن مېھمانلاردىن بىرسى ئىدى. ئۇ نىياز كۆسەيگە قارىدى، نىياز پەلەمپەينىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدە خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مەهكەم تۇراتتى.

— بىزنى رۇسۇل بەگ ئەۋەتتى، هەي نىياز تاز، ياخشىلىقچە

يول بوشات!ــ دىدى ھىلقىلاردىن بىرسى،

نىياز كۆسەي زەرىپخاننى كۆردى:

ـــ ھەمدۇل ئاتامنى، يۇرت ـ جامائەتنى چاقىرىڭ زەرىپخان!

يەنە بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ نىمە قاراپ تۇرىسىلەر، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈڭلار!

قول چىراقلىرى ئۆچتى، شۇ چاغدا نىياز كۆسەي ئىڭرىدى، پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە دومىلاپ چۈشتى. زەرىپخان ئۇنى يۆلەشكە ماڭغاندا بېشىغا بىر نەرسە تەككەندەك قىلدى ـ دە، ھۇشىدىن كەتتى.

ئەتىگەنلىكى ھەمدۇل بوۋاي ئۇلۇق ئېچىلغان كېمىرلىق ئىشىكنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇ ھويلىغا كىرىپ قانغا مىلىنىپ، ماغدۇرسىز ھالدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان نىيازنى كۆردى، ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان، پىشانىسىدا قان ئۇيۇپ قالغان زەرىپخاننىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇۋالغان، ئۆزى بولسا ئارانلا نەپەس ئالاتتى... بوۋاي ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە كىيىملىرىدىكى قانلارنى كۆردى. بۇ ئىككى ساپ دىل ئادەمنىڭ قانلىرى بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى...

... نويابىر ئېيىغا كەلگەندە تەك باغلىرى يالىڭاچلاندى. كۈزنىڭ سوغىقىنى يەپ شەرۋەتلەنسۇن دەپ قالدۇرۇلغان سايۋى ئۈزۈملەرمۇ ئۈزۈلۈپ بولدى. چۈنجىلەردىكى ئۈزۈملەرمۇ كىشمىشكە ئايلىنىپ خامانلاردا چەش بولدى، ھەمدۇل بوۋاينىڭ كىشمىش چەشلىرى ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ پۆكەن تاللاۋاتقان بوۋاي ـ موۋايلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشكەندە ھەمدۇل بوۋاي ئائىلىسى توغرىسىدا مۇنتۇ يېڭى خەۋەرلەرنى دېيىشتى: رۇسۇل ھىلقى ھىلىم جادۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەمدۇل بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. بۈگۈن ئەتىگەن جامائەت يوقلىغىلى كىرگەندە بوۋاي كۆزىنى ئارانلا ئاچالىغان، زەرىپخان تېخى يېڭىلا دوختۇردىن چىققىنىغا

قارىماي بوۋاينىڭ بېشىدا سەكپارە بولۇپ يۈرۈپتۇ. پۈتۈن ئۆمرى ئېرىق ئىشى نىياز كۆسەي بىلەن سەيدۇللاغا قاپتۇ. رۇسۇلنىڭ ئوغلى ئوبۇل داۋا قىلىپ يۈرۈپ ئۆيدىن بولاپ كېتىلگەن گەملەردىن ئالتە پارچىسىنى تىرىلدۇرۇۋاپتۇ. سەلىمە بىر مۇئەللىم بىلەن توي قىلماقچىكەن، ھەمدۇل بوۋاينىڭ ھالىغا قاراپ توي ۋاقتىنى كېيىنگە سۈرۈپتۇ. ھەمدۇل بوۋاي رۇسۇلنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىش ئۈچۈن لەمپىگە ئوت يېقىپ تىكەن، نىياز كۆسەي چاپىنى بىلەن ئۇرۇپ يۈرۈپ ئوتنى ئارانلا ئۆچۈرۈۋاپتۇ، ھەمدۇل بوۋاينىڭ قورۇغان ئۈزۈمى ئۈچ تونىنا سەككىز يۈز كىلو چىقىپتى-كەن، ئۈچ توننىسىنى بىراقلا ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىپتۇ، ھەمدۇل بوۋاينىڭ پاختىسى بىرلىك — مەھسۇلاتتا گۈڭشې بويىچە بىرىنچى بولۇپ تۆت يۈز كوي نەق پۇل، قىرىق كىلو ياغ مۇكاپات ئاپتۇ...

كەكە ساقال، قاپىقى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بىر بوۋاي بىر تال قېتىشمىغان ئۈزۈمنى ئاغزىغا كاپ قىلىپ سالدى-دە:

— ھوي، ئاشۇ تۆت يۈز كوي مۇكاپاتنى نىياز كۆسەيگە بېرىۋېتىپتۇدەك دەيدۇ راستىمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قولى ئوچۇق ئادەم، بەرسىمۇ بەرگەندۇر.

— نىياز كۆسەي تەييارغا ھەييار — بولدى-دە!

— ھەمدۇل ئاكىنىڭ دۇرۇس. يەر ھۆكۈمەتنىڭ بولغاندىكىن، مەھسۇلات ئەمگەك بىلەن بولىدىغان گەپ، نىياز كۆسەي ئەمگەك قىلغاندىكىن تەڭ ئالىدۇ-دە!

— ھەي، ھىساپلىدىڭمۇ، ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى مىنىڭ كويدىن ئېشىپ كېتىپتۇ دەيمەن! بۇ تەييار نان بولماي نىمە؟

— راست تەييار نان، چايناپ قويغان نان!

— سىنىڭ نىمىگە ئىچىشىپ كەتتى ئاغىنە؟ ئاتاڭ ئوغۇل دەپ تاپقاندىكىن سەنمۇ ئىشلە، تاپ!

— ھەي، ھەق ئىش بولسۇن دەۋاتىمەن، سەن نىمىگە ياقامغا

يامشسەن؟

— قوسغىڭنى كەڭ تۇت دەيمەن!

شۇ چاغدا ھەمدۇل بوۋاينىڭ خامىنىغا مەزىن ئاخۇن يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاپىزلىق قىلاتتى، ئاۋازى قايغۇلۇق ئىدى. بوۋاي-مومايلار ئۇنىڭغا قاراشتى. بوۋاي بېشىدىكى كىر سەللىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ئاقىرىپ كەتكەن مەسلىك پۇتلىرىنى سەل ئېگىپ، بىر قولىنى ئۇزۇن ئاق كۆينەك ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇڭلۇق مەيدىسىگە قويدى-دە، يەنە بىر قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ قويۇپ شېئىر ئوقۇدى:

«بالا» دەپ پۈتتى ئاۋازىم،
بالام كەلمەي «بالا» كەلدى.
يېشىم تۆكتۈم بېغىر ياقتىم،
بالامدىن شۇنىدا كەلدى:
گۇنايىم جىق، ئامالىم يوق،
دىرەكلەپ دادىغا كەلدى.
دىدى ھەمدۇل كۆزىدە ياش:
بالام دەردىڭ بەكمۇ ھا كەلدى،
قايان كەتتىڭلار سىرداشلار؟
«مانا مەن» دەپ ھاسا كەلدى.
ئېچىپ قۇچاغىنى كەڭرى،
سېرىق تۇپراق مازار كەلدى...!

— ھەي، جامائەت بۇگۈن پەيشەنبە ئەتە جۈمە، ئەتە بىزنىڭ ھەمدۇللام خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن پانىدىن باقىغا سەپەر قىلىدۇ...

كۆلكىنىڭ ئاخىرى بولغىنىدەك يىغىنىڭمۇ ئاخىرى بولىدۇ. ياش ئاقىغان كۆزلەردىمۇ شاتلىق ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە كۆلكە يىغىنىڭ بېشى بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە بولسا يىغا - زارە، كۆلكە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. يىغا بىلەن كۆلكە، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق بىر بىرىگە ھەمرا...

ئادەتتە بوۋاي - مومايلار ئۈچۈن يىغا كۆپ بولسىمۇ كۆز يېشى ئاز بولىدۇ. ئەمما ھەمدۇل بوۋاي ئۈچۈن زەرىپىخاننىڭ قانچىلىك كۆز يېشى تۆككەنلىكىنى ئۆلچىگەن ئادەم يوق. بارلىق ھازىچىلارنىڭ تەتۇرسىچە زەرىپىخان ئادەم بار يەردە ئاز يىغلاپ يالغۇز قالغانلىرىدا كۆپ يىغلىدى. بوۋاينىڭ تەۋەرۈك كىيىملىرىنى سىلاپمۇ، باغرىغا بېسىپمۇ، سۆرىتىگە قاراپمۇ، بوۋاي ئۆز قولى بىلەن ياسىغان كاتەك، تونۇر، چۆنجىگە قاراپمۇ، بوۋاي قولى بىلەن تىكىپ ئۆستۈرگەن ھەر بىر كۆچەتنى قۇچاقلاپمۇ يىغلىدى. كۆز يېشى ئۇنىڭ بەدىنىنى قۇرۇتتى، يۈرىگىنى ھالسىراتتى، ئۇيقۇ - غىزاسىنى ئازايتتى. چېچىدىكى ئاق بىلەن يۈزىدىكى قورۇقلىرىنى خۇددى ئىچىگە سىغمايۋاتقان ئازاپلىرىدەك كۆپەيتىۋەتتى...

ئۇ ئەمدى كەم سۆز، كۆزلىرى گىرىمسەن، بىلى مۈكچەيگەن مومايغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە جىمجىت، ھېچنەرسە ئويلىماي ئۇزاقتىن ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا گويا يەنە ئويلىغىدەك ھېچنەرسە قالمىغاندەك، ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ بولغاندەك بىپەرۋا، ھاڭۋاقتى كۆرۈنىدۇ. پەقەت بىر مۇھىم ئىش ئېسىگە كەلگەندىن كېيىنلا ئىككى تىزىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئىشقا كىرىشىۋالسىلا توختىمايدۇ، بىر خىل

غايۋانە، تۇغما كۆچ ـ قۇۋۋەت ئۇنى «يەنە، يەنە ئىشلە» دەپ ھەيدەپلا تۇردۇ. ئىش ئۇنىڭغا خۇشاللىق، ئازادىلىك كەلتۈردۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن بولىدىغان مەقسەتسىز، مەجبۇرىيەتسىز ھەرىكەت، ھازىر ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇيدىغان ھېچكىم يوق. لېكىن نىملا بولمىسۇن بوۋايدىن كېيىن مۇشۇ قورانىڭ خوجايىنى ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ گەرچە بوۋايغا ئوخشاش بۇ ئۆينىڭ كەلگۈسى، پايدا ـ زىيىنى بىلەن ئۇنچىلىك زىغىرلاپ ھېساپلىشىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۆينىڭ ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىكى، كەم ـ كۈتىسى، بار ـ يوقىغا ئېتىۋار بېرىدۇ. ھويلا ئارامنى ھەر كۈنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپىش، بۇزۇلغان، پۇرچۇلغان يېرىنى تۈزەشتۈرۈش، باراڭلارنىڭ ئىسكەتىنى ساقلاشتەك ئىشلارنى بوۋاي بار ۋاقتىدىكىدەك بېجىرىدۇ. مانا شۇ ئىشلاردىن ھوزۇر، خۇشاللىق تاپىدۇ...

قوش ئىشىكنىڭ ھالقىسى تاراقلىدى. ئۇ ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى:

— كەلسىلە دۈيجاڭ، قېنى ئۆيگە!

— رەھمەت، زەرىپىخان سىلىدىن بىر ئىشنى سوراپ كۆرەي دېۋىدىم؟

— خوش قېنى؟

— سىلەرنىڭ ئۆينىڭ ئىككى چوڭى ھازىر يوق. بولتۇر سىلەرگە كۆتىرە بېرىلگەن بىر يۈز ئوتتۇز ئالتە تۈپ تەك بىلەن ئون ئالتە مو يەرنى ئەمدى كۆتىرە ئالالمايلا، شۇڭا تەك بىلەن يەرنى كېمەيتمەكچىمىز، پىكىرلىرى بارمۇ؟

— پىكرىم يوق. لېكىن ئون ئالتە مو يەرگە ئاتام رەستى جىق ئەجرى قىلغان، تاشلىق يەرلەرگە ھارۋا بىلەن نە ـ نەلەردىن توپا توشۇپ ئەكىلىپ تۆككەن، ئەسلى ئون ئىككى مو يەر ئىدى، تۆت مو يەرنى دۆڭنى تىراكتۇر بىلەن تۈرتكۈزۈپ ئاچقان، بۇ يىل ياخشى قېلىنغان. ئاتامنىڭ دېيىشىچە كېلەر يىلى كۆچ

كۆرسىتىدىكەن. شۇڭا، ئاۋادا سىياسەتكە خىلاپ كەلمىسە يەرلىك ئازايتىشىمىسلارا، كۈچ يوق، سەيدۇللام بىلەن ئىككىمىز تىرىشىپ كۆرەرمىز. يېتىشمىگىندەك بولسا يەنە نىياز بەگ بىلەن شىرىكلىشىپ تېرىساق قانداق بولاركىن تاڭ؟

دۈيجاڭ ئۇنىڭ «نىياز بەگ» دىگەن ئىسمىنى بىر خىل يوشۇرۇن ئېھتىيات بىلەن تىلغا ئالغىنىنى بايقىدى:

— شۇنداق مەسلىھەتكە كەلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە قامالاشمايدىغان يېرى يوق، ئۇنداقتا رۇسۇلنىڭ بىر كىشىلىك ئۈلۈشىنى كېمەيتىشكە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

زەرىپىخان يەرگە قارىدى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن ھەر بىر سۆزنى ساناپ ئېيتىۋاتقاندەك بىر خىل سالماق بىلەن:

— ئاتام ھايات ۋاقتىدا ئۇ كىشىنى بۇ ئۆينىڭ ھىساۋىدىن چىقىرىۋەتكەن. ئاتام جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرمىدى. ئەنە، كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ياساتقان جايى ئىگىسىز تۇرۇپتۇ.

دۈيجاڭ رۇسۇلنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىگە قارىدى. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق، باراڭدىكى ئۈزۈمنىڭ يوپۇرماقلىرى سولاشقان، بىر مەھەل مېھمان ئايىغى ئۈزۈلمەس بولۇپ قالغان ھەيۋەتلىك ئۆي ھازىر سۈيى قۇرۇغان يالغۇز تۈگمەنگە ئوخشاپ قالغان، دۈيجاڭ ئايالنىڭ ئازاپلىنىۋاتقىنىنى بايقىدى...

بۇ ئۇزۇن ھىكايىنى رۇسۇل بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى. ھېلىم جادۇ باشلىق ھايانكەشلەر چەكلەنگەن ماللارنى قاتۇنسىز يۆتكەپ جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغاندا بۇ تورغا رۇسۇلمۇ چۈشتى. ئەلەم قىلغىنى ئۇنىڭ تاپقان تەرگىنى ھىلىقى ئالتۇن چىشلىق ئايالنىڭ قولىدا قالدى. رۇسۇل ئىككى ئايدىن كېيىن سوراق قىلىندى ۋە ئەگەشكۈچىلەر قاتارىدا قويۇپ بېرىلىپ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا قايتۇرۇلدى. مانا بىزنىڭ رۇسۇل كىر خالتىسىنى تىزىغا قويۇپ،

ئاپپاق ئاقارغان ئۈسكىلەڭ ساقاللىرىنى بىر قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن چاڭگاللاپ، كىرلەشكەن، تېگى قىزىل، گۈلى ھال بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ شىنچىڭدىكى بىر ئېرىق بويىدا دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈستىۋېشى چاڭ، پۇتلىرى كىر، مۇنۇ ئادەمنى ئىككى-ئۈچ ئاي بۇرۇنقى گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ چاچ قويغان، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن سائەتنى بىلىگىگە تاقاپ، چاقماق نەلۇڭ كۆينەك، ئىسسىل سارجىدىن شالۋۇر كىيىپ يۈرىدىغان، توپىدا ئولتۇرغانلارنى كۆرسە يىرگىنىپ تەرىنى تۈرىدىغان رۇسۇل بەگ دىسە كىممۇ ئىشىنەر؟ ئىككى-ئۈچ ئاي ئىچىدىلا شۇنچە رودۇلشىپ كېتەرمۇ دېگۈچىلەر ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئەسلىدە توپىدا ئېغىناپ چوڭ بولغان دېھقان بالىسىنىڭ قولىغا بىر نەچچە مىڭ يۈەن كىرىش بىلەنلا ئاتىسى، خوتۇن-بالىسىدىن چانغىدەك ھالغا يەتكىنىگە بەلكىم ھەيران قالغۇچىلار چىقمىغان بولغىيدى؟ كىتاپخانلارنىڭ ئىشىنىشىنى ئۈمىت قىلىمەن: رۇسۇل پۇلدىن ئايرىلىش بىلەن نوچىلىق، كۆرەڭلىك، مەنمەنلىك، بىلەرمەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق، پوچىلىق، ياسانچۇقلۇق، قارا كۆڭۈللۈك، كۆيۈمسىزلىك... قاتارلىق «يارىشىملىق» سۈپەتلىرىدىنمۇ بىراقلا ئايرىلدى. ئۇ ھازىر ئۆزىگە قارىغانلا ئادەمگە مەيلى قېرى، ياش بولسۇن، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىسىگىلا سالام بېرىدۇ، يول يۈرگەندە ئادەملەر تۈگۈل ئىشەكلەرگىمۇ يول بېرىدۇ. ناۋادا ھال تىڭشىغۇدەك ئادەم تېپىلمىسا ئەسكى تامغا يىغلاپ تۇرۇپ ھال ئېيتىشقا تەييار...

ئۇلارنىڭ شىرىكچىلىكىدىكى دەسمايىسى مۇسادىرە قىلىندى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىنى خوتۇنى سېتىپ، بىر تال چوكىسىنىمۇ قويماي ئېلىپ ئۈرۈمچىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم تېپىلمىدى... ئۇ ئىلگىرى كېيىن ئون بىر يۈەن پۇل، ئاشۇ بىر قۇر كىيىم-كېچەك بىلەنلا قالدى. ئۇ تۇرپانغا كېلىپ دادىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى، ئۆزىنى قانچىلىك

قاغىشىنى ئاڭلىدى. يىغلىدى، قاخشىدى، لېكىن ئۆيگە قايتىشقا
ياكى ئوغلى ئوبۇلنىڭ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىـ
دا ئۆزى ئىشقا سالغان كىچىك ئوقەتچىلەرنىڭكىگە باردى. ئۇلار
رۇسۇلغا بىر قاراپ قويۇپ مازاق قىلىشىپ دىمىغىدا كۈلۈشتى:
ــ ئاڭلىدۇق رۇسۇل ئاخۇن، بولدى، گەپىڭ قىسقىسى پۇل
قەرز سورامسىز؟ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، قايتۇرالمايسىز ... ــ دېيىشتى.
ئۆز ۋاقتىدا رۇسۇل بەگ دېيىشكەنلەر ئۇنى كۆرسە كۆرمەسكە سالـ
دى. ئولتۇرۇشلاردا بېيىت بىلەن ئۇنىڭغا قەدەھ تۇتقانلار بىر
چىنە داغ سۇيىنى ئايىدى. ئۆز ۋاقتىدا رۇسۇل ئۇچۇن جېنىنى
تىكىشكە تەييار تۇرغان سادىق دوستلىرى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك
ئالمىدى. ئۇ چەكسىز خورلاندى، ئازاپلاندى. ئەنە شۇ چاغدا
مېھرى ـ شەپقەتنىڭ نىمىلىگىنى ھىس قىلدى. دادىسىنى، ئايىلىنى،
باللىرىنى تىلىغا ئېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى...
ئۇ رەڭگى ئېسىدىن چىققان، تەر ۋە چاڭ بىلەن لاي رەڭـ
گىگە كىرگەن نىلۇك كۆينىگىنىڭ يانچۇغىدىن ئاخىرقى پۇلىنى
ئېلىپ ساناپ باقتى. ئارانلا تۆت كوي پۇلى قاپتۇ، ئۇ قۇرۇغان
لىۋىنى يالاپ قويۇپ ئايىغىنى يەشتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسىل پايـ
پاق لاي ۋە تەر بىلەن قېتىپ، خام كىرىشكە ئوخشاپ قالغان.
شىبلىتىنىڭ ئاپقۇتىمۇ پەيلىرىنى رەھىمسىز غاجاپتۇ. گەجگىسىنى
ئۆزلۈكسىز غاجاۋاتقان نىلۇك كۆينەكنىڭ ياقىسى توغرىسىدا گەپ
قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. كىر، سېسىق بولسىمۇ مەيلى ئىدى،
مەنۇ ئۆز ۋاقتىدا راھەت ۋە سۆلەت بەرگەن كىيىمى ئەمدى
ئۇنى ئازاپلىمىسىلا ئۇ خوشال بولغان بولاتتى. لېكىن ئۇ خوشال
بولغۇدەك، راھەتلەنگۈدەك ھېچنىمىمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا
بەخش ئېتىلگەن راھەت ـ پاراغەتمۇ پۇلى بىلەن تەڭلا تۈگىگەن
ئوخشايدۇ...
ــ ھەي رۇسۇل، كۆنلۈك ئىشلەمسەن؟
ئۇ ئالدىدا ۋەلىسپىتكە تايىنىپ تۇرغان ئەلەس ئادەمنى

كۆردى. ئۇ رۇسۇلغا ئەمەس، باشقا ياققا قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. رۇسۇل ئۇنى تونۇدى، ئۆز ۋاقتىدا رۇسۇلدىن كۈنلۈككە بەش يۈەندىن ھەق ئېلىپ كەپتەر مايىقى يىغىشقا قاتناشقانلارنىڭ بىرسى ئىدى. رۇسۇل ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى كەمسىتىشنى ئاڭلاپ بېشىنى ساڭگىلاتتى.

— تامىغىڭنى بېرىمەن، كۈنلۈكنىڭ ئۈچ كوي، كېسەك توشۇيسەن!

— ياق...

— ھەي، ئۆيۈڭنى بەش مىڭ كويغا ساتامسەن، ھە، نېمىگە كۆزۈڭنى پاقىرىتىسەن، ئېغىزىڭنىڭ يېلى بىلەن پۈتكەن ئۆي-ئۇۋا!...

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق...

— ئانداق بولسا خوتۇنۇڭنى ساتامسەن؟

رۇسۇل بۇ ئەتەي جەدەل قوزغاۋاتقان سابىق مەدىكارغا بولغان غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىنى يەردىن كۆتەرمىدى.

— يادىڭدىمۇ؟ مايىق ئەكىلىپ بولۇپ بىر ئاشخانىغا ئەكىرىپ تاماق ئېلىپ بەر دېسەم كەپتەر مايىقىنى كۆرسىتىپ، «ئەنە ئاۋۇنى يە!» دېگىنىڭ؟ ئەمدى ساڭا نېمە يېگۈزسەم بولار؟

— ......

— ئاڭلاپ قوي، زەرىپخان، ھېلىقى نىياز كۆسەي دېگەن تاز بىلەن ئويناۋاتىدۇ! قىزىڭ يەتتە خوتۇن ئالغان تاياقچىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئارانلا تېگىۋالدى، سېنىڭ نەرىڭ ئادەم، نېمىشقا ئۆلۈۋالمايسەن؟

ئەلەس ئۇنىڭ يۈرىكىگە سۆز بىلەن تىغ ئۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ بىرنى تۈكۈردى-دە، ۋەلسىپىتىنى مىنىپ كېتىپ قالدى.

رۇسۇل خۇددى ئاسماندىن تاش يېغىۋاتقاندەك بېشىنى چاڭگاللىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە «ئۆلۈۋېلىش» كېرەك دېگەن خىيال شۇ چاغدا بۆسۈپ كىردى-دە، ئۇنى تېز ھەركەت قىلىشقا

قۇتىراتتى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى: «دادامنىڭ قەۋرىسىنى بىر قۇچاقلىۋېلىپ، زەرىپەنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈۋالسامەن!» دەپ ئويلىدى ئۇ توپىلىق-لاردا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

تىلەمچىگە ئوخشاپ قالغان رۇسۇل ئەتىسى سەھەردە مەھەل-لىنىڭ چېتىدىكى قەۋرىستانلىقتا پەيدا بولدى. سېرىق توپا دۆ-ۋەچىكلىرىنىڭ چېتىدە، يېڭى قەۋرە تۇراتتى. لېكىن رۇسۇل ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ يەردە ئاق داكا ياغلىققا ئورۇنۇپ بىر ئايال ھۆكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئايال تىزلىرىنى پۈكۈپ، ئۇزۇن ئاق يەڭلەر ئىچىدىكى قوللىرىنى تىزلىرىغا قويۇپ دۆمچىيىپ ئولتۇرغاچقا ئۇنىڭ يۈزى كۆرۈنمىسىمۇ رۇسۇل ئۇنى تونۇدى. ئۇ زەرىپىخان ئىدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى قىلۋىگە توغرىلاپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتەردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ قۇيۇلۇۋاتقان ئىسسىق ياشلىرى توپا بىلەن كىرلەشكەن يۈزىنى، كەس - كەس يېرىلغان لەۋلىرىنى يۇيۇپ، پاكىز سېرىق تۇپراققا چۈشمەكتە ئىدى.

ئۇ قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيدۇ. پەقەت مۇڭلۇق قىرائەت ئاڭلانغاندىن كېيىنلا بېشىنى كۆتىرىپ قەۋرىگە قاردى. ئاتىسىنىڭ قەۋرىسىنى بىر نەچچە ئادەم چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. مەزىن ئاخۇنۇم تىترەڭگۈ ئاۋازى بىلەن قۇرئان ئوقۇماقتا، قالغان يۇرت قېرىلىرى تۆپىلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىشىپ، خۇددى بىرسىگە يالۋۇرۇ-ۋاتقاندەك ئېغىزلىرىنى مىدىرلاتماقتا ئىدى. رۇسۇل بۇ ئادەملەر-نىڭ ئۈنسىز ناللىرىدىن گويا ئۆز ئاتىسىنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاتىسى خۇدادىن: «مۇنۇ رەھىمسىز رۇسۇل مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان بولسىمۇ ئىبلىسنىڭ قېنى بىلەن چوڭ بولغان، خۇدايىم ئۇنى ئايىماستىن جازالا!» دەپ تىلەۋات-قاندەك بىلىندى، ئۇنىڭ قوللىرى غالىلداپ تىتىرىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بېشى ئايلاندى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن يېرىم كېچىدە ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قورانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئاۋال دەرۋازا قاپقىغىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىيپىدى، ئىككى قاناتـ تىكى بالا ۋاقتىدا يامىشىپ ئېغىناپ ئوينايدىغان، كېيىنچە ئازادە ئولتۇرۇۋېلىپ نۇرغۇن شىرىن خىياللارنى سۈرگەن سۇپىلارغا يۈزىنى ياقتى، ئاندىن كېيىن ئېهتىيات بىلەن دەرۋازىنى قاقتى، دەرۋازا ئاستا قېقىلغان بولسىمۇ، دەرھال ئىشىك تۈۋىدە شىپىلدىغان ئاۋاز پەيدا بولدى ـ دە، ئايال كىشىنىڭ:

— كىم؟ — دىگەن تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

رۇسۇل جاۋاپ ئورنىغا ئىشىكنى يەنە ئاستا چەكتى.

— بۇ كىم؟ — دىدى ئايال تىترەڭگۇ ئاۋازدا، — يېرىم كېچىدە نىمە گەپ؟

رۇسۇل جاۋاپ بەرمىدى. ئايال دەرۋازا يوچۇغىغا يۈزىنى يېقىپ:

— نىياز بەگمۇ يە سىز؟ بۇنداق قىلماڭ، ئۇيات بولىدۇ! — دىدى.

— بۇ مەن رۇسۇل ...

ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن دەرۋازىنىڭ سول قانىتى ئېچىلدى. زەرىپىخان رۇسۇلغا ئۆيىنى كۆرسىتىپ:

— كىرسىلە، باللىرى ئۇخلاۋاتىدۇ...مەن ئەمدى بۇ ئۆيدىن كەتسەممۇ بولىدۇ! — دىدى.

— يا... ياق... زەرىپىخان... مەن سىنى كۆرۈپلا قايتماقچى...

— نەگە قايتىلا، ئۆي ـ ماكانى يوق ئادەمدەك تەمتىرەپ يۈرسىلە سەت بولمامدۇ؟

— زەرىپخان مەن...

— ئوي، قويسىلا، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ نىمە قىلاتتىلە، سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدىم، مانا ئۆيلىرى خەير ـ خوش!

زەرىپخان خۇددى غايىۋالە كۆچ پەيدا بولغاندەك قاراڭغۇ كوچىغا قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى. رۇسۇل ئۇنىڭغا بىر بورۇشتا يېتىشىۋالدى ـ دە، جەينىگىدىن تۇتتى. زەرىپخان ئۇنى سىلكىۋەتتى:

ــ تولا سەتىلەشمىسىلە دەيمەن، هايا دىگەن بىر نىمىنى نەگە چۈرۈۋەتتىلە؟

رۇسۇل كەينىگە داجىدى ۋە يېلىنىپ تۇرۇپ:

ــ توۋا قىلاي، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلاي...

ــ سۇنغان ئەينەكنى قاداتقان بىلەن قاداق تۇتمايدۇ، ئەمدى مېنى تولا خاپا قىلمىسىلا!

ئايال بۇ گەپنى شۇنچىلىك ۋەزنىلىك ۋە غەزەپ بىلەن ئېيتتىكى، رۇسۇل خۇددى بېشىغا تۇيۇقسىز تاياق يىگەن ئادەمدەك ئەندىكتى، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنمىدى، تىزلىرى پۈكۈلدى ـ دە، پاكار قورۇق تامنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى، زەرىپخانىنىڭ كېتىپ قېلىشى رۇسۇل ئۈچۈن بىر قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. لېكىن ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان زەربە ئۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر تۇيۇلغىنى بېشىغا قونغان دۆلەت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى ئىدى. قېنى ئۇنىڭ قانچە خەجلىسىمۇ ئۈپرىمايدىغان پۇلى؟ قېنى ئۇنىڭ پۇل بىلەن پەيدا بولغان دۆلەت، ئابرويى، ئەتە مۇتۇ ئاتىسىدىن مىراس قالغان قەدىمى هويلىدىن كوچىغا چىقسا ئەمدى هېچكىم ئۇنىڭغا هۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام قىلمايدۇ. قېرىلار ئاتا قارغىشى تەككەن ئادەم دەپ كايىسا، ئايالار «ۋاپاغا جاپا قىلغان يۈزسىز!» دەپ تىللايدۇ. هەتتا ياشلار، بالىلارمۇ «ئاتا بولماي قالسۇن، قەدىرسىز!» دەپ تىللايدۇ. بۇنداق خورلۇقتا باش كۆتىرىپ ياشاشنىڭ قانچىلىك لەززىتى بولار؟ بېشىنى ئېلىپ چىقىپلا كەتسىچۇ؟ ياق، ئۇ ساقچىنىڭ تىزىمىغا چۈشكەن، كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ پېيىغا چۈشكەن ئادەم بارمۇ ـ تېخى! بۇ قېتىم تېچ ئەمگەك قىلماي، يەنە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلارنى قىلسا،

ئەمدى ئۇنىڭغا كەڭچىلىك يوق...

ئۇنىڭ مىڭىسىدە ياشاش بىلەن ئۆلۈش ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئېلىشىش كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ياشىغۇسى ھەم ئۆلگۈسى كېلىدۇ. ئۆلۈم ئۇنى بارلىق ئازاپلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. لېكىن ئۇ دەھشەتلىك. ياشاش ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى، خورلىنىشلىرىنى كۆپەيتىدۇ، بۇنىڭغا چىداش قىيىن. لېكىن قانچە قىيىن بولسىمۇ، ئۇ لەززەتلىك...

زەرىپىخان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ تام تۈۋىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ، ئۇيقۇسىزلىقتىن بېشى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يېڭى ياتقان جايىغا — ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كېمىرلىق لەمپىسى بار دەرۋازىسى ھەم ئېتىلگەن بولۇپ، يان ئىشىگى قىيا ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ قاراڭغۇ ھويلىغا كىردى. ھويلىنى ئۈزۈم غازاڭلىرى قاپلىغان ئوخشايدۇ، قاراڭغۇدا ئايىغى ئاستىدا شالدىرلىماقتا ئىدى. ئۇ تۆۋەن ۋە يۇقۇرىدىكى ئۆيلەردىن يەيدىغان بىر نەرسە ئىزلەپ، ئاچ قالغان تۈلكىدەك بۇلۇڭ-بۇلۇڭنى تىمىسقىلاپ چىقتى. ئۆزىنىڭ مېھمانلىق چوڭ ئۆيىدىكى ئۈستەل تارتمىسىدىن بىرنەچچە تال پىرەندىك تاپتى-دە، دەرھال ئاغزىغا سالدى.

پىرەندىك ئۇنىڭ قورسىقىنى تېخىمۇ ئاچۇرۇۋەتتى. ئۇ سەرەڭگە يېقىپ يۇرۇپ ھەممە يەرنى ئالدىراپ ئاختۇردى-دە، كونا سىۋەت ئىچىدىن تاشتەك قاتقان نان پارچىلىرىنى تاپتى ۋە ئۇلارنى كاراسلىتىپ ئىشتىھا بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا پىشايۋاندا ئادەمنىڭ ماڭغانلىقى ئاڭلاندى، ئادەم:

— چاغ لالما! — دىدى.

ئاۋازدىن رۇسۇل نىياز كۆسەيىنى تونۇدى ۋە پىشايۋانغا چىقتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم نىيازبەگ! — ئۇ ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ

سالام بەردى.

— بۇ سىلى، سىلى رۇسۇل بەگمۇ، كەپقاپلا رۇسۇل بەگ! — نىياز رۇسۇلنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە خىجىل بولۇپ گەجگىسىنى سىلاپ تۇرۇپ دىدى، — خەۋەر تاپقانلا، ئۆي بىساتنى ساقلاپ قالالمىدىم، ئوغرىلار بېشىمغا ئۇرۇۋېتىپ...

— نىيازبەگ، مېنىڭ قوسىغىم ئاچ!

— شورپا، گۆش بار، ھىلىلا ئىسسىتىمەن.

— بولدى، سوغ پېتى ئەپكېلىۋەرسۇنا!

— ھىلى... مانا...

نىياز كۆسەي ئۆزى يېتىۋاتقان ھوجرىغا چىراق ياندۇردى ۋە دەرھال كىرسىن ئوچاقىقا ئوت يېقىۋېتىپ رۇسۇلنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى:

— قالغان - قاتقان ئۆي - بىساتلىرىنى ساقلاپ، مۇشۇ ھوجرىدا ياتتىم رۇسۇل بەگ!

رۇسۇل نىيازغا قارىدى: نىيازنىڭ ئۇستىۋېشى تۇزۇك، چىرايى مايلىشىپ تۇراتتى. نىيازمۇ رۇسۇلغا قارىدى: رۇسۇل كىر كىيىم ئىچىدە خۇددى شاپاق تېرىپ يۈرگەن يىتىم باللاردەك قاسماق، جۇدەڭگۈ ۋە ئاپپاق ساقال - چاچلىرى ئۆسكەن ھالدا نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ قاراپ تۇراتتى. خېلى جىمجىت-لىقتىن كېيىن نىياز كۆلۈمسىرىدى:

— جىق جاپا چېكىپلا رۇسۇل بەگ!

رۇسۇلنىڭ ئاغزى ئۆمچەيدى:

— تۈگىدىم، لېكىن ئۆلمىدىم...

ئىسسىق شورپىغا نان چىلاپ يېگەندىن كېيىن ئۇ ساقاللى-رىغا چاپلاشقان نان، گۆش ئۇۋاقلىرىنى قاپ - قارا قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ نىيازدىن سورىدى:

— پۇلۇڭ جىقمۇ نىيازبەگ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا يەتتە - سەككىز مىڭ تەڭگەم بار

رۇسۇل بەگ!
— راسا دو كەلگەن ئىكەن - دە...
— يوقسۇ، قىمار ئوينىمىغىلى خېلى بولدى.
— راسا ئۇتتۇۋېلىپ ئوينىماپسەن - دە؟
— يوقسۇ، راسا ئۇتتۇرۇپ ئاندىن كېيىن ئوينىماس بولدۇم.
— ئۇنداقتا بۇ پۇلنى...
— يەرگە ئىشلەپ تاپتىم رۇسۇل بەگ، تاۋۇكادىن تارتقان زىيانىنى يەردىن تولدۇۋالدىم...
— هىم... دادام رەمتى توغرا ئېيتقان ئىكەن - دە!
— توغرا ئېيتقان رۇسۇلبەگ، هىلھەم بولسىمۇ بوۋايىنىڭ دىگىنىنى قىلسىلا بەركەت تاپىدىلا...
— بەركەت؟...
رۇسۇل هەيران بولۇپ نىياز كۆسەيگە قارىدى ۋە:
— شۇنچە پۇلۇڭ تۇرۇپ نىمىشقا ئۆي - ئوچاقلىق بولمايسەن نىياز؟ — دەپ سورىدى.
— گەپ پۇلدا ئەمەسكەن رۇسۇل بەگ، — دىدى نىياز خىيال - چان يەرگە قاراپ، — گەپ كۆڭۈلدىكەن، كۆڭلۈم تارتقانىنى تەقدىر بۇيرۇماپتۇ، پۇلغا يۆلەپ توي قىلاي دىسەم كۆل تامدەك غۇلاپ كېتەرمىكىن دەيمەن...
— هىم، ماڭا ئوخشاشمۇ؟ — دىدى رۇسۇل هەسرەت بىلەن ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، — چۈنچىنىڭ شىپى مەزمۇتمۇ نىياز بەگ؟
— خۇداغا شۈكرى، بوۋاي ئىككىمىز هەممىنى يېڭىلاپ قويغان رۇسۇل بەگ!
رۇسۇل پىشايۋانغا چىقتى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان. تۇرپان ئاسمىنى ئاقىرىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ مۇشۇ گۈزەل ئاسمان تېگىدە چوڭ بولدى، مۇشۇ ئاسمان تېگىدە ئۆلىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا دۇنيا - نىڭ لەززەتلىك يېرى قالمىدى...
ئۇ چۈنچىگە قاراپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن نىياز كۆسەي ئۇنى خۇددى بالىنى كۆتەرگەندەك يېنىك كۆتىرىپ ئېلىپ چۈشتى ۋە ھۇشسىز ياتقان رۇسۇلنى بەرگە قويۇپ، ھەمدۇل بوۋاينىڭ دەرۋازىسىنى قاتتىق قاقتى:
— ئاچسىلا زەرىپىخان، رۇسۇل بەگ سىرتماقتا ئۆلمەكچىكەن، قۇتقۇزۇپ قالدىم... بولسىلا دەيمەن...
دەرۋازا ئالدىغا رۇسۇلنىڭ كىچىك ئوغلى سەيدۇللا چىقتى:
— نىمە بولدىلا نىياز ئاكا؟ — دەپ سورىدى بالا كۆزىنى ئۇۋىلاپ تۇرۇپ.
— رۇسۇل بەگ، ئەنە ياتىدۇ...
ئۇلار كەلگەندە رۇسۇل يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىپ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتاتتى. كەلگۈچىلەر ئۇنى قولتۇغىدىن يۆلىگەندە ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ھۆكىرەپ يىغلىدى. ئۇ ئازاپتىن قۇتۇلالمىغىنىغا يىغلاۋاتامدۇ ياكى ھايات قالغىنىغا خوشال بولۇپ يىغلاۋاتامدۇ؟ بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ... بىز بۇنىڭغا شۇنىلا ئېيتىمىز:
— يىغلىما، چۈنجىگە قاراپ كۈل!

* *

كىتاپخان سورايدۇ:
— زەرىپىخان كىمنىڭ ئايىلى بولىدۇ؟
بۇ سوئالغا خالىس ۋە ئەقىللىق كىتاپخانلار توغرا جاۋاپ تاپالايدۇ، ئەلۋەتتە!

1982 - يىل ئاپرېل، ئىيۇل
تۇرپان - ئۈرۈمچى - غۇلجا

## سۆبھى

### 1 . ئەسئەت

«... سۆيۈملۈك راھەت! سىز مېنىڭدىن ئېلىنىڭ باغلىرى، ئېتىز - ئورمانلىرى، بۆك قارىغايلىق تاغلىرى توغرىسىدا ئوبدانىراق يېزىشىنى ئۆتۈنۈپسىز. مەن سىزنىڭ تەلىۋىڭىزگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئىلى دەرياسى بويىدىكى قايىندىن باراقسانلىشىۋاتقان توقايلىقلارنى ئارىلىدىم، ئۇ يەردە چېچەكلەپ مېۋە بېرىۋاتقان بۆلدۈرگەن، قارىقات، زىرىق، چىغان قاتارلىق ياۋايى مېۋىلەرنىڭ گۈللىرىدىن (بەزىلىرىنىڭ مېۋىلىرىدىن)، ھەتتا بۇ يەرنىڭ ھەر خىل - ھەر رەڭ كېپىنەكلىرىدىنمۇ، ھەسەل ھەرىسى، قۇش پەيلىرى، ھاشارەتلىرىدىنمۇ قۇرۇتۇپ ئەۋرىشكە تەييارلىدىم. بىلىمەن، سىز مېنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مېنى ئۆستۈرگەن تۇپراقنى قەدىرلەيسىز، بۇ تۇپراق ئۈستىدىكى ھەر بىر گىيا، تاش ياكى جانلىق نەرسىلەردىن سىز مېنىڭ چىرايىمنى كۆرىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر سىز ئۈچۈن گۆھەردىنمۇ قىممەت.

سۆيۈملۈك راھەت! سىزمۇ بىلىسىز، مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، ناۋادا يەنە مەنمۇ سىزنى خۇددى سىز مېنى ياخشى كۆرگەنچىلىك سۆيەلىگەن بولسام، قىرىقتىن ئاشقان ‹يىگىت› بىلەن ئوتتۇز يەتتىگە كىرگەن قىز ئۈچۈن بىر ئائىلىدە ياشاشقا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قالمىغان بولاتتى، لېكىن ھازىر توسقۇنلۇق بار، ئۇ توسقۇنلۇق سىزنىڭ چوغدەك مۇھەببىتىڭىزگە بىر پارچە مۇزغا ئوخشاش سوغاق قەلب بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇۋاتقانلىقىم.

سىز بىلىسىز، مېنىڭ قەلبىم سىزگىلا ئەمەس، ئومۇمەن، ئۆز
خىزمىتىمدىن باشقا ھەممىلا ئىشقا ئاشۇنداق مۇئامىلىدە بو-
لۇشقا ئادەتلەنگەن. مىسالى، دوستلىرىمنىڭ كەيىپ بولۇپ خو-
شاللىقتىن ۋاڭ-چۇڭ قىلىشى مېنىڭ جېنىمغا تېگىدۇ، خوشنى-
لىرىمنىڭ ئىشكاپ، دىۋان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئۆي ياساشتا
بىر بىرلىرى بىلەن بەسلىشىشلىرى مېنىڭ كۈلكۈمنى كەلتۈرىدۇ.
ياشلىقتا بولۇپ ئۆتكەن شىرىن مۇھەببەت توغرىسىدىكى سۆھ-
بەتنى بولسا ئۇيياتلىق ئىش ھېساپلايمەن، نەسرۇللاغا ئوخشاش
پۇلۋازلارنىڭ كىتاپ تەرجىمە قىلىپ پۇل تاپىمەن، دەپ ئايلاپ
ساقال ئېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالماسلىقى مېنى يىرگەندۈرىدۇ...

مېنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا كۆڭۈللۈك نەرسە پەقەتلا ئۈچ؛
كىتاپ، تەمبۇر ۋە غىزا... مەن ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەر پەقەتلا
بىر خىل، ئۇ بولسىمۇ، ئۆزى بىلىدىغان ئىشنى جېنىدەك
قەدىرلەيدىغان ئەمگەك ئەھلى.

مەن شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى قەدىرلەيمەن، ھۆرمەتلەيمەن.
سىز بىلەن تونۇشقان ئون ئۈچ يىلدىن بېرى قايسى كۈنى سىز-
نىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ تۇرغان كۆزلىرىڭىزنى كۆرمىدىم؟
بىلىمەن، سىز مېنى ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ساپ تۇيغۇلىرىڭىز
بىلەن سۆيىسىز، مېنىڭسىز ياشاشنى زېرىكىشلىك، بەختسىزلىك
دەپ بىلىسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن يىگىرمە تۆت يېشىڭىزدىن تارتىپ
تا ھازىرغىچە ئۈن-تىنسىز، بارغانچە كۈچىيىۋاتقان بىر خىل
قىزغىنلىق بىلەن مېنى كۈتۈپ كېلىۋاتىسىز.

قىممەتلىك راھەت! كۆزلىرىڭىز ئاجايىپ ئوتلۇق ۋە
گۈزەل، ئىككى تال توم ۋە ئۇزۇن چاچلىرىڭىز، زىلۋا قەددىڭىز،
جاراڭلىق كۈلكىڭىزچۇ؟ ئۇ، كىملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى
دەيسىز؟

نېغمەت، قاۋۇل، يالقۇنلار سىزگە ئوت، كاۋاپ بولۇپ كۆي-
گەنلىكىنى ماڭا ئېيتىشقان، لېكىن شۇ چاغدىمۇ مېنىڭدە رەشق

ئۆتى تۇتاشمىغان، بۇ قانچىلىك دەھشەت - ھە؟ مېنىڭ مۇر-
دىدىن نىمە پەرقىم بار؟ ناۋادا، مەن دۇنيادا بىرلا ئادەمنى
ياخشى كۆرگەن بولسام، ئۇ ئادەم سىزدىن باشقىسى بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس ئىدىغۇ. كۆزۈمچىلا چاچلىرىڭىزغا ئاق چۈشتى،
كۆز قۇيرۇقلىرىڭىزنى ئۇششاق سىزىقلار قاپلىدى. يۈزىڭىز-
دىن گۆدەكلىك ئۆچتى. مەن بۇلار ئۈچۈن قانچىلىك ئازاپلىن-
دىمەن - ھە؟ بەزىدە: «بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ خېلى كۆپچىلىگى
مۇھەببەتسىز ئۆي تۇتىشىدىغۇ. مەنمۇ راھەت بىلەن بىر ئۆيدە
ياشىسام...» دەيمۇ ئويلىدىم، لېكىن مۇز بىلەن چوغ قانداقمۇ
بىرلىشەلىسۇن؟... ئىككىمىز توغرىسىدا بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىد-
ۋەتتىم، ئەپۇ قىلىڭ، ئەمدى خىزمىتىم توغرىسىدا بىر - ئىككى
ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي: مەن ھازىر بۇ مەيداننىڭ پارتكوم
شۇجىسى بىلەن راسا ئېلىشىۋاتىمەن. پارتكوم شۇجىسى گەپدان،
ماختانچاق، ئۆزەمچىل ئادەمكەن. ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، قىرىق
ئالتە ياشقا كىرگەن ئوخشايدۇ. لېكىن قارىماققا تېخى قىر-
رىققا كىرمىگەندەك قىلىدۇ. ماڭا سىپاشتۇرغاندا كۆپ ياش،
ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىدا بىر تالمۇ ئاق يوق. ئىككى مەڭزىدىن
قان تېمىپ تۇرىدۇ. كۈلگەندە ئاۋازى باللارنىڭكىدەك ساپ ۋە
جاراڭلىق چىقىدۇ. مەيداننىڭ كىچىك ماشىنىسى بار ئىكەن،
لېكىن ئۇ تىرپاتا يۈرۈشى بار جىرەن قاشقا ئاتنى مىنىپ ئېتىز-
ئېرىق ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈشنى، موتوتسىكلىت بىلەن ناھىيە-
شەھەرگە پات - پات قاتناشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ قولى كەڭ،
ئىشتا جۈرئەتلىك، مەسىلە ھەل قىلىشتا كەسكىن بولغىنى ئۈچۈن
كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىكەن. ئۇ، مېنىڭ تەتقىقات
ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئالاھىدە ئۆيگە ئورۇنلاش-
تۇردى. موتوتسىكلىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ مەيداننىڭ
كەڭرى سالا ئېتىزلىرىنى ئارىلاتتى. كىچىك ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا:
«نەگە بارىمەن دېسە، دەرھال ئاپارغىن، بىلەمسەن، ئۇ

ئادەملەر بوغداي چاڭىغىدا ئۈنچە - مارجان پەيدا قىلالايدۇ!» دەپ
چاقچاق قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ قېتىم مېھمان بولدۇم.
ئۇنىڭ ئازادە، بۈك دەرەخلەر ئارىسىغا سېلىنغان خۇسۇسىي
قورا - جايى، شەخسىي ئات - كالا، قويلىرى بار. ئۇنىڭ ئايىلى
مەيدان دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئىسمى ئامىنەم بول-
غاچقا ئۇنى «ئا يۈەنجاڭ» دەپ ئاتىشىدىكەن (پارتكوم
شۇجىسىنىمۇ «ئا شۇجى» دېيىشىدىكەن). يېقىندا ئۇقسام، ئۇنىڭ
ئىسمى ئاۋام ئىكەن، سىز بىلىسىز، مەن ئادەملەرنىڭ مەنسۇپنى
ئىسمىنىڭ ئاخىرىسىغا ئۇلاپ ئېيتىشنى ناھايىتى يامان كۆرىمەن، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنى «ئاۋام»، «ئامىنەم» دەپ ئۇتتۇرىسىغىلا
ئېيتەۋەردىم. ئۇلارنى بۇ مەيداندا بۇنداق ئاتايدىغانلار يوق
بولغاچقا، مېنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈكلۈكۈم بەزىلەرگە ئۇ ئىككىسىنى
كەمسىتكەندەك تۇيۇلغان ئوخشايدۇ. مەن بىر نەچچە چىرايدىن
رەنجىش ئالامەتلىرىنى بايقاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بىرسى — مەيدان
باشلىقى لاۋ گاۋ. مەن لاۋ گاۋغا:

— نېمىشقا يالغان ھۆرمەتكە ئامراقلىق قىلىمىز؟ — دې-
دىم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ تەسلىكتە:

— ئىجتىمائىي ئادەت، — دېدى.

پارتكوم شۇجىسى بىلەن بولغان ئىختىلاپنىڭ بېشى شۇ
بولدى. ئۇ بىر كۈنى ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى سىناق قىلىۋاتقان
ياش ئاگرانوم قىزنى مېنىڭ كۆزۈمچىلا رەنجىتتى:

— سىناق دېگەن سىناق، — دېدى ئۇ قىزنىڭ تەلۋىنى
رەت قىلىپ، — بىر مو يەرنىمۇ قوشۇپ بېرەلمەيمىز، نېمە، ئون
مىڭ مو يەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىپ بوغداينىڭ بىرلىك مەھ-
سۇلاتىنى بەش يۈز جىڭغا يەتكۈزىمىز دەمسىز؟ مەن بۇنداق
تەۋەككۈلچىلىككە يول قويالمايمەن!

مەن قىزغا يان باستىم:

— تەجرىبىنىڭ مەقسىدى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، سىلەرنىڭ

مەيداندا سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبىنى قەيەرگە ئاپىرىپ قوللان-
ماقچى؟...
— سىناق قىلىشقا يىگىرمە مو يەر بەردىم بولدى، سى-
ناقتىن ئۆتكەن بولسا ئىلمىي ماقالىسىنى يېزدۇرسۇن، ئۇنۋان
ئېلىپ بېرىشكە يەنە مەن تەييار!
— مەقسىدىم ئۇنۋان ئېلىش ئەمەس، — دىدى ياش قىز
خاپا بولۇپ، — ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىپ،
بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى بەش يۈز جىڭدىن ئاشۇرۇپ،
ئېلى ۋادىسىنى بۇغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش!
— پاھ! — دىدى ئاۋام تەنە قىلىپ، — بەك ئاسانكىنا؟
سىزگە بىدە بىلەن كۆك پۇرچاق تېرىشقا ئون مىڭ مو يەر
ئاجرىتىپ بېرىپ، بۇغداي تېرىلىدىغان يەرنى ئون بەش مىڭ
موغا چۈشۈرۈپ قويسام ئېلى ۋادىسى ئەمەس، مۇنۇ مەيداننىڭ
ۋادىسمۇ ئاشلىق ئامبىرى بولالمايدۇ. گەپ تۈگىدى، ئەمگىگىڭىز
قەدىرلىك، نىيىتىڭىز چۈشىنىشلىك، لېكىن تەلىۋىڭىز ئورۇنسىز،
ئون يىل سىناق قىلىمەن دىسىڭىز خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، ئەمما
كېڭەيتىشكە ھازىرچە يەر يوق!
مۇشۇنداق شۇجى بىلەن نىمىشقا ئېلىشمايدىكەنمەن! را-
ھەت، مەن ھازىر ھېلىقى قىزنىڭ ئارقا تېرىگى بولۇپ قالدىم،
ئۇ قىز ھازىر: «ئاپتونوم رايونلۇق دىخانچىلىق تەتقىقات
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى دىگەن ئىلمىي ئۇنۋانى بار
ئەسئەت دىگەن كىشى مېنى قوللىدى، مەن جەزمەن ئالماشتۇرۇپ
تېرىشنى پۈتۈن ئېلى ۋادىسىدا قوللىنىشتا غەلىبە قىلالايمەن»
دەپ داۋراڭ سالماقتا. قىز كىچىك، بەلكى تېخى يىگىرمە
بەش ياشقا كىرمىگەندۇر، لېكىن غەيرەت، ئىشەنچىسى يېشىغا
قارىغاندا نەچچە ئون ھەسسە چوڭ. سىز بىلىسىز، مەن مانا
مۇشۇنداق ئادەملەرنى قەدىرلەيمەن، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە غەلى-
بىسى ئۈچۈن ئەزىز جېنىمنى قۇربان قىلىۋېتىشكە تەييارمەن...

كەچ بولۇپ كەتتى، يىراقتىن ناخشا ئاڭلىنىۋاتىدۇ. دەرىزەمنى ئېچىپ قويۇپ قارا لىباس ئاستىدىكى باغلارغا قارىدىم، باغلاردىن ئاجايىپ مەزىلىك پۇراق كېلىۋاتىدۇ. قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدا غىل-پال قىلىپ يالغۇز چىراق كۆرۈنمەكتە. بۇ چىراق ھېلىقى ياش ئاگرانوم قىزنىڭ ياتىقىنىڭ چىرىغى، قىز شۇ تاپتا نىمىلەرنى پىلانلاۋاتىدىكىن، مېنىڭ شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ...

ئەسئەت

1980 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، كېچە.»

نۇرغۇن تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ قويۇق دولقۇنلۇق چاچلىرىنى شالاڭلاشتۇرۇۋالغان ۋە ئاقارتىۋالغان بۇ ئالىم خېتىنى ئىخلاس بىلەن قايتىدىن ئوقۇپ چىقتى-دە، ئالدىنئالا سىرتىغا ئىككى يېزىقتا ئادرېس يېزىلغان لىپاپىغا ئاۋايلاپ سالدى. ئاندىن كېيىن قويۇن دەپتىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىگىلا چاپلانغان ئايال كىشىنىڭ رەسىمىگە قارىدى. رەسىمدىكى ئايال قاڭشالىق، كۆزلىرى يوغان، لەۋلىرى ھەم يۇمۇلغان، نە ھالقا، نە مارجان-بولاپىكلىرى يوق ئاددىي كىيىنگەن بولۇپ خىيالچان كۆرۈنەتتى. ئەسئەت ئايالغا تىكىلىپ قارىدى-دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ دەپتەرنى يېپىپ قويدى. ئاندىن كېيىن قايناق سۇغا ئىككى چاقماق قەنت سېلىپ، ئۇنى قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرغاچ خىيالغا كەتتى...

## 2 . راھەت

1967 - يىلى ئەسئەت بۇغداي سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى سىناق قىلىۋاتقان دېخانچىلىق مەيدانىدا بولدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى «چوڭ ئىشلار» بىلەن كارى بولمىدى، شۇڭا ئۇنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ شۇ يىلقى قىشنى پارنىكتىكى بۇغداي مايسى-

لىرىنى كۆزىتىش، پەرۋىش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى ـ دە، تۆتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدىن كېيىن مايسىلارنى ئېتىزغا كۆچەردى. ئۇ تەجرىبە ئېتىزىنىڭ بېشىغا كەپە تىكتۈرۈپ ئىشلىدى، ئوقۇدى، يالغۇز ئۆزى تەمبۇر چېلىپ غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ مەيدانغا ئەگەك قىلغىلى چۈشكەن ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولغان راھەت ئىسىملىك قىز ئۇنىڭ كەپىسىگە كىرىپ كەلدى.

— سىز قايسى پەي؟ — دىدى قىز ماش رەڭ شىم تۇجۇركا ئىچىدىكى كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىنى تىك تۇتۇپ.

— بۇغداي پەي! — دىدى ئەسئەت كىتاۋىدىن بېشىنى كۆتەر ـ مەي سوغلا قىلىپ.

— مەنمۇ ئاگرانومىيە ئىلمىنى ئوقۇغان، — دىدى قىز يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — مەكتەپ پۈتتۈرىدىغانغا بىر يىل قالغاندا ئىنقىلاپ بولۇپ كەتتى، ئىسىت...

— ياخشى بوپتۇ، قارا يېرىڭىز ئازراق بولىدۇ...

قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ـ دە، رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن، قوپال پۇتلىرىنى يىغماستىن يېنىچە ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭ ـ زىيىپ ئولتۇردى:

— ئەسئەت تېخنىك دىگەن كىشى سىز بولامسىز؟

— ھەئە.

— چاڭچۈندە ئوقۇغانمۇ سىز؟

— ھەئە.

— رۇس تىلى، ئىنگلىز تىللىرىنىمۇ بىلەمسىز؟

— ئانچە ـ مۇنچە...

— بۇغداينىڭ يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق، سوغاققا چىدامىلىق سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى سىناق قىلىپ نەتىجە قازىنالمىغان ئوخ ـ شايسىز ـ ھە؟

— قازاندىم.

— يالغاندۇ؟
— مەيلىڭىز.
— مېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلالامسىز؟
— ياق.
— نىمىشقا؟
— ئېرىڭىز ئۇرۇشۇپ چىشىمغا تېگىدۇ.
قىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.
— مەن توي قىلمىغان تۇرسام...
— بەرىبىر...
— بوپتۇ، قوبۇل قىلمىسىڭىز ماڭا كىتاپ بېرىپ تۇرالامسىز؟
— ياق.
— نىمىشقا؟
— ئىچ پۇشۇغى چىقىرىدىغان كىتاپ مەندە يوق...
— مەن ھەممىدىن زېرىكتىم، ئەسئەت ئاكا، — دىدى قىز يېرىنچە ياتقان، ساقاللىرى قىرىلمىغان يىگىتنىڭ كىر چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى چىمدىپ تۇتۇپ، — «ئىنقىلاپ» دىسە بېشىم ئاغرىيدىغان بولدى. مەنمۇ «بۇغداي پەي» بولسام دەيمەن.
— ئىختىيارىڭىز.
— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۇستاز بولسىز - دە.
— ياق.
— ياخشى شاگىرت بولالايمەن. ھىچ بولمىسا، مايسا كۆچۈرۈش، پارنىك ئەينەكلىرىنى سۈرتۈشكە بولسىمۇ يارايمەن، ماقۇل دەڭا!
قىز ئەسئەتكە خىلىغىچە يالۋۇردى. ئەمما ئەسئەت قىزغا ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەپە ئىشىگىنى كۆرسەتتى:
— شۇنچە ھىرىسمەن بولسىڭىز يەر كەڭ، بىر يەرگە كەپە تىكىپ تەجرىبە قىلىۋەرمەمسىز!
قىز بۇ ئادەمنىڭ قوپال ئاۋازىدىن رەنجىدى - دە، لېۋىنى

چىشلەپ كەپىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى يېرىم كېچىدە ئەسئەت يالغۇز چىغ تۆۋىدە زوڭزىد-يىپ ئولتۇرۇپ بىر كىتاپنى تاتىلاپ چىقاردى، ئۇ، كىتاپنى قول-تۇغىغا قىسىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ھىلىقى قىز يالىغان ئىلتىقىنى تەڭلەپ:

— كوتىرىڭ قولىڭىزنى! — دىدى.

— سىزگە نىمە لازىم؟ — دىدى ئەسئەت قاتتىق چۆچۈگىنى ئۈچۈن قىزدىن رەنجىپ.

— قولتۇغىڭىزدىكىسى لازىم، ئەگەر مېنىڭ تەلىۋىمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز كىتاپلىرىڭىزنى كۆيدۈرگۈزۈۋېتىمەن!

ئەسئەت كىتاپ كۆيدۈرۈشتىن ناھايىتى قورقاتتى. بىر يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئۈچ يەشىك ياخشى كىتاپلىرىنى مۇشۇ قىزغا ئوخ-شاشلار كۆيدۈرۈۋېتىشكەن ئىدى.

— سىزگە قانداق كىتاپلار لازىم؟

— ئۇرۇقچىلىق كەسپىگە دائىر.

— ئۇيغۇرچە ئۇنداق كىتاپلار يوق.

— خەنزۇچىسىنى چۈشىنەلەيمەن. چەت تىللاردىكىسىنى سىز-دىن ئۆگىنىمەن.

— ھەر كۈنى ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ بۇ پاشى-لىقىقا كېلەمسىز؟

— ياق، مەنمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەپە تىكتىم.

— مەن نارازى.

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم، — دىدى قىز ئوغۇل باللارچە دادىل سۆزلەپ، — قورقماڭ، مەن سىزگە زىيان سالمايمەن!

ئەسئەت قايتىدىن يەرنى كولاپ بىر كىتاپنى ئالدى-دە، «قول چىرىغى» بىلەن مۇقاۋىسىنى يورۇتۇپ خېتىنى ئوقۇدى ۋە كىتاپنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆز كەپىسىگە قاراپ ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى چۈش بىلەن قىز كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. ئۈزۈن، گۈللۈك كۆك كۆينەك كىيىۋالغان قىزنىڭ تولۇق كۆكرەكلىرىگە ئەسئەتنىڭ كۆزى چۈشتى.

— مېنىڭ لەغمىنىمنى يەپ باقامسىز؟ — قىز ئۈنىڭغا تەبىئى، ساپ بىر تۈيغۇ بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

— لەغمەن! — ئەسئەتنىڭ كۆزلىرىدە خوشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى، — جان دەپ!...

قىز تۈنجى قېتىم ئۈنىڭ لەۋلىرىدە كۈلكە كۆردى.

ئەسئەت ئىككى تەخسە لەغمەن يېگەندىن كېيىن قىزغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ چاخچاق قىلدى:

— بۈغداي سورتى يېتىشتۈرۈشكە قانداقسىزكى، ئەمما لەغمەن سورتىغا يارايدىكەنسىز.

شۈندىن بېرى ئۈلار قانچە كۈنلەرنى مۈگدىشىپ ئۆتكۈزۈشتى، بىللە ئىنگلىز، رۇس تىللىرى ئۆگەندى، بىللە لايىغا مىلىنىپ، ھېرىپ-چارچاشتى، تەمبۇرغا جۆر بولۇپ بىللە ناخشا ئېيتىشتى. ئۈلار ئاخىرى بىر يىرىنىمۇ چۈشىنىشتى: راھەتمۇ بىكاردىنلا بۇ يالغۇز ئەرنىڭ يېنىغا كەپە تىكىپ كېلىۋالغان ئەمەسكەن، ئۈنىڭغىمۇ مۈشۈنىڭدىن باشقا يول يوقكەن. ئۈنىڭ دادىسى تۈرمىدىكەن، ئانىسى ئۈكىلىرى بىلەن يىراق يېزىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەن، ئۆزى بولسا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋالسام جەمىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالارمەن، دەپ ئۈمىتلىنىپ يۈرگەن ئىكەن. لېكىن مەكتەۋى ئۈنىڭغا لازىم بولغان بىلىمنى بېرەلمەپتۇ. ساۋاقداشلىرىدىن نۇرغۇنلىرى «ئىنقىلاپ» بىلەن ئىستىقبالغا ئىگە بولۇشقا ئىشىنىپ «كەسپىي ئىنقىلاپچىلار» دىن بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن راھەت: «پۈتۈن جۇڭگولۇق ئىنقىلاپچى بولۇپ كەتسە نۇرغۇنلىغان كەسپىي ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ مەسىلەن، ئاگرونومىيە ئىلمىنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ يېزا ئىگىلىك ئالىمى بولغىلى بولىدۇ؟ بۇنداق ئالىملار بولمىسا ئاشلىق مەھسۇلاتىنى

قانداق ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ئاشلىق كۆپەيمەي ئادەم كۆپىيىۋەرسە ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ؟...» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي ساۋاقداشلىرى بىلەن پات-پات مۇنازىرىلىشىپتۇ، لېكىن قانائەتلەنگىدەك جاۋاب تاپالماپتۇ. راھەتكە ئوخشاش «ئىنقىلاپ» تىن زېرىكىپ بىرەر كەسىپ ئىگىللىۋېلىش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان ياشلار بىلىملىك زىيالىيلار توغرىلىق سۆزلەشكىنىدە پات-پاتلا «ئەسئەت» دېگەن ئىسىمنى تىلغا ئېلىشىدىكەن، راھەتمۇ ئاگرونومىيىگە قاتتىق ھەۋەس باغلىغان قىز بولغاچقا ئەسئەتكە قىزىقىپ قاپتۇ. ئەسئەت بىلەن يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ كەسپىي بىلىم ئىگىلەش بارا-بارا قىزنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قاپتۇ.

ئارزۇ كىشىنى يېتەكلەيدۇ. ئارزۇ كۈچ، ئۇ كۈچ سېنى قارام، باتۇر ۋە تىنىمسىز قىلىۋېتىدۇ. مانا راھەتنىمۇ باشقا ھېچنەرسە توغرىسىدا ئويلىمايلا يالغۇز ئەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەن كۈچ — ئاشۇ ئارزۇ ئەمەسمۇ؟ يېقىنلىق ئۇلارنى بىر بىرىدىن تەپ تارتىدىغان، قورۇنىدىغان قىلىپ قويىدى. چۈنكى ئۇلار يېقىنلاشقاندىن كېيىن، بىرسى ئەر، يەنى قارىماققا قېرى كۆرۈنگەن بىلەن تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت، يەنە بىرسى قىز، يەنى ئوغۇل بالىلاردەك ۋاقىراپ-جاقىراپ يۈرگىنى بىلەن تېخى ئىپپەتلىك قىز ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

ئۇلار ھەممە ئىش توغرىلىق سۆزلەشتى، لېكىن مۇھەببەت توغرىلىق لام-جىم دېيىشمىدى... ئىككىيلەن چاپقىداپ ياققان يامغۇردا پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈپ تەجرىبە ئېتىزىدىكى بۇغدايلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ يېنىغا قورال تۇتقان ناتونۇش ئادەملەر كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يالقۇن ئىسىملىك چىرايلىق يىگىت ئەسئەتنىڭ كۆزىگە قادالدى:

— ئۈچ كۈن بۇرۇن پۈتۈپ ئاشلىقىڭنى «ئىسيانچىلار سىدلىكبۇسى» غا تاپشۇرساڭ دەپ بۇيرۇق بەرسەك، نېمىشقا تېخىچە بىر دان بەرمىدىڭ؟

— بۇغداي يوق! — ئەسئەت تەمكىن جاۋاپ بەردى.
— كۆزدە خاماندىن مىشكاپ-مىشكاپلاپ توشۇغان بۇغداي قېنى؟
— ئۇ دىگەن سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقلىرى!
— شۇنى تاپشۇر!
— ھەممىسىنى دورىلىۋەتكەن، يىگىلى بولمايدۇ.
— بىزنى يىمىسۇن دەپ دورىلىدىڭمۇ؟
— ھەئە!
— ئىنقىلاۋىي ئاما بىلەن قارشىلاشقىنىڭ راستمۇ؟
— راست!
— قىلمىشىڭ نەق ئەكسىلئىنقىلاپچىنىڭ جىنايىتى.
— بۇغداي سورتلىرىنى يېتىشتۈرگىنىممۇ؟
— باغلا!

بىرىنچى باغلاق ئەسئەتنىڭ قوللىرىنى كەجگىسىگە چىقىرىۋەتتى. ئەسئەت قاتتىق بىر ئىڭرىدى-دە، ئوت چاقنىغان كۆزلىرىنى راھەتكە تىكتى. راھەت ئۇنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا، نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىرلا قاراپ ئۇنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى. ئۇ: «مېنىڭ خورلىنىشىمغا سىز سەۋەپچى، سىز مېنىڭ بىلەن يېقىنلاشمىغان بولسىڭىز يالقۇن مېنى بۇنچە قىينىمىغان بولاتتى!» دىمەكتە ئىدى. راھەت ئىختىيارسىز يالقۇنغا تاشلاندى:
— سىز ۋىجدان دىگەننى نەگە چۆرۈۋەتتىڭىز؟
— ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرىنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىش ۋىجدان ئىگىسىنىڭ پەزىلىتى ئىكەن-دە!
— ئۇياتسىز، تۆھمەتخور! — قىز يالقۇننىڭ كاچىتىغا غەزەپ بىلەن ئۇردى.

راھەتنىڭ بىر كاچىتى ئۇچۇن يالقۇن ئەسئەتنى قوپالمىغۇدەك قىلىپ قاتتىق ئۇرغۇزدى.

ئەسئەت بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ ئۆز كەيپىدە ياتقىنىنى، راھەتنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ دورا ئىچكۈزۈۋاتقىنىنى كۆردى. ئەسئەت ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ قىزغا قارىغاندا قىزنىڭ ياشلىق كۆزىدىن مېھرىۋانلىق، يېقىنلىق ئالامەتلىرىنى چۈشەندى...

ئۇ، راھەت بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەردىن يەنىمۇ لەززەتلىك خاتىرىلەرنى ئەسلىگەن بولار ئىدى، ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ئاگرانوم قىز كىرىپ كەلدى.

— ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ — ئەسئەت كەينىگە بۇرۇلۇپ قىزدىن سورىدى.

— زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى، سىزدىن بىر نەرسىنى سوراي دېۋىدىم.

— قېنى، سوئالىڭىزنى سوراڭ، — دېدى ئەسئەت، ھېلىقى قەن سېلىنغان چايدىن ئىككى يۇتۇم ئىچىۋېتىپ.

## 3. سۆبھى

ئەسئەت ئەتىگەن تاپشۇرۇۋالغان بۇ خەتنى يېتىش ئالدىدىلا ئوقۇدى.

«سۆيۈملۈك ئەسئەت ئاكا!

سىزنى «ئەسئەت ئاكا» دېيىش قانچىلىك ئازاپلىق - ھە! مەن ھازىر مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ئازاپلىرى بىلەن بەختىنى بىھۇش بولغان ياش قىز ئەمەسمەن. مەن ۋىجدان ئالدىدا خۇددى يېقىن دوستلىرىمغا راست گەپ قىلالىغىنىمدەك تەنتەنە بىلەن جاكالىيالايمەن: سىز مېنىڭ سۆيگىنىم، سىز مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرىيىم، گەرچە بىز قانۇنىي ئەر - خوتۇن بولمىغان، ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا بولىدىغان رەسمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئەلۋەتتە ھېچقانداق رولى يوق...

ئۆۋەن شەكىللىرىدىنمۇ ئۆزىمىزنى تارتقان بولساقمۇ، بىز ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن. چۈنكى مېنىڭ سىزدىن باشقا سۆيگىنىمنىڭ بولۇشى مۇمكىن

ئەمەس، سىز ئۆزىڭىز تاللىغان ھايات يولىدا مېڭىش قارارىغا كەل-
گەنلىگىڭىز سەۋەۋى بىلەنلا بىز ھازىرغىچە ئاكا-سىڭىل دىگەن
ناملار بىلەن بىر بىرىمىزنى ئاتاپ كېلىۋاتىمىز. مەن سىزدىن زادىلا
نارازى ئەمەسمەن. سىز خېتىڭىزدە مۇز بىلەن ئوتنى قاندداقمۇ بىر
بىرىگە چاتقىلى بولىدۇ دەپسىز، مەن بۇ گېپىڭىز ئۈچۈن ئازاپلىنىمەن،
لېكىن رەنجىمەيمەن. كۆز يېشى بىلەن يۈرەك يارىسىنى ساقايتىۋالىدىغان
ئاياللار ئازمۇ؟ مەن سىزگە دائىم دەيتتىمغۇ، مەن سىزگە زادىلا ماڭا ئۆمۈرلۈك
ھەمرا بولۇڭ دەپ تەلەپ قويالمايمەن. مېنىڭ كۈتۈۋاتقىنىم، سىزنىڭ مۇھەب-
بىتىڭىزمۇ ئەمەس، چۈنكى، مەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدىغانلىغىمنى چۈشىنىمەن.
بىلىمەن، سىزنىڭمۇ يۈرىگىڭىز يارا. ئاشۇ يارا سىزنى ئاياللار ئالدىدا
قورۇنىدىغان، خورسىنىدىغان، ئۆزىڭىزنى ئەيىپلىك ۋە ئاجىز ھىساپلايدىغان
قىلىپ قويغان. سىزنى مۇشۇ ھالغا سالغان يۈرەك يارىسى مېنى
ساق قويارمۇ؟ مەن قاندداقمۇ مۇھەببەتتىن ئايرىلغان بىر ئائىلىنىڭ
ئىگىسى بولالايتتىم؟ يەنە تەكرارلايمەن: مېنىڭ خوشاللىغىم، سىزنىڭ
بۇ دۇنيادا قاپاق تۇرۇپ، خىيال بىلەن تۇرۇپ بەرگىنىڭىز... مەن
ھەر كۈنى خىزمەتتىن بىكار بولسالا سىزنى ئويلايمەن. سىز بىلەن
بىللە بولغان كۈنلەر بىرمۇ-بىر، نەچچە تەكرارلىنىپ كۆز ئالدىمدىن
ئۆتىدۇ. تۈنۈگۈن ھېلىقى دوختۇر دوستىڭىز ماڭا تۇرمۇش قۇرۇش
توغرىسىدا يەنە تەكلىپ بەردى، شۇنچىلىك جىق يىغلىدىمكى «ئىنقىلاپ» تا
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن دادامنىڭ جەسىدى ئۈستىدىلا شۇنچىلىك يىغلىغان
بولۇشۇم مۇمكىن، دوختۇر ياخشى ئادەم، ئۇنى رەنجىتىشمۇ ئازاپلىق.
ئۇ بۇ توغرىدا سىز بىلەن سۆزلەشكەنلىگىنى ماڭا ئېيتتى. سىز ئىخ-
تىيارنى ماڭا قويۇپسىز ۋە: ‹مەن راھەتنى ھېچنىمىگە زورلىيالمايمەن›
دەپسىز، دوختۇر ماڭا دەرت ئېيتىپ: ياشلىغىم تۈرمە، تارىم ئەمگىگى
بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، قىرىق نەچچە ياشلىق ئادەم بولغىنىمدىلا
جەمىيەتكە ئارىلاشتىم. مەيلى بۇنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن، بۇ بىر تارىخنىڭ
خاتا يېزىلغان ۋاراقلىرى... لېكىن، راھەت، يىگىتلىك چاغلىرىم
مۇھەببەتسىز ئۆتۈپ كەتتى، يىگىتلىك چاغلارنى تەكرارلىغىلى بولسى-

مىغۇ كاشكى، ئىست دىدى، ئۇنىڭغا ھىسداشلىق، مەدەت لازىم ئىدىغۇ، لېكىن دوختۇر مېنىڭدىن بۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولالمىدى، ئۇ ھاياجان بىلەن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەۋاتقىنىدا مەن سىزنى ھىلىقى چاغدا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان يەردىن دوستلىرىمنىڭ يار-دىمى بىلەن كۆتىرىپ ئېپچىققانلىغىم، ئېشەك ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ، ھارۋىنى ئۆزەم ھەيدەپ كەپىڭىزگە ئەكەلگەنلىگىم، ھەتتا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سىزنى ئاقلاپ مۇنازىرىلەشكەنلىگىم ۋە شۇ قاتارلىق ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇردۇم...

ئەسئەت ئاكا! بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز ئۆتتى، مەن ئۇتتەك قىزغىن چاغلىرىمنى سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئۆتكۈزدۈم، ئۆزەمنىڭ ساپ، تۇنجى مۇھەببىتىمنى سىزدىن ئايىمىدىم. گەرچە بۇنىڭ بەدىلىگە كۆڭلۈم قانائەت، ۋۇجۇدۇم راھەتكە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، ئۆزەمنى بەختسىز ھىساپلىمايمەن. سەۋۋى، مەن غايەمدىكى ئادەمنى سۆيدۈم. ئۆزەمگە ئادەم بولۇشتا ئۈلگە بولالىغۇدەك ئادەمگە يۈرىگىمدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى بېغىشلىدىم. سىزگە يۈزمۇ-يۈز دىمىگىنىم بىلەن سىزدىن ئاستىرتىن ئۆگەندىم... ئۆز كەسپىنى جېنى بىلەن باراۋەر كۆرۈشنى مەن سىزدىن ئۆگەندىم. بىلىمنىڭ تار قەپىزدىن يۇلقۇرۇپ چىقىپ ئىلىم-پەننىڭ چەكسىز ياپىلىغىدا قېيغىتىشنى، بىلىم ئىگەللەش، ئىجات قىلىش ئارقىلىق تۆھپە يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى مەن بىرىنچى قېتىم سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا كۆردۈم. سىزنى ئەخلەت دىگۈچىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا ئۆزلىرىنىڭ خاتا قاراشلىرىنى ئىقرار قىلىشىپ ئاخىر سىزنى، ئالتۇن دىيىشتى، سىزنىڭ كىبىرەكسىز دىيىلگەن سۈپەتلىرىڭىز ئاخىرىدا خىسلىتىڭىز بولۇپ چىقتى: سىزنى «ئەخمەق» دىگۈچىلەر ئەمدى «تالانت ئىگىسى» دى-يىشتى. «كاج» دىگۈچىلەر ئادىل دىيىشتى. كۆك «قۇرۇت» دىگۈچىلەر «بۈركۈت» دىيىشتى... بىلىمەن، سىزنىڭ بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ يۈزىڭىز قىزىرىۋاتىدۇ، پەقەت بىرلا قېتىم دەۋېلىشقا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سو-رايمەن.

ئەسئەت ئاكا! ئەۋەتكەن سوغاتلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت، بۇ ئەلى سوغىلىرىدىن سىزنىڭ ماڭا تونۇش ۋە مەن ئۈچۈن قىممەتلىك ھەدىڭىز كېلىپ تۇرىدۇ. سىز ھىلىقى ئاگرانوم قىز توغرىسىدا: مەن مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنى قەدىرلەيمەن! دەپ يېزىپسىز، شۇ گېپىڭىز بىلەنلا مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. كېلەركى خېتىڭىزدە شۇ قىز توغرىلىق ئوبدانراق يېزىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

راھەت

1980 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئۈرۈمچى.»

ئاگرانوم قىز توغرىلىق يېزىش ئەسئەت ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك. ئۇ شۇ قىز ھەققىدە بىلگەنلىرىنى راھەتكە تەپسىلى يېزىش ئۈچۈن ئۈستەلگە مۆكچەيدى.

«سالام راھەت! بۇ خېتىمدە ھىلىقى ئاگرانوم قىز توغرىسىدىلا يازىمەن. قىزنىڭ ئىسمى سۇبھى ئىكەن. 1960 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر سەھىرىدە سۇبھى كۆتىرىلگەندە تۇغۇلۇپتۇ. مەن سىزگە ئاۋال سۇبھىنى سۈرەتلەپ بېرەي: قىز ئوتتۇرا بوي، زىلۋا، بۇغداي ئۆڭ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياز سەھىرىنىڭ تىنىق ئاسمىنىدەك سۈزۈك، ئۇنىڭ بۇرنى خۇددى مېنىڭ بۇرنۇمدەك قىرلىق ۋە ئۇزۇن (توۋا) مۇنداقمۇ ئوخشاشلىق بولىدىكەن، يۈزىمۇ سەل - پەل سوزۇنچاقراق، ئەمما تولىمۇ يېقىملىق ۋە مېھرىلىك.

تۈنۈگۈن ئۇ مېنى تەجرىبە ئېتىزىغا باشلاپ باردى. ياپ - ياشلا بىر قىزنىڭ ۋىليامىس قانۇنىنى سىناق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى نۇرغۇن كىشىلەرگە بىر خىل قارامىلىق بولۇپ تۇيۇلسا كېرەك، لېكىن ماڭا (ۋە سىزگە) بۇ ئىش زادىلا غەلىتە ياكى سىرلىق تۇيۇلمايدۇ. قىزنىڭ تەجرىبە ئېتىزىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىنى سىزگە تەپسىلى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز. ئۇنىڭ يىگىرمە مو يەردە ئالماشتۇرۇپ تېرىش، يېشىل ئوغۇت بىلەن تۇپراقنى ياخشىلاش سىناق قىلىپ بۇغداينىڭ

مۇ بېشىغا كېلىدىغان بىرلىك مەھسۇلاتىنى يەتتە يۈز جىڭدىن ئاشۇ-رۇۋەتكەنلىكى سىزگىمۇ ۋە بىزنىڭ پۈتۈن ئىدارىمىزغىمۇ مەلۇم.

بۇ يەردە يەنە نۇرمەھەممەت ئىسىملىك بىر مال دوختۇرى بار. ئۇ ئۆز كەسپىگە يۆلىنىپ يۇقۇرى ئىناۋەت ۋە بايلىققا ئىگە بولۇۋاپتۇ، بولۇپمۇ يايلاق مەزگىلىدە ئۇنىڭ ساقىنى ئالچۇ چۈشىدىكەن. نەپسى يامان، چوڭ-كىچىك ھوقۇق ئىگىلىرىگە ساق قويلارنى كېسەل بىلەن ئۆلدى دەپ خەت يېزىپ بېرىدىكەن-دە، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ ھوقۇق يۈرگۈزىدىكەن.

بىز مەيداننىڭ كۆن چىقىش تەرىپىدىكى ئۆستەڭ بويىدا سايىدا تاۋۇز يەپ ئولتۇراتتۇق. ئاشۇ نۇرمەھەممەت دىگەن يىگىت ئات ئويى-نىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىدا سىڭايان ئولتۇرۇپ قىزغا خۇمالىشىپ تۇرىدىغان ئاچكۆز كۆزى بىلەن تىكىلىپ (ماڭا قاراپمۇ قويماستىن) چىرايلىق، قىسقا بۇرۇتىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ خۇرجۇننى تەڭلىدى:

— مۇشۇنىڭغا مۇزدەك تاۋۇزدىن ئىككىنى غاچچىدە سېلىپ بېرىڭ، خىزمىتىڭىز يارىسا، كۆزلۈككە تارىسىدە توخلا بىلەن مۇكاپات-لىنىسىز...

— مەن تاۋۇزچى ئەمەس.

— چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭ، قىزچاق!

— ھۆرمەت ئىگىلىرىنى رەنجىتكىنىم يوق...

— مەن نىمە ئۈچۈن سىزنىڭلا ھۆرمىتىڭىزگە سازاۋەر بولالماي-مەن-ھە؟

— ئۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىز...

نۇرمەھەممەت تاتىرىپ كەتتى. لېكىن مۇخۇركا ئوراۋېتىپ قىزغا يەنە ئىلتىماس قىلدى:

— ماڭا غاچچىدە بىر چاشكا مۇزدەك سۇ بەرسىڭىز.

سۇبھى ئۇنىڭغا ئۆز چاشكىسى بىلەن سۇ سۇندى. نۇرمەھەممەت سۇنى ئىچىپ بولۇپ ھاياسىزلىق بىلەن قىزنىڭ چاشكىسىنى پۇرىدى ۋە قىزغا قايتۇرۇپ سۇندى، قىز چاشكىنى ئالدى-دە، ئۆستەڭگە قارىتىپ ئاتتى.

نۇرمەھەممەت ئۇڭايسىزلىنىش، خىجىل بولۇش ئورنىغا ھەيجىيىپ
ئاتتىن چۈشتى، ئېتىنى يېشىل ئوغۇت ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن بىدىلىككە
نوختىسى بىلەن قويۇۋېتىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ زوڭزايدى:
— قوپاللىقىمۇ چوڭ ئەيىپ، قىزچاق! — دېدى ئۇ سۆبھىنىڭ
پەرۋاسىز ئەمما يوشۇرۇن غەزەپتىن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزلىرىگە
قاراپ، — گۆزەللىكىڭىزگە تەسىر يەتكۈزىدىغان قىلىقلارنى ئۆگەنمىگىنىڭىز
ياخشى ...
— ماڭا نەسىھەت قىلمەن دىمەي، ئاۋۇ باشباشتاق ئېتىڭىزنى
باشقۇرۇڭ، — دېدى قىز ئەمدى غەزەپتىن تاتىرىپ، — بۇ يەر سىزنىڭ
يايلىغىڭىز ئەمەس، تەجرىبە مەيدانى!
— مېنىڭ ئېتىم پۈتۈن مەيداننىڭ خوجايىنى؛ نەنى خالىسا شۇ
يەردە ئوتلاۋېرىدۇ!
— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ بۇ يەرنىڭ خوجايىنى، زوراۋانلىقنى
چەكلەش قولۇمدىن كېلىدۇ!
قىز سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتنىڭ چۇۋسىغا تاش ئاتتى.
ئات ئۈركۈپ، ئىگەر-جابدۇغى بىلەن قاچتى.
مەن قىزنى قوللىدىم:
— مانا ئەمدى مال دوختۇرنى پىيادە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر
قىلدىڭىز!
مال دوختۇرى خۇرجۇننى پولاڭلىتىپ ئېتىنىڭ كەينىدىن يۈ-
گۈرۈپ كەتتى.
— تۈنۈگۈنلا ئاق چېچەكلىك بىدىدىن بىرمۇنچە يەرنى
ئورۇپ، باغلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ! — دېدى سۆبھى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، —
ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئاق چېچەكلىك بىدە ياخشى ئىكەن: تېرىغان
يىلى ئورۇۋالايدىكەن، بىر، ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن كېلەر يىلى
كۆكلەپ چىقمايدىكەن ئىككى، چىرىشىمۇ تېز بولىدىكەن ئۈچ... ئورۇپ
ئاتقا يىگۈزۈۋەتكەن يېرى راسا بولۇق، قويۇق يېرى ئىدى. شۇ يەر-
نىڭ ئوغۇتلانغاندىن كېيىنكى تۈپىسى بىلەن ئوغۇتلانماستىكى تۈپە-

سىنىڭ كالتىسى تەركىۋىنى سىپىلىشتۇرۇپ كۆرەي دەپ تېخى پىلانلاپ
يۈرەتتىم، ۋاي ئىسىت!...

بۇ گەپلەرنى ئېيتقاندا قىزنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ماڭا كۆك پۇرچاق، بىدە، قىچا قاتارلىق كۆك ئوغۇتلاردىن تۇپراقتا ئۆتىدىغان كالتىسى ماددىسىنىڭ سىپىلىشتۇرمىسىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مەخسۇس بوتۇلكىلارغا، يەشىكلەرگە قاچىلانغان تۇپىلارنى چىمدىپ ئېلىپ، خۇددى كىيەك ئالتۇننى ئالقىنىغا ئېلىۋالغاندەك ئەتە-ۋالاپ — ئاۋايلاپ، شۇنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىدىكى، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىن كۆڭلۈمدىن سۆيۈندۈم. ئۇ سورىغان سوئاللارغا چۈشىنىشلىك جاۋاپلارنى تەييارلاش ئۈچۈن قانچە كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزىمەن.

راھەت! مەن ئۇنىڭ كەسپىنى سۆيۈش روھىنى سىزگە ۋە ئۆزەمگە ئوخشىتىمەن. ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدىكى ساپلىقنى بولسا بىزدىن ئۈستۈن قويغۇم كېلىدۇ. ناھەق ئىشلارنى كۆرگەندە بىز غەزەپلىنىش، غوتۇلداش بىلەنلا چەكلىنىمىز. ئۇ بولسا ئېلىشىش، يېڭىش ياكى يېڭىلىش بىلەن توختايدۇ. نۇرمەھەممەت بىدە ئوغۇرلىغىنى ئۈچۈن پارتكومغا ئەرز قىپتۇ. ئا شۇجى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماپتىكەن، سۇبھى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز قىلىمەن، ياكى گېزىتكە ماقالە يېزىپ قىلمىشىنى ھەممە يەرگە يايىمەن دەپتۇ. ئا شۇجى چۆچۈگەن چېغى، ئاخىر نۇر مەھەممەتكە ئەللىك يۈەن جېرىمانە قويۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىپتۇ.

— ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋەتسە ۋاي دېمەيمەن،— دىدى سۇبھى ئىنچىكە قاشلىرىنى يىمىرىپ سۆزلەپ،— ئەمما لېكىن بىرىنچىدىن، تەجرىبە ئېتىزىغا زىيان سالسا؛ ئىككىنچىدىن، ئۈستۈمدىن گەپ تاپسا؛ ئۈچىنچى-چىدىن، قاقتى - سوقتى قىلىپ خىيانەت قىلىشسا؛ تۆتىنچىدىن، ماڭا يامان نىيەتتە گەپ قىلسا، مەيلى كىم بولسىمۇ ئۇنىڭدىن يانمايمەن!

قەدىرلىك راھەت، سۇبھى ناھايىتى جۈرئەتچان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ تەجرىبە ئېتىزىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ھەر قاچان ھىمايە قىلىشقا

ۋە ئۆز قىزىمدەك كۆرۈشكە بەل باغلىدىم. ئاڭلىساق، ناھىيىدىن بىر ئايال ھاكىم كەلگۈدەك. كۆزىمىز تۆت، ھاكىم تېزراق كەلسە، بىزنى قوللىسا، بۇغداينى ئالماشتۇرۇپ تېرىش، يېشىل ئوغۇت بىلەن تۇپراقنى ياخشىلاش ئىشىنى پۈتۈن ناھىيىدە قوللىسا، ئېلى ۋادىسىنى تېزراق بۇغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇۋەتسەك ئەجەپ ئەمەس!

ئەسئەت

«1980 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، غۇلجا.»

## 4. ھاكىم

«بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ مەيدان مېھمانخانىسى ئالدىدا توختىدى. پىكاپ كەلسىلا دائىم يۈگۈرۈپ چىقىشقا ئادەتلەنگەن تۇرمەھەممەت مېھمان چۈشۈشتىن بۇرۇن پىكاپ ئىشىگى ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان خۇما كۆزلىرى تېخىمۇ خۇماللىشىپ، قىزىل مەڭزىدە بىردىنلا خۇشاللىق جىلۋە قىلدى.

— غىلمان بۈۋى ھەدە، غىلمان ھاكىم سالامەت تۇرۇۋاتامسىز؟ ئاخشاملا بىر ئاۋام شۇجى، ئامىنەم يۈەنجاڭلار بىلەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىۋىدۇق. مانا ئەمدى دىدارلاشتۇق: مېنىڭچە، مېھمانخانىغا چۈشمەيلا ئاۋام شۇجىنىڭكىگە چۈشسىڭىزمىكىن، ئۇ ئادەم ھازىرلا غىپپىدە موتوتسىكلىت بىلەن ئېتىز ئارىلاپ كەتتى. ئەكىلىڭ، بۇ سومكىنى غاچچىدا ماڭىلا ئامانەت بېرىڭ، غىلمان بۈۋى ھەدە!

ماشىنىدىن كۈلۈمسىرەپ بىر باش چىقتى. بۇ باش ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بىر گۈزەل ئايالنىڭ بېشى، سېنتەبىرنىڭ ئەتىگەنلىك قۇياشى ئىللىق نۇرى بىلەن ئۇنىڭ تولۇق يۈزىنى يورۇتقان. قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى چىكىم-چىكىم تەر تامچىلىرى، چاچلىرىدىكى يۇقىقا توزاڭ،

يوغان، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنىڭ قويىرۇغىدىكى ئىنچىكە
سىزىقلار كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭلۈك يۈزى
قولىغىدىكى ھالىرەڭ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنىڭ قۇياشتا
پەيدا بولغان شولىسىدىن قىزارغان. نېپىز لەۋلىرى ھەم يېپىلغان،
ئۇ خىيالچان ۋە تەمكىن كۆرۈنەتتى.

— يولداش نۇرمەھەممەت، — دېدى ئۇ ئوتتۇز سەككىزگە
كىرگىنىگە قارىماي تەمكىنى يوق باللاردەك بىر باغدىن - بىر
تاغدىن سۆزلەۋاتقان يىگىتنىڭ باش - ئاخىرى يوق گېپىنى بۆ -
لۈپ، — مەن مېھمانخانىدا دەم ئېلىپ تۇراي، سىز ماڭا يولداش
ئاۋامنى تېپىپ بېرىڭ، ھە، راستلا ئۈرۈمچىدىن بىر يېڭى ئىگە -
لىك ئالىمى كەلگەن ئىدىغۇ، شۇ كىشىنىمۇ تېپىپ كېلىڭ!

— ھازىرلا، ھازىرلا چاققىدە تاپىمەن غىلمان ھاكىم، ئۇ
ئادەم بىزنىڭ سۇبھى قىزنىڭ تەجرىبە ئېتىزىغا بۇدۇشقاقتەكلا
چاپلاشتى. پائاللا، ئادەمدىن گېپىنى، پۇلىدىن توپىنى ئەتىۋا
بىلىدىغان ئادەم دۇنيادا ئىككى بولسا بىرسى شۇ، بىرسى بولسا
نەق ئۆزى شۇ، ئۇ ئالىم ئەمەس، مۇتەللىپ تېجىمەلىنىڭ ئۆزىغۇ...
ھۆكۈمەت راسا تاللاپ!...

— يولداش نۇرمەھەممەت! — دېدى ئايال ماشىنىدىن چۈ -
شۈپ، — ئەگەر باشقا زۆرۈر ئىشىڭىز بولمىسا مۇشۇ ماشىنا بىلەن
بايىقىلارنى تېپىپ كەلسىڭىز.

نۇرمەھەممەت ئايالنىڭ ئەتلىك، قاملاشقان تەقى - تۇرقىغا
زوقلىنىپ قارىغاندىن كېيىن، يەنە ۋالاقلىدى:

— خۇدايىم مېنى ئۈچ نەرسىدىن ئېيتمىغان: بىرىنچىسى
ئىش، ھايۋاننىڭ تومۇرىنى تۇتىمەن دەڭا! ئىككىنچىدىن، مەنسەپ.
خەت - چەك باشقۇرغۇچىغىمۇ غالچىلىق قىلىمەن تېخى؛ ئۈچىنچى -
چىدىن، ھاياسىزلىق بولسىمۇ ئېيتىۋېتەي، خۇدايىم ئايالدىن ئېيت -
مىغان، ئوتتۇز سەككىزگە كىردىم، تېخىچە مال دوختۇرخانىدا -
ياتاقتىمەن! ھا - ھا - ھا...

شوپۇر هاكىمنىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن نۇرمەھەممەتنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن غىلمان بۆۋى ئۆزىچىلا شۇنداق دىدى:

— خۇدايىم ئۈچتىن ئېيتمىغىچە بىردىنىلا يەنى زۇۋانىدىن ئېيتمىغان بولسا بوپتىكەن!

هاكىم مېھمانخانىنىڭ دائىم ئۆزى ياتىدىغان بۆلمىسى ئال-دىدا توختىدى. كۈتكۈچى قىز غىلمان هاكىمنى كۆرۈپ خۇددى ئانىسىنى كۆرگەندەك خوش بولۇپ، بۆلمىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ ئۈستەللەرنى ئالدىراش سۈرتۈپ چىقتى.

— سۈبھى قايسى ئۆيدە ياتىدۇ؟

— باغدىكى ياتاقتا كۆچۈپ بېرىۋالدى.

— نەچچە قىز بىللە ياتىدىكەن؟

— ئاخشام كىنودا كۆردۈم. ئۈچ قىزنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋاپتۇ. مەنمۇ شاگىرت بولاي دەۋاتىمەن، دەپ قويسىڭىز غىلمان بۆۋى ھەدە، مېنىمۇ قوشۇۋالسۇن.

هاكىم كۈلۈپ قويدى.

— ھىلىقى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئالىم قايسى بۆلمىدە تۇ-رىدۇ؟

— تۆتىنچى ياتاقتا ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. خېلى بولدى، ياتىغى قۇلۇپلاقلىق، ئۆزى ئېتىزلاردىلا يۈرىدىكەن، دىخانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ياتىدىكەن، ئاڭلىساق، سۈبھى قىز ئۇ ئادەمدىن نۇرغۇن تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۈگىنىۋاپتۇ. ئۇ ئادەم بىكار بولسىلا سۈبھى-نىڭ تەجرىبە ئېتىزىدا ئەمگەك قىلىدىكەن.

شۇ چاغدا سىرتتا پىكاپ سىگنال بەردى ۋە ئارقىدىنلا زالدا ئاۋام شۇجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نۇرمەھەممەت، دەريا بويىغا چاپ، شەخسىدىن ئۆتنە ئال، كۆزلۈككە مال يايلاقتىن قايتقاندا بېرىۋېتىمىز! —

قىسقا يەڭلىك، كۆك نىلۇن كۆينەك كىيىۋالغان ئاۋام ياتاقتا

كۆلۈپ، يايراپ كىرىپ كەلدى.

— سالام، غىلمان ھاكىم! تازا ۋاقتىدا كەپسىز، ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن باشقىلارنىڭ تىراكتورلىرى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېتىزغا چىقتى، ئەمدى خوش بولغانسىز، ئاۋال ئېيتىپ قوياي، بۇ يىل مەيدان بويىچە تېرىلىدىغان ئوتتۇز تۆت مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن ئۈچ مو كۈزگى بۇغدايىنى جەزمەن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن چۆكۈرۈپ بولىمىز!

ئۇ ئالدىراپ سۆزلەپ كىرىسلوغا چۆكتى، قارا نىلۇنىدىن تىكىلگەن كەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، تەردىن ھۆللەشكەن چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تاردى، كۆتكۈچى قىز ئېلىپ كىرگەن ھۆل لۆڭگە بىلەن تەرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئۇرۇقنى كۈنجۈرگە ئارىلاشتۇرۇپ سىيالكا بىلەن سالىمىز، ئەتىيازلىققا قار كېتىشى بىلەن يەنە خىمىيە ئوغۇت...

— ئۇ چاغدا بۇغدايىنىڭ تەننەرقى قانچىگە توختايدۇ؟ بىرمو يەرگە يىگىرمە كىلودىن بەرگىلى تۇرسىڭىز، بىر كىلوسى بىر يېرىم يۈەن، دىمەك بىرمو يەرگە ئوغۇت ئۈچۈنلا ئوتتۇز يۈەن پۇل كەتتى دىگەن سۆز، بىز بۇرۇنلا سىزگە تۇپراقنى تۈپتىن ياخشىلاشتا مال ئوغۇتى بىلەن كۆك ئوغۇتقا تايىنىش كېرەك دەپ كۆپ قېتىم جىكىلىگەنىغۇ؟

— ھەر ئائىلىگە يىگىرمە كۆپ مېتىردىن مال ئوغۇتى يىغىشنى سىلىق سالدۇق. ئاشۇرۇۋەتسە مۇكاپات. بىر كۆپ مېتىرغا: سەككىز نومۇر، يەنە بىر سوم بېرىلىدۇ. ئورۇنلىمىسا بىر كۆپ مېتىرغا بەش موچەندىن جازا.

— بۇمۇ ياخشى چارە ئەمەس، — دىدى غىلمان ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — يولداش ئاۋام، كۆك ئوغۇت بېرىش ۋە ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى تەجرىبىدىن ئەمەلىيەتكە كۆچۈرۈش كېرەك. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئالىمنىڭ تەكلىۋىنى نىمىشقا رەت قىلىسىلەر! مەن نەق مۇشۇ ئىش بىلەن كەلدىم. كۆك ئوغۇتنى پۈتۈن مەيدان بويىچە قوللىنىشقىلار

كېرەك. ئەتىدىن باشلاپ ماشىنا ئەۋەتىڭ، مەن ئوبلاست بىلەن سۆزلىشىپ بىدە ئۇرۇغى ھەل قىلىپ قويدۇم. يولداش ئاۋام، ئىلى رايونىدا بۇرۇن كۆپ تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىپ كەلدۇق. ئەمدى ئاز تېرىپ كۆپ ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇرۇن نۇرغۇن جايلار مو بېشىغا ئوتتۇز بەش جىڭ ئۇرۇق چېچىپ يەتمىش جىڭدىن مەھسۇلات ئالدى. ئېشىپ كەتكەنلىرى بىر يۈز ئەللىك جىڭ، ھازىر ناھىيىمىزدە بىر مو يەردىن سەككىز يۈز جىڭدىن مەھسۇلات ئالغان جايلار بار. ئىككى مىڭ مو تېرىپ ئۈچيۈز مىڭ جىڭ بۇغداي ئالغاندىن، بەش يۈز مو تېرىپ ئۈچ- يۈز ئەللىك مىڭ جىڭ بۇغداي ئالغان ياخشىدۇ؟

— ئۇنداق... ئۇنداق دېگەن بىلەن...

— بىزدە يەر تولا بولغاندىن كېيىن مول ھوسۇلنى يەرنى كۆپ تېرىش ئۇسۇلى بىلەن قولغا كەلتۈرسەكمۇ بولۇۋېرىدۇ دېمەكچىمۇ سىز! ياق، يولداش ئاۋام، ئىلمىي تېرىقچىلىق بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ئاساسي ئىشى. كۆرۈۋاتىسىز، بىز يەرلەرنى ئائىلىلەر- گىچە چوڭ كۆتىرە بېرىشنى ئاساسەن يولغا قويىمدۇق. سەۋىۋى نىمە؟ تېرىقچىلىقنى، سۇغۇرۇشنى بىرقەدەر زامانىۋىلاشتۇردۇق. كۆپ جايلارنىڭ تەقسىماتى بىرقەدەر يۇقۇرى، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشمۇ بىرقەدەر ياخشى، يەرنى كوللىكتىپ تېرىپ، كوللىكتىپ باشقۇرۇشقا بولغان تەلىۋى خېلى كۈچلۈك. دېمەك ئەمدىكى گەپ ئىلمىي تېرىقچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا قالدى، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتنى يەتتە يۈز يىگىرمە جىڭغا يەتكۈزگەن دۈيلەرمۇ بار. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇلارنىڭ بۇلتۇرقى ئومۇمى كىرىمى ئىككى يۈز يىگىرمە نەچچە مىڭ سومغا يەتكەن. بۇ پۇلنىڭ ئەللىك نەچچە پىرسىنى بۇغدايدىن كىرگەن. ئەزالارنىڭ ئەمگەك كۈنى سەككىز يېرىم سومغا يەتكەن. دېمەك ئەمدى ئۇلارغا يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى دېگەن سۆز. بۇ جايلاردا كىرىمنىڭ ئارتىشىدىكى ئاساسي سەۋەپ،

يەرلەرنى كېڭەيتكەنلىك ئەمەس، بەلكى بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلىق. مەھسۇلات ئېشىشىنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى ئىلمىي تېرىقچىلىقنى يولغا قويغانلىق!

ئاۋام ئايال ھاكىمغا يېنىشلاپ قارىدى. ئايالنىڭ چوڭ ۋە خىيالچان كۆزلىرى ئۈستىدىكى قىپ-قىزىل گۈللۈك تېرمۇسقا تىكىلگەن. ئۇنىڭ ئاغزىدىن سانلىق رەقەملەر، مەيدان، دۆي ۋە دۆيجاڭلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئاي - كۈنلەر شۇنچىلىك تولۇق ۋە توغرا چىقاتتىكى، ئاۋام شۇجى بەزىدە بۇ ئايال دەپتىرىدىن ئوقۇۋاتامدىكىنە، دەپمۇ قالاتتى.

ئۇلار راسا قىزىق پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۆيگە ئاۋال ئىگىز بويلۇق ئالىم ئەسئەت، ئۇنىڭ كەينىدىن سۈبھى كىرىپ كەلدى.

— ئاپا! — دىدى سۈبھى بالىلارچە ئامراقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئايال ھاكىمنىڭ قوينىغا تاشلىنىپ، — جېنىم ئاپا!

ئايال كۈلۈپ قويۇپ قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى:

— قارا، سېنىڭ چاچلىرىڭنى، ۋاي بىساپارەي!

ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاق چاچلىق ئادەمگە قولىنى ئۇزاتتى:

— سالامەتمۇسىز؟ ناھىيىگە كېلىپلا بۇ ياققا كېلىۋاپسىز، نامىڭىزنىلا ئاڭلاپ ئۆزىڭىزنى كۆرمەپتىكەنمىز. جىق جاپا تارتقانسىز؟

— ياق، ياق، — دىدى ئەسئەت كارۋاتقا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ساپ ھاۋا، سۈزۈك سۇ، شىرىن مېۋە، مېھماندوست دېخانلار ئارىسىدا تەنلىرىم يايراپ كەتتى.

— يولداش ئاۋاملارنىڭ مەيدانى راستىلا ئاجايىپ ياخشى، مەنمۇ بۇ يەرنى ياخشى كۆرىمەن. ھە، يولداش ئەسئەت، شۇنداق قىلىپ سىزگە بۇ يەر يېقىپ قاپتۇ-دە؟ ئەتكەن چايغا مىجەزىڭىز قانداق؟

— ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.

— لەغمەننىمۇ ياخشى كۆرىسىزغۇ دەيمەن، — دىدى ئاۋام

چاخچاق قىلىپ.

— يولداش ئاۋام، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش لەغمەن خۇمارىكە-نىسىز! — دىدى ئەسئەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز چۇ غىلمان بۇۋى؟ قىزىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە، گۆش نانغا بەك ئامراق ئىكەنسىز.

— ھا-ھا-ھا... شەيتان قىز، ھېچنەرسەمنى قويماي دەپ بېرىپتۇ-دە!

غىلمان بۇۋى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى توساپ قاقاق-لاپ كۈلدى. قىرىقنىڭ قارىسىنى ئالغان ئايالنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشى ئەسئەتنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن بېرى ساق-لىنىۋاتقان بىر قىزنىڭ ئىسمىنى يادلىلىشىغا سەۋەپ بولدى:

«خىسلەت بۇۋى! — دىدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن قەلبىگە ئۈچمەس ئىز قالدۇرۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن بىر قىزنىڭ نامىنى ئاتاپ، — غىلمان بۇۋى ئۇنىڭ نىمىسى بولۇشى مۇمكىن؟»

— غىلمان بۇۋى! — دىدى ئەسئەت بىر پەس جىملىقتىن كېيىن، — سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ؟

— ياق، مەن شەھەرلىك.

— ئۇنداقتا، مەن خاتالىشىپتىمەن!

— مېنى بىرسىگە ئوخشىتىۋاتامسىز، قانداق؟

— شۇنداقمۇ دەيلى، لېكىن ئۇ بۇرۇنقى ئىش.

— قانداق ئىش، قانداق؟! — دىدى سۇبھى باللارچە تەرسالىق بىلەن ئەسئەتكە يېپىشىپ، — ئېيتىپ بەرسىڭىز! ئەسئەت ئاكا!

— سىز بۇ يەرلەرگە ئىلگىرىمۇ كەلگەنمۇ دەيمەن، — دىدى ئاۋاممۇ سۆزگە ئارىلىشىپ، — بۇ ئارىلىقتا سىز بىلمەيدىغان يەر يوقكەن، تېخى چىغىر يوللارنىمۇ بىلىدىكەنسىز. قاچان كەلگەنتىڭىز، يولداش ئەسئەت؟

— بۇنىڭدىن يىگىرمە بىر يىل بۇرۇن.

— نىمە؟ يىگىرمە بىر يىل بۇرۇن دىدىڭىزما؟ — دىدى سۇبھى تېخىمۇ قىزىقىپ، — مەن تۇغۇلۇشتىن بىر يىل بۇرۇنمۇ؟ دىمەك

1959 - يىلى كەلگەن ئىكەنسىز - دە؟ شۇنداقمۇ، ئاپا؟
ئۇ، تۇيۇقسىزلا ئاپىسىنىڭ مۈرىسىدىن تارتتى. ئاپىسى قاتتىق چۆچۈپ، پىشانىسىگە بارماقلىرىنى قويۇۋالغان قولى بىلەن قىزىنىڭ مەڭزىگە ئاستا ئۇرۇپ قويدى:
— تازىمۇ چۆچۈتتىڭا شەيتان!
ئەسئەت بۇنىڭغا قارىدى. ئايالىنىڭ كۆزلىرى ئەسئەتنىڭ كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ تۇراتتى. غىلمان بۇۋىنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، ئۇ خۇددى بىر نەرسىدىن قاتتىق خاپا بولغاندەك پەرىشان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئەسئەتنىمۇ، ئاۋامنىمۇ ھەيران قالدۇردى.
— بىرسى سىزنى رەنجىتتىمۇ؟ — دىدى ئاۋام شۇجى غىلمان ھاكىمغا قاراپ، — كۆڭۈلسىز بىر ئىش يادىڭىزغا يەتتىمۇ - يە؟
— شۇنداق يولداش ئەسئەت، — دىدى غىلمان ھاكىم تەستە كۈلۈمسىرەپ، — ھىلىقى «تەرەققىيات» نىڭ باشلىغى قانداق سايلىنىپ قالغان - ھە؟ قاچانلا كەلسەم مەس، ئاڭلىسام، كۈنىگە ئۈچ ۋاق ھاراقلا ئىچىدۇ، دەيدۇغۇ؟ بايا شۇنىڭ بىلەن ۋاقىرىشىپ قالدىم. شۇ ئىش يادىمغا يېتىپ...
ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى ئەسئەتلا سەزدى. ئەمدى ئەسئەت بىئارام بولۇشقا باشلىدى: «ناۋادا، خىسلەتبۇۋى ئۆلمىگەن، ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان بولسىچۇ؟ ... ھاياتتا بۇنداق ھادىسىلەر دائىم بولۇپ تۇرىدۇغۇ، نىمىشقا مۇشۇنداق ئويلاشقا بولمايدىكەن؟ ...» دەپ ئويلىدى ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ.
— يولداش ئەسئەت، سىز 59 - يىلى بۇ يەردە بولغان ئىكەنسىز - دە، — دىدى ئاۋام شۇجى ئۇنىڭغا قىزىقىپ، — ئۇنداقتا سىز نىمە ئىش بىلەن كەلگەن ئىدىڭىز؟
— دېخانچىلىق تېخنىكى بولۇپ.
— خاتالاشمىسام، سىزنىڭ چاقماقلىق رەختتىن كۆينىكىڭىز بار ئىدىغۇ دەيمەن؟

— مۇمكىن.
— ھا ـ ھا ـ ھا ... سىزنى ئەزالار «باغدال تېخنىك» دەپمۇ چاقىرغانمۇ؟
— بەلكىم ...
— شۇ، نەق شۇ سىز، ... سىز باش ئېتىشقا چاققان، ئاشخا ـ نىدا بۇ ھۈنىرىڭىزنى كەرسەتكەنغۇ دەيمەن؟
ئەسئەت بېشىنى كۆتىرىپ ئاۋام شۇجىغا سىنچىلاپ قارىدى:
— شۇ يىگىت سىز، گۇمانىم توغرا چىقتى، مەن خېلى بۇرۇنلا سىزنى تونۇغان، يىگىرمە بىر يىل بۇرۇن سىزنى ئۇرۇپ سال ـ غىنىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. ئۇ چاغدا بۇرنى كۆپكەن يىگىت ئىدۇق.
— گارمۇن، تەمبۇرمۇ چالالامسىز ـ ھە؟
— شۇنداق.
— لېكىن مەن ئەپۇ سوراي دىسەم، ھېلىقى سىز ھىمايە قىلىپ چىققان ئىخلاس بۇۋى بېلىققا يەم بولۇپ كەتتى، مېنى توغرا جازالىدىڭىز، لېكىن بىزنىڭ بىر ئىسىل قىزىمىزنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز ...
ئەسئەتنىڭ بېشى چۈشتى.
— كىمنىڭ بېشىغا كىم چىقتى؟ نىمىشقا ھەممىڭلار يەرگە قارىۋالدىڭلار؟ ئاپا، ساڭا نىمە بولدى ئەمدى؟
سۇبھىنىڭ بۇ سوئاللىرىغا ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى.

## 5. غەزەپ

غىلمان ھاكىمنى بىر خىل ۋىجدان ئازاۋى قىينىماقتا، ۋۇ ـ جۇدىنى بىر خىل غەزەپ يالقۇنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئۇ چۈشلۈك تاماقنىمۇ يىمەستىن مېھمانخانىنى ئىچىدىن تاقىۋالدى ـ دە، ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭ بەدىنى يەغىدىن خۇددى

بوراندا تىترىگەن چىۋىقتەك قاتتىق سىلكىندى. كۆز يېشى خۇددى يۈرىكىنى يۇيۇپ، ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، مۇشۇ بىر قاتتىق يىغا بىلەن ئۇ يۈرىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن غەزەپ تۈگۈنلىرىنى تۈگىتىۋېتىدىغاندەك، ئار نومۇسنى كۆز يېشى بىلەن ھىمايە قىلىۋاتقان ئىپپەتلىك قىزدەك يىغلىدى...

ئۇ، تەخمىنەن بىر سائەتتەك يىغلىغاندىن كېيىن ئىششىغان كۆزلىرىنى ھۆل ياغلىق بىلەن سۈرتتى. قۇرۇغان لېۋىنى تامشىپ قويۇپ ئىككى يۇتۇم قايناق سۇ ئىچتى-دە، ئۈستەلگە جەينەكلىرى بىلەن تايىنىپ، ئالقانلىرى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ياشلىقتا ئۆتكەن ئاشۇ ئاجايىپ يېڭىلىشنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى:

... 1959-يىل يازلىغى، مەھەللە ھەر يىلقىدەك بۈك-باراقسان ياپراقلار بىلە چۈمكەلگەن، لېكىن ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن ئىس چىقمايدۇ، ئاياللار ئەپكەش كۆتىرىپ بۇلاق بېشىغا يۈگۈرۈشمەيدۇ... ئىخلاس بۇۋى ئىسسىملىك، چىرايلىق، لېكىن يالىڭاياق، شۇنداق بولسىمۇ قولىدىن كىتاپ چۈشمەيدىغان، ھەسسىياتچان قىز جاۋۇر كۆتىرىپ، ئۇكىسىنى ئەگەشتۈرۈپ «كوللىكتىپ ئاشخانا» زالىغا كىردى. ئادەملەر سۇيقاش ئالىدىغان ھەر خىل قاچىلارنى كۆتىرىشىپ تاماق بېرىدىغان تۆشۈككە قارىشىپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىشىدۇ... ئىخلاس بۇۋى كىتاپ بىلەن بولۇپ كېتىپ قانچىلىك ۋاقىتتا ئۆزىگە نۆۋەت كەلگىنىنى سەزمەي قالدى.

— قانچە كىشىلىك؟

— تۆت كىشىلىك، — دېدى قىز تۆشۈككە قاراپ.

ئاشپەزلەر نېمىنى بەرسە شۇنى ئېلىپ قايتىشقا ئۈگەنگەن قىز جاۋۇرنى ئېلىپ بۇرۇلۇشىغا تۆشۈككە ئۆزىنى ئېتىپ كېلىۋاتقان قارام يىگىت جاۋۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇۋالدى. ئاش يىگىتنىڭ كۆكسىنى بويلاپ تۆكۈلدى. كۆيۈككە چىدىمىغان يىگىت قىزنى ئايىماستىن ئارقىسىغا قاتتىق ئىتتەردى. قىز سىلكىنىپ بېرىپ تامغا ئۇرۇلدى. جاۋۇر قولىدىن چۈشۈپ ھەممە ئېشى

تۆكۈلدى. قىز يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاپ سىرتقا مېڭىۋىدى، يىگىت ئۇنى بىلىگىدىن تۇتۇۋالدى:

— نەگە قاچىسەن، قانجىق! — دىدى، — كۆيگەن تېرەم ئۈچۈن تېرەڭنى سويۇۋالىمەن!

ھىمايىسىز قىزچاق تىپچەكلىدى، لېكىن يىگىتنىڭ ئامبۇردەك قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمىدى.

— ئاۋام، چىرايلىق يۈزىدىن سۆيۈۋال!

— ئۈزۈن چېچىنى كېسىۋال، ئاۋام!

— ھەي، ئىخلاسخان، ئۇنى رازى قىلماي قۇتۇلالمايدىغان بولدۇڭ!

— قويۇۋەت ھوي، نومۇسىنى بىلمەيدىغان!

— ۋايىيەي، قىز بالىنى!...

— قايرىڭلار، ئاۋام لۆكچەكنىڭ قولىنى!

بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاۋامنىڭ قوللىرىنى قايرىدى.

— سەن نىمە دەيسەن، باغدال مىكىيان! — ھۆرپەيدى ئاۋام ۋە ھېلىقى يىگىتنىڭ كۆكسىگە بىر مۇش ئۇردى.

— ئۇرۇشنى مەندىن سورىغىنا!

ھېلىقى يىگىت ئاۋامنى ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ بېشى بىلەن قاتتىق ئۇردى. ئاۋام ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

كۆپچىلىك ئۇلارنى ئاجرىتىۋالدى. قىز ئۆزىنى ھىمايە قىلغان يىگىتكە قارىدى: قاڭشالىق، بۇدرە چاچ، ئىگىز بويلۇق يىگىت ئادەملەر ئارىسىدا مەغرۇر كېدىيىپ تۇراتتى...

— ئەمدى نىمە يىگۈلۈك! — دىدى قىزنىڭ سەپرا مىجەز ئۆگەي دادىسى ئۇنىڭغا دىۋىنىپ، — ۋۇي سىېنىڭ كىتاۋىڭنى!...

ئۇ، قىزنىڭ كىتاۋىنى يۇلۇۋېلىپ يىرتىپ، يەرگە تاشلاپ دەسسىدى، ئىخلاس ئۇ كۈنى خۇددى ھازىرقىدەك بوقۇلداپ يىغلىغان ئىدى. لېكىن قىزنىڭ يىغىسىنى يەنە ھېلىقى يىگىت توختاتتى. يىگىت بىر جاۋۇر ئاش بىلەن بەش ناں ئېلىپ كىرىپ

قىزنىڭ ئۆگەي دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى:

— بۇ كىمنىڭ نېسىۋىسى، بالام؟

— سىلىنىڭ!

— ماۋۇ كېلەڭسىز تۆكۈپ قويدۇم دېۋىدىغۇ، سىېنىڭ كىيىملىرىڭگە تۆككەنمىدى؟

— ياق، باشقا بىرسىنىڭ!

— ھىم، ھەي ئىخلاس، تولا خىرتىلدىماي جوزاڭنى قوي!

قىز شۇ چاغدا يىگىتكە يەنە بىر قېتىم قارىدى. يىگىت مېھرىۋان كۆزلىرى بىلەن قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن، تېخى بىرمۇ يىگىتكە تىكىلىپ قارىمىغان، شۇ سەۋەپتىن مۇھەببەت ھىسسىياتىنىڭ تاتلىق، لېكىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىگىنى بىلمەيدىغان قىزچاقنىڭ يۈرىگى تۇنجى قېتىم بىر شىرىن ھىسنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ”جىغ“ قىلىپ قالدى .....

ئىخلاس بۈۋىلەرنىڭ ئۆيى پاكار، تورۇسى ئىسلانغان بولغىنى بىلەن كۆڭۈللۈك ئىدى. جەنۇپقا قارىغان چاقماق پەنجىرىلىرىدىن سېرىنگۈل پۇرىغى كىرىپ تۇراتتى. قويۇق ئۈرۈك ياپراقلىرى ئارىسىدىن دىلمۇك تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرى كۆرۈنەتتى. جىمجىت كېچىلىرى پەنجىرە تۈۋىدە ياتساڭ ئىلى دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك شاقىرىشى ئېنىق ئاڭلىناتتى. يېڭىدىن ھىسسىياتى ئويغىنىۋاتقان قىز ئۈچۈن بۇنداق كېچىلەر ئاجايىپ گۈزەل ۋە سىرلىق تۇيۇلىدۇ. ئۇلار بۇنداق كېچىلەردە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار گۈزەل تەبىئەت بىلەن مۇڭدىشىدۇ...

ئايدىڭ كېچە، ياپراقلار ئارىسىدىن چۈشكەن كۈمۈش تەڭگىدەك شولىلار بىردە قىزنىڭ ئۇيقۇسىز، خۇمالىق كۆزلىرىنى، بىردە قىزىل سەتىندىن تىكىلگەن ئىچ كۆينىگىنى ئەمدىلا كۆتىرىپ چىققان كۆكسىنى يورۇتىدۇ... توۋا، ئەجەپمۇ شوخ شولىلار كىنە؟ قىز قايسى جايىنى تەبىئەتتىن يوشۇرسا بۇ شولىلار شۇ جايىنى

يورۇتىدىكەن.

قىز يوتقان بىلەن يۈركىنىۋېلىپ دەريا شاۋقۇنىنى ئاڭلىغاچ ئۇيقۇغا كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇڭلۇق تەمبۇر بىلەن ئۇزۇپ-ئۇزۇپ ئېيتقان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. قىزنىڭ يۈرىكى ئويىندى. ئۇ تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ تەمبۇر بىلەن ناخشا ئاۋازىنى تونۇغۇنلا ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئېرىق بويىدا ئاڭلىغان. تەمبۇرچى يىگىت تەشنالىقنى بىلىنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە تىكىلىپ قىرغاقتا ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتقان، قىز ناخشىنىڭ چوغدەك تەپتى بار سۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يىراققا قېچىپ كەتكەن ئىدى، مانا هازىر يەنە شۇ تەمبۇر بىلەن ناخشا...

تەمبۇر قىزنى چىللىماقتا، ئۇنىڭ يۈرىكى باققا قاراپ تەلپۈنمەكتە، لېكىن نومۇس كۈچى ئۇنى يوتقان ئىچىگە مۆكتۈرمەكتە ئىدى.

ھىسسىيات بىلەن نومۇس ئۇزاق كۈرەش قىلدى. ئاخىر ھىسسىيات يەڭدى، قىز پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھويلىغا، ئاندىن كېيىن باققا چىقتى. ئۇ خۇددى مەس كىشىدەك دەلدۈگۈنۈپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تەمبۇرچىنىڭ يېنىغا كەلدى. قېرى ئۈژمىگە يۆلىنىپ، تەمبۇرنىڭ بېشىنى تىزلىرى بىلەن چىڭ قىسىپ، ئاسماندىكى ئايغا قاراپ ئولتۇرغان يىگىت قىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. قىز قاچماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرىدا جان قالمىغان ئىدى، ئۇ ئىختىيارسىز، ماغدۇرسىز ۋە ئىلاجسىز ھالدا يىگىتنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. خۇددى كۆچلۈك ئوت تەپتىگە يولۇققان قوغۇشۇندەك ئۇنىڭ بەدىنىمۇ، ئىرادىسىمۇ ئېرىدى...

— قورقمەن، قويۇۋېتىڭ!... — دېدى قىز خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئالدىراپ تىترەپ.

— ئەتە كەچتە چىقامسەن؟

— ياق-ياق!...

لېكىن ئۇ ئەتىسى، ئۆگۈنى ... بىر ئايغىچە ھەتتا يامغۇرلۇق كېچىلىرىمۇ چىقتى...

كۈز پەسلى، باغ ياپراقلىرى سارغايدى. مانا شۇ چاغدىلا ئىخلاس بۇۋىنى سۇر باستى. ئۇنىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدىن چىقتى ـ دە، قىزىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ يالغۇز ئۆيدە بىلگەندىن چىمدىپ تۇرۇپ:

ـ ئۇياتسىز، قوسىقىڭدىكى بالا بىلەن باش كۆتىرىپ يۈرۈۋاتامسەن، كىمدىن تاپقان بولساڭ، شۇنىڭ پېشىنى تۇت، مەن بىلمىگەنگە سالاي، شۇنىڭ بىلەن قاچ! ـ دېدى.

لېكىن قىز تەمبۇرچى يىگىتنى ھېچنەدىن تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول قالغان ئىدى: بىرسى ئۆلۈش، بىرسى ھېلىقى شەھەرلىك تەمبۇرچى يىگىتنى ئىزلەپ ـ سوراپ تېپىش! ئۆلۈش، ئاخىرقى قېتىم ماڭىدىغان يول. ھازىرقىسى يىگىتنى ئىزلەپ تېپىش يولى.

كەچ كۈز، بىر يامغۇرلۇق كۈنى سەھەردە ئۇ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. نامازدىگەر بىلەن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ تۆرەم مەھەللىسىنى سۈرۈشتۈردى، ھۆلچىلىك، سوغاق ئۇنى ھالدىن كەتكۈزدى، تۆشۈك تۇپلىيىدىن پاتقاق بىمالال ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ پانالانغۇدەك جاي تېپىش ئۈچۈن قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر دەرۋازىنى قاقتى. يان ئىشىك ئېچىلىپ بىر ئادەم پەلەمپەيدە پەيدا بولدى:

ـ كىمنى ئىزلەيسىز، قىزچاق؟

ـ ئەسئەت تېخنىكنى...ـ قىز يەرگە قارىدى.

ھېلىقى ئادەم قىزغا سىنچىلاپ قارىدى.

ـ قېنى، كىرىڭ! ـ دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، ـ غالىلداپ تىترەۋاتىسىزغۇ!

قىز ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئىگىز پېشايۋانلىق

ئۆيگە ئەيمىنىپ كىردى.
ھېلىقى ئادەم ئىنساپلىق ۋە مېھرىۋان ئىدى:
— سەن ئېيتمىساڭمۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىچىلا يىغلاۋاتقان قىزنى «سەن» لەپ تەسەللى بېرىپ، — سېنىڭ ھالىڭ ماڭا چۈشىنىشلىك. ئەمدى ھايات قالاي دېسەڭ مۇشۇ ئۆيدىن كەتمىگىن. سالامەت بوشىنىۋال، بالاڭنىمۇ مەن ئىگە بولىمەن.
ئىخلاس بۇۋى تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى. لېكىن ئۇ، تاڭغا يېقىن ئوغرىلىقچە يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ كەينىدىن يېرىم يولدا خادىك بىلەن قوغلاپ كەلدى-دە:
— قاچقىنىڭ نېمىسى، چىق ھارۋىڭا، مەن سېنى مەھەللەڭگىچە ئاپىرىپ قويىمەن، — دېدى.
مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قورۇق يېنىدا ھېلىقى ئادەم خادىكنى توختاتتى:
— قاچان ئۆيدىن ھەيدەلسەڭ مېنىڭكىگە بارغىن، سېنى قېرىندىشىم ئورنىدا باقاي، مېنىڭ نە ئايالىم، نە بالىلىرىم يوق. ھەممىسى چەتئەلگە كەتكەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىر دەرتمەن. ئۆزەڭنى، بالاڭنى ئوقتىمەن، قاتارغا قوشىمەن. ساراڭلىق قىلىپ ھەرگىز ئۆلۈۋېلىپ يۈرمىگىن.
قىزنى ئۆگەي ئانىسى دەھشەتلىك تىل-ئاھانەت بىلەن كۈتۈۋالدى.
— ماڭ، يوقال! — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ قۇچىغىدىن قىزنى يۇلۇۋېلىپ تالاغا قارىتىپ ئىتتىرىپ، — يا ئەرگە تەگ، يا ئۆل!
ئىخلاس بۇۋى گۈگۈم ۋاقتىدا مەھەللىدىن يالىڭاياق قېچىپ چىقىپ دەريا بويىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كەينىدىن بىرسىنىڭ ھاسىراپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ جاڭگالنى يالاڭغىداق كېسىپ ئۆتتى-دە، يوغان تالنىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. كېچە جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى.

دەريا بىر خىل شاقىرايتتى. قىز قىرغاقتا كېلىپ دەريانىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى قاراڭغۇلۇقتا قارىدى، ئۇ ياقتا نەلەردىدۇر چىراق يانماقتا. ئاسمانغا قارىدى، ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. هايات گۈزەل ۋە شېرىن، لېكىن ئار-نومۇسنى ساقلاش ئۈچۈن هەر قانداق گۈزەللىكتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. قىز پۇتىنى سۇغا تىقتى؛ بىرسى قوسىقىغا ئۇرغاندەك بولدى، قىز چۆچۈدى. تېخى هاياتقا كۆز ئاچمىغان جان ئىگىسى ئۆز ئانىسىدىن هاياتلىق تىلىمەكتە ئىدى. قىز قوسىقىنى تۇتتى ۋە بۇقۇلداپ يىغلىدى. شۇ ئەسنادا، بىرسى قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

— مۇشۇنداق بولارىنى پەملەپ مەهەللەڭنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئىدىم، ئاخىر ئويلىغىنىم بولدى. يۈر ئەمدى، مېنىڭ بىلەن كەت! ئاتا-ئاناڭ سېنى ئۆلدى دېيىشسۇن، مۇنۇ ياغلىقىڭ بىلەن ئەسكى چاپىنىڭنى مۇشۇ دەريا بويىغا تاشلاپ قوي!

ئىخلاس بوۋى يوچۇن ئادەمنىڭ غەمخورلۇقىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار شۇ كېچىسى هىلىقى شەهەردىكى ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئىخلاس بوۋى شۇندىن كېيىن دەرۋازىدىن چىقماستىن كىتاپ ئوقۇدى. هىلىقى ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. ئىككىنچى يىلى باهاردا تاڭ سەهەردە ئۇ بوشاندى. قىزى سۇبهى ئۈچ ئايلىق بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن هىلىقى ئادەم بىلەن توي قىلدى. سۇبهى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاشۇ ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ، ئەلۋەتتە. سۇبهى ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئىخلاس بوۋى ئېرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. ئۇنىڭ يولدىشى — غەمخورچىسى ئوشەموپ ئەسلى 1958-يىلى سىياسى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، خاتا هالدا خىزمەتتىن هەيدەلگەن ئىكەن. 1961-يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن ۋە مەنسىۋى ئۆسكەن ئىدى. ئوشەموپ هەربىي سەپتە مەجرۇهلانغان، ئۇ باللىق بولۇشتىن مەهرۇم بولغان، بېقىۋالغان باللىرى ئايلىنى

ئەگەشىپ، پالاكەتكە يولۇققان ئۇشەموپتىن يۈز ئۆرۈپ چەتئەلگە كېتىشكەن ئىدى. ئۇ، ئۆزىگە چىن دىلىدىن خىزمەت قىلىۋاتقان ياش ئايىلىنى ئوقۇتتى، خىزمەتكە قاتناشتۇردى. ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، بىلىم ئېلىشقا تىرىشىدىغان، ئاقكۆڭۈل، ساددە پەزىلەتنى ئايىلىغا ۋە بىردىن-بىر ئۈمىدى بولغان قىزىغا سىڭدۈردى. لېكىن «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» ئۇشەموپنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىم پالاكەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ «ھوقۇق تارتىۋېلىش» ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلگەن، 1979 - يىلى قىزى يىگىرمىگە كىرگەندە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

ئۇشەموپ گەرچە ياش ئايىلى بىلەن قىزىنى جېنىدەك ئەتىۋا بىلگەن بولسىمۇ، ئايىلىنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇ ئىخلاس بۇۋىنىڭ ئىسمىنى «غىلمان بۇۋى» قىلىپ ئۆزگەرتكەن، ئۇنىڭدىن غەمخورلۇق، مېھرى-شەپقەت كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىن ئارمان بىلەن ئۆتتى. چۈنكى ئۇ «غىلمان بۇۋى» دىن مۇھەببەت تەلەپ قىلاتتى. لېكىن غىلمان بۇۋى قەددى-قامىتى، چىراي-شەكلى ۋە مۇئامىلىسىدە ئالاھىدە ئەيىۋى بولمىغان بۇ ئېرىگە قانداق قىلسىمۇ مۇھەببەت باغلىيالمىدى. ئۇ يالغۇز قالغانلىرىدا يىغلىدى-قاخشىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ساقايماس جاراھەت پەيدا بولغان، ئۇشەموپنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى بۇ جاراھەتكە مەلھەم بولالمىدى، ئۇ كىمنىدۇر سېغىناتتى، لېكىن شۇ سېغىنغان كىشىگە ئۇنىڭ قەلبىدە غەزىۋى، نەپرىتى بار ئىدى.

مانا بۈگۈن شۇ ئۆچكەن غەزەپ ئوتلىرى بىردىنلا قايتا ياندى...

## 6. گۇمان

«سالام راھەت!

مەن ھېچقاچان سىزنى بۈگۈنكىدەك سېغىنمىغان، يېنىمدا بولسىڭىز،

مۇڭداشسام، كۆڭلۈمدىكىنى بىر-بىرلەپ تۆكسەم، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! مەن ئاجايىپ ئىشلارغا دۇچ كەلدىم. نۇرغۇن ئىشلار تېپىشماق، بەزىلىرى سىرلىق. مەن سىزگە بۇ چىگىشتىن ئىككىنى يازىمەن.

ئىككى كۈن بۇرۇن غىلمان ھاكىم بىلەن ئۇچراشتىم. ھېلىقى مەن سىزگە تونۇشتۇرغان قىز سۇبھى ئاشۇ ھاكىمنىڭ قىزى ئىكەن (مەن پەقەت شۇ كۈنىلا ئۇلارنىڭ ئانا-بالا ئىكەنلىكىنى بىلدىم). سىزگە ئېيتماقچى بولغان ئىشنىڭ دەرسى ئاشۇ غىلمان ھاكىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ تۈيۈقسىز ئۆزگىرىشى.

مەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن (بولۇپمۇ سۇبھىدىن) غىلمان ھاكىمنىڭ بىلىمگە ئامراق، ئىلىم-پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت خادىملىرى-نىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەيدىغان ۋە قوللايدىغان، كىشىلەرگە ئەمەلىنى پەش قىلمايدىغان ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان، شۇ سەۋەپتىن مەن بۇ ئايالغا چىن ئىخلاس بىلەن ئۈمىت باغلىغان ئىدىم.

«42 — 7303» نومۇرلۇق بۇغداي سىناقتىن ئۆتكەن، يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق، ئىلى رايونىنىڭ ھاۋاسىغا ياخشى ماسلاشقان سورت ئىدى. بۇ بۇغداي سورتىدىن خىمىيەۋى ئوغۇتسىزمۇ يۇقۇرى مەھسۇلات ئېلىش سىنىقىنى سۇبھى ئۆز تەجرىبە مەيدانىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان.

ئىلىم-پەن خادىمى ئۈچۈن تەجرىبىخانىدىن جەمىيەتكە قەدەم تاشلاش، ئىلمىي ھۆكۈمدىن ماددىغا ئۆتۈش يەنى خەلق ئۈچۈن بايلىق يارىتىش ئەڭ چوڭ بەخت. پار ماشىنىسى، ئاتوم فىزىكىسى، ئېلېك-ترونلۇق ھىساپلاش ماشىنىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىساپسىز پايدا كەلتۈرگەنلىكى بىلەن قىممەتكە ئىگە ئەمەسمۇ! دېمەك بىزنىڭ بۇغداي سورتىمىزمۇ مەھسۇلات بېرىشى، شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزگە بايلىق يارىتىشى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يىگىرمە-ئوتتۇز مو يەردە ئەمەس، بىر نەچچە ئون مىڭ ھەتتا بىر نەچچە يۈز مىڭ مو يەردە تېرىش لازىم. مەن ئۆز خىيالىمدا بۇ يىلقى كۈزگى تېرىشتا

مۇشۇ مەيداننىڭ ئون مىڭ مو يېرىگە ئۇرۇقنى ئاق ئۇرۇقلۇق بىدە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىپ، كېلەر يىلىقى كۈزدە بىدىنى كۆك ئوغۇت قىلىش، يەنە ئىككى، ئۈچ يىلدىن كېيىن بىدىنى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن غىلمان ھاكىمدەك كۈچلۈك قوللىغۇچىغا بەكمۇ مۇھتاج ئىدىم. ناۋادا غىلمان ھاكىملا قوللاپ بەرسە مەن ئۈچ يىلغىچە ئالماشتۇرۇپ تېرىش، كۆك ئوغۇت، ئۇرۇق سورتى قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ بىرلىكىنى ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن بەش يۈز جىڭدىن ئاشۇرۇۋېتەتتىم، بۇ يول بىلەن ئاگرونومىيە ئىلمىنىڭ كۈچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ قوياتتىم. شۇنداق بولغاندا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى ۋادىسىنىڭ بۇغداي ئومۇمى مەھسۇلاتى ھازىرقىدىن ئۈچ-تۆت ھەسسە كۆپىيەتتى، تېرىلغۇ مەيدانى ھازىرقىدىن يېرىم باراۋەر ئازىياتتى. بۇنىڭ بىلەن دېخانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق، يېنىك سانائەت قاتارلىقلارنى كەڭ يولغا قويۇشقا زېمىن ھازىرلانغان بولاتتى، شۇ چاغدا بىز ئاگرونوملار خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا چوڭ ھەسسە قوشقان بولاتتۇق، بىزنىڭ ئىشلەش ئىمكانىيىتىمىز كونكرېت ئادەملەرگە كېلىپ باغلىنىدىكەن. شۇ ئادەملەرنىڭ قوللىشى ياكى توسقۇن بولۇشى بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز ياكى ئوڭلىنىدىكەن، ياكى كاردىن چىقىدىكەن. ناۋادا ئاۋام شۇجى بىزنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبە-لىرىمىزنى پۈتۈن مەيداندا قوللىنىشقا ئىمكان بەرگەن بولسىدى، بەلكىم مېنىڭ غىلمان ھاكىمغا زادىلا ھاجىتىم چۈشمىگەن بولاتتى.

ئەمدى گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەي: غىلمان ھاكىم بۇ مەيدانغا كېلىپلا ئاۋام شۇجىنى تەنقىت قىلدى، بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزنى يوللۇق ھىساپلاپ ناھايىتى قىزغىن قوللىدى. مەن خوشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم. لېكىن توساتتىن ئەتىسى مېنى ئالدىغا چاقىرتتى-دە، يالت قىلىپ بىر قاراپ قويۇپ:

— سىز باشقا ناھىيىگە بېرىپ ئىشلىسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ،

مەسىلەن، قورغاس، چاپچال ناھىيىلىرىمۇ بۇ ناھىيىگە ئاساسەن ئوخشاش، — دىدى.

— سۇبھى مۇشۇ ناھىيىدە ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ نەتىجە قازانغاندىكىن مۇشۇ ناھىيىدە كېڭەيتكىنىمىز تۈزۈك بولارمىكىن...

— ئومۇمەن مەن سىزنىڭ باشقا ناھىيىگە بېرىپ ئىشلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن. ئاۋام شۇجىنىڭ پىكرىمۇ شۇنداق!

— مەن سىز توغرىلىق خاتا ئاڭلىمىغان بولسام سىزنى...

— مېنىڭ ئىلىم - پەننى قوللايدىغانلىقىم ئۇ باشقاگەپ.

— مەن سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەن، بۇ يىل بىر داۋىيدە بولسىمۇ ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى سىناق قىلىپ كۆرسەك...

— مەن سىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن! گەپ شۇ دىگەندەك قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. مەن گاڭگىراپ قالدىم. توغرىدىن - توغرا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىغا كىرەيمىكىن دىسەم ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل ھاكىمنىڭ مەسلىھەتىسىز شۇجىمۇ بىر نەرسە دىيەلمەسلىكى مۇمكىن، بۈگۈن سۇبھى ئالدىمغا يىغلاپ كىردى.

— ئاپام تۇرماق ئەۋلىيا بولۇپ كەتسىمۇ مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇقۇرىغا ئەرز قىلىمەن. بىرىنچىدىن، ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزنى تەك - شۈرمىدى؛ ئىككىنچىدىن، سىزگە قوپال ۋە سوغاق مۇئامىلە قىلدى؛ ئۈچىنچىدىن...

— بولدى سۇبھى، تۆتىنچىدىن، بەشىنچىدىن دىسىڭىزمۇ بەربىر بۇ يەردە بىر سىر بار. شۇ سىرنى يېشەيلى! — دىدىم مەن قىزغا.

ئاۋام شۇجى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ياش ۋاقتىمىزدا كۆڭۈلسىز بىر ئىش ئۆتتۈلگەن. شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىخلاس بۈۋى ئىسىملىك بىر قىزمۇ بار ئىدى. غىلمان ھاكىمنىڭ شۇ قىز بىلەن بىرەر ئالاقىدار تەرىپى بارمىكىن، ئۇ شۇ ئالاقە مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا نەپرەت بىلەن قاراپ، شەخسى ھىسسىياتى بويىچە ئىش قىلىۋاتامدىكىنتاڭ، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم.

لېكىن، ئىخلاس بۈۋى بىلەن بولغان ئىشتا مېنىڭ ئەيىۋىم يوق،

چۈنكى ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا نېمە ئامالىم بولسۇن؟

قىممەتلىك راھەت، سىز بىرنەچچە قېتىم:

— سىزنىڭ يۈرىكىڭىز يارا، ئاشۇ يارا سىزنى ئازابلىغان ۋە خۇرسىندىغان قىلىپ قويغان، — دېگەن ئىدىڭىز، مەن ئۇ چاغدا ئىقرار بولمىغان ئىدىم. سىزگە پەقەت مۇشۇ بىرلا مەسىلىدە يالغان گەپ قىلغان ئىدىم، ئەمدى ئىقرار قىلىمەن، مەن يۈرىكىمنىڭ ساقايماس يارىسىنى سىزگە كۆرسىتىمەن، سىز شۇ چاغدىلا مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىڭىز ئالدىدا شۇنچىلىك ئاجىزلىق قىلغىنىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىسىز.

1959-يىلى مەن ھازىر تۇرۇۋاتقان مەيداننىڭ يېنىدىكى بىر مەھەللىدە تۇيۇقسىزلا بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. ياشلىق شۇنداق بولىدىكەن، ئۇنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈمىدى بىلەن بېغىدىكى قېرى ئۈژمە تۈۋىدە پۈتۈن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىممۇ بولدى. ئۇنىڭ ئېتىزغا بارىدىغان يولىنى توساپ، چاشقان مارىغان مۈشۈكتەك قۇملۇق ئېرىقلاردا ياتتىم... لېكىن مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى كوللېكتىپ ئاشخانىدىلا ئۆزەمگە قارىتالىدىم، ئۇنى بوزەك قىلغان بىر تەنتەكتىن ئۆچىنى ئېلىپ بەردىم، قىزلار ئاجىز بولىدىكەن، ئۆز ھىمايىچىسىنى ئوڭايلا ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەن... شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلىدىم. بىز ھەر كۈنى كېچىسى قېرى ئۈژمىنىڭ تۈۋىدە ئۇچرىشىپ تۇردۇق. ئۈچ ئايدىن كېيىن مېنى تۇيۇقسىزلا تۈرمىگە سالدى. ئالتە ئايدىن كېيىن خاتا بولۇپ قاپتۇ، دەپ قويۇۋەتتى. مەن يېزىغا يۈگۈردۈم. خىجىل بولۇش، قورۇنۇش دېگەنلەرنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇدۇل قىزنىڭ ئۆيىگە باردىم، قىزنىڭ سەپرا مىجەز ئاتىسى (كېيىن بىلدىم، ئۆگەي ئاتىسىكەن) مېنى كۆرۈپلا قولىدىكى تېۋىلغا سۈپۈرگىنىڭ سېپى بىلەن دولامغا بىرنى ئۇردى. مەن سۈپۈرگىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇرمىسىلا، مەن سىلەرگە بالا بولغىلى كەلدىم... — دېدىم.

— ماڭ جۇگۇ، ئىخلاسىنى دېسەڭ دەرياغا كىر، ئانىسىنى دېسەڭ

گۆرگە كىر! — دەپ تىلىدى بوۋاي سۈپۈرگىنى كۆچەپ تارتىپ. ئۇ، سۈپۈرگىنىڭ باش تەرىپىنى يۇلۇۋالدى-دە، ئوگىدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. مەن سۈپۈرگە سېپىنى چۆرۈۋېتىپ قېچىپ قۇتۇلدۇم.

شۇنداق قىلىپ ئىخلاس، ئۇنىڭ كەينىدىن ئانىسى دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەپچى بولغاندىمەن. لېكىن مېنىڭ يۈرەك يارامغا كىم سەۋەپچى؟ مەن ئۇنى بىر كۈنمۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. مەن ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىغان تۇرسام، قانداقمۇ يەنە باشقا بىر ئايال كىشىگە كۆڭۈل بېرەلەيتتىم. قىممەتلىك راھەت! مەن بىر نەچچە قېتىم سىزنىڭ ھاياجاندىن ئۆزىڭىزنى باسالماستىن ماڭا بارلىغىڭىزنى بېغىشلىغان چاغلىرىڭىزنى كۆردۈم، سىزنىڭ قولىڭىزنى تۇتۇشتىنمۇ ئەيمەندىم، سەۋەبى نىمە؟ بۇنداق چاغلاردا خۇددى ئىخلاس بۇۋى قاراپلا تۇرغاندەك، مېنى: «ۋاپاسىز» دەپ ئەيىپلەۋاتقاندەك بىلىندى. ئاشۇ قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت مېنى ئىككىنچى بىرسىگە كۆڭۈل بېرىشتىن چەكلىدى. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن مەن سىزنى بەختسىز قىلدىم، راھەت، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش سىز ئۈچۈن ئازاپلىق ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، ناۋادا، مەن سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن باشقا بىرسىگە ئاشىق بولغان بولسام ئىدىم، ئۇ چاغدا سىزنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىڭىز ئالدىدا يەرگە قارىغان بولاتتىم.

سۆيۈملۈك راھەت، سىزگە ئېيتماقچى بولغا چىگىش ئىشنىڭ بىرسى مۇشۇ، يەنى: غىلمان ھاكىم نىمىشقا ماڭا بىرلا كېچىدە ئۆچ بولۇپ قالدى؟ سىزچە ئۇ مېنى تونۇپ، ئىخلاس بۇۋىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولغان ساختىپەز دەپ قاراپ غەزەپلەنگەنمىدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا ئۇ ھەقلىق ئەمەسقۇ دەيمەن.

چىگىش ئىشنىڭ ئىككىنچىسى، رەھبەرلەرنىڭ ئومۇمى ئىشقا شەخسى ھەسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىشى. ناۋادا غىلمان ھاكىم مېنى ساختىپەز دەپ قارىغان بولسا، ئاۋام شۇجىمۇ يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن تاياق يىگىنى ئۈچۈن قوسىغىدا غوم ساقلاپ يۈرگەن بولسا بۇ ئۇلارنىڭ شەخسى

ھەسسىياتى يەنى بىرلا كىشىنىڭ ئۆچمەنلىكى ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ شەخسى ئۆچمەنلىكى سەۋەبى بىلەن بىزنىڭ ئىلمى رايونىنى بوغداي ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىلمىي ئىشلىرىمىزغا توسالغۇ بولسا بۇ قانداق بولغىنى!

شەخسى ھىسسىيات بىلەن ئومۇمى ئىش توقۇنۇشۇپ قالغاندا، مېنىڭچە، ھىسسىياتنى ئومۇمى ئىشقا بويسۇندۇرۇش لازىمغۇ دەيمەن، غىلمان ھاكىم، ئاۋام شۇجىلار نىمىشا ئۇنداق قىلالمىدى!؟ دۆلىتىمىزدە بۇ خىل رەھبەرلەردىن قانچىسى باركىن؟ ئاۋادا ھەممىلا رەھبەرلەر مۇشۇنداق قىلىۋەرسىچۇ؟ ئۇ چاغدا مۇشۇ ھىسسىيات كاشىلىسى بىلەن قانچىلىغان ئىشلار ئاقسىغان بولار-ھە؟

راھەت، بۇ ئىككى ئىش تۆگۈنچەككە ئايلىنىپ ئۈچ كۈندىن بېرى مېنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تولا ئويلاپ بېشىم قاتتى، ئۇيقۇم قاچتى.

بۈگۈن ئەتىگەن سۇبھى يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ نۇر مەھەممەت ئۈستىدە كايىپ:

— مەن ئۇنداق مال دوختۇرنىڭ ئۈستىدىن ئەمدى سوتقا ئەرز بېرىمەن. نەسىللىك بۇقىلىرىنى كۆك پۇرچاققا قويۇۋېتىپ، ئىككى مو يەرنىڭ پۇرچىقىنى بىت-چىت قىلىۋېتىپتۇ. ئاۋام شۇجى تېخى ئۇنىڭ يولسىزلىقىنى قوللاپ: «كۈز پەسلىدە كالىلار ئېتىزغا چىقىدۇ، بۇ كونا ئادەت، نۇرمەھەممەتنىڭ ئىشى ئەمەس!» دەيدۇ، تېخى. مەن جەزمەن زىيانىنى تۆلىتىمەن! — دەپ ھال ئېيتتى.

بىزنىڭ ئىلمىي تەجرىبە ئۈچۈن تۆككەن تەرىمىز بىر بۇقىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا بىت-چىت بولسا كىشىنىڭ يۈرىكى راستىلا ئېچىشىدۇ-دە، مەن باشقا ھەر قانداق كەمستىشنى كۆتىرەلەيمەن، لېكىن نىمىشقىدۇر سۇبھىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرسەم ئۆزەمنى تۇتۇپ ئالالمايمەن. ئۇ قىز ئۈچۈن ھەر قانداق بىر كىشى بىلەن ئېلىشىشقا تەييارمەن. غايىلىك، ئۆز ئىشىغا جان پىدا بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئادىللىقى ئۈچۈنمۇ ئىش قىلىپ ئۇ قىزنى بىر خىل روھىي

گۈزەللىكىنىڭ ۋەكىلى ھېساپلايمەن. ئەنە سۇبھى كېلىۋاتىدۇ. مەن دەرىزىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش، ئىششىغان:

— سۇبھى!

ئۇ قاياققىدۇر يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا خوشنا گۇڭشېنىڭ بىر دادۈي باشلىقى ھەمرا ئاكا جاۋاپ بەردى.

— دىسەم-دىمىسەم بۇ قىزنى ھېلىقى نۇرمۇھەممەت خاپا قىلغان گەپ، تولىمۇ تېتىقسىز يىگىتكەن. «مەن غىلمان ھاكىمغا كۈيئوغۇل بولىدىغان بولدۇم، كەچكۈز قىرو چۈشكەندە تارىسىدە توي قىلىمەن» دەپ ئاشكارىلا سۆزلەپ يۈردى. بايىلا ئارغىماق مىنىپ ئۆستەڭ ياقلاپ مېڭىۋىدى. بايازە، قىزنىڭ يالغۇز ئىشلەۋاتقىنىنى پايلاپ قالغان ئىكەن-دە. قېنى، بىزنىڭكىگە بېرىپ بىر چىنە چاي ئىچىپ كەلسىڭىز!

بارماسقا ئىلاجىم يوق، خەير راھەت، قالغىنىنى كېيىن يازىمەن.

ئەسئەت

1980-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ...»

## 7. ھەمرا ئاكا

بۇ يەرنىڭ كۆپچىلىك دېخانلىرى دىلكەش. پۈتۈن-پۈتۈن كېچىلەرنى پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغانلار بۇ يەردە كۆپ، ئۇلار يىغىلىقلارغا ئامراق. كۆپنى بىلىدىغان ئادەملەر يېزىسىغا كېلىپ قالسا ئۇلار ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قوي سويۇپ ئۆيگە مېھمانغا چاقىرىدۇ. مېھمان ھۆرمىتىگە قىلىنغان چايغا پۈتۈن مەھەللە خەلقى تەكلىپسىزلا كىرىپ كېلىشىدۇ. ياشلار دەرىزىلەرنىڭ سىرتىغا ئۈن ئالغۇلارنى توغرىلاپ ھۆرمەتلىك مېھماننىڭ «يىغىلىق» لىرىنى لېنتىغا ئېلىۋېلىپ، قىممەتلىك بۇيۇم قىلىپ ساقلايدۇ. مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىغان-كۆرگەن، لېكىن تېگىگە يېتەلمىگەن ياكى چۈشىنەلمىگەن ئىشلارنى «مېھمان» دىن تارتىنمايلا سوراۋېرىدۇ. مەسىلەن، ئانچە-مۇنچە گېزىت ئوقۇيدىغان

دېخان ھىلىقى مېھماندىن توغرىسىغىلا:

— مېھمان، بىلىۋالايلى، ئېيتىپ بەرسىڭىزا، ئۇكەردە ئادەم بار دەيدۇ، راستمۇ، ھىلىقى ئۇچار تەخسە دىگىنى ئۇكەردىكى ئادەملەرنىڭ تاشلىغان نىمىسى دىيىشىدىغۇ، بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سورايدۇ.

مېھمان جاۋاپ بەرگەندە ئۇلار جىم تۇرۇشۇپ زېھىن قويۇپ ئاڭلىشىدۇ، «بىلمەيدىكەنمەن» دىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بۇلۇڭدا ئولتۇرغان بىرسى «مېھمان»غا ئاڭلىتىپ تۇرۇپلا:

— بۇ كىشىمۇ چاغلىقكەن! — دەپ قويىدۇ، مانا بۇنداق چاغلاردا قوپاللىق قىلغۇچىغا يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئالىيىدىغان ئادەم مۇشۇ دۆي باشلىغى ھەمرا، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ھەمرانىڭ بىر ئالاھىدىلىگى.

ھەمرا كۆپچىلىكنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن دادۈيگە باشلىق بولۇپ سايلانغان. ئۇ، ئىككى يىلدىن بېرى مەيلى گېزىتتىن، مەيلى رادىيودىن ياكى دوكلاتتىن ئاڭلىسۇن، ئىش قىلىپ «يېڭىلىق» دەپ تونۇلغانلا ئىشنى ئۆز دادۈيدە قوللىنىپ كەلدى. «دېخانلارنى بېيىتىش» ھەممىلا يەردە داغدۇغا بىلەن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بولسا، ئۇ، ھەر كۈنى گېزىت ئاختۇرىدىغان، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» نىڭ دېخانچىلىققا ئاجرىتىلغان مەخسۇس بەتلىرىنى ئوقۇپ يېڭىلىق ئىزلەپمۇ قانائەت قىلماستىن، خەنزۇچە بىلىدىغانلارغا «خەلق گېزىتى» نىڭ يېزا ئىگىلىگىگە دائىر خەۋەرلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ، باشقا جايلارنى دوراپ يەرنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېردۈدى، تىراكتۇر بىلەن ھەيدەش، سۇغۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا چاتاق چىقتى، سەۋىۋى: بۇ يەرنىڭ ئېتىزلىرى ئەللىك-ئاتمىش مو ياكى يىگىرمە-ئوتتۇز مودىن سالالاشقان بولغاچقا يەككە ئىشلىگۈچىلەرگە ئوڭايسىز بولدى. كۆزلۈگى ئەزالار: «كوللىكتىپ تېرىپ، نومۇر خاتىرىلىگەن ياخشىكەن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا يەنىلا مەشغۇلات

گۇرۇپپىلىرىغا كۆتىرە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. لېكىن ھەمرا بۇنىڭغا قانائەت قىلماي يېڭى ئۇسۇل تېپىش ئۈچۈن ئىزلىنىۋەردى.

ئىزلىنىش جەريانىدا دادۇيدە يېڭىلىقلار خېلى كۆپەيدى: بۇغا فېرمىلىرى، ئېلېكتىر كۈچى بىلەن ماڭىدىغان تۈگمەنلەر، كۆكتاتچىلىق، مىۋە-چىۋە دۇكانلىرى، ئاشخانا، كىيىم تىكىش، ساتراچلىق، ياماقچىلىق، رەسىمخانا، ھەتتا پىلە بېقىش، سۈت پاراشوگى ئىشلەش بويىچە گۇرۇپپىلار پەيدا بولدى. ئوۋچىلار، بېلىقچىلار، كىگىزچى-بوياقچىلارمۇ، خۇمدانچى، جۇۋازچى قاتارلىقلارمۇ بۇ دادۇيدىن تېپىلىدۇ، «تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر» دەيدىغان دىخان، ئادىتى ھازىر ئۆزگەرگەن، ئۇلار كىرىمنى كۆپەيتىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلىشقا بولىدىغانلىكى ئىشنى قالدۇرماستىن قىلماقتا...

ئەسئەت ھەمرا دادۇيجاڭغا ئەگىشىپ، كەينىدىن مېڭىپ، چوڭ كوچىغا چىقتى. ئۇلارنى ئۇ يەردە قول تىراكتور كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن:

— قېنى، كوڭلىمىزغا چىقىڭ، — دېدى ھەمرا ئەسئەتكە، — ئاستىڭىزمۇ يۇمشاق، مەڭگەن قىلىن، تېكىمەت يېڭى.

— توي كۆچۈرىدىغاندەك ھەشەمەتلىكقۇ، — دەپ كۈلدى ئەسئەت قول تىراكتورغا چىقىۋېتىپ، — مۇنۇ ماۋۇقلىرىڭىز ئوشۇقچە، ھەمرا ئاكا!

— ئەسلىدە سىزنى پىكاپتا ئولتۇرغۇزساق بولاتتى، — دېدى ھەمرا كۈلۈپ تۇرۇپ، — لايىغىڭىزنى قىلالمىدۇق، ئەسئەت ئەپەندىم. ئەپەندىم دىسەم بولار-ھە؟ بىزنىڭ بۇ يەردە بىلىملىك ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئەپەندىمنى ئۇلاپ قويىمىز، بۇ بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز. ئەمىسە، كېلىشتۇق، ئەسئەت ئەپەندىم دەيمەن. ئاڭلىدۇق، ئالىمكەنسىز، سىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولساق دىگۈچىلەر، ھېچ بولمىسا دىدارلاشساق دىگۈچىلەر كۆپ، ئەسئەت ئەپەندىم.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى خېلى ئۆسۈپ قالدى، شۇڭا
ئۆزلىرىنىڭ ئالىملىرىنى، يازغۇچى ـ شائىرلىرىنى، دوختۇر، تېخنىك،
ئەرتىسلىرىنى تولىمۇ ئەتىۋارلايدۇ. بۇرۇن بۇ تۆت توڭگورەكتە
يالغۇز مەنلا يېڭىلىق تارقاتقۇچى ئىدىم. مىسالى، بۇ يېزىدا
ئاغلىق ئىشتان بىلەن چۈچىلىق ئىشتانباغنى تۇنجى قېتىم تاشلىغان،
تۇنجى قېتىم چاچ قويغان، ۋەلسىپىت مىنگەن، پاتېفۇن ئويناغان،
ئۆينى هاۋا رەڭ سىنكا بىلەن هاكلاتقان، رادىيونى مۇرىگە ئېسىپ،
كوچىمۇ ـ كوچا يۈرگەن، قول سائەت تاقىغان، ئايىلىمغا كوپتا ـ
يوپكا كىيگۈزگەن ... مۇشۇ يېقىندىمۇ بوش كەلمەستىن ئۆگزىگە
ئون ئۈچ مېتىر خادا ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ماس سىم بېكىتىپ
تېلېۋىزور ئالغانمۇ مەن بولدۇم، ئۇن ئالغۇنىمۇ بۇ يەرگە
بىرىنچى بولۇپ مەن پەيدا قىلدىم، تېلېۋىزور ئالغان مەهەل بىر
ئايغىچە دەرۋازىنى كەڭ ئېچىپ، ئىتنى چىڭ باغلاپ، هويلامنى
كىنوخانا قىلىپ بەردىم، ئاخشىمى بولسا هويلىغا ئادەم پاتمايدۇ.
كۆرسۇن، خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلسۇن دەيمەن ـ دە، هازىرچۇ؟
بۇ نەرسىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بىر ئۆينىڭ كىگىز ـ كېچىگىنى
يىغىپ تاشلاپ، زامانغا يارىشا قىلىپ ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، ئىشكاپ
دىگەندەك نەرسىلەر بىلەن ياساپ قويدۇم، بىر يىلدىن بېرىچۇ؟
مۇشۇ دادۇيجاڭلىق ماڭا ئارتىلىپ قېلىۋىدى، ئېسىۇ ـ خىيالىم
دادۇينىڭ ئىشىدا بولۇپ قالدى. ئەمدى دادۇيگە يېڭىلىق ئىزلەش
بىلەن هەلەكمەن. ئاڭلىسام، كۆك ئوغۇت دەيدۇ، ۋېلىيامىسنىڭ
ئالماشتۇرۇپ تېرىشى دەيدۇ، تۇپراقشۇناسلىق دەيدۇ؛ ئامېرىكا،
كانادالاردا، بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەهسۇلاتى بىرمىڭ بەشيۈز ـ
ئىككى مىڭ جىڭكەن دەيدۇ، ئىش قىلىپ ئاڭلىغان كۆرگەنلىرىنى
قىلىپ بېقىۋاتىمەن، تۇپراق دىگەننى ئەللىك ئىككى يىل دەسسەپ
يۈرۈپ ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەپتىمەن. مانا هازىر، قاراڭ،
سېرىق تۇپراقنى قارا چىلان تۇپراق قىلغىلى بولىدىكەن، هوسۇلسىز
يەرنى مۇنبەت قىلغىلى بولىدىكەن، ئەجرە قىلسا تۇپراق ئۆز ـ

گىرىدىكەن، بۇنى كۆردۇق، بىلدۇق. بىردە يەر دىسە، ئۇن نەچچە مىڭ مو يېرىمىز بار. سۇ دىسە يېتەرلىك. نىمىمىز كەم؟ مېنىڭچە، ئىككىلا نەرسە كەم. بىرسى، ئەقىل-پاراسەت؛ يەنە بىرسى، ئەمگەك-ئەجرە... ھەي يالقۇن، سىلىقراق ھەيدىگىنە، ئېتىز ئارىلاپ ماڭ. ئەسئەت ئەپەندىم بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى، تىككەن كۆچەتلىرىمىزنى كۆرسۇن، ئاستا ھەيدە، ئىلاج بار ئاۋازىنى پەسەيت، گەپنى-گەپكە قوشماي، مېنى تولا ۋاقىرتىپ ئۇنۇمنى پۈتتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇڭ!...

قۇل تىراكتۇر ئىككى قاسناقتىكى سۇۋادان تېرەكلەر كۈن نۇرى چۈشۈرمەيدىغان كۆپ-كۆك، چىم باسقان، چاڭ-توزاڭسىز يېڭى يول بىلەن ئاستا ماڭماقتا. سېنتەبىرنىڭ جانىغا راھەت ئىللىق ھاۋاسى بىر خىل تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمنى خۇددى ئانا سۈتىگە قېنىپ، يۇمشاق چۈشەكتە ياتقان بوۋاقتەك راھەتلەندۈرگەن، سالقىن، مەيىن شامالدا كېپىنەكتەك پىلدىرلاۋاتقان ياپراقلارنىڭ ئاستى تەرەپلىرى يالتىراپ، كىشىدە خۇددى كۆكتىن كۈمۈش تەڭگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. ئەسئەت ھەمراغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قارىدى-دە:

— ناۋادا، سىزنىڭ بۇ يىل تېرىلىدىغان پۈتۈن كۈزگى بۇغدىيىڭىزنى ئاق چىچەكلىك بىدە ئۇرۇغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىساق، بۇ يېڭىلىققا قارشى تۇرىدىغانلار چىقارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىناقتىن ئۆتكەنمىدى؟ — ھەمرا ياپراقلار ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقان چالا كۆلەڭگىدىن كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ سورىدى.

— شۇنداق، كىلەر يىلى بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندا ئىككى قېتىم سۇ قۇيساق بىر يېرىم مېتىر چامىسىدا ئۆسىدۇ. 8- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغدۇرىمىز. 9- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن كېيىن ئورۇق سالىمىز. ئاڭغىچە توپا ئاستىدا قالغان قاشقا بىدە چىرىپ ئوغۇتقا

ئايلىنىدۇ. سۇبھىنىڭ تەجرىبە ئېتىزىدا بۇ خىل كۆك ئوغۇت سىناقتىن ئۆتتى. تۇپراقتا كالتىسىي ماددىسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى قىرىق يەتتە پىرسەنتگە يېتىدىكەن، بۇ ئەھۋالنى ئاچ ئادەمنىڭ پولۇ بىلەن ئوزۇقلىنىپ بىردىنلا قۇۋۋەتكە ئىگە بولغىنىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. كېلەر يىلى كۆك ئوغۇتنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى بىردىنلا بىر ياكى بىر يېرىم باراۋەر ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

ھەمرانىڭ كۆزلىرى شاتلىقتىن ئويناپ كەتتى:

— بىزنىڭ ھازىرقى ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىمىز ئىككى يۈز ئەللىك جىڭ، بىردىنلا بەشيۈز جىڭ ياكى ئالتە يۈز ئەللىك جىڭغا يېتىدىكەن-دە!

— پەۋقۇلئاددە ئاپەت بولمىسىلا بۇنىڭدا شۈبھە يوق.

— بىزنىڭ بۇ يىل تېرىيدىغان كۈزگى بۇغدىيىمىز سەككىزمىڭ ئالتە يۈز مو، راستىلا ئۈنۈم بېرىدىغان بولسا ھەممىسىگە بىدە ئۇرۇغى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشقا قوشۇلىمەن. بىدە ئۇرۇغى ھەل قىلىشقا بۈگۈنلا ئاتلىنىمەن.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دىدى ئەسئەت ھاياجانلىنىپ، — سىلەرنىڭ بۇغداي ئۇرۇغۇڭلار قانداق ئۇرۇق؟

— «كۇبانكا» بىلەن «چەنچاۋ».

— مېنىڭچە، «42 — 7303» نومۇرلۇق بۇغداي سورتىدىن ئىككى-ئۈچ مىڭ مو يەرگە تېرىپ كۆرسەڭلار، سۇبھىنىڭ تەجرىبە مەيدانىدا بۇ ئۇرۇق ئەڭ يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن، بۇنىڭدىكى تەلەپ: 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن بۇرۇن تېرىلىپ بولۇش كېرەك.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق.

— ئۇنداقتا، — دىدى ئەسئەت ھاياجان بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — ھەمرا ئاكا، كېلىشتۇق ئەمىسە، سۇبھىنىڭ

تەجرىبە ئېتىزىدا سىناقتىن ئۆتكەن ئەڭ يېڭى ئىلمي ئۇسۇللارنى سىلەرنىڭ دادۇيدە بىرىنچى بولۇپ كېڭەيتىمىز، بۇنىڭغا نىمە دەيسىز؟

— ھەممە كۈچۈم بىلەن قوللايمەن! — دىدى ھەمرا كۆزلىرىدىن شاتلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، — ئەسئەت ئەپەندىم، قانداق يېڭىلىق بولسا ئەكىلىۋېرىڭ، باش تارتماي قوبۇل قىلىمىز: دىمىسىمۇ باشقىلار قىلغاننى بىز نىمىشقا قىلالمايمىزكەن؟ مىسالى، بىزنىڭ ئويلاپ تاپقىنىمىز ئەزالارغا ئوغۇت سېلىقنى سېلىش، بىر ئائىلىگە ئون كۇپىمېتىر ئوغۇت سېلىق سالىمىز. ئاشۇرۇۋەتسە بىر كۇپىمېتىر ئوغۇتقا سەككىز نومۇر، ئەللىك فۇڭ نەق پۇل مۇكاپات بېرىمىز. ئورۇنلىمسا بىر كۆپمېتىر ئۇچۇن ئەللىك فۇڭدىن جەرىمانە ئالىمىز، بۇنىڭدىن باشقا خېمىيە ئوغۇت سېتىۋالىمىز، كۇنجۇرە ئىشلىتىمىز، قىممەتكە چۈشىدۇ، يېتىشمەيدۇ.

ئۇلار قىزغىن سۆھبەت بىلەن سالا ئېتىزلارنى ئارىلاپ خېلى ئۇزاق ماڭدى، كېتىپ بېرىپ ئەسئەت بۇغداي ئېتىزىدىن ئۆتكەندە تىراكتورنى توختىتىپ، يەرگە چۈشۈپ بىر تۇتام بۇغداي ئېتىزدىنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ يىلتىزلىرىنى ساناپ، ئۇزۇنلۇغىنى ئۆلچىدى، يىلتىزلار ئارىسىدىكى توپىنى پۇراپ باقتى ۋە ھەر خىل توپا تۇرلىرىدىن قول ياغلىغىغا تۇگۇۋالدى.

— يېرىڭلار ئالتۇن، — دىدى ئەسئەت بىر ھازادىن كېيىن قول تىراكتورغا چىقىۋېتىپ، — ھەمرا ئاكا، سۆبھەنىڭ تەجرىبە مەيدانىنى سىلەرنىڭ دادۇيگە كۆچۈرۈپ ئەكەلسەك قانداق دەيسىز؟

— ئەڭ مۇنبەت، سۇغا يېقىن يەردىن يۈز مو ئاجرىتىپ بېرىمەن، ئادەم، قورال دىگەننى قانچىلىك تەلەپ قىلسا شۇنچىلىك بېرىمەن. بىزنىڭ گۇڭشېنىڭ بىر تېخنىگى بار، گەپكە قويۇپ بەرسىڭىز بىر تاغارلاپ ئورىدۇ، ئەمما قىچا بىلەن زاغۇنىنى

پەرق قىلالمايدۇ. بىر كۈنى تېخى قوناق ئارىسىغا كۆك پۇرچاق
تېرىپ قوش مەھسۇلات ئالىمەن، دەپ ماڭا نۇختا سالغىلى
كەپتۇ. ماقۇل دېدىم. پۇرچاق تېرىدىم دەپ ئىككى مو يەرنىڭ
قونىقىنى يۆگىمەچكە باستۇرۇۋەتتى، نان قېپى، شۇ قاچقانچە بىزنىڭ
مەھەللىگە قەدەم باسمايدىغان بولدى. قايسى يىلىكىن، بىر يىلى
مۇشۇ ئەتراپقا «باغدال تېخنىك» دىگەن بىرسى پەيدا بولۇپ
قېلىۋېدى، كېيىن بىر قىزنىڭ... ھىم، ئىش قىلىپ شوخلۇق
قىلىپ قويۇپ ئاخىرى تىكىۋەتتى. بۇ يەردە بىر قېرى سۆگەت
بار، بىز ئۇنى «باغدال تېخنىك سۆگىتى» دەيمىز، نىمىشقا
دىسىڭىز، ھىلقى «باغدال تېخنىك» ئىتتىن قورقۇپ سۆگەت
ئۈستىدە تۈنەپتىكەن ئەمەسمۇ...

— ھىم... قىزىق ئادەمكەن-ھە؟ راستلا، بايا ئىتىڭىز
بارلىقىنى دىگەندەك قىلىۋىدىڭىز، باغلاقتىمۇ، قويۇقلۇقمۇ؟

— سىزمۇ ئىتتىن قورقامسىز ئەسئەت ئەپەندىم؟ ئىت
دىگەننىڭ يۈزدە تۆكى بار-دە. ئالىم بىلەن ئوغرىنى پەرق
قىلالمايدۇ، مانا مەھەللىگىمۇ كەلدۇق، ئاۋۇ ئۆستەڭ بويىدىكى
يېڭى ئاقارتىلغان ئۆي بىزنىڭ. قاراڭ كۈچۈكلىك بىزنى كۈتۈپ
تۇرۇۋۇشۇپتۇ...

## 8. مېھمان

ئەسئەت ئۈچۈن بۇ خىل ئولتۇرۇش كۆڭۈلسىز. يېزا
ئادەملىرى ئازراق ئېچىۋالدىمۇ بولدى، قىزىشقاندىن كېيىن ئاغزى
بېسىلمايدۇ.

— مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىچتۇق ئەمىسە!

— قېنى مېھمان، ھېچ بولمىسا لېۋىڭىزنى رومكا قىرىغا
تەككۈزۈپ قويۇپ ئۆزەمگە بېرىڭ!

— ئەمىسە، مېھماندىن بىردەم مۇھەببەت ئاڭلايلى. قېنى

مېھمان، ئېچىلسىڭىز!!

مانا بۇلار مېھماننىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئېيتىلغان چىرايلىق گەپلەر. لېكىن بۇ گەپلەر ئەسئەتنى كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ئۇ خۇددى چوغ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام: ئۇنىڭ گۈزەل ياشلىقى مۇشۇ يېزىدا تۇنجى قېتىم تۇرمۇش زەربىسىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ پەرىزىچە، نەق مۇشۇ بەزمە بولۇۋاتقان ياسىداق سارايىنىڭ ئورنىدا ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئىخلاس بۇۋى بىلەن بىللە بولغان ئىدى، ئۇلار دائىم ئۇچرىشىدىغان قېرى ئۈژمە ئەنە يازلىق ئوچاقنىڭ يېنىدا تېخىچە مەزمۇت تۇرۇپتۇ. ناۋادا ئادەملەر بولمىسا ئۇ ھېلىقى ياشلىقىدا دولىسىنى تىرەپ ئولتۇرىدىغان يەردە يەنە بىر قېتىم ئولتۇرۇۋالسا، قېرى ئۈژمە دەرىخىنى قۇچاقلىسا، كۆز يېشى بىلەن ئۇنىڭ قوۋزىقىنى نەمدىسە . . .

ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان، مىسكىن ئىدى. ھەمراننىڭ خۇشخۇي، چاخچاق بىلەن ئۇنى گەپكە تەكلىپ قىلىشلىرى، يېزا يىگىتلىرىنىڭ بىر بىرىنىڭ لەگەنلىرىنى ئىما قىلىپ چاخچاقلىشىپ كۈلۈشلىرى، سازچىلارنىڭ ناخشا ـ مەرغۇللىرى ياكى ھەمراننىڭ ئۇنى: «ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى يېزا ئىگىلىك ئالىمى» دەپ تونۇشتۇرۇشلىرى ئۇنى مىسكىنلىكتىن زادىلا ئازات قىلالمىدى. ئۇ بىرلا ئىشنى خىيال قىلاتتى: ناۋادا ئاشۇ بەختسىزلىك بولمىغان بولسا ئۇنىڭمۇ ھازىر ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىسى بولماسمىدى؟ ئۇ ھازىر نە ئۆي، نە پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى، بۇ خىل يىگانە ھايات كەچۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاپلىق ۋە مەنىسىز تۇيۇلمايتتىمۇ؟ . . .

ئۇ، ئۈژمە دەرىخى تۈۋىدە بولغان ئۇچرىشىشلارنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ كۆڭلىنى كۆتەرمەكچى بولۇپ پېشانىسىنى بارماقلىرى بىلەن تىرىگەندە ھويلىدا موتوتسىكلىت ئاۋازى، ئاندىن كېيىن كۈلكە، مەسلەرنىڭ قوپال تىل ـ چاخچاقلىرى ئاڭلاندى.

ئارقىدىنلا ئۆيگە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ چوڭ سالام بىلەن نۇرمەھەممەت كىرىپ كەلدى:

— غاچچىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالاي، مەيدان رەھبەر-لىكى ئاشۇجىنىڭ شەخسەن ئۆزى ۋە مەيدان پارتكومى، مېنى بۇ يەرگە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى، ئاستىمدىكى موتوتسىكلىت، ئۈستۈمدىكى ۋەزىپە، ئاغزىمدىكى گەپ ھەممىسى ئاشۇجىنىڭ ئاغىنىلەر، ئىككى تەلىۋىم بار: بىرىنچىدىن، قۇربانلىق قوي توغرىسىدا قولىغىمغا پىچىرلاشقا رۇخسەت يوق، ئىككىنچىدىن، خۇشكەتنى قوبۇل قىلغۇچىلىكىم يوق.

— بولدى ھوي، سىنىڭ ۋەزخانەڭ ئەمەس بۇ!

— تىزدا جان قالمىدى، ھوي!

— چاچىمەن جۇمۇ مۇنۇ رومكىدىكىنى!

ئۇنىڭ يېقىنلىرى تەرەپ-تەرەپتىن جۆنگەندىن كېيىنلا ئۇ بىر كۈلۈۋېتىپ، يۇقۇرىغا، ئەسئەتنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. ئىككى مېھمان سوغاقلا سالاملاشتى، رومكا يەنە ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن، باياتىن ئەسئەتكە تەنۇر قاراپ ئولتۇرغان نۇرمەھەممەت بىردىنلا ئەسئەتكە ئۆرۈلدى:

— قانداق، ئەسئەت ئاكا؟

— ياخشى.

— نىمە ياخشى؟

— مىجەزىم ...

— ھىم، بىلەمسىز، مەن يېقىندا شاگىرتىڭىز بىلەن توي قىلىمەن، خوشالمۇ سىز؟

— بىمەنە گەپ.

— خاپىمۇ سىز؟

— بەلكىم ...

— يېزىلىقلار گەپنى ئۇتتۇرىسىغىلا قىلىدۇ: مەن بار يەردە سىزگە ھۆرمەت ئاشمايدۇ، ئاۋام شۇجىنىڭ تاپشۇرۇغى، غىلمان

ھاكىمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ... بىر كۈنى سىز بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن، تېخى!

ئەسئەتنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، ئۇ يىگىرمە بىر يىلدىن ئاۋالقى ئىشنىڭ تەكرارلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئۇ نۇرمەھەممەتنىڭ ھەمرانىڭ قۇلىغىغا:

— بۇ ئادەم غىلمان ھاكىمغا ساقال تاشلاپ ... — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، ھەمرا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن باستى-دە:

— ئاۋام شۇجىنىڭ ئەلچىسى بۇ خىل گەپلەرنى قىلامدۇ؟ ئولتۇرۇشنىڭ گېپى بولماي قالدى، نۇرمەھەممەت! — دېدى.

ئەسئەت كوچىغا چىقتى، ئايدىڭ، سالقىن شامال، ئەجەپ كۆڭۈللۈك كېچە، ئۇ توت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى، بۆك-باراقسان باغلاردىن گۈپۈلدەپ كۆزلۈك ئالمىلارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قوش قانات ئىشىكلىك بار ئۆيلەر كەڭ-ئازادە كوچىلارغا ياراشقان، بۇندىن يىگىرمە بىر يىل بۇرۇنقى دەرەخسىز تار، ئەگرى-بۈگرى كوچىلار، بىر بىرىگە ئۆگزىلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، تۆپە پەنجىرىلىك ئۆيلەر ئىزناسىز يوقالغان. شۇنداق، يېزا تونۇغۇسىز بولۇپ ئۆزگەرگەن. پەقەت شۇ يىللارنىڭ خاتىرىسى — يۈرەك يارىسىلا ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىمۇ شۇ يىللاردىكىدەك ئەنسىز ۋە تېز-تېز ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلمەس ياشلىقىنى، ياشلىقتا ئۆتكەن ئونتۇلۇسىز ئىشلارنى قايتا-قايتا ئەسلەپ، كوچىدا خېلى ئۇزاق ماڭدى.

ئۇنىڭ يېنىغا جۇۋىغا يۆگەنگەن بىر بوۋاي يۆتىلىپ-قېقىلىپ يېقىنلاپ كەلدى:

— ئىچمەيدىغان ئوخشىمامسەن، كوچىغا چىقىۋاپسەنغۇ؟

— ئىچەلمەيمەن.

— چەكتۈرمەمسەن، قېنى؟

— چەكمەيمەن.
— سوپىكەنسەن-دە، نەدىن بولسەن ئۆزەڭ؟
— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن.
— ھىم... غىلمان ھاكىمنى بىلىدىغانسەن؟ ئالتۇنىدەك خوتۇن، ھەر ئايدا ماڭا پۇل ئەۋەتىدۇ، «كۆزەتچى مەتقۇل سەپراغا تەگسۇن» دەپ توپ-توغرا مۇشۇ ماگىزىنغا سالىدۇ. بەش ئاي بولدى، ھەر ئېيىغا يىگىرمە سومنى پۇدىمەي سوقۇۋاتىمەن. تۇۋا، بۇ ھاكىم ماڭا ئوخشاش ئىگە-چاقىسىز، ھەم ئىچىدىغان، ھەم چېكىدىغان سەپرا قېرىغا قانداقمۇ ئىچ ئاغرىتىپ قالغاندۇ؟ ئۇ ھاكىمنى بىر كۆرۈپ ئىنساۋىغا دۇئا قىلاي دىسەم ئورنى بولمايۋاتىدۇ، بىز دىگەن پىششىق قوغۇن، بىر تىنىقتىن قالساقلا ئۇ دۇنيانىڭ ئادىمى...
ئەسئەت بوۋايغا قىزىقىپ قالدى:
— سىزنىڭ بالا-چاقىڭىز بولغانمىدى؟
— نەدىكىنى! — دىدى بوۋاي ئەسنەپ قويۇپ، — ئىككى قىزى بار بىر جۇگاننى ئېلىۋىدىم، ئىخلاس دىگەن چوڭ قىزى دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئانىسى بالا كۆيۈكىدە، سىل بولۇپ ئۆلدى، كىچىگى قارىمايلىق بىر ئىشچى بىلەن قېچىپ كەتتى. نەدىكىن تاڭ؟...
— ئىخلاس دىگەن قىزنىڭ قەۋرىسى ئانىسىنىڭ يېنىدىمۇ؟
— نەدىكىنى، — دىدى بوۋاي قاتتىق بىر ئەسنىۋېلىپ، — ئۆلۈكى تېپىلمىسا نەدىكى قەۋرە ئۇ!؟
ئەسئەت ئۆي تەرەپكە مېڭىۋىدى بوۋاي:
— ھەي بالام، ھىلقى «باغدال تېخنىك» نى تونامسەن، ئۇنىمۇ ئۈرۈمچىدە دەمدۇ، شەھەردە دەمدۇ، بار ئوخشايدۇ، ئېيتىپ قوي، مەتۋاقى سەپرا ئەمدى ئۇنىڭغا كايىمايدۇ. بىزنىڭ قىزنىڭ مەيلى بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق شوخلۇق قىلغان-دە، ھامىنى بىر ئۆلۈم، ئوتتا ئۆلدى نىمە، سۇدا ئۆلدى نىمە، ئوقتا ئۆلدى

نىمە، شوخلۇقتا ئۆلدى نىمە، ھەممىسى بىر ئۆلۈم. بىكارلا ئۇنى كالتەكلەيمەن دەپ تەزدۈرۈۋەتتىم. بولمىسا يوقلاپ تۇراردى. كۆرسەڭ ئېيتىپ قوي، كۈندۈزى بىكارچىلىقتا قوغۇن تېرىپ قويغان، تازا ئوخشىدى، چىقىپ يەپ-ئىچىپ، يۈرۈپ كەتسۇن.

ئەسئەت ئاقكۆڭۈل بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بىئارام بولدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى كۆرسىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن تېرەكلەر سايىسىغا ئالدىراپ ماڭدى.

— ھەي بالام، ھەمراغا ئېيتقىنا، ئىككى سەر چىقىرىۋەتسۇن، پىششىق گۆش بولسا ئۇنىمۇ ئايىمىسۇن، گۈزەتچىلىك قىلمىغان بولسام تۆرىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالاتتىم. ماگىزىن دېگەنمۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم جايى، ئۇخلىساڭمۇ تاپىسغا بېشىڭنى قويۇپ ئۇخلىمىساڭ بولمايدۇ. نەدىكى ئۇيقۇ ئۇ؟... بەزىدە خۇدايىم بىلەن، بەزىدە ئۆلگەن ئايالىم، ئۆگەي قىزىم بىلەن سۆزلىشىپ تاڭ ئاتقۇزىمەن. بۇ دۇنياغا بىر يارالدىم، بىر ئۆيلەندىم، ئۆگەي بولسىمۇ خۇدايىم ئىككى قىز بېرىۋىدى، دۆلەتنى مەندىن ئايىدى، نېسىپ بولمىدى.

ئەسئەت، بوۋاينىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالمىدى، ئۇ قاتتىق يۆتەل بىلەن گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى-دە، قولىدىكى تايىقىنى نىمگىدۇر ئۇرۇپ تاكىلداتتى.

ئەسئەتنىڭ مېڭىسىگە يېڭى بىر سوئال كىرىۋالدى: «ناۋادا غىلمان ھاكىم راستىلا ئاشۇ ئىخلاس بولۇپ قالسىچۇ؟ بولمىسا نىمشقا ئۇنىڭ ئۆلۈكى تېپىلمىدى؟ نىمىشقا بۇ تونۇمايدىغان بوۋايغا پول ئەۋەتىدۇ؟!» ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل كۆرۈنمەيدىغان ئوتنىڭ تەپتى ئۆرتىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى كۆكرىكىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق تېپچەكلىدى: «بۇ بىر يېڭى تېپىشماق، بۇ تېپىشماقنى راھەتكە يېزىپ ئەۋەتىمەن، ئۇ چوقۇم توغرا يېشەلەيدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆيگە كېتىۋېتىپ.

## ٩. رەددىيە

كۈچلۈك ھاياجان خۇددى ئىچىملىكتىن كېيىنكى كەيپىلىككە ئوخشايدۇ. ئۇ چاغدا ئادەم ھەر قانداق قارامىلىقتىن يانمايدۇ.

ئەسئەتنىڭ ئەس-خىيالى ئەمدى غىلمان ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈش، ئوچۇق-يورۇق سۆزلىشىشتە ئىدى. «ھەممىنى بىلىمەن. سىز غىلمان ئەمەس، ئىخلاس، مۇنۇ سۇبھى مېنىڭ قىزىم، ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، سوقچاق يۈز قۇرۇلۇشى مېنىڭ قىزىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرسا، يەنە نىمىشقا گەپ يورغىلىتىسىز، دەيمەن، ناۋادا ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسا مەن يىگىرمە نەچچە يىللىق بۇرۇختۇملۇقنى ئاخىرلاشتۇرىمەن-دە، ياشلىقىمغا قايتىمەن. ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيىمەن، قالغان ئۆمرۈمنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزىمەن. كېچىكىپ كەلگەن بەختتۇ لەززەتلىك، دىمەك بەخت كۆرۈنمەكتە، ئۇنى ئەمدى قاچۇرۇۋەتمەيمەن» دىگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى، ئۇ تاڭنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ.

ئۇ، يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئورنىدىن تۇردى-دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھەمرانىڭ ھويلىسىدىن چىقتى، قونغان ئۆيدە ناشتا قىلىش ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېتىز يوللىرى بىلەن مەيدان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، سېنتەبىرنىڭ شەبنەملىك سەھىرى ئۇنىڭ يوللىرىغا ئۈنچە-مارجان چېچىپ كۈتۈۋالدى، چېپىقتىن كېيىن كۆكلەپ چىققان يۇمران ئوت-چۆپلەرنىڭ بەرگىدىكى بۇ ئۈنچە-مارجانلار ئۇنىڭ يولىغا، ئاياقلىرىغا تۆكۈلدى. ئۇ، ياۋا گۈللەر مەڭزىگە قونغان رەڭدار ئۈنچىلەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ سۆيدى. ئېرىقلاردا شىلدىرلىشىپ، سۈزۈك تاشلارنى چاقنىتىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى بىلەن يۈزىنى يۇدى. مەجنۇن تال ۋە جىگدىلەر شېخىدا چۇرۇقلىشىۋاتقان

قۇشلارغا قاراپ ھەۋەس بىلەن كۈلدى. بۇلاق سۈيىدەك تاڭ سۈبھىسى ئارىسىدىن بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خەيرلىك ئىزلىدى...

بەختىنى ھاياجانلانغان ئادەمگە ھەممىلا نەرسە يېڭى ۋە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئادەمزاتسىز كەڭرى ئېتىزلار گەرچە ئايىقىن-سايىقىن بولسىمۇ ئەسىئەتنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر چىۋەر قول ھەممىلا نىمىنى جاي-جايىغا تىزىپ چىققاندەك، خامانلار-دىكى چېچىلىپ ياتقان سامان-پاخاللار، يوللاردا تولا دەسسىلىپ رەڭگىنى يوقاتقان ئوت-چۆپلەر، چالا چۈشۈرۈلگەن باشتەك كۆرۈنىدىغان، يېرىمى ئۆرۈلۈپ، يېرىمى ئۆرە تۇرۇۋاتقان قوناقلىقلار، ۋاقتىسىزلا ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇق، ئۇنىڭ بوراندا قىيشايغان بارىڭى، مالغا تولغان ئېكىنزلىق، ئات ئۈستىدە جۇۋىغا ئورىلىپ ئۈششۈك چۆچىسىدەك شۈمشىيىۋالغان ئاتچى... كۆزگە كۆرۈنگەن ھەممىلا نەرسە گويا يارىلىشتىنلا ئاشۇنداق گۈزەلدەك بىلىنىدى...

ئۇ كۈچلۈك ھاياجان بىلەن مەس بولۇپ ئالدىراپ مېڭىپ سۈبھىنىڭ دەرىزىسىگە يېتىپ كەلدى: «قىزىم، — دىدى ئۇ ئىچىدە، — بىلىۋاتامسەن، سېنىڭ ئۆز داداڭ دەرىزەڭدە تۇرۇپتۇ. ئۇ، سېنىڭ نەپەس ئېلىشلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ، سېنىڭ بەختىڭگە تىلەكداش، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتى ساڭا بەخت تىلەش بىلەن ئۆتىدۇ...»

دەرىزە ھىم يېپىلغان، پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ قولىغىنى يېقىپ تىڭشىدى، ئاندىن كېيىن تاقەتسىزلىك بىلەن دەرىزىنى چەكتى.

— كىم؟ — قىزنىڭ ئاۋازى، ئالدىراپ ئاياق كىيىم ئىزلىگىنى، كارۋاتتىن چۈشكىنى ئاڭلاندى.

— بۇ مەن، سۈبھى قىزىم! — ئەسئەت تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

— سىز ئەسئەت ئاكامۇ؟ — قىز دەرىزىگە كەلدى ۋە پەردىنى قايرىدى.

— ياق، مەن!

— سىزغۇ، نىمىشقا ياق دەيسىز، ئەسئەت ئاكا؟

— ياق، ئاكىڭىز ئەمەسمەن، مەن سىزنىڭ ئۆز دادىڭىز!

— نىمە؟ ئەمدى سىزمۇ مەس ئادەمدەك كەلسە-كەلمەس گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدىڭىزمۇ؟ — قىز خۇددى بىرسى يۈزىگە سوغاق سۇ چاچقاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، مەن سىزنىڭ دادىڭىز، ھازىر ھەممىنى بىلىسىز... ياق، راست گەپنى دەۋاتىمەن.

— نىمە قىلىق بۇ!؟ — دىدى قىز تىترىكىپ، — خەق كۆرسە نىمە دەپ ئويلايدۇ، توۋا، — قىز پەردىنى قايتا چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئەسئەتكە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ غودۇڭشىدى، — توۋا، نۇرمەھەممەتنىڭ دىگىنى راستكەندە، بۇ ئادەم راستلا ئاپامغا...

— سۇبھى! قىزىم...

ئۆيدىن ئەمدى ئاۋاز چىقمىدى، ئەسئەت خېلىغىچە تىڭشاپ تۇردى. بىرئازدىن كېيىن بىردىنلا قىزنىڭ ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقىنى ئاڭلاندى.

ئەسئەت ئۈچۈن خۇشاللىق تۇيۇلغان بۇ ئىش قىز ئۈچۈن ئۇياتلىق ۋە ئازاپلىق بىلىنگىنى ئەسئەتكە ئەلەم قىلدى. ئۇ: «مەن ھىس قىلغاننى سۇبھىمۇ ھىس قىلىدۇ، قىزىم دىسەملا، دادا دەپ جاۋاپ بېرىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن قىز ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن ئېيتقان سۆزىنى سوغاق كۆز يېشى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەسئەت كەينىگە قايرىلدى-دە، دەرىزە يېنىدىكى سېرىنگۈل شېخىنى كۈچ بىلەن سىقىمدىدى»...

«سەۋر كېرەك ئىدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ياتىغىغا قايتىپ، بېشىنى غىجىملاپ تۇتۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كېلىپ، — ئۇنىڭ ئۆز دادىسىنى بىلمەسلىكى ئەجەپلىنەرلىك

ئەمەسقۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە غىلمان — ئاشۇ ئىخلاسمۇ؟ بۇنى مېنىڭ ھۆكۈم قىلىشىم بىلەن مۇقىملاشتۇرۇشقا تېخى ئەتىگەنمۇ؟ ...»

ئۇنىڭ خىيال بىلەن قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى ئۆزىگە بەلگىسىز، ئىشىكنى چەكمەيلا ئۆيگە بىرسى كىرىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— بەلكى، ئەسئەت ئەپەندىم، — دېدى ئۆيگە تۇيۇقسىز، ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ھەمرا، — بۇنداق قىلارىڭىزنى بىلگەن بولسام ئىتنى قويۇۋەتكەن بولاتتىم. ھىلىھەم بولسىمۇ ئەتىگەنلىك چايغا بىزنىڭكىگە بارسىز، مەن نۇرمەھەممەتنىڭ "پوت پوتى" بىلەن كەلدىم، يۈرۈڭ. مىنگىشىڭ!

— ئەپۇ قىلىڭ، ھەمرا ئاكا، — دېدى ئۇ تەستە كۈلۈمسىرەپ، — ئەتىگەندە ئېتىز ئارىلاپ يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن، ئولتۇرۇڭ، مۇشۇ يەردىلا ناشتا قىلايلى-دە، ئاۋامنىڭ يېنىغا كىرىپ سۆبھىنىڭ تەجرىبە مەيدانىنى سىلەرنىڭ دادۇيگە يۆتكەش توغرىلىق سۆزلىشەيلى.

ئەسئەت ھەمرانى باشلاپ ئاۋامنىڭ ئۆيىگە ئەمەس ئىشخانىسىغا كىردى.

ئىشخانا ھەشەمەتلىك ئىدى، دەرىزىسىگە گۈل قاچىلىرى قويۇلغان، بىر ئۇزۇن كىرىسلو، يەنە بىر كىشىلىك بىر جۈپ كىرىسلو قويۇلغان، يېزىق ئۈستىلىنىڭ بىر چېتىگە يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇق، يەنە بىر چېتىگە ئەينەكلىك چوڭ ئىشكاپ قويۇلغان. ئۈستەلدە تېلېفون، تىكلىمە كالىندار، ھەر خىل سىيا دۈۋەتلىرى تۇراتتى. ئاۋام ئورۇندۇققا تاشلىنىپ كېرىزىت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئىكەن، مېھمانلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى.

— ھە، ھەمرا ئاكا، ئاخشام ئولتۇرۇشۇڭ قىزىدىمۇ، ناھىيىدىن رازىيوپ مۇدىر كەلگەن ئىدى. بارالمىدىم، قانداق يولداش ئەلئسئەت، ئۇلار سىزنى ئىچىشكە زورلاشتىمۇ؟

— زورلاپ - زورلاپ ئۆزلىرى ئىچىشتى، — دېدى ھەمرا كۈلۈپ، — سىزنىڭ ۋەكىللىكىڭىز ياخشى ئولتۇرۇپ بەردى.

— نۇرمەھەممەتمۇ؟ — دەپ كۈلدى ئاۋام قىزىقىپ، — ئاۋارە قىلمىغاندۇ؟ ئىچىۋالسا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ، لېكىن قولىدىن ئىش كېلىدۇ، يارايدىغان يىگىت، ئۇنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۆھپىسى چوڭ، بىزنىڭ نەسىللىك بۇقا، قوشقار، ئايغىرلىرىمىز پۈتۈن ناھىيىدە داڭلىق، ئىككى ئايلىق موزايلىرىمىزنىڭ ئەركەكلىرىنى يەتتە - سەككىز يۈز سوم، ئۇرغاچىلىرىنى تۆت - بەش يۈز سومغا تۇتقۇزماي ئالىدۇ. بىزنىڭ مەيداننىڭ كالىدىلىرى ھازىر پۈتۈنلەي سار قولاق، ئالاتاۋسىكى ئارغۇن بولۇپ كەتتى. ئاق قويىمىزنىڭ ئوتتۇزيەتتە كىلو يۇڭ بەرگەنلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ تېخنىكىسىنىڭ ئۇستىلىقىدىن ھەتتا بىزنىڭ مەيداننىڭ توخۇلىرى چېغىدا ئاپەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەتراپتىكى گۇڭشېلارنىڭ توخۇلىرى قىرىلىپ بولغان يىللىرى ھەممىلا ئادەملەر بىزنىڭ توخۇ فېرمىمىزدىن چۆجە سېتىۋالىدۇ.

— ماختاۋەرمىگىنە، — دېدى ھەمرا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ماختىغان بۇقا بىلەن ئارغىماقلىرىڭ سىلەرنىڭ مەيداندىن ئۆتۈپ بىزنىڭ دادۇينىڭ زىرائەتلىرىنىمۇ دەسسەپ - چەيلەپ رەسۋا قىلدى. سۇبھى قىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم ئەرز سۇنىدىكەنغۇ؟

— چاخچاق، ھەممىسى چاقچاق، — دېدى ئاۋام كۈلۈپ قويۇپ. — نۇرمەھەممەت ئۇ قىزنىڭ تولا چىشىغا تېگىدۇ، قانداق قىلىدۇ؟ ئاشۇ قىزغا ئاشىقكەن، ئۇنىڭ ئىككى قېتىم ئۆيلەنگىنى بولمىسا سۇبھىنىڭ راسا لايىغى ئىدى. سۇبھى نادان قىز، چىچاڭشىيدۇ، بىراق قىز بالا دېگەن چىچاڭشىپ چىچاڭشىپ پەس كويىغا چۈشىدىغان گەپ، مەن نۇرمەھەممەتكە ئاتا بولۇپ ئىلمان ھاكىم بىلەن سۆزلەشتىم، رەھبەرلىك بىرلىككە كەلسەكلا ئۇ قىزنى كۆندۈرىمىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەسئەتنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى:

— بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئاشۇ سۆبھى توغرىلىق پىكىرلەشكىلى كىردۇق، — دېدى ئەسئەت گەپنى ئۆز مەقسىدىگە بۇراپ، — ئۇنىڭ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، تۇپراقنى ياخشىلاش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. مەن شەخسەن ئاشۇ قىزنىڭ ئەمگىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈنلا كەلگەن. ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئەمدىكى گەپ، سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبىلەرنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ بايلىق يارىتىش، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە ياخشىراق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش، ئەمما بۇ ئىككىلا ئىش سىلەردە تازا ياخشى قوللاشقا ئېگە ئەمەسكەن. مەسىلەن، بۇغداينى بىدە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، بىدىنى ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاغدۇرۇپ بۇغداي تېرىش ئىشلىرىغا سىلەر قوشۇلمايدىكەنسىلەر...

— توختاڭا، — دېدى ئاۋام تاقەت قىلىپ تۇرالماي، — قوللاشقا ئېگە بولمىغان بولسا سىز ئېيتقان نەتىجىلەر نەدىن كەپتۇ؟

— تەجرىبە ئېتىزى سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا بىر زىننەت بۇيۇمى ئىكەن، — دېدى ئەسئەتمۇ خاپا بولۇپ، — ئىلىم بىرەر ئورۇننىڭ، بىرەر شەخسنىڭ ئابرويىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ جەمئىيەتكە ماددى بايلىق يارىتىدىغان نەرسە. سىلەرنىڭ ھەممىڭلار دوكلادىڭلاردا «ئىلمىي تېرىقچىلىقنى چىڭ تۇتتۇق، مۇنداق سورت، ئۇنداق كەشپىيات بارلىققا كەلدى» دېگەن سۆزلەر باركەن. لېكىن بۇ سورت، كەشپىياتلار تەجرىبىخانىدىن ئېتىزغا كۆچمىگەن. ئەمەلىيەتتە قوللىنىشقا كەلگەندە پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى بولغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدىكەن.

— خوش، شۇنداق بولسۇنمۇ دەيلى، سىز زادى نېمە

دىمەكچى؟

— دىمەكچى بولغىنىم ناھايىتى ئېنىق: سىز قوبۇل قىلالمىتغانىنى ھەمرا ئاكا پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىماقچى، بىز سۈبھىنىڭ تەجرىبە ئېتىزىنىمۇ ھەمرا ئاكىنىڭ دادۈيگە يۆتكەيمىز. ھەمرا ئاكا بۇ يىلقى سەككىزمىڭ ئالتە يۈز مو يەرگە تېرىلىدىغان كۈزگى بۇغدىينى بىزنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشىمىزغا تولۇق تاپشۇرۇپ بەرمەكچى، بىز ھەمرا ئاكىنىڭ دادۈيدە ئىلمىي تېرىقچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، كېلەر يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن ناھىيىدە، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىدا قوللانماقچى!

— نىيىتىڭىز ياخشى، غەيرىتىڭىز چۈشىنىشلىك، — دېدى ئاۋام ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — لېكىن كىمنى قەيەرگە يۆتكەشنى، قەيەردە، نېمە قىلىشنى پارتكوم بەلگىلەيدۇ، بۇنى سىز بەلگىلەپ بېرەلمەيسىز! سۈبھى بىزنىڭ مەيدانىنىڭ ئادىمى، ئۇنى سىز ئەگەشتۈرۈپ كەلمىگەن!

ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلدىكى دۆۋەتلەرنى ئۇياق-بۇياققا يۆتكەپ قويدى، ئۇنىڭ قوللىرى تىترىمەكتە ئىدى.

ئەسئەتمۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنىڭ ئۈستىلى يېنىغا كەلدى ۋە سالماقلىق بىلەن:

— پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن ئىلىم-پەننى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىسىڭىز خاتالىشىسىز، يولداش ئاۋام، بىزنىڭ پارتىيىمىز قۇرۇق جۇۋا تاراقلىتىدىغانلارنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتمىدى! — دېدى.

ئاۋام ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى، ئەسئەتمۇ غەزىۋىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، ھەمرا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن:

— نېمە بولدۇڭ، ھوي ئاۋام، قويساڭا ئۇكام، سۈبھىنى بەرمىسەڭمۇ بەرمە، تەرىڭنى تۈرمىگىنە، ساڭا باشقا ئىشتا بىر تېيىنلىق ھاجىتىمىز يوق، ئاشۇ قىزىڭنىڭ ئەمگىكى ئوبدانراق تەن قويسۇن دېگىنىمىز-دە. بولدى، يۈرۈڭ ئەسئەت ئەپەندىم،

قالغىنىغا بىز بارغۇ! — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئەسئەت بىلەن ھەمرا كۆڭۈلسىزلا قايتىپ چىقىشتى. «مانا قارا، ياخشى نىيەت ئۈچۈن ئىككى قېتىم رەددىيىگە ئۇچرىدىم. ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ خوشاللىقىم ئىدى. بىر ئادەمنىڭ خوشاللىقى يەنە بىرلىرىنى خاپا قىلىدىغىنى ئەجەپ-ھە؟ نېمىشقا خوشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ ئۇمۇملۇغى يوقكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ھەمرانىڭ دادىيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ.

## 10. مايسىلار

ئەسئەت بىلەن ھەمرا بۇغداي مايسىلىرى تەپ تەكشى ئۈسۈپ چىققان سالا ئېتىزلارغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. باش كۈزنىڭ لەرزان شامىلى كۆپ-كۆك مايسىلارنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە.

— مانا قاراڭ، ئىلمىي ئەمگەكمىزنىڭ تۇنجى بەخلىرى، — دېدى ئەسئەت ھاياجانلىنىپ.

— راست ئېيتتىڭىز، تېخنىكىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە بۇرۇندىنلا قايىل ئىدىم. كېلەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىشىمىزدا گەپ يوق، بولىدىغان ھوسۇل كۆكىدىن مەلۇم، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەسئەت ئەپەندىم!

شۇ چاغدا يولنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئاخىرقى بىر پارچە سالا ئېتىزغا ئۇرۇق سېلىۋاتقان سىيالكا ئېتىز بېشىدا توختىدى. سىيالكىنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، ئۇرۇق، ئوغۇت ۋە بىدە ئۇرۇغىنىڭ چۈشۈش ئەھۋالى، سىيالكا دىسكىلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلاتقانلىغى قاتارلىق ئىنچىكە ئىشلارنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان سۇبھى ئەسئەت بىلەن ھەمرانى كۆردى-دە، سىيالكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇدۇل ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، بېشىغا نېپىز ھاۋارەڭ ياغلىق ئوراۋالغان، قاپ-قارا

چاچلىرىغا نەپىز بىرقەۋەت ئېتىز چاگلىرى قونغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىللىق تەبەسسۇم ئەسئەتنى بولەكچىلا خوشال قىلدى:

— قاراگا، سۇبھى قىزىم! — دىدى ئىختىيارسىزلا «قىزىم» دەپ ۋاقىراپ، — مايسىلار خۇددى يېشىل ئەتلەسكە ئوخشاپ كېتىپتۇ!

سۇبھىنىڭ مايسىلارغا زوق بىلەن قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئەسئەت ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى، بىر خىل يوشۇرغىلى بولمايدىغان هاياجان، ئاتىلىق مېھرى ئۇنى ئالدىغا ئۈندەيتتى، مەيلىچە بولسا ئۇ قىزنىڭ چاچلىرىنى سىپاشقا، يۈزىدىكى چاڭ - توزاڭنى سۈرتۈشكە، پىشانىسىدىن سۆيۈشكە تەييار ئىدى. لېكىن قىزنىڭ قايسى كۈنكى يىغىسى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى - دە، توختاپ قالدى:

— سىزنىڭ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن مول مەھسۇلاتلىق ئۇرۇغىڭىز مايسىغا ئايلاندى، ئەنە قاراڭ، مۇنبەت تۇپراق ئۈستىگە يېشىل كىمخاپ بولۇپ يېپىلماقتا. سىزنى تەبرىكلەيمەن، سۇبھى!

سۇبھى قولياغلىقى بىلەن ئاغزىنى توساپ چوغدەك قىزاردى:

— سىزنى تەبرىكلەيمەن ئەسئەت ئاكا، سىزنىمۇ تەبرىكلەيمەن ھەمرا ئاكا، سىلەر بولمىساڭلار مېنىڭ تەجرىبە ئېتىزىمنىڭ مۇۋلىرى بىرىنچىدىن، كەڭ ئېتىزغا چىقالمايتتى، ئىككىنچىدىن، يېشىل مايسا بولالمايتتى، ئۈچىنچىدىن...

— بىزنى بۇنچىۋالا خوشال قىلالمايتتى دىمەكچىمۇ سىز؟ — دىدى ئەسئەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، قىز ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ كۈلدى.

— قېنى، مايسىلارنىڭ قويۇق - شالاڭلىقىنى كۆرەيلى، يۈرۈڭلار، — دىدى ھەمرامۇ خوشال بولۇپ، — بىللەرمۇ ئۈندىمىكىن!

ئۈچەيلەن ئېتىزلىقتا كېلىپ قۇر - قۇر ئۈنگەن بۇغداي

مايسىلىرى يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. يۇمشاق، ئۇستى ئاقىرىشقا باشلىغان نەم توپىدىن خۇددى قارىغاي ياپرىقىدەك يىڭنە بولۇپ ئۈنۈپ چىققان بۇغدايلار تەكشى ۋە جانلىق ئىدى. مايسىلار خۇددى قول بىلەن تىكىپ قويغاندەك يارىشىملىق، بەزىلىرى ئىككى قۇلاق، ئۈرۈك قاسىرىقىنى قالپاق قىلىپ كىيىۋالغان بىدە مايسىلىرىمۇ ئۆز قۇرىدا تەكشى ۋە تىزىپ قويغاندەك رەتلىك تۇراتتى. ھەمرا بىر تال بىدە مايسىسىنى چىمدىپ يۇلۇۋېلىپ ئالقىنىغا قويۇۋىدى، سۇبھى خۇددى بېشىدىن بىر تال چېچىنى يۇلۇۋالغاندەك سىلكىندى-دە:

— ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ، نىمانچە يۈرىكى تاش ئادەمسىز؟ — دېدى. ھەمرا ئەسئەتكە قارىدى:

— كۆردىڭىزمۇ، بۇنىڭ ئاچچىقىغا ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ.

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. شۇ چاغدا يىراقتىن بۇقىنىڭ توپا توزىتىپ ھۆكىرىگىنى ئاڭلاندى.

— مانا، نورمەھەممەتنىڭ قىرغۇچى تانكىلىرى! — دېدى ھەمرا غەرپ تەرەپكە ئۇزاق قاراپ، — ئاچچىقىڭىزنىڭ كۈچىنى ئەمدى كۆرسىتىڭ، قىزىم.

تىراكتورچى بىلەن سىيالكا باشقۇرۇۋاتقان ياش يىگىت ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، تىراكتورچىنىڭ قولىدا كۈلۈچ بار ئىدى.

— بىر، ئىككى... ئون تۆت، ئون بەش...پاھە ئون ئالتىنى ھۆكىرىندى. — دېدى سىيالكا باشقۇرغان يىگىت بۇقىنىڭ ھۆكىرىشىگە زوقلىنىپ، — بۇنداق نوچى بۇقىنى ھېچنەدىن تاپالمايسەن جۇمۇ، يالقۇن، ئون ئالتىنى ھۆكىرىگەن بۇقىنى كۆرمەك تۈگۈل ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— ھېچ قىزىقى يوق ئىش، — دېدى يالقۇن ئىسىملىك تىراكتورچى يەر ئاستىدىن سۇبھىگە بىر قاراپ قويۇپ، — سەنزە رەخىم، خوراز، ئىت، ئايغىر، بۇقىدىن باشقىنىڭ گېپىنى

قىلمايسەن - دە!

شۇ چاغدا ياپال مۈڭگۈزلۈك بۇقىنىڭ توپىغا مىلەنگەن بېشى قىرغاقتا پەيدا بولدى. بۇقا سۈرلۈك پۇشۇلداپ ئېرىقتىن ئۆتتى - دە، بۇغدايلىققا كىردى:

— هوش، هوي ئىمانسىز، هوش! — سۇبھى بۇقا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. قىزنىڭ قولىدا نە تاياق، نە تاش يوق، ئۇ توخۇ قورۇغاندەك قولىدىكى ئاق ياغلىقنى لەپەڭشىتەتتى.

ئەسئەت ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇردى. ھەمرا بىلەن تىراكتورچى يىگىتلەر قىزنىڭ كەينىدىن دەرھال يۈگۈرۈشتى. بۇقا بۇغداي مايسىلىرىنى ئالدى ئاياقلىرى بىلەن ئاتىلاپ - تۇزۇتۇپ، مۈڭگۈزى بىلەن تىتىپ تىلغاپ كاردىن چىقىرىپ، ھەيۋە بىلەن ھۆكىرىمەكتە ئىدى. قىز بۇغداي مايسىلىرىنىڭ نابۇت بولغىنىنى كۆرۈپ بۇقىنىڭ ھەيۋە بىلەن كۆز ئالايتىپ ماي تارتقىنىنى، پۇشۇلداپ ئېتىلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىنى ھىساپقا ئالمىدى. ئۇ بۇقىغا قاراپ ئۇتتۇرلا يۈگۈرۈۋەردى.

— هوش، هوي زومىگەر! — قىز ياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى. يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانلار ئەندىشە بىلە ۋاقىراشتى:

— قېچىڭ سۇبھى!

— ۋاي يامان بولدى!

— ياھ، مۇنۇ قاراملىقنى - ھە!

— بولۇڭلار باللار، ئۇرۇڭلار بوقىنى!

بۇقا تۇيۇقسىز تۇمشۇغىنى ئىچىگە تىقىپ پۇشۇلداپ قىزغا ئېتىلدى:

— ئاپا! — سۇبھى قاتتىق چىقىردى. ئىككى يىگىت بۇ چاغدا قىزنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغان، ئۇلاردىن بىرسى — سىيالكا باشقۇرغىنى كەينىگە، تىراكتور ھەيدىگەن يالقۇن ئىسىملىگى ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى، بۇقا قىزغا ئېتىلدى. ئەمما يالقۇننى ياپال مۈڭگۈزى بىلەن يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ سىلكىتىپ ئاتتى.

يالقۇننىڭ بۇقا مۈڭگۈزلىرىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالغان قوللىرى مۈڭگۈزدىن بوشاپ هاۋادا خۇددى ئۇچۇۋاتقان قۇشنىڭ قانىتىدەك لەپىلدىدى - دە، قاتتىق قىرغاققا بېشىچە چۈشتى، بۇقا قىزغا ئىككىنچى قېتىم ئېتىلغاندا ئۇنىڭ تۇمشۇغىغا زەرپ بىلەن كۈلۈچ تەگدى، بۇ كۈلۈچ ئۇرغۇچى هەمرا ئىدى، هەمرا ئىككىنچى قېتىم بۇقىنىڭ جان يېرىگە ئۇرغان چېغى، بۇقا كەينىگە قاتتىق سىلكىندى - دە، بىر هۆكىرىۋېتىپ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى يانغا تاشلىدى. بۇقىنىڭ بۇرنىدىن قان ئاقماقتا، كۆزى دەهشەتلىك ئالىيىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقماقتا ئىدى ...

هەمرا بىلەن ئەسئەت يالقۇننى يۆلىدى. ئۇنىڭ پىشانىسى قاتتىق سۈرۈلگەن، چىرايى قەغەزدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى.

سۇبهى هىلقى هاۋارەڭ ياغلىغى بىلەن يىگىتنىڭ قان ئېقىۋاتقان ماڭلىيىنى يۆگەپ تاڭدى. قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرى يىگىتنىڭ قويۇق چاچلىرىنى كەينىگە قارىتىپ تېز - تېز تاراۋاتقاندا يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قىزغا قارىدى:

— يالقۇن! — دىدى ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەۋاتقان هەمرا، — قانداقراق؟

— بېشىم، بېشىم ...— دىدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە تەمشىلىپ، ئۇ باشقىلار ئالدىدا، بولۇپمۇ قىز بالا ئالدىدا دالىيىپ يېتىشنى ئۇياتلىق ئىش هىساپلىدى - دە، قاتتىق ئاغرىۋاتقان بېشىنى ئاستا سىلكىپ قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە:

— سەل قېيىۋاتىدۇ، — دەپ قويدى تەستە كۈلۈمسىرەپ.

— دوختۇرغا ئاپىراي، دوختۇرغا تېزرەك ئاپىراي، — دىدى قىز بىر خىل تەبىئى كۆيۈمچانلىق بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئىسىت، ئىسىت، بۇ كاللارنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىمىزكىنە، بىرىنچىدىن بۇغدايىنى، ئىككىنچىدىن ...

يالقۇن يىگىتلەرگە خاس چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن

تۇردى، لېكىن سەنتۇرۇلۇپ كەتتى، ئەسئەت ئۇنى يۆلىۋالدى.

— ئۇنىڭچى سىنىپنى تۈگەتتى، ياخشى ئوقۇدى، لېكىن ئالى مەكتەپكە بارالمىدى. مانا بىر يىل بولدى، ئەڭ ياخشى تىراكتورچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۆيىگە باردۇ، ئىش - كۈشىنى تۈگىتىپلا كىتاپ ئوقۇيدۇ. ئوقۇمايدىغان كىتاۋى يوق، خەنزۇ - چىنمۇ ئوقۇيالايدۇ. بېغىدىكى بۇلاق سۈيىگە شاقىراتما ياساپ سۇدىن توك چىقىرىۋالغىنىچۇ تېخى! كومبايىندىن تارتىپ قول سائىتىگىچە بولغان ھەممىلا نەرسىنى رېمونت قىلالايدۇ. قىشچە رادىيو، تېلېۋىزور، ئۇنىڭالغۇ رېمونت قىلىپ پۇل تاپىدۇ. بۇنىڭ مۇنتۇ قوللىرى قول ئەمەس گۈل!

ھەمرا يالقۇننى ماختاپ مۇرىسىگە قولىنى قويدى، ئۇ قىزىرىپ پۈتى بىلەن يەرنى سىجىدى، ئۇلار ئەمدى كۆزىنى ئالايتىپ، پۇشۇلداپ ياتقان بۇقىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى:

— ئاز بولغاندا ئىككى پۇڭ يەرنىڭ بۇغدىيىنى يوقاتتى، — دېدى سۇبھى بۇقىنى جۈنۈپ، — بىرىنچىدىن، نۇرمەھەممەت تېخنىك زىيانىنى تۆلىسۇن؛ ئىككىنچىدىن، يالقۇننى داۋالاتسۇن؛ ئۈچىنچىدىن، بۇندىن كېيىن بۇقا ياكى ئايغىرلىرىنى قويۇپ بەرمەسلىككە ۋەدە بېرىپ تۇختامغا قول قويسۇن. شۇنداق قىلمىسا بۇقىنى بەرمەسلىك كېرەك.

— ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قالمىز - دە! — دېدى ھەمرا چىرايلىق بۇرۇتىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ.

ئۇلار بۇقىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتقاندا يىراقتىن ئات ئويىنتىپ كېلىۋاتقان نۇرمەھەممەت كۆرۈندى. ئۇنى كۆرگەن سىپالكىچى يىگىت:

— كەلدى، ھەمرا ئاكا، ئەنە كېلىۋاتىدۇ، قېنى، دەيدىغان گېپىڭنى تەييارلىۋال! — دېدى قىزىقچىلىق كۆرۈشكە ئالدىراپ.

نۇرمەھەممەت ياشارغان بۇغدايلىقلارنى ئېتىغا دەسسىتىپ، ئالتە ئۆرۈم قامچىسىنى بېشى ئۈستىدە پولاڭلىتىپ شاش ئارغ

ماقنى ئۆكرەك تاشلىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

— قاراڭلار، ئېتىغىمۇ چەيلىتىپ كېلىۋاتقىنىنى! — دېدى سۇبھى تېرىكىپ، — ھەمرا ئاكا، بۇنىڭغا تېتىپ قويۇڭا!

ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقلى-قۇۋۋىتى بىلەن بىلىمىنى ۋە ۋاقتىنى مۇشۇ بۇغداي ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ھەشەمەتلىك شەھەردىكى جانغا راھەت تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۈچ كۈندىن بېرى توپىغا مىلىنىپ، ھېرىپ-چارچاپ ئىشلەپ يۈرگەن ئىلمىي خادىمغا نۇرمەھەممەتنىڭ قىلىقلىرى يات ۋە يىرگىنىشلىك تۇيۇلدى. ئەسئەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئىگىز گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى قولى بىلەن نۇرمەھەممەت يېتىپ كېلىپ ئۆگىسىلى ئۆچۈپ قامچىنى پۇلاڭلىتىپ ۋاقىرىغاندا، غەزىۋىنى باسالماستىن:

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، نۇرمەھەممەت ئۇكام! — دەپ ۋاقىرىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ قاتتىق گېپى، باشقىلارغا ئىشلىتىدىغان ھاقارىتى ئىدى.

— نىمە، ئىنسان؟! — دېدى نۇرمەھەممەت ئۆزەڭگىنى چىڭ دەسسەپ، ھازىر سەكرەيدىغاندەك كۆتىرىلىپ، — ئۈچ مىڭ سولۇق بۇقىنىڭ بورىنىنى قاناتقان ئادەممۇ ئىنسانمىكەن؟ مەن ئىنساننىڭ نىمىلىگىنى جاقىدە كۆرسىتىمەن! ھەي ھەمرا، بىلىپ قوي، بۇقىنىڭ بىر تېمىم قېنى سېنىڭ خۇنۇڭ بىلەن تەڭ، مەن بۇ توغرىلىق سوتقا ئەرز قىلىمەن!

— بۇغدايچۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا غەزىۋى بىلەن قاراپ تۇرغان سۇبھى، — بۇقىڭىز، ئېتىڭىز قانچىلىك مايسىنى ئۆلتۈردى، بۇغداينىڭ ھىساۋى يوقمىكەن، تېخى سوتقا ئەرز بەرگۈدەك! بىرىنچىدىن، زىياننى، ئىككىنچىدىن، يالقۇننى، ئۈچىنچىدىن، ۋاقتىنى تۆلەڭ!

شۇ چاغدا بۇقا ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن تىپىرلاپ قاتتىق پۇشۇلدىدى. نۇرمەھەممەتنىڭ ئېتى ئاختامىدا ئويناقلاپ يەرنى تىلغىماقتا ئىدى. سۇبھى بىلەن ئەسئەت بۇ كۈتۈلمىگەن زىيانغا بەرداشلىق بېرەلمىدى:

— ئېتىڭىزنى قىرغا ئەچىقىڭ!
— باشقىلارنىڭ قان - تەرىنىمۇ ھۆرمەتلىسىڭىزچۇ!
— ئەستەغپۇرۇللا! — دېيىشتى ئۇلار.

ئەسئەت بۇ يەرنىڭ خوجايىنى — ھەمراغا قارىدى، ھەمرا ئەمدى نۇرمەھەممەتكە قاتتىق گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن ھەمرا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆلۈمسىرەپ چەتتە تۇراتتى، نۇرمەھەممەت بولسا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى ئەنە شۇ سەۋرچان، كەڭ قوساق دېخانغا كۆرسەتمەكتە ئىدى:

— مېنىڭ بۇقام يالقۇننى ئۆيىگە بېرىپ ئۇسكىنى يوق، ئۇنىڭ بۇغدايغا زىيان سېلىشى ئاڭسىز ھەركەت، بورانىنىمۇ، مۆلدۈرنىمۇ، كەلكۈننىمۇ ئىنسانلارغا زىيان تۆلىسۇن دېسەك ئاقمايدۇ - دە، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر تارىسىدە توختام يازىمىز، سەن بۇقىنى ئۇرغىنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوزۇقلۇق پۇلى تۆلەيسەن، ھەمرا ئاكا، سىزنىڭدىن باشقىسى مۇشۇنداق قىلغان بولسا سوتقا ئەرز بېرەتتىم، لېكىن سەن ئىقرار قىلدىڭ، يالقۇننى، ھە راست، سۇبھى قىزنى ئاسرايمەن دەپ ئۇرۇپ قويدۇم دېدىڭ، سۇبھى قىز بۇغدايىنى ئاسرايمەن دەپ بۇقىغا يۈگۈرگەن، ماقۇل، مەنمۇ سۇبھى قىزنى ئاسرىغان بولاي، سوتقا ئەرز بېرىشتىن يالتىياي، ئەمما سەن ھەمراكا، بۇقىغا ئوزۇقلۇق پۇلى تۆلەيسەن!

— بولىدۇ، تۆلەيلى نۇرمەھەممەت، تۆلەيلى، — دېدى ھەمرا كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر تامچە قېنى يامىنىغا كەلسە بىر مىشكاپ بۇغدايغا توختار، بۇ ئەتىۋالىغىنىڭنىڭ!

— بۇ دېگەن بىرىنچى قان گۇللاندىيە نەسلىدىن، — دېدى نۇرمەھەممەت ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ يەر پۇراۋاتقان سېمىز بۇقىنى قامچا دەستىسى بىلەن كۆرسىتىپ، — ئۆلتۈرۈپ قويساڭ ھېچ بولمىسا مۇددەتسىز قاماققا كېسىلەتتىڭ!

— يائاللا، بىر نەزىر قىلىۋېتىدىغان يېرى كېپقاپتىكەن، —

دېدى ھەمرا كۈلۈپ تۇرۇپ، — جەرىمانە بىلەن قاماقتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسام مەنمۇ بەختلىك ئىكەنمەن!

— قېنى، ئانداق بولسا چەكتۈرگىنە، غاچچىدە!

نۇرمەھەممەت ئېتىدىن چۈشتى، ھەمرا گۈللۈك خالتىسىنىڭ يىپىنى چىمەلتىكىگە ئوراپ خالتىنى ساڭگىلاتتى، نۇرمەھەممەت خالتىغا قول سالدى.

بۇ كېلىشىشكە سۇبھى قارشى چىقتى:

— سىز ئەرز بەرمىسىڭىز، — دېدى ئۇ نۇرمەھەممەتكە ئالىيىپ، — مەن ئەرز بېرىمەن. مەنلا بىر ئىش قىلسام شۇمبۇيا بولۇپ ئۈنىسىز، بۇ جاھان سىز ئۈچۈنلا يارالغانمىدى!؟

— قاينىماڭ! — دېدى نۇرمەھەممەت قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزىڭىزنى ئاسراۋاتسام، جاقىقىدە ھۇجۇم قىلىۋاتىسىزا، قېنى، ئەسئەت ئەپەندىم، چېكىنىۋالمامسىز؟

ئەسئەت نابۇت بولغان مايسىلاردىن تېخىلا كۆزىنى ئۈزەلمەي خىيال بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇ ھەمرانىڭ مۇنۇ ھارسىز نۇرمەھەممەت بىلەن شۇنچە زىياننى كۆرۈپ تۇرۇپ ياقىلاشمىغىنىغا، يەنىلا دەرھال دوستلۇق ئىزھار قىلىشىپ ئولتۇرۇشىغا ھەيران بولدى:

— شۇنداق قىلىپ زىيان تارتتۇق - تە! — دېدى ئۇ ھەمرانىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ، — كەم بولغاندا بەش - ئالتە مىڭ تال مايسا ئۆلدى. ئېست مايسىلار.

— قايسىبىر زىيانغا يىغلايلى، ئەسئەت ئەپەندىم، — دېدى ھەمرا كۈلۈپ قويۇپ، — دېخان دېخان بولغاندىن بېرى ئۆلگەن مايسىلارنى ھېساپلاپ كەلسىڭىز يەر يۈزىگە سىغمايدۇ. لېكىن دېخان ئۆلگەننى ھېساپلىمايدۇ. كۆكلىگىنى ھېساپ بىزگە. مايسا ئۆلگەن بىلەن يەر ئۆلمەيدۇ. يەرلا بولىدىكەن ھەممىنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 11. ئاخىرقى خەت

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ھەمرانىڭ بۇغدىيى تېرىلىپ بولدى. ئۇ بەش كۈندىن بېرى ئېتىزدا ئىشلەپ چارچىغان ئەسئەت تولۇق بىر كۈن يېتىپ دەم ئالدى. ئۇيقۇسى قانغاندىن كېيىن ھەر خىل ئىشلارنى، مەسىلەن، جاغىستاي، چۆلۈقاي، سۇلتانى ۋەيىس، سۇلپىتاي قاتارلىق جايلارنىڭ تېرىقچىلىغىغا ماس كېلىدىغان، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق بۇغداي سورتى يېتىشتۈرۈش مەقسىدىدە چىققان كىتاپلاردىكى ھەر خىل ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى ئەسلەش، سېلىشتۇرۇش، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن بۇغداي ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ئايلىنىپ كېلىپ يەنىلا ئىخلاس بۇۋى بىلەن غىلمان ھاكىم ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىغا كېلىپ قوناتتى. بۇ توغرىدا خىيال سۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم كۆڭۈللۈك ھەم ئازاپلىق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈرەك ئازاپلىرىنى يېنىكلىتىدىغان مۇڭلۇق تەمبۇرمۇ، ھېسسىياتلىق ئاۋازمۇ يوق، ئەمدى ئۇ، ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرىقى سېغىنىشلىرىنى كۆز يېشى ۋە ئۈن - تىنسىز تارتقان روھىي ئازاپلىرىنى نىمە بىلەن مەلۇم قىلىدۇ؟ راھەت بۇنىڭغا ياردەم قىلارمۇ؟ ئۆز يارىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن باش تارتماسلىق ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئىشى. دۇرۇس، راھەت ۋىجدانلىق قىز، لېكىن ئۇ ئۆزى چىن قەلبى بىلەن شۇنچە يىل ياخشى كۆرگەن كىشىنى بۈگۈن يات بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەردانىلىق قىلالارمۇ؟ دوست ئۈچۈن، دوستىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازاپ چېكىشمۇ بىر بەخت. لېكىن بۇ گەپنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشۇرماق، ئېيتماققا قارىغاندا، نەچچە مىڭ ھەسسە قىيىن...

ناۋادا ئەسئەت ئويلىغاندەك، ئىخلاس ھايات بولماي ئاللىقاچان ئۆلگەن بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش ئارزۇسىدىن تۇغۇلغان كۈچلۈك ھاياجاننى قانداق باسقىلى بولىدۇ؟ كېسەلىدىن ئەمدىلا ياخشى بولغان ئادەم، چېغىنى چاغلىماي قاتتىق ھەركەت قىلىپ قويۇپ ئۈزۈلۈپ قالسا بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىقراق ياتىدۇ. ھەتتا بۇ ئازاپ بىلەن ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ. ئەسئەتنىڭ بۈگۈنكى ھالىمۇ خۇددى شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ، غىلمان ھاكىم، سۈبھىلەر توغرىسىدا راھەتكە خەت يازغان، بەلكىم مەيدانغا ئۇنىڭدىن خەت كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئەتە مەيدانغا بېرىشى، راھەتنىڭ خېتىنى ئوقۇشى، خەت يېزىشى، غىلمان ھاكىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنىڭ بىر يولىنى ئىزلىشى لازىم. يۈز كۆرۈشۈشنىڭ ئاسان يولى سۈبھىنى مەيداندىن گۇڭشېغا يەنى ھەمرالارنىڭ گۇڭشېسىغا يۆتكەش توغرىسىدا سۆزلىشىش ...

ئۇ، ئۇرغۇن ئويلىدى، پىلان تۈزدى. كەچتە ھەمرانىڭ ئۆيىدە ياخشى غىزالاندى ـ دە، كىتاپ ئوقۇغان بولۇپ ئۇخلىدا يېتىۋالدى. يېرىم كېچىدىن كېيىنلا ئۇخلىيالىدى.

ئەتىگەنلىك چايدا ھەمرانىڭ بالىلىرى ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت ئەكىرىپ بەردى.

— نۇرمەھەممەت دوختۇر ئەكىلىپ بەردى! — دېدى ھەمرانىڭ قىزى خەتنى سۇنۇپ، — ئاخشام سىز كىتاپ ئوقۇۋاتقاچقا بەرمىگەنتۇق.

خەت لىپاپىسىز بولۇپ، ئۇنى نۇرمەھەممەت يازغان ئىدى:

«ھۆرمەتلىك ئەسئەت ئاكا!

قىلغان شاللاقلىقىم ئۈچۈن بەكمۇ خىجىلمەن، مېنى كەچۈرۈڭ. سىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئاۋام شۇ-جىدىن ئاڭلىدىم، سىزگە بولغان ھۆرمىتىم ئېشىپ كەتتى. دەرت-مەن ئىكەنسىز، مەنمۇ سىزدەك دەرتمەن، كۆلۈپ يۈرگىنىم بولمىسا

ئىچىم زىدە. راست گەپنى ئېيتسام، سۇبھىنىڭ ئەڭ يېرگىنىدىغان
ئادىمى مەن. لېكىن مېنىڭ ئۇنى ئويلىمايدىغان ۋاقتىم يوق،
ئەس - خىيالىم ئۇنىڭدا. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، سۇبھىنى كۆرۈش
ئۈچۈنلا ھەمرانىڭ دادۇيىگە ھەر كۈنى كېلىمەن. بۈگۈنمۇ ئە-
تەيلا، سۇبھىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈنلا سىلەر تەرەپكە
قارىتىپ ھەيدەۋەتكەنمەن. مېنىڭمۇ ھېسسىياتىم، نازۇك سۆزلىرىم بار،
قارىماققا قوپالمەن، لېكىن ناھايىتى زىلمەن. مېنىڭ ھالىمنى
ھەمرا ياخشى بىلىدۇ، ئۇ باھاسىز ئادەم، سىزدىن ئۆمىدىم:
دوست بولايلى، ئاكام بولۇڭ، مەن دەرتمەن ئادەملەرنى دوست
تۇتۇشنى ياخشى كۆرىمەن...»

ئەسئەت بېشىنى ئېغىتىپ كۈلۈپ قويدى - دە، لىپاپىلىق
ئىككىنچى خەتنى ئاچتى. خەت دەرۋەقە راھەتتىن كەلگەن ئىدى:

«سالام ئەسئەت ئاكا!

بۇ مېنىڭ ئاخىرقى خېتىم، نىمە ئامال، مېنىڭ خوشاللىغىم
ئاخىرلاشتى. ئازاپلىق كۈنلىرىم باشلاندى. مەن ئەمدى سىزنى
ئۆمۈر بويى كۆرمەسلىككە قارار قىلدىم. سىزنىڭ ئىخلاسىڭىز
ھايات. مەن يېرىم ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ خەت، تېلېفون ۋە تې-
لېگراممىلارنى ئىشقا سېلىپ غىلمان ھاكىمنىڭ پۈتۈن تارىخىغا
دائىر ماتىرىياللارنى توپلىدىم. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى يولدىشى ئوشە-
موپنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىسلاموپ بىلەن سۆزلەشتىم. سىز
بەختلىك، مېنىڭ كۆز يېشىم، ئازاپلىرىم ھىساۋىغا باياشات كۈلۈ-
ۋېرىڭ! مەن بۇ گەپلەرنى قىتىغىرلىق بىلەن ئەمەس، مەرتلىك
بىلەن دەۋاتىمەن، ناۋادا ئىككىمىز تونۇشقاندىن كېيىن، سىز غىل-
مان ھاكىمنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىڭىز، مەن سىزدەك تۇترۇقسىز
ئادەم بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى قاتتىق كايىغان بولات-
تىم. لېكىن ھازىر سىزنى تۇترۇقسىز دىيىشكە تىلىم بارمايدۇ.
سىز ئالىجاناپ، ئالتۇندەك ساپ... قەلبىڭىزدە تۇنجى قېتىم ھايات
لەززىتى پەيدا قىلغان قىز ئۈچۈن شۇنچە يىل پاك ئەقىدە ساق

لىغانلىقىڭىز سىزنىڭ ئالىجاناپلىقىڭىز. ھازىر بۇنداق ئەرلەر ناھايىتى ئاز. مەن ئايلى ئالدىدا ھەممە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، كىچىككىنە كۆزدىن غەلەت بولسىلا ساداقەتنى بىر نەپەسلىك ھالاۋەتكە تېگىشىۋېتىدىغان ئەرلەر (ئاياللارمۇ بار ئەلۋەتتە) توغرىسىدا ئاجايىپ كۆپ ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن، يىرگىنىمەن. مەن سىزنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنى ئويلاپ باققىنىم يوق. ئەرلەردە بولىدىغان نورمال پەزىلەتلەرگە سىزنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىراتلىرىڭىزنى سېلىشتۇرغۇم كېلىدۇ، سىزدىكى روھىي گۈزەللىك، مېنىڭچە، ھازىر ياشاۋاتقان كۆپچىلىك ئەرلەرگە ئۈلگە بولالايدۇ. مەن سىزدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىرەر ئەر كىشىنى تېخى ئۇچراتمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ھەممە ئەرلەرگە دېگەندىن كۆرە كۆپچىلىك ئەرلەرگە دېگەن سۆزنى ئىشلەتتىم. ئەلۋەتتە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايسىز، لېكىن ئاخىرقى خېتىم بولغىنى ئۈچۈن سەۋرى قىلىپ ئاڭلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

مېنىڭچە، ھايات — مۇھەببەت، ساداقەت، ساپلىق، ئادىللىققا ئوخشاش ئىنسان روھىنىڭ ئىسىل گۈللىرىدىن شېرىنە ئالالىغاندىلا لەززەتلىك، قەدىرلىك بولالايدۇ. ساپ مۇھەببەت ئۈچۈن بارلىقىڭنى تەقدىم قىلساڭ، سېنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن ئادەم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر سادىق بولساڭ، ئۆز مۇھەببىتىڭ ۋە نەپرىتىڭگە ئادىل مۇئامىلە قىلالىساڭ، ھەر قانداق ئەخلەت - چاۋا ئارىسىدىمۇ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرالىساڭ، ئۆزەڭنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى تونۇپ يەتكەن بولىسەن. ھايات ساڭا نىمىنى تەقدىم قىلغان بولسا شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ باي غەزنىسىدىن تېخىمۇ گۈزەلرەك نەرسىلەرنى يۇلۇپ ئېلىشنى بىلمىسەڭ، سەن مەقسەتسىزلا مىدىرلاپ يۈرىدىغان ھاشارەتلەرگە ئوخشاپ قالىسەن. ئىنتىلىش، ئىزلىنىش، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش — ئىنساننىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. چۈنكى ئىنسان — ياراتقۇچى،

ئۆزگەرتكۈچى، بەخت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى.

غىلمان ھاكىم مېنىڭچە، ئاللىقاچان سىزنىڭ ئۆز يېنىدا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ بولدى. مەن سىز توغرىلىق ئۇ كىشىگە بىر پارچە نامسىز خەت يازدىم. خەتتە سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز، ئەينى ۋاقىتتا تارتقان جاپا - رىيازىتىڭىز توغرىسىدا تەپسىلى توختالدىم. مەن خېتىمدە ئاشۇ يىللاردىكى «باغدال ئېيخىنىڭ» ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتىم. ئۇنىڭ قىزغا كەلتۈرگەن روھىي، جىسمانىي جەھەتتىكى بەختسىزلىكلىرى ئۈچۈن تارىخىي سەۋەپ كۆرسەتتىم. مەن يەنە خەتنىڭ ئىگىسى ئەسئەت ئەمەس ئىكەنلىكىنىمۇ، بەلكى ئەسئەتنى خۇددى ئەسئەتنىڭ ئۆزىدەك چۈشىنىدىغان بىر قىز ئىكەنلىكىنىمۇ يوشۇرمىدىم، ئۆزەمگە ۋە باشقىلارغا ئادىل بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ ئەسئەتكە بولغان مۇھەببىتىمنى، لېكىن مېنىڭ مۇھەببىتىم ئەسئەتنى بەختلىك قىلالمايدىغانلىقىنى، ئەسئەتنىڭ بەختى گەرچە مەن ئۈچۈن روھىي پاجە ئېلىپ كەلسىمۇ مۇشۇ روھىي پاجىئە ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغان پەرۋانىدەك ھەركەت قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق يازدىم.

ئەسئەت ئاكا! سىز ئىخلاس بۆۋىڭىزنى تاپتىڭىز، سىز يەنە پەزىلىتىڭىز ۋە روھىڭىزنىڭ ۋارىسى — سۆيۈملۈك قىزىڭىز سۇبھىنى تاپتىڭىز، سىزنى بەخت ۋە ئامەت كۈتمەكتە. سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن چىن يۈرىكىمدىن خوشالمەن. لېكىن سىز بىلىسىز، مەن بۇ مەردانىلىقىم بىلەن ئۆزەمنى ئازاپتىن، يۈرەك يارىسىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايمەن. بولۇپمۇ تۈنلەر ماڭا ناھايىتى ئۇزاق ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ...

قىممەتلىك ئەسئەت ئاكا! مەن يېقىندا كۆچار، تۇرپان، مەكىتلەرگە* بېرىپ يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ سورتلىرىنى كۆرۈپ كەلدىم. ئەۋرىشكىمۇ ئېپكەلدىم. مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش — تەجرىبەخانىدا ئىشلەش، زىرائەتلەر

بىلەن سۆزلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش. يېقىندا ھېلىقى ئامېرىكا ئالىمىنىڭ كىتاۋىنى ئىنگلىز تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقتىم، ئۆزەم ھەل قىلالمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەر بار ئىدى، سىزگە يوللىدىم. ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن. كۈندىلىك ئىشىم ناھايىتى ئاددى: سەككىز سائەت تەجرىبەخانىدا كۆڭۈللۈك ئولتۇرىمەن. قالغان ۋاقىتتا كىتاپ كۆرىمەن، تەرجىمە قىلىمەن. يېقىندىن بىرى رومان ئوقۇشنىمۇ باشلىۋالدىم، بالزاكنىڭ «يېۋگېنى گىراندى» ناملىق رومانىنى ئوقۇپ، بىچارە يېۋگېنى ئۇچۇن ياش تۆكتۈم، ئەقىدە ئۇچۇن ئون تۆت يىل ئولتۇرۇش قىز بالا ئۇچۇن ئوڭايمۇ؟ ئاخىرىدا سۆيگىنىنىڭ بەختى ئۇچۇن (گەرچە ئۇ ۋاپاسىز بولسىمۇ) نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، ئۆزىنى قىلچىمۇ دىلى تارتمايدىغان بىر بادىكىرغا ئايال بولۇشقا زورلاش، بىر غايىلىك قىز ئۇچۇن قانچىلىك ئازاپلىق - ھە؟

دوختۇر دوستىڭىز ياتىقىمدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى. ئاخشاملىرى ئۈن - تىنسىز ئىڭىگىنى تۇتۇپ، تاماكا چېكىپ بىر نەچچە سائەت ئولتۇرىدۇ. ئۇ مېنىڭ سوغاق مۇئامىلەم، تەنە گەپلىرىمگە زادىلا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرى، تارىمدا كۆرگەنلىرى توغرىلىقمۇ سۆزلىمەيدۇ. ئاشۇنداق جىمجىت ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ھوزۇر تۇيۇلسا كېرەك. مەن بىر كۈنى تەخىر قىلالماي:

— مېنى يىرگەندۈرۈش ھىساۋىغا راھەت كۆرۈش سىزگە نومۇسلۇق ئەمەسمۇ؟ — دىدىم. ئۇ، قاپىقىنى تۈرۈپ يەرگە قاردى. ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. ئاياللار كۆڭۈلچەك بولىدىكەنمىز. ئۇنىڭغا تۇرۇپلا ئىچىم ئاغرىدى. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ھىسداشلىق قىلىشىم ئىدى.

— كۈندە ئىككى سائەت، ھىچ بولمىسا يېرىم سائەت مۇشۇ يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلىڭ، — دىدى ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ماڭا تەلمۈرۈپ، — بۇ ئولتۇرۇۋېلىشنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى رولىنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش

ھاجەتسىز. چۈنكى سىزمۇ ماڭا ئوخشاشلا باشقا بىرسىنىڭ روھىي ئارام بېرىشىگە مۇھتاجغۇ؟!

مەن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدىم. كەچكى تاماقتىن كېيىن، سېمونت يوللار بىلەن گۈللۈكلەر، ئورمانلارنى ئارىلايمەن. ئۇ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مەن بىلەن ياندىشىپ ماڭىدۇ. مەن سىز توغرىلىق ئويلايمەن، خىيالىمدا سىز بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇ ماڭا ھېچ كاشىلا قىلماي جىمجىت ماڭىدۇ. يىراقتىن قارىغان ئادەم بىزنى راسا سىردىشىۋېتىپتۇ ياكى يېقىن ئىكەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، مەيلى باشقىلار نېمە دەپ ئويلىسا ئويلاۋەرسۇن، مەن ئىچ ئاغرىتقان ئادەمگە ئاز - تولا بولسىمۇ ئارام بېرىشىم كېرەك. مەن ھېرىپ ياتىقىمغا قايتىمەن. باشقىلار تېلېۋىزور ياكى كىنو كۆرۈشىدۇ. مەن بىر پەس ھاردۇق ئېلىۋېلىپ كىتاب ئوقۇيمەن ياكى تەرجىمە قىلىمەن. دوختۇر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە كىرىدۇ. نەشپۈت، ئالمىلارنى ئاقلاپ ئالدىمغا قويۇپ قويىدۇ. پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ ئۈستەل ئەپلەك قويۇپ، يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىپ ئەسنەك تۇتقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ. كوپ ھاللاردا ئۇنىڭ قاچان چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىمەن.

ئەسئەت ئاكا! مەن ئۈچۈن ئىككىلا يول قالدى: بىرسى، يەنە ئون يىل سىز بىلەن خىيالىمدا مۇڭدىشىپ مومايغا ئايلىنىش يولى، يەنە بىرسى، يېڭىۋېنى خېنىمغا ئوخشاش كۆڭلۈم تارتمىغان بىر ئەر كىشىنىڭ ئايالى بولۇش. مەن قايسى يولنى تاللىۋېلىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە سىزدىن مەسلىھەت ئالماقچى ئەمەسمەن. قايسى يولنى تاللىۋېلىش ئىكەنلىكىنىمۇ ئۆزەم بەلگىلەيمەن. قاچان؟ ئەلۋەتتە كەلگۈسىدە...

ئەسئەت ئاكا! شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگۈسى گۈزەل، كەلگۈسى قورقۇنچلۇق. مېنىڭ كەلگۈسىگە، پەقەت كەلگۈسىگىلا قارىغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ شېرىن خاتىرىلىرىنى ئۇنتۇماق

تولىمۇ تەس ئىكەن...

مەن ئۈرۈمچىدىن يۆتكىلىپ كەتمەكچىمەن، قاچان ۋە قەيەرگە كېتىشىمنىمۇ ئەلۋەتتە كەلگۈسى بەلگىلەيدۇ. ماڭا خەت يازماڭ، مېنى ئۇنتۇماڭ، لېكىن ئەسلىمەڭ. سىزگە كۆتكىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇق خوشاللىق ۋە بەخت تىلەيمەن.

راھەت

1980 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈرۈمچى».

ئەسئەت خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قويۇن دەپتىرىنى ئاچتى. دەپتەرنىڭ بىرىنچى بېتىدىلا قىزنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. قىز لېۋىنى چىڭ يۇمۇپ، يوغان، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئەسئەتكە قاراپ تۇراتتى. ئەسئەت سۈرەتكە ئۇزاق قارىدى «دوختۇر، راھەت، ئەسئەت ئىخلاس، سۆبھى... بۇنداقلار يەنە قانچىلىك باركىن؟ — دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، — رۇس يازغۇچىسى لېۋ. تولستوي «ئاننا كارىنىنا» رومانىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى بەختلىكلەرنىڭ ئورتاقلىقى بولىدۇ. بەختسىزلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ، دەپ بىكار يازمىغان ئىكەن - دە، مەن بىلمەيدىغان يەنە قانچىلىك ئىشلار باركىن؟ نىمىشقا ئىنسان كۆڭلى خالىغان، دىلى تارتقان ئادىمى بىلەن قوشۇلالمايدۇ؟ بەلكى كەلگۈسى — ھازىرقىدىن ياخشىراق بولار. بۇنى قىزىم سۆبھى كۆرىدۇ ياكى نەۋرەم كۆرىدۇ. نىمىلا بولمىسۇن، بىز ياشاۋاتقان دەۋرمۇ كۆپ ساندىكىلەرنى بەختلىك قىلالايدىكەن. ئىخلاس بۇۋى ھاياتكەن، بۇ ئەلۋەتتە بەخت. كەلگۈسىگە ئىشىنىمەن، مېنىڭ ئىخلاسىم يۈرىگىمدىكى بارلىق داغلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. مەن ھەممىنى — قىرىق نەچچە يىلدىن بېرىقى تارتىۋاتقان ئازاپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇشقا، پۈتۈنلەي يېڭىچە ھايات باشلاشقا تىرىشىمەن!»

ئونىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىلى ۋادىسى قايتىدىن يېشىل تون كىيدى. تۇتاش ۋە چەكسىز ئېتىزلار يېشىل مەخمەل يېپىنغاندەك يالتىراپ كۆزنى چاقىدۇ. يېشىل بۇغداي ئېتىزلىرى ئارىسىدا خۇددى ئالتۇن بەلۋاققا ئوخشاش ساغۇچ قىرلار كۆرۈنىدۇ، قۇرغاق پەسىل بولغاچقا قوناق شېخى، مەگگەن چېپىلغان ئېتىز يوللىرىدىن ھارۋا ياكى تىراكتور ماڭغاندا قويۇق ئېغىر توپا - چاڭ كۆتىرىلىدۇ. خامانلارمۇ يالڭاچلانغان، زىغىر، قوناق ۋە قوغۇن-قاپاق تېرىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ئېكىنزلار قۇياش نۇرىدا پارقىرايدۇ، ئېكىنزلىقتا ئۆسكەن كەنجى يۇمران يوگۇمەچ، قىياق ئوت ۋە قاشقا بىدىلەرنى تالىشىپ ئوتلىشىۋاتقان قوي - كالا پادىلىرى ئەتراپىدىكى يۇمران بۇغداي مايسىلىرىغا يوگۇرۇشىدۇ. مالچىلار ئات ياكى ئېشەكلىرىنى دېۋىتىشىپ، كالتەكلىرىنى ھاۋادا پىقىرىتىشىپ ئۇلارنى توساشقا ئالدىرىشىدۇ. مال - ۋاران ئۈچۈن قىشلىق ئوت - چۆپنىڭ غېمىگە چۈشكەن دىخانلار ئۆتكۈر چالغىسى بىلەن مال ئايىغىدا دەسسەلگەن ئېشەك چېمى، چىغىرتماق، چۇچۇك بۇيىلارنى قىرىپ چاپماقتا. ئۇششاق باللار نەچچە قېتىملاپ ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇقتىن تۇخۇمدەك سويما بولسىمۇ تېپىۋېلىش ئۈچۈن چۈنەك ئاتلاپ چېپىپ يۈرۈشىدۇ.

ئەسئەت ئاز كۈندە قار ئاستىدا قالىدىغان بۇغدايلار بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئېتىز ئارىلىدى.

ئاشۇ مەنزىرىلەرنى ھەممىلا ئېتىزدا كۆرۈپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، گۆرەنلىرىنى كۆپۈرۈپ سوقۇشۇۋاتقان ئىككى دىخاننىڭ يېنىدا توختىدى.

— مۇنۇ شاخلار مېنىڭ، ھوي گەكسى، — دەيتتى پاكار، ئاچا مالخاي كىيگەن ساقاللىق دىخان ھازىرلا پارتلايدىغاندەك كۆ-

يۈپ، ــ سەككىز قۇر قوناقنىڭ ھەر قۇرنى سەككىز يۈگدىن ئالتە
ەو تۈت يۈگغا ھىساپلاپ بەرگەن، خوتۈن بىلەن ئىككىمىز بامداتـ
تىن يېنىپ ەۈكچىيىۋدۈق، قازاق پـېشىن بىلەن ئاران تۈگـىدى،
ئۈيالماي شېخنى باغلىۋالغىنىڭنى قارا، ۋۈي پېتىر نان!

ــ سېنى كىم ئىندىمىسۈن دەپتۈ، ئەمىسە! ــ دەيتتى ئىگىز،
قاتاگغۈر كوسا دىخان تامدەك تاتىرىپ، ــ ئاغزىڭغا ئىنەك تەپكەنـ
مۈ، باغلىق بىلەن كەتكەن گۈڭنى تۈلە!

ــ سېنى مەن باغلاپ بەر دىدىمۈ، خام تاسما!

ــ تىللىما!

ــ تىللىسامچۈ!؟

ــ ھىلى بىكار! ــ ئىگىز دىخان پاكار دىخانغا قاراپ يۈگۈردى.
ئەسئەت ئۈنى تۈتۈۋالدى. پاكار دىخانمۈ يالاڭ چاپىنىنى سېلىپ،
مالخىيىنى قىردا قويدى.

ــ ئۈرۈشماي يۈتۈشەيلى! ــ دىدى ئەسئەت ئۈلارنىڭ ئارىـ
سىغا كىرىپ، ــ باغلىغىڭىز بىلەن گۈڭ ھەققىڭىزنى مەن بولسامۈ
تۈلەي!

ــ مۈنۈ يېرىندىنىڭ تۈققىنىمۈ سەن! ــ دىدى ئىگىز دىخان
ئەسئەتنىڭ قولىنى سىلكىپ، ــ ئانداق بولسا ئەكە بەش سوم!

ئەسئەت گەپمۈ قىلماي بەش سوم تۈلـىدى، ئىگىز دىـخان
كەتكەندىن كېيىن، پاكار دىخان كۈزلىرىنى چىمقىلتىپ ئەسئەتكە
قاردى:

ــ توتۈغاندەك قىلىمەنغۈ، ئۈكام!

ــ مېنىڭ ئىتىم ئەسئەت.

ــ ھە... مۈنداق دەڭ، ئەسئەت كادىر. سىزمۈ غىلمان ھاـ
كىمدەك دىخانغا ئامراقكەنسىز. كۈردىڭىزمۈ، بايىقى ھېۋىز تارمۈشـ
نىڭ ھۈررەكلىگىنى، جىدەلنى يۈلغا سېتىۋالدىغان ھـۈررەك ئۈ. ئاـ
دەم تېپىلمىسا ئەسـكى تام بىلەن بولـسىمۈ سوقۇشۈپ خۈمادىـن
چىقىدۈ، بۈ كىرىش تاسما!

غىلمان ھاكىم توغرىسىدىكى پاراڭ ئەسئەتنى قىزىقتۇردى:
— غىلمان ھاكىمنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسىز؟
— تونۇمىسىز دىگىنىنى! — دىدى دىخاننىڭ گەپدان ئايـىلى
ئىتىگگە ئېلىۋالغان قوناقنى يەرگە تۆكۈپ، كىيىمنى قېقىپ تۇ-
رۇپ، — بىز شەھەردە تام خوشنا ئىدۇق. ئۇ چاغدا بۇ خېنىمنى
غىلمان بۆۋى دەيتتۇق. غەلىتە ئىسمى بار چوكان ئىكەن دەپ
ھەيران قالغانتۇق. ئۇنىڭ قىزى سۆبھى تۇغۇلغاندا مەن
كىندىك ئانىسى بولغانمەن. بالا تۇغۇلۇپ بىر يىلدىن
كېيىن بۇ يەرگە چىقتۇق. ھوي كىشى، بىز چىققان يىلى... ھىلـ
قى قوناققا كۆنجۈرە ئىلەشتۈرۈپ يىگەن يىلى نەچچىنچى يىلى
ئىدى؟ ھە، ئاتمىشىنچى يىلى، شۇنداق، كۆچۈپ چىققان يىلىمىز
سۆبھى بىر يېشىدا تەمتىم ماڭاتتى. كېيىن ئۇلار ئۈرۈمچىگە كۆ-
چۈپ كەتتى، ھەممىلا ئادەم قوساق غېمى بىلەن بولۇپ كىمنىڭ
نەدىلىگى بىلەنمۇ كارى بولماي قالغان چاغلار ئىدى. شۇ غىلمان
بۆۋى ئوقۇپ يېتىلىپ بۈگۈن ھاكىم بولۇپ قاپتۇ. ئوشەمۇپ دى-
گەن بىزنىڭ كونا خوشنا. ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. رەھمىتى
ئۆلمىگەن بولسىمۇ بۇ يىل ئاتمىشتىن ئاشاتتى. ئۇ دىگەن بىر ئو-
غۇل بالىدى - دە! مۇشۇ غىلمان ھاكىم ئۇنىڭ قولىغا كىچىك
چۈشكەن ئىكەن. يېزىدىن ئاپتىمىش دىدى، بىر يىل بولاي دى-
گەندىلا كۆچۈرۈپ ئەكەلدى، كېلىپ ئاز كۈندىلا قىز تۇغدى.
بىچارە ئوشەمۇپ بالىنىڭ زاكىسىنى قورۇغداۋاتقان، كۆلتىگىنى
تۆكۈۋاتقان، بۆشۈگىنى تەۋرىتىۋاتقان، ۋايىيەي، غىلمان بۆۋىنى
ئويۇققا قوچاقتەك تىزىپ قويۇپ، ھەممە ئېغىر - يېنىك، يىراق -
يېقىن ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ يۈرۈپ چوڭ قىلىۋالغان!...
ئايال بىر ھازا ئەزۋەيلەپ سۆزلىدى، ئەسئەت تۆگۈل ئۇ-
نىڭ ئېرىمۇ زېرىككەندەك قىلىپ بەلگە بەردى:
— گەپگە تۇتما، ئەزمەڭنى ئەزمە! — دىدى ئېرى گاراڭ -
گۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن، — قاراپ تۇرۇپلا بەش سوم زىيان بولدى.

مېھمان كادىر، بەش سوملۇق قوناق بېرەلەمتىڭىز - يا؟

— بولدى، تاپقاندا بېرەرسىز! — دېدى ئەسئەت يولنى داۋام قىلىپ. ئۇ، بەش سوم خەجلەپ غىلمان بوۋاي توغرىسىدا ياخشى بىر مەلۇمات ئاڭلىۋالدى. دېمەك سۆبھى سۆزسىز ئەسئەتنىڭ قىزى، غىلمان بوۋاي — ئىخلاس بوۋاي. ئۇ، ئەسئەتنىڭ ھېلىقى ئىخلاسى شۇ، بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەس قىلغۇچ ئىچىملىكتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

«... شۇ چاغدا ئۆيۈم تۈرەم مەھەللىدە، دەپ يالغان ئېيتماي ئۆز ئادرېسىمنى توغرا ئېيتىپ بەرگەن بولسام ئىخلاس بوۋاي مېنى، ھېچ بولمىسا ئانامنى ئىزلەپ تاپقان بولار ئىكەن! مېنى يالغان ئېيتىشقا نېمە زورلىدى، ئىخلاس بوۋىنىڭ يالغۇز دېخان قىزى ئىكەنلىكىمۇ؟ مېنى ئۇ چاغدا ئېزىقتۇرغان زادى نېمە؟ بىر ساپ دىل دېخان قىزىنىڭ ئار - نومۇسىنى بۇلغاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇشۇم، ئۇ چاغدا نېمىشقا كىچىك بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى؟ مەن راستىلا راھەت ئېيتقاندەك پەزىلەتلىك، ساپ ئادەممۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ساپ دىيىشكە توغرا كەلسە ئىخلاس، راھەت، سۆبھىلەرنى دىيىش كېرەك. ئۆز ھاياتىدا ئېغىر ساختىلىققا يول قويغان مەندەك ئادەمنىڭ ئۇلار ئالدىدا «ئۆلگە» بولۇپ قېلىشى ئادىللىق ئەمەسمۇ! دۇرۇس، كۆپ خورلۇق تارتقاندىن كېيىن بۇرنۇمغا سۇ كىردى. ۋىجدان، نومۇس، ساداقەت دېگەنلەرنىڭ قەدرىگە يەتتىم، پەقەت ئاچ قالغان ئادەملا غىزانىڭ قەدرىنى بىلگەندەك، روھىي گادايلىقنىڭ زىيىنىنى تارتقان ئادەملا ئىنسانىي ۋىجداننىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن.... ئىخلاس بوۋاي بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىشكە توغرا كەلسە نېمە دىيىش كېرەك؟ يەنە يوپۇتما گەپ قىلىش لازىممۇ ياكى قالغان ئۆمرۈنىمۇ «ھەسسىنە» بىلەن ئۆتكۈزەيمۇ ۋە ياكى بۇ تۇرمۇش تىراگېدىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇپلا راھەت بىلەن توي قىلايمۇ؟ راھەت مېنى بەختلىك قىلىش ھېسا-

ۋىغا شۇنچە ئازاپ چېكىۋاتىدۇ. مەن ئىمىشقا ئۇنى بەختلىك
قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمايمەن؟ مانا بۇمۇ مېنىڭ ۋىجدانسىزلىقىم
بولماي نىمە؟...»

ئۇ ئۆزى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، قىرلاردا، يۇمران
چىمەنلەر ئۈستىدە ئۇزاق ماڭدى، ئويلىغانسىرى ئىنسانلار ھاياتى-
نىڭ مۇرەككەپلىكىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭمۇ پايانسىز دېڭىزدەك
سىرلىق ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى...

ئۇ يېڭى يولغا چىققاندا كەينىدىن موتوتسىكىلىت يېتىپ
كەلدى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توختىدى:

— ئا شوجى سىزنى شاققىدە تېپىپ كېلىشكە مېنى ئەۋەتتى-
ۋىدى، — دېدى نۇرمەھەممەت موتوتسىكىلىتتىن پۇتلىرىنى يەرگە
تىرەپ تۇرۇپ، — قېنى، غاچچىدە مىنگىشىڭ، ئا شوجى نەدىن بول-
مىسۇن تېپىپ كەل، دەپ بۇيرۇدى. ئىزلە - سورا، ئاخىر تاپتىم،
تاپقىنىمغا خوشالمەن، لېكىن - زە، ئەسئەت ئەپەندى، سۇبھى قىز-
نى كۆرۈپ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. ھىلىقى تىراكتورچى يالقۇن دىگەن
شومتەكنىڭ بىقىنىغا ئولتۇرۇۋېلىپ توختىسامۇ كۆرمەسكە سېلىپ
ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بارماقلىرىمنى چىشلىدىم. تىراكتورچى بولۇۋا-
لايمىكىن يا، ئى ئەسئەت ئەپەندىم، قىزغا كۆيۈش نىمانچە ئازاپ-
كىنتاڭ!؟ قېنى، مىنگىشىڭ، ياق دىمىسىز، ھىلى بىكار غاچچىدە
باغلاپ مىندۇرىمەن!

ئەسئەت ئۇنىڭغا مىنگىشىۋېتىپ چاخچاق قىلدى:

— تىراكتورچى بولىمەن دەمسىز!؟ سىز تىراكتور ھەيدىسىڭىز
سۇبھى موتوتسىكىلىتقا مىنگىشەر، يالقۇن موتوتسىكىلىت ھەيدەر-
مىكىن!

— قىزنىڭ ئۇنىڭغا مەيلى بار دىمەكچىمۇسىز؟

— مەيلى بولمىسىمۇ ھۆرمىتى بار - دە، ئۇ يىگىت قىزنى
سىزنىڭ بۇقىڭىزنىڭ ھۇجۇمىدىن قانداق ساقلاپ قالدى؟ جېنىنى
تىكتى.

— مۆرتى كېلىدىكەن، — دىدى نۇرمەھەممەت كەينىگە بۇرۇلۇپ تۇرۇپ، — مەن سۇبھىنى ھەر قانداق خىيىم-خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا تەييارمەن!

— مۆرتى، — دىدى ئەسئەت يىراقلارغا قاراپ، — پەقەت جىق بولسا بىر قېتىم كېلىدۇ، بولمىسا يوق. يىگىت مۆرتىنى كۈتمەك، ئىزلەپ تېپىلىك! مېنىڭچە، سۇبھىدەك قىزلار ساختىلىقنى يامان كۆرىدۇ، ئۆزىڭىزدە بارنى ئايىماڭ، ئۆزىڭىزدە يوق نەرسىلەرنى زىننەت قىلىپ بىكارلا كوزا-كوزاڭ قىلماڭ!

نۇرمەھەممەت بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدى.

— ئاڭلىغانسىز، ئاشۇجىنى ئەلچى قىلىپ غىلمان ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتىم. ئەگەر خالىسىڭىز سىزنى يەنە بىر ئەلچىلىككە تەكلىپ قىلىمەن. ھاكىمغا كۈيوغۇل بولۇۋالسام پۈتۈن ناھىيە مېنىڭ ئالقىنىمدا بولىدۇ، نىمە لازىم بولسا كەلتۈرەتتۇق، خاچچىدە!

ئەسئەت مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. مۇتۇتسىكىلىت توپا توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى.

ئاۋام شۇجى ئەسئەتنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈۋالدى، ئۇ، ئەسئەتكە تولىمۇ خوشال، تېخىمۇ ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— كەچۈرگىن، مەن ئەمدى سېنى «سەن» دەيمەن ئاداش، — دىدى ئۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — يىگىرمە بىر يىلنىڭ ئالدىدا قانداق تونۇشقانتۇق؟ سەنلىشىپ تونۇشقاندىمىز؟

— ياق دىدى ئەسئەت ئۇنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈكلىكىدىن رازى بولۇپ، — «سەن» لىشىش بىلەن ئەمەس تىللىشىش، مۇشتلىشىش بىلەن!

— ھا ھا ھا... يارايسەن، ئۇنتۇماپسەن، غالىپ كەلگەن ئىدىڭ ئۇ چاغدا، ھازىرمۇ غالىپ كەلدىڭ، خاتا قىپتىمەن ئاداش، كېلەر يىلى پۈتۈن مەيدان بويىچە سېنىڭ دىگىنىڭدەك تېرىقچىلىق قىلايلى، مەيلى ئۈرۈمچىدىكى ھەممە تەجرىبىخاناڭنى كۆچۈرۈپ كەلگىن، مەن شارائىت يارىتىپ بېرىمەن. بۈگۈن سېنىڭ بىلەن

زىرائەت توغرىسىدا ئەمەس، پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىشىمەن!

نۇرمەمەت تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— پاخلاننى كەلتۈرەيمۇ، غاچچىدە؟

— قېنى، ئاتلان.

— قېنى، باغدال ئاداش، — ئاۋام باللارنىڭكىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ ئەسئەتنى قولتۇقلىدى، — ئۆيگە كىرەيلى، خالىساڭ بېغىمىدىكى شىپاڭغىلا ئورۇن راسلايمەن، سەن مېنى زومىگەرلىك قىلىپ بېيىدى، دەپ ئويلاپ قالغانسەن، ياق، ئۆيدە بەك ئىشلەيمەن. ئەتىگەنلىك چايغىچە يىگىرمە ئىككى ياغاچلىق تامدىن بىرنى ئۆرە تۇرغۇزالايمەن. ئەزالار يەتمىش مېتىر ئېتىز ئېرىقى چېپىپ بىر گۈك تاپىدۇ. تارماق ئېرىقتىن ئوتتۇز مېتىر چاپسا بىر گۈك. لاپ گەپ ئەمەس ئاداش، مەن ئېتىز ئېرىقىدىن ئىككى يۈز مېتىر، تارماق ئېرىقتىن يۈز مېتىر چاپالايمەن. ئوما، چالغا، سۇ تۇتۇش، خامان تېپىش... قايسى ئىش مېنى قورقۇتالايدۇ!؟ مەن ئارانلا ئالتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن. مەن ئاشۇ بىلىمىم بىلەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكى بولدۇم دىگىنە. سېنىڭدىن كاللا يېگەن چاغلىرىمدا تېخنىك ئىدىم، قانداق تېخنىك؟ قىلىدىغىنىم ئىككىلا ئىش ئىدى: بىرسى، يەرگە سەرجان سېلىپ خۇددى خونى موغا چېقىش؛ يەنە بىرسى، سىيالكىنى ئاتقا قوشۇپ ئۇرۇق سېلىش. باشاق يىغىش ماشىنىسى، ساماپورسكىلارنى ھەيدىدىم. ئاشۇنىڭ بىلەن «ئاۋام تېخنىك» بولۇپ قالدىم!

ئۇ ئەسئەتكە ھويلىسىدىكى تېخى ئۈزۈلمىگەن ئۈزۈم، قىزىل سېرىق «مارشال» ئالمىلىرى، بېغىدىكى قورۇق تامنى ياقىلاپ ئۆسكەن تېرەكلىرىنى، باغلاقتىكى نەسىللىك سېيىرلىرىنى كۆرسىتىپ ماختاندى. ئۇ خارتىلداپ تۇرغان جىرەن قاشقا ئېتىنىڭ يايلىنى تاراۋىتىپ يەنە ماختاندى:

— «تېخنىك» قانداق قىلىپ شۇجى بولۇپ قالدىڭ دەمە-

سەن؟ بىلەكنىڭ كۈچى ئاداش! — دېدى ئۇ پارقىراپ تۇرىدىغان قىپ-قىزىل يۈزىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سەكرەپ ئىلگىرىلەشتە، چاپالىق كۆرەشلەردە ئالدىدا ماڭدىم. شېئىرمۇ يازدىم دېگىنە، ئاڭلاپ باقە:

جاپا ئالدىدا،
مۈكۈنمىدۇق دالدىغا.
هايت، دېسىلا تەق بولدۇق،
نانىنى سېلىپ خالتىغا.

شۇنداق قىلىپ دۈيجاڭ، جىداۋيەن، مۇئاۋىن مەيدان باشلىقى، كېيىن شۇجى بولۇپ قالدىم. ئۆي-جاي، مال-ۋاران، مۇتۇ جىرەن قاشقىلارنى شۇجى بولماستا ئىشلەپ تاپقانمەن ئاداش، قورقما، مەن خىيانەت، قاقتى-سوقتى بىلەن بېيىغان هارام تاماق ئەمەسمەن!

ئاۋامنىڭ ياسىداق سارىيى، پىشايۋان باغلىرى بىردەمدىلا مېهمانلار بىلەن تولدى. هويلا، كوچىلاردىكى ۋەلسىپىت، ئات-ئېشەك هارۋىلىرى خۇددى بۇ يەردە مەرىكە بولغاندەك كۆپ ئىدى.

كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنلا ئىچىش باشلاندى، ئاۋامنىڭ ئايىلى ئامىنەم توپلىيىنى تاكاسلىتىپ ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەمگە كىرگەن خۇلۇم-خوشنىلىرى قازان بېشىدا، پىشايۋاندا، باراڭ ئاستىدا خۇش چاخچاقلىق بىلەن ئالدىراشماقتا. خىلمۇ-خىل ئاۋازلار هويلىغا ئاۋاتلىق بەرگەن، تۇرمەهەممەت كاۋاپچىلارغا:

— قېنى، غاچچىدە، هەي خۇرۇچىنى تەگشە، — دەپ ئىش بۇيرۇپ يۈرەتتى.

ئەسئەت گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان قارا جىيەكلىك يەكەنداز

ئۈستىدىن ئۆرۈن ئالغان، ئۇنىڭ ئۇڭ يېنىغا ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىككى ماموق ياستۇق تاشلانغان، ئۆيدىكى ھەممە داغدۇغا ئۇنىڭ شەرىپىگە بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ ئاۋام بىرىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— قېنى ئەمىسە، بۈگۈنكى ئولتۇرۇش مېنىڭ ئاغىنىمىز ئەسئەتكە قىلغان ناماقۇللۇق چېيىم، باشقا گەپ يوق. ئىچىلىپ - يېيىلىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن مۇنۇ ئۆگزەمنى كۆتىرىپ تاشلىۋەتمىسەڭلار رازى ئەمەسمەن، قېنى كەلمەمسىلەر! ئۇ بىرىنچى قەدەھنى كۆتىرىۋەتكەندىن كېيىن يېرىم سائەتكە قالمايلا ئۆي ۋاڭ - چۇڭغا تولدى.

كۆپچىلىكنىڭ زورى بىلەن ئەسئەتمۇ ئىككى رومكا ئىچىپ قويدى. ئىچىملىك ئۇنى ئېچىلدۇردى. ئۇ تەكلىپسىزلا قولىغا تەمبۇر ئالدى. مەسلەر بۇ ئاجايىپ ئىشقا قىزىقىپ بىر پەس جىمىدى. دۇتارچى دەرھال ئەسئەتكە يېقىن سۈرۈلۈپ دۇتىرىنى تەڭشىدى. ئەسئەت بۇندىن يىگىرمە بىر يىل ئىلگىرى ئېيتقان ناخشىسىنى باشلىدى. ناخشا يېقىملىق، قوشاقلىرى مەنىلىك ئىدى، بولۇپمۇ ناخشىنىڭ قايتارمىسى ئېيتىلغاندا ئەسئەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ، خۇددى بىرسىگە ئۆز ھالىنى ئېيتىۋاتقاندەك ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك ئاڭلاندى:

كېلىپ كورگىن دىدارىمنى،
چەكمە يۈرەك تارىمنى.
قاچان بېرىپ قۇچاقلايمەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى؟

— ئۆلمە، ئۆلمە ئاداش! — دىدى ئاۋام ھاياجان بىلەن، — قۇيغىنا ساقى، راسا تولدۇرۇپ ئىچىدىغان يېرى كېلىپ قالدى!

... ئايدىڭ كېچە، يەنىلا شۇ تونۇش تولۇن ئاي. ئەسئەت

ئايغا قاراپ يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئالغان ياشلىق خاتىرىلىرىنى
ۋاراقلىماق بولۇپ شىپاڭ رىشاتكىسىدا ئەمدىلا ئولتۇرۇۋىد-
دى، ئۇنىڭ يېنىغا ئاۋام چىقتى:
— بىر بىرىگە تەقەززا ئىككى يۈرەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلى-
دىم، — دېدى ئۇ ئەسئەتنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ، — غىلمان بۇۋى
بىلەن بىر ھەپتە بىللە بولدۇق. پۈتۈن مەجلىس ئاخىرلاشقىچە
مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىم. ئۇ بۇرۇنقى خۇش چاخچاق ھاكىم
ئەمەس، كۆزلىرىدە تۈگىمەس دەرت - ئەلەمى بار، ھەر ئامال
بىلەن سېنىڭ نامىڭنى تىلغا ئالىدۇ. نامىڭنى ھەر قېتىم تىلغا
ئالغاندا چىرايى بىر قېتىم قىزىرىدۇ. مېنىڭ ھېلىگەر كۆزلىرىم
سەزدى: ئايال ساڭا ئاشىق. ئۇ تۇل، سەن بويتاق، ئاشىق - مە-
شۇق بولۇشقا لايىقسىلەر، مەن ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشتىم.
مەن ماڭىدىغان چاغدا بىچارە غىلمان بۇۋى، مېنى يالغۇز بۆلمىگە
چاقىرىپ «ئىلمىي تېرىقچىلىق توغرىسىدا» گەپلەشمەن، ئۇنىڭغا
ئېيتىڭ، ئەتە كەچقۇرۇن كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن مېنىڭ
ئۆيۈمگە كەلسۇن، دەپ تاپىلىدى. ئەتە سائەت يەتتىلەردە مەن
سېنى كىچىك ماشىنا بىلەن يولغا سالىمەن. بەختلىك بول باغدال!
ئاۋام ئەسئەتنى يان تەرىپىدىن چىڭ قۇچاقلىدى، ئەسئەت ئاس-
مانغا قارىدى؛ جىمجىت كېچىدە باغلار شۇۋىرلايدۇ، ياپراقلار پىچىرلاي-
دۇ، يۇلتۇزلار غۇۋا چىمىرلايدۇ... ئايدىڭ كېچە ئۇنى تەبرىكلىمەكتە...

## 13 ・ سۈبھى ئۈچۈن

ئەسئەت تاڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالدى، ئۇ، مېھمانلار تارقى-
غاندىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە
كۈنلەر ئېتىزدا ئىشلەپ چارچىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىگەن-
لىك چاي ۋاقتىدىمۇ ئويغانمىدى.
— بەخت ئۇيقۇسىنى، — دېدى ئاۋام ئاستىمگە شۇۋىرلاپ، —

ئۇخلىسۇن، يۈر، ئۆزىمىز چاي ئىچۈۋېرەيلى، ئۇيقۇسىنى قاندۇرۇ-
ۋالسۇن. دەرىزىلىرىڭگە قېلىنراق بىر نىمە تارتقىنا، كۈن نۇرىدىن
ئويغىنىپ كەتمىسۇن.

ئامىنەم پايپاق بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ ئۆينى قاراڭغۇ قىلدى.
ئۇلار پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالانغا چىقتى-دە، سارايىنىڭ
ئىشىگىنى ئاستا يېپىپ قويدى.

— مەن ئىتنى دەرىزىدىن يىراققا ئاپىرىپ باغلاپ قوياي.
بولمىسا كاۋشىپ ئۇيقۇسىنى بۇزىدۇ. سەنمۇ بالىلىرىڭغا ئېيت،
ۋاڭ-چۇڭ قىلىشمىسۇن.

ئاۋام يالىڭاياق مېڭىپ پىشايۋان سۇپىسىدىن چۈشۈشكە
تالادىن ۋاقىرىغىنىچە سۇبھى كىرىپ كەلدى:

— راستىما ئاۋام ئاكا، نۇرمەھەممەت ئاكىنىڭ گېپى راستىما؟

— ئاستا! — ئاۋام ئۆينى شەرەت قىلىپ، — ئۇستازىڭىزنىڭ
كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ماڭدى. ئۇخلىۋالسۇن، ئاستا سۆزلەڭ،
بىچارە، كېچىچە ھاياجاندىن ئۇخلىيالمىدى.

— نىمىگە؟

— نىمىگە بولاتتى، خوشاللىقتىن، مەن ناھىيىدە تەنقىت
يىگەندىن كېيىن ئون نەچچە مىڭ مو يەرنىڭ ھەممىسىگە كېلەر-
كى كۈزدىن باشلاپ سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلار بويىچە بۇغداي تېرىشقا
ماقۇل بولدۇم، سىزنىڭ تەجرىبە مەيدانىڭىزنى يىگىرمە مودىن
ئىككى يۈز موغا بىراقلا ئۆستۈردۈم. خىراجىتىڭىزنىمۇ ئون بارا-
ۋەر ئۆستۈردۈم. سىلەرگە ياردەملىشىدىغان ئوندەك ئىشچى ئاج-
راتتىم، تىراكتور، كومبايىنلاردىن خالىغانچە پايدىلىنىڭ، سىزگە
مەخسۇس بىر قول تىراكتور ئالىدىغان بولدۇق، يەنە بىر يىلدىن
كېيىن ئۇرۇقچىلىق ئەتىرىدى قىلىپ كېڭەيتىمىز. ئۇ چاغدا...

— راستىما، نىمانداق ياخشى! — قىز يەنە ۋاقىرىۋەتتى، —
بۈگۈنلا ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇستىڭىزدىن بەرگەن ئەرزەمنى
قايتۇرۇۋالىمەن... بىرىنچىدىن...

— ئاپىڭىزنىڭ يېنىغا ئالدىرىماڭ، — دېدى ئاۋام پىچىرلاپ تۇرۇپ، — بۈگۈن بارماڭ.

— نىمىشقا؟

— ئاپىڭىز يوق.

— ئاخشاملا تېلېفۇن بىلەن سۆزلەشتىم! ئەتە سىزنى ئۆزەم ئېلىپ بارىمەن ياكى نۇرمەھەممەت موتوتسىكلىت بىلەن ئاپىرىپ قويسۇنمۇ؟

قىزنىڭ چىرايىدىن شاتلىق ئۆچتى، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تەتۈر قارىۋالدى - دە:

— بۈگۈن ئۆزەم پىيادە كېتىۋېرىمەن! — دېدى.

قىز سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاۋام جېرەن ئېتىنى توقۇپ قورادىن چىقتى...

ئەسئەت چۈش كۆردى. ئۇ، چۈشىدە غىلمان بۈۋىنى ئەمەس سۈبھىنى كۆردى. سۈبھى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئەسئەتكە قوپال تېگىۋاتقۇدەك:

— سىز ئۇرۇمچىدىن مېنىڭ ئىشىمنى دەپ كەلدىڭىز، مەن نەتىجە قازاندىم، مەقسىدىڭىز ھەل بولدى، ئەمدى سىز كەتسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— مەن، سىزنى تاشلاپ كېتەمدىمەن؟... مەن سىزنىڭ دادىڭىز، سىز مېنىڭ ئۆز قىزىم!

— مېنىڭ دادام ئۆشەموپ!

قىز ئەسئەتكە سوغاق نەزەر بىلەن قارىدى، بىردىنلا كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى...

ئەسئەت خۇددى بىرسى ئۈستىگە سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ ئويغاندى. ئوي قاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى. ئۇ قايتا ئۇخلاش ئۈچۈن ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلدى: «ئىش ئەتە كەچ ھەل بولىدۇ، ھەممىسى ھەل بولىدۇ، بەلكىم سۈبھى خوشالمۇ بولار، بەلكىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجايىپ سەزگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ بىئارام بولار — لېكىن نىملا بولمىسۇن، قىز ئۆز ئاتىسىنى بىلىۋېلىشى،

ئۇشەمۇپ ئۇنىڭ ئاق نىيەتلىك تەربىيەچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ
بەدىنىدە ئۇشەمۇپنىڭ قېنى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇشى
كېرەك. بەلكىم بىرىنچى قەدەمدە ئانىسىنىڭ مېنىڭ بىلەن تۇر-
مۇش قۇرغانلىقىنى بىلىپ خوشال بولار. چۈنكى قىز مېنىڭ يامان
ئادەم ئەمەسلىكىمنى بىلدى، ئەمدى ئۆزىگە ئۆمۈر بويى مەنپەئەت
بېرىدىغان ياخشى ئاتا — ئۇستاز بولالايدىغانلىقىمنىمۇ ئىشىنىدۇ.
ئۇستاز بولۇش بىلەن ئاتا بولۇش ئوتتۇرىسىدا پەرقمۇ، ئوخشاش-
لىقمۇ بارغۇ! ئۇستاز بولغىنىمدىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە ئۆز
ئاتا بولسامۇ بولىدۇ... دېمەك ئەتە كەچ سائەت سەككىزدىن
كېيىن مېنىڭ ئىخلاسىم قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. يىگىرمە بىر
يىل بۇرۇنقىدەك مەن ئۇنىڭ ئوماق بېشىنى كۆكرىكىمگە تاقى-
مەن، ئۇ مېنىڭ يىرىك چاچلىرىمنى نازۇك بارماقلىرى بىلەن
ئوينايدۇ...»

شىرىن خىيال ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. ئۇ ئەمدى ھەر
قانداق قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئاخىر ياستۇق تېگىدىن سائەتنى
ئېلىپ قارىدى. سائەت ئونبىر بولغان ئىدى. «بۇ قانداق ئونبىر؟
كېچە سائەت ئونبىردە مەن شىپاڭدا ئىدىمغۇ، سائەت توختىغان-
مۇ - يا؟» ئۇ سائەتنى تىڭشىۋېدى ماڭغۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ
كۈنگەي تېمىغا قارىدى، شۇ چاغدا سىرتتا خوراز قىچقاردى.
دەرىزە تەرەپتىن ئىنچىكە يورۇق چۈشمەكتە، دېمەك ئاللىقاچان
تاڭ ئېتىپ بولغان، ئىخلاس بۈۋى بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈننىڭ
ئالتۇن نۇرلىرى ئۇنىڭغا خۇشخەۋەر يەتكۈزمەكتە ئىدى.

ئۇ ئالدىراپ كىيىندى. ئۇ چۈشىنىپ بولالمايدىغان بىر خىل
شىرىن تۇيغۇنىڭ غىدىقلىشى بىلەن جىددىيلەشتى: ئۇنىڭ نە كىتاپ
ئوقۇغۇسى، نە بىر نەرسە يېگۈسى، نە ئولتۇرۇپ خىيال قىلغۇسى
كەلمىدى. ئۇنىڭ سەكرىگۈسى، دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلغۇسى،
بىرسى بىلەن چېلىشقۇسى، ۋاقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى ياكى بىرەر
ئاساۋ ئاتنى مىنىپ ئوغلاق تارتقۇسى، ئوۋچىلىق قىلغۇسى،

دەريادا ئۈزگۈسى... ئومۇمەن بۇندىن يىگىرمە بىر يىل بۇرۇنقى كەپسىزلىكلىرىدىن بىرەرسىنى قىلغۇسى كەلدى، لېكىن مۇنۇ ياسىداق ساراي، گۈللۈك ھويلا، ئۇنىڭغا تارلىق قىلىدۇ... ئۇ شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىگە ئىش تاپتى: گىلەم ئۈستىدە پايپاق بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ بىردە تىكلىمە ئەينەككە، بىردە ئىشكاپ ئەينىكىگە، يەنە بىردە تام ئەينىكىگە قارىدى. ھەر ئۈچىلا ئەينەكتە كۆزلىرى بەختتىن خۇمالاشقان، ئورۇق يۈزىنى ئۇششاق قورۇقلار چىرمىغان، چاچلىرى شالاڭلاشقان ۋە ئاقارغان، قاڭشىرى قىڭراققا ئوخشاپ قالغان ئۇزۇن بويۇن بىر ئادەم كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئەسئەت كىچىك سومكىسىدىن ساقال ئالغۇچ ماشىنىنى ئېلىپ ئىڭەكلىرى ئەتراپىدا گىژىلداتتى. كىچىك باتارىيە مېيىنىڭ كۈچى بىلەن ماڭىدىغان ساقال قىرغۇچى ماشىنا خۇددى تومۇزغىدەك بىر خىل ئاۋازدا گىژىلدىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كۈنگە قارىدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، كۈننىڭ خېلى تەپتى بار ئىدى. ئېرىق بويىدىكى سېرىق غازاڭلار ئۈستىدە يېزا باللىرى يالاڭ كىيىملەر بىلەن ئوينىشىۋاتاتتى. ئەسئەت ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېيىشتى ۋە كىچىك قوللىرىنى ئەسئەتكە سۇنۇشتى. ئەسئەت ئۇلار بىلەن بىرمۇ-بىر كۆرۈشۈپ بولۇپ ھەر بىرىگە ئون تىيىندىن پۇل بەردى. ئۇ ئاۋامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كۈن چىقىش تامغا جايلاشقان يازلىق ئاشخانىغا قارىدى. ئۇ يەردە ئاخشامقى قاچا-قومۇچلار ئايقىن-سايقىن تۇراتتى. ئەسئەت ئىش تېپىلغىنىغا خوشال بولدى. ئۇ چايداندىن قايناقسۇ قۇيۇپ، قاچا يۇدى. سائىتىگە قارىسا يەنىلا ئون بىردىن ئوتتۇز يەتتە مىنۇت ئۆتكەن، ئۆي ئىگىلىرى يەنە بىر سائەتتە كېلىشى مۇمكىن. ئاڭغىچە نېمە قىلغۇلۇق؟ ئۇ، قاچا-قۇچىلارنى جاي-جايىغا قويۇۋېتىپ كانارىدا ئېسىقلىق تۇرغان سېمىز قوي

گۆشنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۆزىگە يېقىن ئىش تاپتى. دەرھال ئوچاقتا كۆمۈر سېلىۋېتىپ، لەگمەن ئېتىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇشقا كىرىشتى.

ئۇ ئاش سوزۇشقا باشلىغاندا ھويلىغا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئامىنەم كىرىپ كەلدى:

— ۋاي ئۆلەي! — دىدى ئۇ مەيدىسىنى تۇتۇپ، — خولۇم - خوشنىلار كۆرسە نىمىمۇ دەر؟

— نومۇسلۇق ئىشمۇ بۇ؟ — دىدى ئەسئەت ئامىنەمگە قايرىلىپ قاراپ، — مەن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتىمەن، بىر قېتىممۇ بىرسىنىڭ مازاق قىلغىنىنى ئاڭلىماپتىمەن؟

— بىزنىڭ بۇ يەردە قازانغا چېپىلغان ئەر كىشىنى زاڭلىق قىلىدۇ. مەن ئاۋامغا سۇمۇ ئەكەلگۈزمەيمەن.

— قىزىق! — كۈلدى ئەسئەت بېشىنى ئېغىتىپ، — كەتمەن بىلەن قىر سوقۇش ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدىغۇ، ھازىر ئاياللار بۇ ئىشنى قولىغا ئاپتۇ. ئاياللارنى زاڭلىق قىلىشمايدىكەنۇ، قازان بېشىغا ئەرلەر كەلسە مازاق قىلىدىكەن، بۇ بىر چوڭ تەڭسىزلىك!

— خۇددى غىلمان ھاكىمدەكلا گەپ قىلىدىكىز! — دىدى ئامىنەم قولىنى يۇيۇۋېتىپ، — بىزمۇ شۇنداق تونۇيمىز، لېكىن قىلالمايمىز، غىلمان بۇۋى نەچچە قېتىم ئاۋام ئىككىمىزنى تەنقىت قىلدى، — ئامىنەم ھەر قېتىم «غىلمان ھاكىم» دىگەن سۆزنى ئېيتقاندا، ئەسئەتكە يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرىنى بايقاپ قالغان ئەسئەت گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى:

— ئامىنەم، ئېيتىڭا، مەن ناۋادا ئاشۇ غىلمان بۇۋى بىلەن توي قىلسام گەپ - چۆچەككە قالارمەنمۇ؟ دىمەكچى بولغىنىم مۇنداق، مەسىلەن، قىزىمىز سۇبھى خاپا بولارمۇ؟

ئامىنەم چويلا چايقاۋېتىپ ئېيتتى:

— ئۇ بىر ئالتۇندەكلا قىز، غىلمان ھاكىم نۇرغۇن لايىق

لارنى ئاشۇ سۆبھى ئۆچۈنلا قايتۇرۇۋەتتى. مەن بىر قېتىم ئوبـ
لاستىنىڭ بىر مەسئۇل كادىرى غىلمان بۇۋىگە كىشى قويۇپتۇ،
غىلمان ھاكىم ئىختىيارنى قىزىغا ئىتتىرىپ قويۇپتىكەن، قىزى
زادىلا ئۇنىماپتۇ دەپ ئاڭلىغان. ئاۋام يېقىندا ماڭا: مۇشۇ ئەسئەت
ئەپەندىنىڭ بىزنىڭ ھاكىمغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ،
ھاكىمغىمۇ بۇ ئادەم ياققاندەك تۇرىدۇ. ھازىر ئۇلار ئاستىرتىن
دۇت ئېلىپ كۆيۈشۈۋاتىدۇ، سەن سۆبھى بىلەن سۆزلەشكىن،
سۆبھىلا نارازىلىق قىلمىسا مۇشۇلارنىڭ ئەلچىلىكىنى ئۈستۈمگە ئالاي
دەيمەن، دىدى. مەن سۆبھى بىلەن سۆزلەشتىم.

ئەسئەت قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن
ئانىسەمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— قىز: «ناۋادا، راستىلا ئىككىسى بىر بىرىنى ياخشى كۆرـ
گەن بولسا، ناۋادا ئانام ئۇشەموپ دادامنىڭ ئورنىنى ئاشۇ ئادەم
باسالايدۇ، دەپ تونۇغان بولسا نىمىمۇ دەيتتىم» دىدىيۇ،
لېكىن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى...

شۇ چاغدا ھويلىغا سۆبھىنى ئەگەشتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلگىـ
نىچە ئاۋام كىرىپ كەلدى. ئەسئەت قىزاردى ۋە ھىچقاچان
كۆرۈۋۈپ باقمىغان دەرىجىدە ھودۇقتى. يەنە ئۇ شۇنچىلىك خوشال
بولدىكى، يىگىرمە بىر يىلدىن بېرى بۇنچىلىك خوشال بولۇپ
باقمىغان ئىدى.

سۆبھىچۇ؟ بۇ ھەقتە بىر نىمە دىگىلى بولاتتىيۇ، بىراق
ئىشنى يەنىلا تۇرمەھەممەت بۇزدى. ئۇ ئاۋاملارنىڭ كەينىدىنلا
موتوتسىكلىتىنى تۇتۇتلىتىپ كىرىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن سۆبـ
ھىنىڭ چىرايىدىكى خوشاللىق، ھاياجان ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا
تۈگەپ، ھازىرلا مۆلدۈر تۆكىدىغان بۇلۇتقا ئوخشاش بىر خىل
خاپىلىق، غەزەپ ئالامەتلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى قاپلىدى.

ئەسئەتنى ئېلىپ كەلگەن كىچىك ماشىنا كەچ سائەت يەتتە
يېرىمدا ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ تۆمۈر قاپقىلىق ئالاھىدە

هويلا ئالددا توختاپ ئادىتى بويىچە ئاسمانغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىگى كۆكرەك قەپىزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەيتتى. هويلا ئىشىگىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئوچۇق ئىدى، ئۇ، ئاستا هويلىغا كىردى - دە، تېخى ياپراق تاشلىمىغان ئالمىلار ئارىسىدىكى خىش ياتقۇزۇلغان يول بىلەن پېشايۋان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ، پېشايۋانغا كۆتىرىلىشىگىلا دالان ئىشىگى ئېچىلدى. ئۆيدىن چىققان كۆچلۈك يورۇقتا جىگەررەڭ پوپايكا كىيگەن، تولۇق كەلگەن گۈزەل ئايالنىڭ قامىتى گەۋدىلەندى، ئەسئەت نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئەمما ئايال ئۈن - تىنسىزلا ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى.

— ئىخلاس...

— ئەسئەت...

ئۇلار دالان تاپسىدىلا قۇچاقلاشتى. ئەسئەت ئىخلاس بۇۋىنىڭ چاچلىرىنى، بويىنىنى، مۈرىلىرىنى پۈتۈن تەشنالىقى بىلەن سۆيدى...

— قويۇۋېتىڭ، ئەسئەت! — دىدى ئىخلاس بۇۋى پۈتۈنلەي ماغدۇرسىزلانغان گەۋدىسىنى تەستە قىمىرلىتىپ، — ماڭا قاراڭچۇ.

ئەسئەت ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى سېھىرلىك، لېكىن ساددا كۆزلىرىگە قارىدى. ئايال ئەسئەتنىڭ بەختىتىن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كۆزلىرىگە بىرلا قارىدى - دە، قايتا ئەسئەتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ يىغلىغاندا پۈتۈن گەۋدىسى سىلكىنەتتى... ئەسئەتنىڭ ئۇنى بەزلەشكە هالى يوق ئىدى، ئۇنىڭمۇ كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى. ئايالنىڭ كۆز يېشى ئەسئەتنىڭ كۆكرىگىنى هۆل قىلدى. ئەسئەتنىڭ كۆز يېشى ئىخلاسنىڭ يەلكىسىگە تېمىپ تۇردى...

خېلىدىن كېيىن ئۇلار ئۆزىگە كەلدى:

— يۈرۈك، ئۇستەلگە، بىللە غىزالىنايلى، — دىدى يەنە «غىلمان هاكىم» سالاهىيىتىگە كىرگەن ئايال ئەسئەتنى قولتۇق-

لاپ، — لەكىن ئەيتتىم، سىز ئامراق بولىدىغانغۇ. تاماق كەلگىچە ئۈنئالغۇ ئاڭلاڭ.

ئايال چىقىپ كەتتى. ئۈنئالغۇدىن ئەسئەتنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى، ئايال تاماق ئەكىردى:

— ئىخلاس سىزنىڭ كۆز ـ قۇلاق، ھەتتا پۇت ـ قوللىرىڭىزمۇ ھەممىلا جايغا يېتىدىكەن. ئاۋامنىڭ ئۆيىدە ئېيتقان ناخشامۇ مەندىن بۇرۇن يېتىپ كەپتۇ.

— ئاۋام ئوبدان ئادەم. ھېلىقى ئاز ـ تولا ئەيىپلىرىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھارام نىيىتى يوق. مۇشۇ لىنتىنى بۈگۈن ئەتىگەندە ئەتەي بىر كىشىدىن ئەۋەتىپتۇ. خۇددى ھېلىقى چاغدىكىدەكلا ئېيتىپسىز، ئازراق ئىچەمسىز؟ مەنمۇ قىزىلىدىن ئىچىپ قوياي ئەمدى!

ئۇلار بىر رومكىدىن ئىچىشتى.

— ئېپكەلگىن ئىخلاس، ھاراقنى مەن قوياي، بۈگۈنلا ئۆيۈڭنىڭ ھەم خوجايىنلىقىنى ھەم مالايلىقىنى قولۇمغا ئالاي.

ئايال جاۋاپ بەرمىدى.

— بەخت بەك كېچىكىپ كەلدى ئىخلاس، مەن ئۇنى قانچىلىك كۈتتۈم؟ يىگىرمە بىر يىل!

ئايال ئۈنچىقمىدى، ئەسئەت ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ يۈرىكىگە تاقىدى:

— مېنى كەچۈردۈڭمۇ؟ ئىخلاس مەن ئۇ چاغدا... كېيىن سېنى ئىزلەپ چىقتىم...

— ئۇ توغرىلىق سۆزلىمەڭ.

— ئوقۇشماسلىقمۇ بار...

— بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، — دېدى ئايال ھەسرەت بىلەن ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ، — ئۆتكەن ئىشلارنى تىلغا ئالماڭ، سىز بۈگۈن ماڭا مېھمانغۇ، كېپىمگە كىرىڭ، ئۆتمۈش توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايلى...

— ماقۇل ئەمىسە، كەلگۈسى توغرىلىق سۆزلىشەيلى، بىز ھامان كەلگۈسى ئۈچۈن ياشايمىزغۇ.

— ياق، كەلگۈسى توغرىلىقمۇ سۆزلەشمەيلى...

— نىمە دېيىشىمىز ئەمىسە؟

— ھېچنىمە دېيىشمىسەكمۇ بولىدۇ...

— مېنىڭ كېيىم شۇنچىلىك جىققۇ ئىخلاس، كېيىنگە قالدۇرىمىزمۇ ئەمىسە؟

ئايال يەنە جاۋاپ بەرمىدى.

ئۇلار ئۇزۇن - تىنىسىز ئولتۇرۇپ يەنە ئىككى رومكىدىن ھاراق ئىچىشتى. ئەسئەت خېلىلا قىزىدى. لېكىن ئايالنىڭ «ھېچنىمە دېيىشمىسەكمۇ بولىدۇ» دىگەن سۆزىنى ئۇنتۇمىدى. ئۇلار بىر بىرىدىن كۆز ئۈزمەي قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاۋازسىز سۆزلەشمەكتە، بىر بىرىگە سېغىنىش ۋە دەرت - ئەلەملىرىنى بايان قىلماقتا ئىدى. لېكىن تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسئەت چىدىيالمىدى:

— ئىخلاس، مەن ھەممىنى ئويلىدىم: ئەمدى سېنىڭ يېنىڭدا دائىم بىللە بولىمەن. ئۇمۇمەن بىزنىڭ ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىمىز ئۈچۈن ھېچقانداق توسالغۇ يوقكەن، ئەتىلا مەن قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى توغرىلايمەن.

ئايال كۈلۈپ قويدى - دە، ئەسئەتكە ئۇرۇن تەييارلاۋېتىپ دېدى:

— توغرا، بىزنىڭ ئەر خوتۇن بولۇپ ئۆتۈشىمىزگە ھېچقانداق توسالغۇ يوق. بۈگۈن بىزنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق ھاياتىمىزنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن...

— يەنە قانداق «لېكىن»؟

غىسلىمان ئەسئەتنىڭ چىچىنى سىلاپ قويۇپ ھەسرەتلىك كۈلدى:

— ئۇخلاڭ، بۈگۈنچە مۇشۇ «لېكىن» دە توختاپ تۇرايلى،

خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ!
ئايال يېنىك ھەركەت بىلەن ئۆيدىن چىقتى-دە، چىراق
ئۆچۈرۈلدى.
ئەسئەت كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ھويلىغا چىقتى،
سۈزۈك ئاسماندىكى يالغۇز ئايغا، ئاچچىق شامالدا ياپراق تۆكۈ-
ۋاتقان ئىگىز تېرەكلەرگە قارىدى. ھويلىغا ياز ئاۋاتچىلىقىنى
چىللاپ غۇچچىدە ئېچىلىپ تۇرغان ئەتىر گۈللەرنى پۇرىدى.
ئۆيگە كىرىپ ئىخلاس بۇۋىنىڭ ۋە سۇبھىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن
ھاراق ئىچتى. لېكىن ھاراق ئۇنىڭ تەشنالىقىنى باسالمىدى.
ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى ھەم يىغلىغۇسى كەلدى...
غىلمان ھاكىم ئۇنى ئويغاتقاندا كۈن ئاغامچا بويى ئۆرلى-
گەن ئىدى.
— «لېكىن» توغرىسىدا ئەمدى ئېيتارسىز؟ — دېدى ئەسئەت
ئاخشامقى ئىخلاس بۇۋى نازاكىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ سالماق-
لىق، سۈرلۈك «غىلمان ھاكىم» تۇسىگە كىرگەن ئايالغا كۈلۈم-
سىرەپ قاراپ.
— ئەمدى ئېيتىمەن، — دېدى ھاكىم خاتىرجەملىك بىلەن، —
بەختنى كىم يامان كۆرىدۇ؟ لېكىن سىز بىلەن بەختلىك بولۇشنى
ئىستىگۈچى مەنلا ئەمەسقۇ، راھەتنى قانداق قىلىسىز؟ مەن ئۇنىڭ
بىلەن خەت ئارقىلىق سۆزلىشىپ ھەممىنى بىلدىم، نىمىشقا ئۆز-
گىزنى بەختلىك قىلىشنىلا ئويلايسىز؟ راھەت سىزنى بەختلىك
قىلىش ئۈچۈن شۇنچە جىق ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ سىز ئۇنى
بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ھىچ ئىش قىلمىغانسىز! ھەممىلا ئادەم
مۇشۇنداق ئۆز بەختى ئۈچۈن باشقىلارنى ئازاپقا سېلىۋەرسە بەخت-
لىكلەردىن بەختسىزلەر كۆپىيىپ كەتمەمسىمۇ؟ راھەتنى بەختلىك
قىلىڭ، «ئىخلاس» بۇۋى ئۆلگەن بولسۇن، سۇبھى بۇ سىرنى
بىلمىسۇن، بۇ مېنىڭ ئىلتىماسىم!
ئەسئەت يەرگە قاراپ ئۇزۇنغىچە جىم بولۇپ قالدى.
— رەھمەت سىزگە! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، —

لېكىن راھەتنى بەختلىك قىلالمىسامچۇ؟ مەسىلەن، كېچىككەن بولسامچۇ؟

— ئۇ چاغدا سۇبھىنىڭ بەختى بىزنىڭ بەختىمىز بولىدۇ...

ئۇ غىلمان ھاكىمنىڭ ھويلىسىدىن خۇددى تاش باغلاپ قويغاندەك ئېغىرلاشقان ئاياقلىرىنى تەستە يۆتكەپ قايتىپ چىقتى.

ئەسئەت شۇ كۈنلا ناھىيىدىن شەھەرگە كىرىپ مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايروپىلان ئىلى دەريا ۋادىسىنى ئايلانغاندا دەرىزىدىن ھىلىقى ئۆزىنىڭ ياشلىقى ئۆتكەن يېزىنى ئىزلىدى.

ئۇ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇتتۇر راھەتنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ياتاقنى چەكتى. ياتاقتىن باشقا بىر كىشى چىقتى. ئەسئەت ئۇنىڭدىن سورىدى:

— راھەت نەگە كۆچۈپ كەتتى؟

— ئېخى خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ تۇرمۇشقا چىقىپ يولدىشى بىلەن سىرت ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتتى!

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ راھەتنى بەختلىك قىلىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىدى. ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرغان قارلىق كوچىلارمۇ كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. «شۇنچە يىل نىمىنى كۈتتۈم؟ نىمە ئۈچۈن راھەتنى ئىنتىزار قىلدىم! مانا ئاخىر كۈتكىنىمدىنمۇ، كۈتكۈزگىنىمدىنمۇ قۇرۇق قالدىم: قىرىق ئالتە ياشلىق ئادەم ئۈچۈن ئەمدى مۇھەببەتتىن بەخت ئىزلەشنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىگىنى بىلىشىم كېرەك. قالغان ئۆمۈرنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يەر يۈزىدە يەنە مەن ئۈچۈن نىمىلەر قالدى؟ دۇرۇس، سۇبھى بار، مەن ئۇنىڭ بەختىنى كۆرۈشۈم، ئۇنىڭ بەختى بىلەن ھوزۇرلىنىشىم كېرەك. دەرھال ئىلى ۋادىسىغا قايتىشىم، شۇ يەردە يەنە سۇبھىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆز قىزىمنىڭ كەلگۈسىدىن خۇشاللىق ئىزلىشىم كېرەك.

مەن كەتتىم، خەير راھەت، مېنى كۈتۈۋېلىك مېنىڭ خۇشاللىغىم سۇبھى!»

# ئارچا ياپرىقى

## كىرىش

«يوللارنىڭ قاسناقلىرىغا، گۈللۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا، كۆركەم بىنالارنىڭ ھەيۋەتلىك سۇپىلىرىغا تىكىلگەن ئارچىلار قىش-ياز ياشىرىپ تۇرىدىغان ياپراقلىرى بىلەن گۈزەل، گۈللەرمۇ گۈزەل، لېكىن ئۇلار ئېچىلىدۇ، توزۇيدۇ. ئۇ ئىنسان چىرايىنىڭ سىمۋولى، ئارچا ياپراقلىرىچۇ؟ ئۇ ئانا قامىتىگە ھەممىشەم سىڭىپ بېرىپ تۇرىدىغان ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ سىمۋولى. ۋەتىنىم، سەن مۇنبەت تۇپراق. سۇنماس-تەۋرەنمەس مەڭگۈ يېشىل ئارچىغا ئوخشايسەن. مەن ساڭا ياپراق بولالىسام بەختلىك.»

(ئېلىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن)

«دەپتىرىڭىزنىڭ قېتىغا ئارچا شېخىدىن قىستۇرۇپ قويدۇم. ياپراقلىرى ياشلىق باھارىمىزنىڭ بەلگىسى بولۇپ يىللارنى ئۇزارتسۇن.»

(مەھبۇبەنىڭ ئېلى ئەلبومىغا يازغان يادىكار سۆزىدىن)

### مېنى تەبرىكلىمە!

كۆزنىڭ ئايدىڭ ئاخشىمى خىيالچانلار ئۈچۈن ئەجەپ ياخشى-دە! تىنىق ئاسماندا چىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ساڭا ھىسسىيات تەقدىم قىلىدۇ، ئاپپاق كوچىلارغا گۈلۋادان سايە تاشلاپ سالقىن كۆز شامىلىدا يېنىك ئىغاڭلاشقان تېرەكلەر ياپراقلىرىنى شالدىرلىتىپ سېنى خىيالغا — گۈزەللىك دېڭىزىغا شۇڭغۇتىدۇ...

ئادەمسىز، شەپەسىز، چاڭ - توزاڭسىز كوچىدا ياخشى
كىيىنگەن، زىلۋا بوي، بۇدرە چاچلىق بىر يىگىت قولىنى كەينىگە
قىلىپ رىتىم بىلەن دەسسەپ مېڭىپ يۈرىدۇ. ئۇ غاچ - غاچ ئاياغ-
لىرى بىلەن يەرنى چىڭراق دەسسىسە گويا بېشىغا قونغان بەخت
قۇشى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئېھتىياتچان كۆرۈنەتتى، بەخت
شارابى تەشنالىقىدىن قۇرۇغان لەۋلىرى خوشاللىق كۈلكىسىدىن
يۇمۇلماي قالغان ئىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئاخشام چەكسىز گۈزەل، مۇتۇ
غاچ - غۇچ ئاياقلىرىغا پاياندار بولۇۋاتقان تۇپراق چەكسىز قەدىر-
لىك، ئايدىڭ كېچە چەكسىز مېھرىۋان بىلىنمەكتە... ئۇ ھاياجان
بىلەن كەلگۈسى توغرىسىدا، بۈگۈن باشلانغان تۇنجى مۇھەببەت
داستانىنى پاتراق ۋايىغا يەتكۈزۈش توغرىسىدا خىيال قىلاتتى.
ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بەخت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلاتتى...

ئۇ ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قەدەملىرىنى توختاتتى-
دە، ئۆز - ئۆزىگە: «مانا ئەمدى مەندىن بەختلىك ئادەم يوق»
دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ ياتىقىغا كىرىپ، ئۆز خوشاللىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن
دوستىنىڭ ئۈستىگە كىيىملىرى بىلەنلا تاشلاندى. چالا ئۇيقۇلۇق
دوستىنىڭ ئوڭ قولىنى تارتىپ ئالدىراپ پىچىرلاشقا باشلىدى:

— ئېلى، ھەي يۇۋاش قوزا، مېنى چىڭ قۇچاقلا، تەبرىكلە،
مەن بەختلىك، مۇرادىغا يەتكەن يىگىتمەن!

ئىككىسىنىڭ قايسىسى؟ — ئېلى خوشياقمايلا سورىدى.

— ئاۋال قۇچاقلا، تەبرىكلە، مىلجىڭلىقىڭنى بۈگۈنچە تاشلا.
بولمىسا قولىڭدىن ئايرىلىسەن!

ئېلى ئۇنى يېنىك قۇچاقلىدى ۋە:

— خەيرلىك باشلىنىش خوشاللىق بىلەن ئاخىرلاشسۇن! —
دېدى.

— بول كىيىملىرىڭنى كىي، باياتىن كوچىدا يۈرۈپ ئويلى-
غانلىرىمنى تولۇق ئېيتىمىسام، ساڭمۇ، ماڭمۇ ئۇيقۇ يوق!

— ھەي كامىل! — دېدى ئېلى كېيىنىۋېتىپ، — بىلسىپ قوي، بۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىم تەبرىكلىشىم، — تېز قىزىغۇچى مېتاللار تېز سوۋۇيدۇ. قېنى، يەنە بىر قېتىم ئاڭلاي!

— ئالدىنقىلىرى ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى، مەن ئەجىرسىز مۇڭگە، چەكسىز ئۇلجىغا ئېرىشكەن ئىدىم، لېكىن بۇ قېتىم ئوت ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ گۆھەر ئىزلىگەندەك، چۆل-باياۋاندا سۇ ئىزلىگەندەك ئەجىر قىلدىم، ئاخىر، مانا چەكسىز خۇشاللىقنىڭ ئىشىگىنى ئاچتىم، قېنى بول، ئايىغىڭنى سىپپۇال-دە، ماڭ!

كامىل ئېلىنىڭ قولىدىن سۆرەپ كوچىغا ئېلىپ چىقتى. جىمجىت كوچىدا بۇ ئىككى يىگىتتىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ ئاستا مېڭىشتى. كۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئاي ئۇلارنىڭ يۈزىنى، قەددى-قامىتىنى سېخى نۇرلىرى بىلەن يورۇتماقتا. سەلكىن شامال چاچلىرىنى يەلپۈمەكتە. دەرەخ ياپراقلىرى چاۋاك چېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلىمەكتە، سۈزۈك سۇلار نىملەرنىدۇر پىچىرلاشماقتا...

ئېلى كامىلنىڭ ئويناق كۆزلىرىگە قارىدى:

— قېنى باشلا، ھاياجان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مانا مۇشۇنداق بەخت بىلەن ئۇچراشقاندا سالماق بول دوستۇم، بەختنىڭ تەتۈرىسىمۇ ئاۋۇ كۆلەڭگىمىزدەك بىزنى ئەگىشىپلا يۈرىدۇ. ئەنە شۇنى ئۇنتۇما، قېنى سۆزلە! — دېدى.

كامىل مەس ئادەمدەك دوستىنىڭ مۈرىسىگە تاشلاندى.

— كۆلەڭگە ئەمەس، بوينۇمغا قىلىچ تەگسىمۇ ھامان پىسەنت قىلمايمەن، ھاياتىڭدا مۇنداق چاغلار كۆپ بولسا بىر قېتىم بولىدۇ، سالماق-پالماقلىرىڭنى قوي، يامان تەرىپىنى ئويلىما، مېنىڭ خۇشاللىقىمغا شېرىك بول، بىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈرلۈك خۇشاللىقنىڭ نېمە لازىمى؟ بىر كۈن، بىر سائەت، ھەتتا بىر مىنۇت بولسىمۇ قانغۇدەك خۇشال بولۇۋالساڭ، تەن-تېنىڭ، جان-جېنىڭ يايرىسا بولغىنى، ئاڭلا جان دوستۇم!

## جان دوست

ھايات نېمە؟ دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىكنىڭ كۆرىشى، بەخت بىلەن پالاكەتنىڭ بىر-بىرىگە قەست قىلىپ تۇرۇشى، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى. ئومۇمەن بۇ زىت نەرسىلەردىن ھېچكىم ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ، ساڭا سىن بېرىپ ياراشقان كىيىملىرىڭ كۆڭلەرنىڭ بىردە كېرەكسىز لاتىغا — يىرگىنىشلىك نەرسىگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش، سېنىڭ بەدەن-بەدىنىڭنى ئېرىتىۋەتكەن خۇشاللىغىڭمۇ كۆڭلەرنىڭ بىردە پىشانە تەرىڭدەك قۇرۇپ تۈگەيدۇ، ئۇنىڭ تۈگىگەن كۈنى خاپىلىغىڭنىڭ باشلانغان كۈنى بولىدۇ. سەلتەنەتلىك تاج ئىگىلىرىمۇ، كولا-جەندە كىيگەن غەمسىز دىۋانىلەرمۇ مۇشۇنداق ياشايدۇ، سەۋەۋى ھاياتنىڭ بۇ قانۇننى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ!

ئېلى مانا مۇشۇ ئەقىدىنى قۇۋۋەتلىگۈچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇشال بولسا ئۇچۇپ كەتمەيدۇ، خاپا بولسا چۆكۈپ كەتمەيدۇ. راھەت-پاراغەتكە ئۆزىنى ئېتىپ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقۇپ، ئاسان يول بىلەن بەختكە ئېرىشىشنى ئىزلىگۈچىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزىمەس ئادەملەر. لېكىن تۇرمۇش ئەرزىمەس ئادەملەرنىمۇ ئېلىدەك تەمكىن ئادەملەرگە دوست قىلىپ قويىدۇ.

مانا، كامىلجان ھاياجانلانغان، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى بېشىغا قونغان بەخت قۇشىنىڭ سالمىغىدىن نوتىدەك ئىغاڭلايدۇ. يوغان قوي كۆزلىرى تۈندە يانغان ماياكتەك نۇرلۇق، قىزلارنىڭكىدەك نازۇك يۈزى ئاي نۇرىدا تېخىمۇ ئاقارغان، ئاۋازى تىترەڭگۈ، ئۇ ھىلىدىن-ھىلىغا تاماكا شورايدۇ...

ئېلى بولسا ئۇنىڭ تەتۈرسىچە، ئۇنىڭ دۇغلاق گەۋدىسى دوستىنىڭ سالمىغىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئېغىر يۈك كۆتىرىپ ماڭغان يولۇچىدەك بىر خىل قىمىرلايدۇ، خىيالچان قارا كۆزلىرى

يۇلتۇزلاردىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك يەرگە تىكىلگەن، ئۇ كامىل-
جاننىڭ ھېكايىسىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن
بىلەن ئىچىدە بايا يادلىغان خىمىيە فورمۇلىلىرىنى پىششىقلىماقتا.
لېكىن كۆرۈنۈشتە ئۇ دوستىغا ھېسداش، دوستىنىڭ ھېكايىسى
ئۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتقاندەك، ئۇ گويا پۈتۈن دىققىتى بىلەن
دوستىنىڭ كەلگۈسى بەختى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك چوڭقۇر
خىيال بىلەن كېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئەمەلدە دوستى ئۈچۈن خوشال
بولغىنى يوق، ئەزەلدىنلا بىر كىشىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلمىغان
بۇ يىگىت كامىلجاننىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئۇيقۇسىنى سەيلە ئۈچۈن
قۇربان قىلدى. ئۇ ئەلۋەتتە دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. دوستلۇق —
ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي-خىيالى بولغان كەلگۈسىدىكى ئورنى ۋە
تۆھپىسى ھېساۋىغا كۆچەيسە، ئىنسانى بۇرچ تۇپرىغىدا كۆكلىسە
ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك ھېساپلانغان بولماسمىدى؟ قىز، مۇھەببەت
ئۇنى قىزىقتۇرمايدۇ. بۇ يىگىرمە ئىككى ياشلىق يىگىتنىڭ باش
قاتۇرىدىغان ئىشى ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە — ئۆزى كامال
تاپقاندا ئۆزلۈگىدىن ھەل بولىدىغان ئىش!

— جان دوستۇم، شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ
مەكتىۋىنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇ چۈشكىچە تۇردۇم. خۇددى ئۆتكەن-
كەچكەنلەر مېنىڭ قىز ساقلاپ تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلىپ بولغاندەك ھەر
بىر يولۇچىدىن قىسىندىم، قورۇندۇم، لېكىن بىر ئايغىچە كەچكى
تاماقتىن كېيىنلا شۇ يەردە — بىر توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە
چاشقان تۆشۈگىنى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك، قىزلار ياتىقىنىڭ
ئىشىگىنى ماراپ تۇردۇم. ھەي ئاداش، مېنى قېلىنلاشتۇرغانمۇ،
غەيرەتلىك قىلىۋەتكەنمۇ مۇھەببەت!

— قىزنىڭ ئېتى نېمە؟ — ئېلى زېرىكىپ سورىدى.

— نېمە، بىلمەمسىنا؟ ئېتى مەھبۇبە بولمامدۇ سارالڭ! ھېلىقى
چاغدا سىلەرنىڭ يېنىڭدىن ئىشەك ھارۋىسى بىلەن بىللە كەلگەن
قىزچۇ؟ ئۇنداق گۈزەل شەھەردە تۇگۇل، پۈتۈن شىنجاڭدا يوق!

ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاپتاپ، قارايدىغان بولسا كۆزلىرى يۇلتۇز، كۆز نۇرى ئوق!

— ھە، قېنى سۆزلە!

— ئىككى قېتىم سىرتقا چىقتى. ياخشىمۇسىز دېسەم كۈلۈپلا قويدى. نېمىگە كەلدىڭىز دېمىسىمۇ خانقىزنى ئىزلەپ كەلدىم دېدىم. خانقىزنى چاقىرىپ قوياي دەپ كىرىپ كەتتى. خانقىز بىلەن نېمە ئىشىم بولسۇن، سېنىڭ نامىڭنى ساتتىم، سېنىڭ نامىڭنى ئاڭلاپ خانقىز يايراپ كەتتى جۇمۇ! ئىككى قېتىم خانقىز بىلەن كوچا ئايلاندۇق، ئاخىر خانقىزغا گەپنى ئوچۇق ئېيتتىم، خانقىز مەھبۇبەنى باشلاپ چىقتى. بىر كىنوغا باردۇق. خانقىز غىپلا قىلىپ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. مەن مەھبۇبەنى مانا مۇشۇ كوچا بىلەن ياتىقىغا ئاپىرىپ قويدۇم.

— شۇلىما؟

— باشلىنىش شۇ ئاداش. ياتىقى ئالدىدا قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشۈپ خوشلاشتىم. قىزنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ھاياجان — مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى، مېنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىم كۆردى. سەزگۈر يۈرىكىم سەزدى، قىز مېنى ياراتتى. مانا بۇ باشلىنىش، جان دوستۇم، قالغان قەدەملەرنىڭ پىلانلىرى تۈزۈلۈپ بولدى. گۈزەل ھاياتنىڭ يولى ئېچىلدى. سەن ماڭا ۋەدە بەرگىن، جان دوست بولامسەن، سېنىڭ ياردىمىڭ لازىم، ئىنىم ئىدىڭ، ئەمدى دوست بولدۇڭ، ئەكەل قولۇڭنى، جان دوست دېگىن!

— جان دوست!

## نومۇسچان يىگىت

كامىلجان كادىرنىڭ ئوغلى. كادىر بولغاندىمۇ شەھەردە نامى بار باشلىقنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ دادىسى نامرات گۆگشىنى

ئۇقتا قىلىپ يېزا خىزمىتى ئىشلىگەندە ئېلىلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ-قوپۇپ غىزا يېگەن. ئۇ چاغدا ئېلىنىڭ ئانىسى بار ئىدى. ئېلى ئانىسى ۋاپات بولغاندا تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى سىنىپىدا ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، مېھرىۋان دادىسى ئېلى بىلەن ئېلىنىڭ ئاكىسى غېنى ئىككىسىنى ئوبدانراق ئوقۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ۋە تالانىڭ ھەممە ئېغىر ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. لېكىن باللار ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۆي ئىشىنى ئېلى، دۆي ئىشىنى غېنى ئۈستىگە ئېلىپ قېرى دادىسىنىڭ مۇشەققىتىنى ئازايتتى. شۇنداق قىلىپ تولۇقسىز مەلۇماتلىق بولالىغان بىر جۈپ ئوغۇل ئىشتا پىشتى. ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالاللىقى، ئىشچانلىقى ئوغۇللارغا مىراس بولۇپ سىڭدى. كامىلجاننىڭ دادىسى ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ ئوقۇشسىز قالغان شوخ ئوغلىنى چېنىقسۇن دەپ يېزىغا — ئېلىلارنىڭ ئۆيىگە ئەچىقىپ قويدى. كامىلجان شۇندىن باشلاپ بۇ ئۆينىڭ ئەركىسى، ئېلى ئۇنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى. ئېلى ئۇنىڭ تامىقى، كىر-قات، يوتقان-يېتىملىرىنى ھۆددىگە ئالدى. ئاتا-ئانىسى شامىل جۆيجاڭنى قانداق كۆتكەن بولسا ئىككى ئوغۇل كامىلجاننى شۇنداق كۆتتى. لېكىن كامىل ئەركە ئۆسكەن بالا بولغاچقا يېزا يىگىتلىرىنىڭ خالىس خىزمىتىنى ئاتىسىنىڭ يۈزى، ھەر ئايدا بېرىدىغان تاماق پۇلى، سوغا-سالاملىرىنىڭ كۈچى، ئەڭ مۇھىمى دادىسىدىن كەلگۈسىدە ئېلىلارغا كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ ھىساۋىغا بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئېلىلارنىڭ كۆتۈشى، ئۇنىڭ خوشامىتىنى قىلىش — تۇرمۇشنىڭ ئىگىز-پەسلىگى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تاما ۋە مەنپەئەتكە ئىنتىلىشنىڭ بەلگىسى دەپ قارايتتى. شۇڭا پات-پاتلا:

— ئېلى ئۇكام، خىزمىتىڭ يارايدۇ. ئۇنتۇپ قالمايمەن، دادامغا ھايات بولىدىكەن سەن يەردە قالمايسەن. سەرپ قىلغىنىڭدىن، ئويلىغىنىڭدىن ئارتۇق نەرسىگە ئىگە بولالايسەن! — دەيتتى. بۇنداق چاغدا ئېلى قىزىرىپ يەرگە قارايتتى ۋە:

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، بىزگە نېمە لازىم ئىدى... — دەپ قوياتتى.

لېكىن ئېلى بىلەن غېنى كامىلجاندىن ھەم ناھايىتى رازى ئىدى. سەۋىۋى كامىلجان ھەر دۈشەنبە شەھەردىن نۇرغۇن يېڭى كىتاپلارنى، قىزىقارلىق ژورناللارنى ئېلىپ چىقاتتى. ئېلى بىلەن غېنى قىن - قىنىغا پاتماي خوشال بولۇپ، ئاخشاملىرى بەس - بەس بىلەن كىتاپ ئوقۇيتتى، تالىشاتتى - تارتىشاتتى. زېرىكىشلىك يېزا ئاخشاملىرى كىتاپلار بىلەن كۆڭۈللۈك، قىزىقارلىق ئۆتەتتى. باللار كامىلجاننى مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ھەرقانداق بولمىغۇر گەپلىرىنى، ھەتتا ئانچە - مۇنچە ھاراق ئىچىپ قويۇشلىرى، شوخ يېزا قىزلىرىغا قانات سۆرەشلىرى، ئېلىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىدا سونايلىنىپ يېتىۋېلىشلىرىنى ھار ئالماي كەچۈرەتتى. دادىسىدىن كامىلجان ئۈچۈن ئەپۇ سورايتتى. رەنجىگەن خۇلۇم - خوشنىلىرىغا ھۆزۈرخالىق ئېيتاتتى.

يىل ئۆتتى، ئېلى كۈتكۈچى ئىنى، كامىلجان بۇيرۇتقۇچى ئاكا بولۇپ يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا مەھەللىدە خېلى ئىشلار بولدى. خاتىرىگە ئالغىدەك ئىش: مەھەللىدىن خانقىز تېخنىكومغا شەھەرگە ئوقۇشقا كىردى. خانقىز يېزا بويىچە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ شوخ قىز. ئۇ ئېلى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىمتىھانلاردا ئېلىنىڭ ياردىمى بىلەن يۇقۇرى نومۇر ئالالىغان، دائىم كۈلۈپ - قىزىرىپلا تۇرىدىغان ئېلى ئۆز تىرىشچانلىغى، ئەقىللىقلىغى بىلەن خانقىزنى ياخشى نەتىجىگە ئىناۋەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. ھازىر خانقىز تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى، ئېلى بولسا، ئۇن يەتتىگە كىرگەن دېخان يىگىت. ئۇ تەقسىزلىككە ئېلى ئىچىدە نارازى بولسىمۇ، لېكىن ھەسەت قىلمىدى. ئۆز يېزىسىدىن بىلىم يۇرتلىرىغا بىر قىز بولسىمۇ ماڭغىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولدى، ئارىدىن يىل ئۆتمەي خانقىز ئېلىلارنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالدى. ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئەگىپدىغان كامىلجانمۇ ھازىر

ياراتمايدىغان بولۇۋالدى. ئېلى خانقىزدىن ئەمەس، ئۇنى ئۆزگەر-تىۋەتكەن شەھەردىن رەنجىدى. لېكىن بىر يىلدىن كېيىن تۇيۇق-سىزلا كامىلجان بىلەن ئېلى ھازىر ئوقۇۋاتقان مەكتەۋى پېداگوگىكا تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىردى، ئۇمۇ شەھەرلىك بولۇپ قالدى.

ئۇلار بىر ياتاقتا يېتىپ-قوپۇپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇشتى. كامىلجان ئەمدى ئېلىغا تېخىمۇ يۆلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ تاپ-شۇرۇق، كۆچۈردىغان كانسپېكلىرىمۇ ئېلىنىڭ قولى بىلەن پۈتىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇلار ئېلىلارنىڭ ئۆيىدىن شەھەرگە ئېشەك ھارۋىسى بىلەن قايتىپ، يېرىم يولدا يامغۇردا قالدى. ئېشەك ھارۋىسى ئەستە ئىلگىرىلەيتتى. كامىلجان بىردىنلا ئېلىنى نوقۇدى:

— قارا، خانقىزلار پىيادە كېتىۋاتىدۇ. ھارۋىغا چىقىرىۋالايلى.

ئېشەك ھارۋا قىزلارغا يېتىشتى. ئېلى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە ھارۋىنى شەرەت قىلىپ:

— ھارۋىغا چىقىۋېلىڭلار خانقىز؟! — دېدى. قىزلار خۇددى ئېقىپ كېتىۋېتىپ بىر تال قۇتقۇزغۇچى لىمغا يولۇققاندەك خوشال بولۇشۇپ ھارۋىغا ياماشتى. ئېلى ئۇلارغا مىشكاپتىن ياسىۋالغان «يامغۇرلۇق» نى يېپىپ قويدى.

— كامىل قىزلارغا يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ خانقىزنىڭ دوستىغا تىكىلىپ قاردى:

— بۇ سىڭلىم كىم بولىدۇ خانقىز؟

— مېنىڭ دوستۇم.

— ئىسمىڭىز؟

— مەھبۇبە!

— مەھبۇبە، ھىم، سىلەر ساۋاقداشمۇ؟

— ھەئە، بىر ياتاق، بىر پارتىدا...

— ھىم، ئېلى ئىككىمىزمۇ شۇنداق، مانا ئىككى جۈپ

بولدۇق، خوشالمۇ سىز مەھبۇبە؟

مەھبۇبە قىزىرىپ يەرگە قارىدى ۋە گەپ يۆتكەش ئۈچۈن ئىشەك بىلەن تەڭ تىرەجەپ كېتىۋاتقان هارۋىكەش بالىغا:

— چىقىۋىلىڭ، قىينىلىپ كەتتىڭىز! — دىدى.

ئېلى كاشىلا بولىۋاتقان رېزىنكا ئايىغىنى سېلىپ هارۋىنىڭ كەينىدىكى چۆپ ئۈستىگە قويىدى-دە، تىزىغىچە لاي كېچىپ تۇرۇپ قىزغا قارىدى: مەھبۇبە چىرايلىق ئىدى، بۇنداق چىراينى بىرىنىڭ ئېلى تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە. ئۇ هاڭ-تاڭ بولدى، لېكىن ئۆزىنى تۇتىۋالدى:

— مەن ئىشەككە ياردەم قىلمىسام قاراڭغۇغا قالىمىز، تەكرارغا كېچىكمەيلى.

يىگىتنىڭ غەمخورلۇغى مۇنتۇ گۈزەل شەھەر قىزىنى رازى قىلغان بولسا كېرەك. قىز ئوماقىنە كۈلۈمسىرەپ قويىدى. كامىل دەرهال قىزدىكى رازىلىقنى بايقىدى-دە، قىزنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بۇراش ئۈچۈن:

— ئۇنىڭ ئىسمى ئېلى، هەزرىتى ئېلى ئۈچۈن بۇنچىلىك قىينچىلىق هېچگەپ ئەمەس، — دىدى، قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئېلى تۇنجى قېتىم هاراق ئىچكەن ئادەمدەك قىزاردى. خانقىز ئېلىغا چاخچاق قىلدى:

— نىمە ئانچە قىزىرىسەن ئېلى، ئىشەككە ياردەم قىلمەن دەپ ئېيتىلىپ كەتمە يەنە! هارۋىغا چىقىۋال!

كامىلجان گەپ قاتتى:

— ئىشەكنى تارتالمىسىمۇ نومۇس قىلىدۇ، ئۇ نومۇسچان يىگىت!

## قانداق ياردەم لازىم ساڭا

ئېلى بۇ خاتىرىلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ بولغان. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى شۇنچىلىك جىق كىتاپ ئوقۇدىكى، ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدىن نۇرغۇن ئاجايىپ يېڭىلىقلار ئۆتتى. بۇ يېڭىلىقلار يېزىدىكى چېغىدا خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغان ئىدى. ئىلىم قانۇنلىرى، تەجرىبىخانىدىكى ئىشلار، كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى، ئەدەبىي كىتاپلار-دىكى ۋەقەلەر، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ھەر خىل ئادەملەر... شۇنىڭ ئۈچۈن خانقىزنىڭ ھېلىقى يامغۇرلۇق ئاستىدىن ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەن دوستى ئاللىقاچان ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتىرىلىپ كەتكەن ئىدى، بۈگۈن كامىلجان ئېيتقاندىن كېيىن خۇددى ئاللىبۇرۇنقى قىزىقارلىق چۈشنى ئەسلىگەندەك قىزنىڭ چىرايى، ئاۋازى ۋە مېڭىش-تۇرۇشلىرىنى ئەسلەپ كۆردى.

ئىككى جۈپ ئوغۇل-قىز چىلاكقىراپ ياققان يامغۇردا ئارتۇق قايىنغان ياكىيۇدەك ئېزىلىپ، يېڭىلا قېتىق قاچىلانغان سۇزمە خالتىسىدەك ھەممىلا يېرىدىن سۇ تەپچىرەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلار گۈگۈم ۋاقتى بىلەن شەھەرگە ئارانلا يېتىپ كەلدى. ناۋادا ئېلى ياندىق بولمىغان بولسا مىس-مىس ئىشەك ئۇلارنى يەتتە خۇپتەنگە قالدۇرغان بولاتتى.

ھارۋا كامىلجانلارنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتتى. كامىلجان ئېلىنىڭ قولىغا:

— ئىشەك بولمىغان بولسا ئۆيگە كىرەتتۇق، ئاپام ئىشەككە ئۆچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىلجان ئىشەك ھارۋىسىدا كەپتۇ، دېسە ئەلە-مەھەللە ئالدىدا سەت! — دېدى.

ئىشەك ھارۋا بىر تار كوچىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە ئىككى قىز ھارۋىدىن چۈشتى.

— خوش، — دېدى خانقىز تار كوچىغا بۇرۇلۇپ، — سىلەرگە رەھمەت!

— ھارۋىنى بىزنىڭ كوچىغا تارتىڭ! — دېدى مەھبۇبە ھارۋىدىن چۈشۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، تەكرارغا كېچىكتۇق! — دېدى ئېلى يالىڭاياق پۇت-لىرىنى يۇشۇرغاندەك قورۇنۇپ.

— ياتاقتا تاماق يوق، مۇزلاپ كەتتىڭلار، يۇرۇڭلار! — قىز هارۋىنىڭ ئالدىنى توردى، — مەن يالغۇز ماڭىمەن بەربىر!

— تارت ئېلى، — دېدى كامىل هارۋىدا تۇرۇپ تىترەپ، — بۇنداق ئىلتىپاتنى قايتۇرۇش گۇنا، تېز تارت!

ئېلى كامىلجاننىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇنلىدى. بۈك مىۋىلىك هويلىدا، قىزنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئىسسىق مېهرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەقىللىق كۆزلىرى خىيالچانلىق بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇردىغان، كەڭ پېشانە، قويۇق، دولقۇن چاچلىق دادىسى ئىسسىق چاي ۋە مەزىلىك تاماق بىلەن ئۇلارنى مېهمان قىلدى. كامىلجان چالا بىلىدىغان ۋە ئاڭلىۋالغان يېڭىلىقلارنى شۇنچىلىك ئەزۋەلەپ سۆزلىدىكى مەهبۇبەنىڭ سەۋرىچان دادىسى چېغىدا ئىككى قېتىم يوشۇرۇن ئەسنىۋالدى، ئۇ كەمسۆز، نومۇسچان هارۋىكەشكە قاراپ:

— سەنمۇ ئوقۇغۇچىمۇ؟ — دەپ سوردى.

— هەئە...

— بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم! — دېدى كامىلجان هارۋىكەشنى تونۇشتۇرۇپ، — مەن يېزىغا چۈشكەندە شۇلارنىڭكىدە تۇرغان، ئۇ مېنىڭ، ياق، كىتاپلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ مەكتەپكە ئىمتىهان بېرىپ كىرەلىدى.

— ياخشى! — دېدى مەهبۇبەنىڭ دادىسى ئېلىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، — مەن ئۇزۇن يىللىق مائارىپچى، بالىلارنىڭ، ياشلارنىڭ مىجەز - خەۋەسلىرىنى كۆزىتىشكە قىزىقىمەن. سىلەرگە قىزىق تۇيۇلىسىمۇ، هۆرمەتسىزلىك سېزىلىسىمۇ ئېيتىپ قوياي، خانىقىز قىزىم ئۆيگە كىرىپلا يېڭى گىلەم ئالغىنىمىزغا سەپ سالدى. كامىلجان ئوغلۇم مېنىڭ ياۋروپاچە ياسىنىپ چۈشكەن رەسىمىمگە، ئەينەكلىك ئىشكاپ ئىچىدىكى هاراق، رومكىلارغا دىققەت قىلدى. هارۋىكەش ئەكىلەتمە ئىسمىڭ بولۇپ قالسۇن خاپا بولما، هارۋىكەش بالام كىيىملىرىنىمۇ سىقمايلا كىتاپ جاۋىنىمگە يېپىشتى.

ۋويۇپ بەرسەم كىتاپلارنى ئوگىتەي - توگىتەي قىلغۇسى، قولتۇغىغا بىرنەچچىنى قىسىپ ماڭغۇسى باردەك قىلىدۇ. ھەۋەسكىلار ھەر خىل، لېكىن ھەممىگىلارلا مېنىڭ بالىلىرىم، ھىچ ئاتا ئۆز بالىسىنى يامان دېمەيدۇ، ھەممىگىلار سۆيۈملۈك ياشلار ئىكەنسىلەر، قېنى، تائامغا باقايلى، ھارۋىكەش بالام جىقراق يە!

ئۈچ يىل ئۆتتى، بۇ يىل ئېلىلارنىڭ ئاخىرقى يىلى. قىزلارمۇ بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىكەن، ئېلى خانقىز بىلەن مەھەللىدىمۇ، شەھەردىمۇ پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردى، لېكىن مەھبۇبەنى بىر قېتىملا كۆردى، يەنى ئۇلار بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان ئىلغار ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنىدا كۆرۈشتى، مەھبۇبە ئېلىنى تونۇپتۇ، ئېلى بولسا قىزنىڭ سوئاللىرىغا قىسقا ۋە قوپالراق جاۋاپ بەردى، قىز:

— پۈتتۈرۈپ شەھەردە قالارسىز؟ — دېدى، يىگىت:

— ياق، — دېدى.

— نەگە بارسىز ئەمىسە؟

— نەگە بۆلسە شۇ يەرگە.

— شەھەرگە بۆلسىچۇ؟

— يېزىمىزغا يۆتكىلىپ كېتىمەن...

مانا بۇ قىزنى ئېلىنىڭ دوستى كامىلجان ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەلۋەتتە كامىلجاندەك قولى ئۇزۇن يىگىتلەرمۇ ياردەمگە مۇھتاج، ئۇ ئۆزىدىن ئۇستۇنلەردىن ياردەم كۈتۈشى لازىم ئىدىغۇ، كامىلجانغا ئېلىنىڭ قانداق ياردىمى لازىمكىن؟

## مېھمان

— ئىككى ئىشتا ساڭا ھاجىتىم چۈشتى، — دېدى كامىلجان ئېلىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ، — بۇ ياردەمگە پۇل، ئارقا ئىشىك بىلەنمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ ياردەمنى سەنلا قىلالايسەن.

— خۇش قېنى؟

— بىرىنچىدىن مەھبۇبەنى خانقىز يېزىغا باشلاپ چىقىدۇ. سەن ئۇلارنى ئۆيۈڭگە مېھمانغا چاقىرساڭ، مەن قانچە تەكلىپ قىلىپمۇ ئۆيۈمگە ئاپىرالمىدىم، سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئۇ جەزمەن كىرىدۇ. خانقىزنىڭ دېيىشىچە مەھبۇبە پات-پاتلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلغىدەك، ھەي قوزا، ساڭا كىمنىڭ ھەسداشلىقى قوزغالمىسۇن؟ مېنىڭ دادام سېنى مېنىڭدىنمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ناۋادا ئىچىم پۇشمىسا ئىدى، مەنمۇ سەندەك يۇۋاش، كەمسۆز، جىمغۇر بولۇۋالاتتىم، لېكىن بولالمايمەن، سائەتتە يۈز تەڭگە بەرسىمۇ بولالمايمەن ئېبلى. شۇنداق قىلىپ چاقىرساڭ بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بىرىنچى يەكشەنبە قىلسەن، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، خوپ، ئىككىنچىسىچۇ؟

— ۋاقتى كەلگەندە دەيمەن... پۇل لازىممۇ؟ ھە راست، ئاكاڭنىڭ ئايىلىغا مېنىڭ نامىمدىن، ياق، دادامنىڭ نامىدىن ئېيت، ياخشى تەييارلىق قىلسۇن، ياخشى كۈتسۇن!

— خوپ!

ئىش «خوپ» بىلەنلا تۈگىمىدى. ئېبلى شەنبە كۈنى ۋەلسىپىت بىلەن ئۆيىگە چىقتى، يەڭگىسى ئۈچ بالىسىنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ ئالدىراپ يۈرۈپ نان ياقتى، مال سويدى، ئۆي جۆندىدى؛ كامىلنىڭ تاپشۇرمىسى بىلەن ئۈستەل-ئورۇندۇق قويدى. ئازراق قىزىل ئىچىملىك تەييارلىدى.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە ئېبلى خۇددى يۈزى بىلەن يەر دەسسىگەندەك تەستە مېڭىپ خانقىزلارنىڭ ئۆيىگە — قىزلارنى مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ كىردى:

— ئۆيىمىزنى كۆرگەچ بىر چىنە چاي ئىچىپ چىقساڭلار-كەن... — دېدى قىزلار ئالدىدا ئارتۇق تۈيۈلۈۋاتقان قوللىرىنى ئۇ-

ۋىلاپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— نىمگە ئاۋارە بولىسىز؟ — دىدى مەھبۇبە يىگىتكە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ قىزىرىپ، — باشقا بىرسى بولسا رەت قىلاتتىم، لېكىن سىزنىڭكىگە چىقاي، سىزگە دادام سالام ئېيتتى.

— چىقايلى، — دىدى خانقىز خوشال بولۇپ، — سەن[1] دائىملا ئەڭ ئىشچان، ئەڭ چىۋەر، پاكىز دىخان قىزلىرىدىن بىرسىنى تونۇشتۇرغىن دەيتتىڭغۇ، ئىلىنىڭ يەڭگىسى لەتىپە شۇنداق چوكان، ئاكىسى غېنى خەلق ئوقۇتقۇچىسى، ساز، ناخشا، شېئىر، بىلىم، ئەخلاق ھەممىدىلا يېتىشكەن بالا، يۈر دوستۇم، تېزراق چىقايلى.

مېھماندۇست ئائىلە ئۈچۈن مېھمان بىر چوڭ خوشاللىق، ئىلى ئۆز مېھمانلىرى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن خوشال بولدى، داستىخان ساھىپخانلىقىنى ئاكىسى غېنىغا بېرىپ، ئۆزى مېھمانلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلالىغانلىكى ئىشنى قىلدى، قىزلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرى، غېنىنىڭ يېقىملىق ساز-ناخشىلىرى، ھويلىغا يېزا ياشلىرىنىڭ تولۇپ كېتىشى ئولتۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇۋاتقىنىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىلى ھەر قېتىم چاي ياكى تاماق ئەكىرگەندە يەر ئاستىدىن مەھبۇبەگە قاراپ قوياتتى، قىرىشقانداق ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالاتتى ۋە قىز مېيىغىدا كۈلۈپ قوياتتى. قىز ئىلىگە بارغانسېرى يېقىملىق، چىرايلىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئىلى كۆڭلىدە: «ناۋادا مۇشۇ قىز كامىلجانغا راستىلا ماقۇل بولسا كامىلجاننى بەخت بىلەن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ» دەپ ئويلىدى.

كامىلجان ئولتۇرۇشنىڭ يېرىمىدا كىرىپ كەلدى، ئۇ خۇددى بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتىن خەۋەرسىزدەك، ئۆزىچىلا بۇ ئۆيدىكىلەرنى يوقلاپ چىققاندەك دالاندا بوۋايدىن، كېلىندىن، مېھمانلاردىن بىرمۇ-بىر ھال سورىدى. مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا سوغا-سالاملىرىنى ئېچىپ ھەممىسىنى لەتىپەگە ئۇزاتتى، ئۇ ئەمدى بىردىنلا ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانغا ئايلىنىپ تۆردىن — مەھبۇبەنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ئېلى پەتنۇس بىلەن يېڭىدىن قورۇلغان سەيلەرنى ئېلىپ
كىرگەندە كامىلجاننىڭ قىزلارغا تىنىمسىز ھالدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى،
قىزلارمۇ زېھىن قويۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقىنىنى كۆردى.
— بۇ ئۆي ئۆز ئۆيۈم! — دېدى ئۇ ۋاقىراپ تۇرۇپ، — سىلەرنىڭ
ئۆيىمىزگە كىرگىنىڭلارغا تولىمۇ خوشالمەن، دادام بىر ئاغىنە ئۈچـ
مىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدۇ. يېقىندا غېنىنى
شەھەرگە يۆتكىمەكچى، چوڭ دادامنى مېھمان ئورنىدا كۈتىمىز.
دادام ئايرۇپىلان بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېـ
لىمەن دەۋاتىدۇ. ئېلىنىڭ خىزمەت ئورنى ئاللىقاچان ھەل بولۇپ
بولغان گەپ!
ئېلى ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ بىلـ
دى: دىمەك بۈگۈنكى چاي كامىلجان قىزلار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرـ
سىتىدىغان، ماختىنىدىغان سورۇن بولۇپ قاپتۇ. «بوپتۇ، — دەپ
ئويلىدى ئېلى خوشال بولۇپ، — ئاشۇ قىزلار رازى بولىدىغان بولـ
سا كامىلجاننىڭ يالغانچىلىقىنىمۇ كەچۈرۈشكە بولىدۇ.»
ئۇلار كەچ ۋەسپىت بىلەن قايتتى، قىزلارنى بولسا، خانقىزـ
نىڭ دادىسى كەچقۇرۇن تىراكتور بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.
— بىرىنچى خىزمىتىڭ جايىدا، — دېدى كامىلجان كەچتە ئېلىنى
قۇچاقلاپ، — ئىككىنچىسىنى دەرھاللا باشلا، قىز ماڭا مايىل. ئەمدى
ئۇخشىتىپ بىر خەت يازسەن، شۇنىڭ بىلەن مەسىلە ھەل بولسۇن.
شۇنداق ياركى، خەتتىن قىز بىر گۈزەل قەلب ئىگىسىنى كۆرسۇن!

## خەت

مەھبۇبە تۇنجى قېتىم يىگىت خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭـ
غا كۆز تاشلاپ يۈرگەنلەر، سۈركۈلۈپ ـ ئايلىنىپ يۈرگەنلەر، كۆز،
تىل ۋە ھەركەتلىرى بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ يۈرگەنلەر
خېلى ـ كۆپ بولسىمۇ تېخى ھېچكىم يۈرەك — قەلبىنى سەمىمى تىلـ

لار بىلەن ئىزهار قىلىپ بۇنداق خەت يېزىپ باققىنى يوق ئىدى،
خەت قىزغا تەسىر قىلغان، ئۇنى ئويچان، تەمكىن ۋە ھېسسىياتلىق
قىلىپ قويغان ئىدى. لېكىن قىز ئۆز روھىدا بۇنچىلىك ئۆزگىرىش
پەيدا قىلغان خەت توغرىسىدا ھېچكىمگە لام - جىم دېمىدى. قىز
ئۆزىنىڭ ھەر كىمنى جەلپ قىلالايدىغان چىراي - ھۆسنى، كىشىلەر-
دە ھۆرمەت ۋە قىزىقىش پەيدا قىلالايدىغان خۇلقى - مىجەزى بى-
لەن يىگىتلەرنىڭ شېرىن تىل، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن تولغان
خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ھەقلىق، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قاتتىق مى-
جەزى، ھاياتقا بولغان تەلەپچانلىقى بىلەن بۇ خەتلەرنى رەت
قىلىپ جاۋاپ بېرىشكە ھەقلىق بولسىمۇ، لېكىن مۇنۇ تۇنجى خەت
ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. خەتتە قىز گۈزەللىگى، ئۇنىڭ مەھلىيا-
كۆچى، سېلىقۋاتقان ئازاپلىرى، يىگىت ساداقىتى توغرىسىدا ھېچنەر-
سە دېيىلمىگەن، پەقەتلا ياشلىق ۋە دوستلۇق توغرىسىدا ئاددىيلا
گەپلەر يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەر قىز قەلبىنىڭ نازۇك
جايلىرىغا بېرىپ تەككەن ئىدى. قىز قەلبىنىڭ ياشلىق تىلەكلىرىگە
ھېسداشلىق، ھەمنەپەسلىك سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ خەت
ھاياتقا قىز بىلەن ئوخشاش قارايدىغان بىر قەلب ئىگىسىنىڭ تى-
لەكلىرىنى بايان قىلغان ۋە بىر يوشۇرۇن يىپ بىلەن قىز مەيلى-
نى باغلىماقتا ئىدى. قىز تۆۋەندىكى قۇرلارنى تەكرار ئوقۇدى:

«ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك ئال-
تۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان تۆھپە ئىگىلىرىنى كۆرىمىز. ئۇ-
لارنىڭ ھەممىسىلا ئامەت ياكى بىراۋنىڭ غەمخورلۇغى بىلەن ھۆر-
مەتلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن ئەمەس، بەلكى تىرىشىش، ئىزلىنىش
ئۆز غايىسىگە ئېرىشىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ياشلىغىنى
سەرپ قىلىش ھېساۋىغا ئېرىشكەن ... ياشلىق غايىگە باي دەۋ-
رىمىز، غايىسىزلىك، قۇرۇق نام، پۇل، راھەت ئۈچۈن ئىنتىلىش، بۇ
نەرسىلەرنى ھاياتنىڭ مېغىزى ۋە بەختى ھېساپلاش ئىنسانى

بۇرچنى بىلمىگەنلىك، ئىنسانى قەدرىنى خورلىغانلىق بولىدۇ ... بۈيۈك مەقسەت يولىدا ئىنتىلگەنلەرلا بىر بىرىگە مەدەتكار ۋە دوست بولالايدۇ. مىۋىلىك دەرەخنىڭمۇ ياپرىغى بولىدۇ، قورايىنىڭمۇ ياپرىغى بولىدۇ. ياپرىغى بولغانلىكى نەرسە شەرۋەت مىۋىلىك بولىۋەرمەيدۇغۇ؟ ياپراق - يېشىللىق سىرتقى كۆرۈنۈش، شىرىن مىۋە بېرىش - بەرمەسلىك قىممەتنىڭ ئۆلچىمى ... مەھبۇبە، قىممەت تارازىسىدا ئۆلچىگەندە، ئەڭ تارازا باسىدىغىنى ياشلىقتا تۆككەن ھالال تەرىمىز ... مەن سىزنى كۆزەتتىم، بايقىدىم، سىزنى سىر ئېيتىشقا ۋە پىكىر ئورتاقلىشىشقا ئەرزىيدىغان قىز ئىكەن دىگەن خۇلاسىگە كەلدىم ...»

مەھبۇبە قارىماققا ياسانچۇق، ھاكاۋۇر قىز. ئۇنىڭ تالچىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەدىنىدە ھەر كۈنى دىگىدەك كىيىم ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوماق لەۋلىرى كۆپىنچە ھىم، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان قارا كۆزلىرى دادىسىدەك خىيالچان، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى پاك، لېكىن سوغاقراق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا باشقىلار ئاسانلىقچە يېقىنلىشالمايدۇ ۋە دوستلۇق ئەمەس، ئادەتتىكى نورمال مۇناسىۋەت توغرىسىدىمۇ گەپ ئېچىشقا پېتىنالمايدۇ. لېكىن قىز دىتىغا سىققان ئادىمى بىلەن ياشلىق ئارزۇلىرى، ئوقۇغان كىتاپلىرى، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى توغرىسىدا شۇنچىلىك بېرىلىپ سۆزلىشىدىكى، بۇنداق چاغلاردا ھەر قانداق مۇھىم ئىشنى، يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، تارىخ - جۇغراپىيە بىلىملىرى ئۈستىدە يېڭىلىقلار يېزىلغان بىر نەچچە خاتىرىسى بار، خاتىرىسىدىكى يېڭىلىقلارنى يادلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ كۆڭلى تارتقان بىرسى بىلەن پاراڭلىشىشقا ئامراق، بۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆپىنچە دادىسى بىلەن سائەت - سائەتلەپ پاراڭلىشىدۇ، تالىشىدۇ ۋە ئۆز دىگىنىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ دادىسىنى رەنجىتىپمۇ قويىدۇ. خانقىز بىلەن بۇ خىل يېڭىلىقلار ئۈستىدە بىر ئىككى ئېغىز پاراڭلاش-

سىلا خانقىز:

— قويغىنا، مىڭەم ئايلىنىپ كەتتى، چاقماق سوكنودىن پار قىلىپ قىشلىق يوپكا كىيمەيلىمۇ؟ — دەيدۇ. مەھبۇبە كۆلۈپ قويۇپ:

— ماقۇل، كىيەيلى. ۋېنا شەھرى ئەتراپىدا قويۇق ئورمانلىقلار باركەن. باشقا دۆلەتلەردىن نۇرغۇن ياشلار ئۇ يەرگە كېلىپ قەدىمقى ئادەملەردەك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ۋېنادا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كېلىدىغان نەچچە مىڭ يىتىم بالا بار ئىكەن... — دەيدۇ.

— يېڭىلىق ئىزلەپ سەنمۇ كېتىپ قالما يەنە، يۈر مەھبۇبە، باغچىنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

«كامىلجان قارىماققا يەڭگىل، پىكرى تېز، غەيرەتسىز كۆرۈنگىنى بىلەن قەلبى پاك ئوخشايدۇ، مېنىمۇ خەقلەر سوغاق دېيىشىدۇ. لېكىن مەن ئۇنداق ئەمەسقۇ، ئادەملەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا باھا بېرىشكە بولمايدۇغۇ، بەلكى كامىلجان كۆڭلىگە ئۇلۇغ غايە پۈككەن. غايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يىگىتمۇ، مەن نىمىشقىمۇ بىكارلا مېنى كۆزلەپ يۈرگەن ئەرزىمەس يىگىت دەپ ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى قاچۇرغاندىمەن؟ يېقىنلىشىپ كۆرەي، سىردىشىپ باقاي، كىم بىلىدۇ، ماڭا راستلا ياخشى دوست بولۇپ قالامدۇ تېخى ...»

قىز شۇنداق ئويلىدى-دە، كامىلجاننىڭ خېتىگە جاۋاپ يېزىش ئۈچۈن كەچكى تاماقتىن كېيىن ياتىقىدىن ئۆيگە قايتتى ...

## ئېلى، يۈر سېنى مېھمان قىلاي

كامىلجان ئۈچ كۈندىن كېيىن خانقىزدىن ئاغزى چاپلانمىغان لىپاپىدا بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە نىمىلەر دېيىلگەنلىگىنى ئۇقمايلا كامىلجان خانقىزنى چۈشلۈك تاماققا بازار ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ مېھمان قىلدى.

ئۇلار ئازادە بىر جوزىنى ئىگەللەپ ئۇدۇل-ئۇدۇل ئولتۇرۇشتى.

— ئەمدى مۇرادىڭىزغا يەتتىڭىز، — دېدى خانقىز مەيۈس ھالدا قاپىغىنى سۈزۈپ، — بەختلىك بولدىڭىز، مەھبۇبەنىمۇ بەختلىك قىلدىڭىز، ماڭا نېمە سوغا قىلىسىز ئەمدى؟

— سىزنىمۇ، — دېدى كامىلجان قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھازىر تاماق، ئاخشاملىققا كىنو، ئاندىن كېيىن ... قاراڭغۇ كوچىلارنى ئايلىنىپ ... — كۆزىنى قىسىپ قويدى ئۇ.

— مەھبۇبىڭىزنى نەگە قويىسىز؟ ئېيتىمەن بىكار! — قىز ناز بىلەن كامىلجاننىڭ مەڭزىگە ئۇرۇپ قويدى.

— نېمە سوغا قىلاي ئەمىسە؟

— ئون ئۈچ يۈەنلىك ماجاندىن بىر تىزىق ئېلىپ بېرىسىز! مەھبۇبەنى ئۇناتقىچە ئاز خىزمەت قىلدىممۇ!

— ماقۇل، دېگىنىڭىزنى قىلاي، لېكىن ھازىر ئاپامدىن ئالمىسام ئۇنچىلىك پۇلۇم يوق!

— نومۇس قىلىڭا، ئەكىلىڭ يانچۇقىڭىزنى ئاختۇرۇپ باقاي.

قىز قولىنى كامىلجاننىڭ تۆش يانچۇقىغا ئۇزاتتى. كامىلجان قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ھىجىيىپ تۇرۇپ لېۋىگە ئېلىپ مېڭىۋىدى، قىز ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— نېمە كۆرۈۋاتىسىز ئادەمنى؟ — دېدى قىز راستىنلا خاپا بولۇپ، — دوستۇمنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەم تېخى، ئەمدى مېنىمۇ بوزەك قىلماقچىمۇسىز؟

— چاخچاق! — دېدى كامىلجان قىزغا يېلىنىپ، — خاپا بولماڭ، ماقۇل، مارجاننى ئېلىپ بېرەي، لېكىن ئاۋال خەتنى ئوقۇپ باقاي، جېنىم تاقىلداپ كېتىپ باردۇ، بەربىر بىر ئوقۇۋالمىسام گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ!

— پاھ، تېخى! — قىز مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

كامىلجان خەتنى ئالدىراپ بىرلا ئوقۇپ چىقتى-دە، خوشال-

لىغىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. ئۇنىڭ ۋاقىرىغۇسى، ئەسەبىلەرچە سەكرەپ كۈلگۈسى، پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ قىزنىڭ نامىنى تووۋلىغۇسى كەلدى، لېكىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. شۇ چاغدا جوزىغا ئىككى تەخسە بوسو كەلدى.

لېكىن كەچقۇرۇن ئىختىيارى ھەركەت ۋاقتىدا ئۇ خەتنى ئېلىغا كۆرسەتكەندىن كېيىنلا ئالدىراپ خوشال بولۇپ كەتكىنىگە ئىقرار بولدى، خەتتە دوستلۇق ھەققىدىكى سۆزلەردىن باشقا مۇ-ھەببەت توغرىسىدا ئەستە قالغۇدەك سۆز يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ «پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرايلى» دېگەن بىر جۈملە سۆز كامىلجان-نىڭ ئۈمىدىنى ئاشۇراتتى.

— پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرايلى، دېدىمۇ، بولدى، بۈگۈنلا ئۇچرىشىمەن، بۈگۈنلا توي توغرىسىدا سۆزلىشىمەن!— دېدى كامىلجان.

— ئىختىيارىڭ،— دېدى ئېلى بىر يوشۇرۇن ئازاپ بىلەن خورسىنىپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ،— مېنىڭچە بۇ خىل قىزلاردىن ئېھتىيات قىل، ئالدىراپ سۆز ئېچىپ قويۇپ چاندۇرۇپ يۈرمىگىن. قىز سېنىڭدىن بىلىم ئېلىش، يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ ھۈلىنى قو-رۇشتا پىكىرداش، تىلەكداش بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. قىزنىڭ تە-لىۋىدىن بەكمۇ چەتنەپ كەتمە.

— سېنىڭچە ئاشۇ قىز بىلەن يالغۇز بىللە ماڭغاندا كىتاپلار-دىكى سۆزلەرنى قىلايمۇ ئەمىسە؟ ئۇنداق قىلىشقا مېنىڭ نەدە تاقىتىم بولسۇن؟ كىتاپ، بىلىم توغرىسىدا سۆز بولسىلا بېشىم قاتىدۇ مې-نىڭ. مۇھەببەت، كەلگۈسى ھايات توغرىسىدا سۆزلەشمىسەك، پاراڭ-نىڭ نىمە لەززىتى، سەيلىنىڭ نىمە پايدىسى بولسۇن؟ مەسىلەن، تولۇن ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈپ چىققاندا قىز توساتتىنلا: ئېيتىڭا، ئاي يەردىن قانچىلىك يىراقتا دەپ سوراپ قالسا، مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا: قانچە يىراق بولسا بولىۋەرسۇن، دۇنيادى-كى ئەڭ يورۇق ئاي مېنىڭ يېنىمدا دەپ جاۋاپ بەرسەم بولمى-دىمۇ؟ قايسى قىز يىگىتلەردىن بۇ خىل ماختاشنى كۈتمەيدىكەن؟

— قىزنىڭ رايىغا باقمىساڭ چاتىدۇ، مەھبۇبە مېنىڭ كۆزىمچە ئۇنداق ماختاشلارنى خالىمىسا كېرەك. مەسىلەن، ئاي توغرىسىدا سوراپ قالسا: ئاي يەردىن ئۈچيۈز سەكسەن مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدۇ، ئۇ يەردىن قىرىق توققۇز ھەسسە كىچىك دەپ جاۋاپ بەرسەڭ، قىز بايىقى ماختاشلىرىڭنى ئاڭلىغاندىنمۇ بەكرەك خوشال بولۇپ ساڭا تېزرەك بېرىلىشى مۇمكىن، مېنىڭچە سەن بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىل. «يۈز مىڭ نىمە ئۈچۈن» دىگەن كىتاپتىن بىر قىسىم بىلىملەرنى يادلىۋال، ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن يادلىۋال، شۇ چاغدا قىزنى تېزرەك ئالدىيالايسەن! — دىدى ئېلى خىيالچانلىق بىلەن.

— نىمە، ئالدىيالايسەن؟

— ھازىرمۇ ئالدىماقچى بولۇۋاتىسەنغۇ؟ — دىدى ئېلى راست گەپنى قىلىپ، — قىزلارنى ئالداشنى سەن شۇنچىلىك تەبىئى، تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسى دەپ چۈشىنىسەن، شۇڭا قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ ساڭا غەلىتە سېزىلمەيدۇ، مەسىلەن، مەھبۇبە سېنى ھازىرچە كۆڭلىگە ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى پۈككەن، بىلىملىك يىگىت دەپ قاراۋاتىدۇ. سەن قىزدىكى بۇ چۈشەنچىنى ساختا يول بىلەن پەيدا قىلدىڭ. راستمۇ؟

— جېنىڭنىڭ توققۇزى رەڭ ئەمەسمۇ؟ ھە، نىمە بوپتۇ؟

— سەن ئالايما، — دىدى ئېلى كامىلجاننى يېنىك قولتۇقلىۋېلىپ، — خېلى مەن-مەن دىگەن قىزلارمۇ ئالدىنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئالدانغىنىنى بىلگەن چاغدا يىگىتتىن يۈز ئۆرۈشكە كېچىككەن بولىدۇ. يىگىت ئۇنى يوشۇرۇن قىلتاققا چۈشۈرۈپ بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلارنىڭ كۆز يېشى كۆپ بولىدۇ ...

— بۇ گېپىڭ جايىدا، — دىدى كامىل كۈلۈپ قويۇپ، — قىزلار ئۈچۈپ يۈرگەن ئەركىن قۇش. ئۇنى قانداق يول بىلەن تورغا چۈشۈرسەڭمۇ بەربىر. سەن ئېلى ئىشنى تولىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرمىگىن، قىزلارنىڭ قەلبى ئۇنچىلىك سىرلىق ئەمەس، يالغۇز تې-

رەڭنىڭ تۆۋىگە ئاخشىمى سېنىڭ بىلەن بىللە كەلدىمۇ، بولدى، ئۇ سېنىڭ ئۆلجاڭ، ئىشەنمىسەڭ مېنىڭ بۆگۈنكى غەلىبەمنى كۆر، يۈر سېنى مېھمان قىلاي، ئازتولىدىن قېقىۋالايلى، يۈرەكلىكرەك بولۇشقا پايدىسى بار.

## كىم ئۇ سىزگە ئۆز ئەقلىنى ھەدىيە قىلغان؟

كەچكۈز، ئېرىق-ئۆستەڭ سۇلىرى ھورۇنلۇق بىلەن ئاستا ئاقىدۇ، سېرىق ياپراقلار خۇددى بەرگىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغاندەك لەيلەپ-پىلدىرلاپ ئۇچىدۇ-دە، نەم ھاۋادىن ئېغىرلاشقان تۇپراق ئۈستىگە چۈشىدۇ. گۈگۈم ئارىلاپ ئۇچقان قاغىلار قاناتلىرىنى ھورۇنلۇق بىلەن لەپىلدەتسە، ئۇنىڭغا جاۋابەن چۆپ ۋە دانغا تويغان كالىلار ئالچاڭلىشىپ، پۇشۇلدىشىپ، ئېغىر چامدىشىپ ئەزمىلىك بىلەن سوزۇپ مۆرىشىدۇ...

بىر سائەتتىن بېرى كامىلجان بىلەن مەھبۇبە ياپراقلار ئۈستىگە دەسسەپ، ياندىشىپ مېڭىشىپ سەيلى قىلىشماقتا. ئۇلارغا قارىغۇچىلار: «بۇ ئىككى ياش تازا گۈلى-گۈلىگە كەلگەنلەردىن ئىكەن» دېيىشىدۇ. لېكىن ئۇلار بىر بىرىگە شۇنچىلىك يېقىن مېڭىشقىنى بىلەن بىر بىرىدىن شۇنچە يىراقلار. بىر سائەت ۋاقىت ئۇلارنى مەقسەتسىزلا بىر يولدا مېڭىپ قېلىشقان يولۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. ئۇلار بىرىنچى جۈملە سۆزلىرىدىنلا بىر بىرىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى.

بىر سائەت ئىلگىرى ئۇلار شەھەر باغچىسى ئالدىدا ئۇچراشتى. يىگىت ھاياجانلانغان ھالدا ئىككى قولىنى شىم يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىدىغان ئەرتىستەك ئالاقىزادە بولۇپ مېڭىپ يۈرەتتى. قىز بولسا خۇشال، لېكىن تەمكىن، خاتىرجەم ئىدى. ئۇ خۇددى ئۆز ئاكىسى ياكى ئۇستازىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك خۇشچىراي ھالدا:

— ياخشىمۇسىز كامىلجان ئاكا! — دەپ قولىنى ئۇزاتتى،
كامىلجان قىزنىڭ نازۇك قولىنى ئوتتەك قىزىق ئالقانلىرى بىلەن
مىجىغاندا بەدىنى ئوتقا چۈشكەن يار يىلىمدەك ئېرىدى. ئۇ ئېلى-
نىڭ چىكىگەنلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ ئۆز تەبىئىتىگە دەرھال قايت-
تى - دە، قىزنىڭ بارماقلىرىنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىۋېلىپ تويىماي
سىلاشقا باشلىدى. قىز ئاستا قولىنى بوشاتتى - دە:
— يۈرۈڭ، ئايلىنىپ كېلەيلى! — دەپ كامىلجاننىڭ جەينىكى-
دىن يېنىكلا قولتۇقلىۋالدى. كامىلجان قولتۇغىدىكى قىز قولىنىڭ
مەس قىلغۇچى كۈچى بىلەن ئەقلىدىن ئازدى - دە، ئىختىيارسىز
ھالدا قىزنىڭ ئۆز بىلىكىگە چۈشكەن قولىنى يەنە بىر قولى بىلەن
تۇتۇۋالدى.
— قوللىرىڭىز قانداق ياخشى مەھبۇبە؟ — دېدى.
— نېمىسى ياخشى؟ — دېدى قىز كۈلۈپ كامىلجانغا يېنىچە
قاراپ. بۇ چاغدا قىزنىڭ بۇدرە، غىجىم چاچلىرى كامىلجاننىڭ
قۇلاقلىرىنى غىدىقلىدى، — يا يېرىلمىغان، يا قاداق يوق! خۇددى
خېمىردىن ياسىۋالغاندەك تۇرسا...
كامىلجان قىزدىن نازاكەت ۋە ئەركىلەش كۈتكەن ئىدى،
لېكىن قىز گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ئۇلار جىم مېڭىشتى. قىز-
نىڭ رايى قايتقان ئىدى. ئۇ قىزغۇچ قارىيىۋاتقان كەچكۈز ئاس-
مىنىغا قارىدى، ياۋايى ئۆدەكلەر خۇددى قىرغۇچى ئايروپىلاندەك
ۋىشىلداپ جەنۇپقا قاراپ ئۇچۇپ ئۆتتى. قىز ئاسمانغا قاراپ
كۈلدى:
— كۆردىڭىزمۇ، ئاۋۇ ئۇچۇپ ئۆتكەن ياۋايى ئۆدەكنى، —
دېدى كامىلجاننىڭ قولتۇغىدىكى قولى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ، —
ئاشۇ سۈرئىتى بىلەن سائىتىگە يەتمىش - سەكسەن كىلومېتىر ئۇچا-
لايدۇ. ئاشۇ سۈرئىتى بىلەن بىر يىل ئون ئايدا يەر شارىنى بىر
ئايلىنىپ چىقالايدۇ.
— شۇنداق ئاسانمۇ؟ — كامىلجان ھەيران بولۇپ سورىدى، —

ياپون ماشىنىسىدەك تېز چاپىدىكەن-ھە!

— ھىساپلاپ كۆرۈڭ، — دەپ ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاشقا كىرىشتى مەھبۇبە بالىلاردەك شوخلۇق بىلەن قوللىرىنى ئوينىتىپ، — يەر شارىنىڭ دىيامېتىرى ئالتە مىڭ ئۈچيۈز يەتمىش بىر كىلومېتىر، ئايلانمىسى قىرىق مىڭ كىلومېتىر، سائىتىگە ئوتتۇز كىلومېتىردىن ماڭسا ئۈچ يىل سەككىز ئايدا ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ: ماگىللان يەلكەنلىك كېمىدە نەچچە ۋاقىتتا ئايلىنىپ چىققان بىلەمسىز؟

— ئىمتىھان ئالغىلى تۇردىڭىزغۇ، قىزچاق! — دېدى كامىلجان قاراڭغۇ باغنىڭ ئارقا ئىشىگىگە كەلگەندە قىزنىڭ بىلىگىدىن باققا ئاستا تارتىپ، — يۈرۈڭ، باغنى ئايلىنايلى.

— كوچا ياخشى، — دېدى قىز كۈلۈپ، — قاراڭا، كۈن نۇرى تاغلارنى قانداق قىزارتىۋەتكەن، بۇ ئاجايىپ مۆجىزە ھە؟ قۇياش ئالتە مىڭ گرادۇس ئىسسىقلىقتا. يەر شارىدىن بىر مىليون ئۈچيۈز مىڭ ھەسسە چوڭ. يەردىن بىر يۈز ئەللىك مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدۇ. لېكىن نۇر سېكۇنتىغا ئۈچيۈزمىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە يول بېسىپ يەر شارىغا سەككىز مىنۇتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا يېتىپ كېلىدىكەن. قۇياشنىڭ سىجىللىغى، ئۆزىنىڭ تېزلىگى ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلمىسا، بىز نەدىن بىنا بولاتتۇق؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاسماننى، سىرلىق سەييارىلەرنى، تىنىق كۆز ئاخشىمىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.

قىز بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان يۇلتۇزلارغا، تاغلارنىڭ ئاق سۈزۈك چوققىلىرىنى يالتىرىتىپ كۆتىرىلىۋاتقان تولۇن ئايغا قاراپ، يىگىتتىن سەل يىراقلىشىپ ئاستا ماڭدى. كامىلجان قىزنىڭ تۇنجى ئېچىلغان ئەترگۈل غۇنچىسىدەك يېقىملىق قامىتىنى يۇرۇتۇپ گۈزەللەشتۈرۈۋاتقان ئايغا رەھمەت ئېيتتى، قىزنىڭ قولىنى قولتۇغىدىن چىقىرىۋەتكەن ئۆدەكلەرگە «مىڭ لەنەت» دېدى-دە، قىزغا تاقەتسىزلىك بىلەن يېقىنلىشىپ قىزنىڭ جەينىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى. قىز قارشىلىق قىلىش ئورنىغا كۈلۈپ قويۇپ:

— قۇرۇقلۇقتا بايلىق جىقمۇ، دېڭىز تېگىدە بايلىق جىقمۇ؟
دېڭىز ئاستىدا يۈز مىليارت توننىدىن جىق ئالتۇن، ئۈچيۈز سەك-
سەن مىليارت توننىدىن كۆپ نېفىت بارىكەن. دېڭىز ئاستىدىكى
رۇدىلارنى يەر يۈزىگە يېيىتسا ئىككى يۈز مېتىر قېلىنلىقتا بولىدى-
كەن. ئاسمانمۇ دېڭىزغا ئوخشاش تەگسىز، سىرلىق. ئىككىسى ئوخ-
شايدۇ، قايسىسى بايراقكىن ...

— قايسىسى باي بولسىمۇ بىزگە ئەسقاتمايدۇ! — دېدى كامىل-
جان قىزغا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن يېقىنلىشىپ، — لازىمى دادام-
نىڭ بايلىغى، دادامنىڭ ھوقۇق-ئىناۋىتى، دادام يەنە ئۆستى.
مەخسۇس ماشىنا تەگدى، داداملا ھايات بولىدىكەن، بىز تىرىشمى-
ساقمۇ بەختلىك بولالايمىز! — ئۇ ئۇنىڭ قولىنى قىزنىڭ نازۇك بې-
لىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا قىزدا تۇيۇقسىز غايىۋى كۈچ پەيدا
بولدى-دە، بىرلا سىلكىنىپ يىگىتنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات بولدى.

— مەھبۇبە، مېنى قىينىماڭ، مەن...

— نىمە دەپ چۈكۈلداۋاتىسىز؟ — دېدى قىز غەزەپلىك كۆز-
لىرىنى كامىلجانغا تىكىپ، — سىزنىڭ قەلبىڭىزدىن خەتتىكى گەپلەر
چىقمايدىغانلىغىغا ئەمدى ئىشەندىم. دادىڭىزنىڭ ھوقۇق ۋە ئىناۋى-
تىدىن پايدىلىنىپ ھەممە نىمىگە قول سوزۇپ يۈرۈپسىز-دە؟ سىزگە
پاك قەلبى، تەر بەدىلىگە كەلگەن بىلىمى بىلەن خىزمەت قىلىپ،
سىزنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن خورلۇق تارتىۋاتقان بىرسى بار-
كەن-دە! ئېيتىڭا، سىزگە ئەقىل-بىلىمنى ھەدىيە قىلغان كىم ئۇ؟

... كەچكۈز شامىلى باشلاندى، جىمجىت كوچىدا سېرىق
ياپراقلار شالدىرلىشىپ ئۇچتى. قىز ياپراقلار ئۈستىنى دەسسەپ كەي-
نىگە ياندى، ئۇنىڭغا تىنىمسىز ياپراق تۆكۈۋاتقان دەرەخلەر با-
رىكاللار ئېيتتى. يۇلتۇزلار يېقىنلىشىۋاتقاندەك، تاغلار ھەسەن-ھۈ-
سەندەك روشەنلىشىپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى...

## خالىس خىزمەتنىڭمۇ يولى بولىدۇ

كامىلجان ياتاقتا ياتمايدىغان، سىنىپتىمۇ ئېلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرماي ئەڭ ئارقىدىكى پارتىدا ئۆزى بىلەن بىر ياشلىق، ساقىلى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئەركىن ئىسىملىك يىگىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئېلىنى كۆرگەن يەردە تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىۋېلىپ ھېچكىمگە گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھالىنىڭ سەۋەبىنى بىرلا ئېلى ياخشى چۈشىنەتتى. ئاكا-ئۇكا، يېقىن دوست بولۇپ بىر نەچچە يىل يۈرگەن يىگىتلەر ئۈچۈن بۇ خىل يىراقلىق ئەلۋەتتە چوڭ ئازاب. ئېلى قانچە قېتىم كامىلجانغا گەپ قىلاي دەپ تەمشەلسىمۇ، كامىلجان تەتۈر قاراپ يېقىن كەلمىدى.

چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىنىپ، نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان ئاخشىمى ئېلى ئازاپتىن ئۇخلىيالمىدى، سەۋەبى، كامىلجان ئاساسلىق پەنلەرنىڭ تۆتىدىن يىگىرمە ئەتراپىدا نومۇر ئېلىپ ئۇياتتا قالغان ئىدى. ئېلى كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالماي ئۆزىنى كايىپ چىقتى:

«شامىل شۇجى بىلىپ قالسا چاتاق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — نىمىشقا بۇرۇنراق ئۇنى يېنىمغا قايتۇرۇپ ئەكىلىۋېلىشقا ھەركەت قىلمىدىم...»

ئەتىگەنلىك تەكراردا كامىلجان كۆرۈنمىدى، سىنىپ تەربىيەچىسى ئېلىدىن سورىۋىدى، ئېلى:

— كېيپىياتى ياخشى ئەمەس، سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، — دەپ يالغان ئېيتتى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا:

— سىز ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تۇرۇپ بىر سەپدىشىڭىز سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتسا قاراپ تۇرامسىز؟ — دىدى، ئېلىغا بۇ گەپ تەسىر قىلدى. ئۇ كامىلجان بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى.

تۇنجى قارىياققان كۈنى مەكتەپ مەيدانى ئوقۇغۇچىلار بىلەن

تولدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن تازىلىق مەيدانلىرىنىڭ قار-
لىرىنى دۆۋىلىگەچ قارغا مىلىشىپ ئوينىشماقتا ئىدى. ئويۇن بار
يەردىن كامىلجان تېپىلاتتى. ئېلى ئۇنى تۇتۇۋالدى:

— بۈگۈن ياتاقتا قونىسەن، — دېدى ئۇ كامىلجاننىڭ يېڭىدىن
تۇتۇۋېلىپ، — سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى.

— بىلمەن! — دېدى كامىلجان سوغلا قىلىپ، — سۆزلىشىدى-
غان ھېچ ئىش يوق، بىلىپ قوي، مەن ئوقۇمايمەن، خىزمەت ئور-
نى تېپىپ قويدۇم، ماڭا ياردەم قىلمەن دەپ ئاۋارە بولما، يەنە
ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن ئوقۇغۇچىلار تىزىمىدىن چىقىمەن.

— داداڭ ئۇنىدىمۇ؟

— كارىڭ بولمىسۇن، سەن ئەمدى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا
ئارىلاشما!

— نىمىگە رەنجىپ قالدىڭ كامىل؟

— كىمنىڭ كۆچى بىلەن مەكتەپكە كىردىڭ، كىمنىڭ كۆچى
بىلەن يۈز تاپتىڭ؟ ئاش بەرگەن قازاننى چاقتىڭ ئېلى!

— نىمە قىلدىم مەن؟ — ئېلى بۇ تۇيۇقسىز ئاھانەتلەردىن ھاڭ-
تاڭ قالدى.

— بەختىمگە ئۇلتۇرغىنىڭنى بىلمەمسىنا؟

— نىمە؟!

— ماڭاخەت يېزىپ بەرگەن بولۇپ قىزلار ئالدىدا بىلىمىڭنى
كۆز-كۆز قىلىپ مېنى يەرگە ئۇردۇڭ! بىلەمسەن، ھىلىقى مەھبۇ-
بەگە يازغان خېتىڭ مېنى مەسخىرىگە قويدى. مېنى ئالدامچى
قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتتىڭ!

ئېلى بۇ ئاھانەتنى ھار ئالدى. دوستىنى بەختلىك قىلىش
ئۈچۈن ئۆز قەلبىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى، ياشلىق تى-
لەكلىرىنى، ئۆزىگىلا تېگىشلىك بولغان ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرى-
نى سەرپ قىلىپ، قىزنى كامىلغا يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىدى بىلەن
يازغان جۈملىلىرىگە ئالقىش ئورنىغا ئاھانەت بىلەن جاۋاپ بېرى-

ۋاتسا بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولسۇنمۇ؟

— مېنى كەچۈر، — دېدى ئېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇلۇق كىچىك تىنىپ، — ئەخمەقلىق قىلدىم. ئاھانەت قىلىشقا ھەقلىقسەن!

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، كەينىگە يېنىپ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى، ئۇ كۆز يېشىنى بىرسىگە كۆرسىتىشتىن قورقۇپ، ياتاققا كىرمەي كوچىغا ماڭدى.

— ئېلى!

ئېلى تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ توختىدى، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ۋەلسىپىتكە تايىنىپ شامىل شۇجى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئەللىك ئىككى ياشلىق، بەستى قاملاشقان، خۇما كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ خۇش پېئىل ئادەم بۈگۈن جىددىيلەشكەن ئىدى. ئۇ سول ئالقىنى بىلەن يالاڭۋاشتاق بېشىنى سىلاپ قويۇپ چېچىنى تاراپ قويدى-دە، كۈلۈمسىرەپ:

— ئېلى، ئاغىنەڭ نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئېلى شامىل شۇجىنىڭ مەكتەپكە بىكار كەلمىگىنىنى چۈشەندى. دېمەك ئۇ كامىلجاندا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى سەزگەن. ئۇ ئادەمدىن ھېچنەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، ئۆز ئاتىسىدەك راپاۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ئادەمگە ھەممىنى ئېيتىش كېرەك.

ئۇلار يول سىرتىدىكى ئورمانلىق ئىچىدە — قىردا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. ئېلى بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېيتتى.

— ئېمىن ئەپەندىنىڭ قىزىمۇ؟ — دېدى ئاخىر شامىل شۇجى يەرنى سىجاپ ئولتۇرۇپ، — سېنى، ئانىسىنى ئىشقا سېلىپ ھېچ ئىش چىقىرالماي ئەمدى، مېنىڭ نامىمنى سېتىپ ئوقۇش پۈتتۈرمەي كادىر بولماقچى بوپتۇ، يەنە تېخى ۋىلايەتنىڭ بىر بۇجىگىنى ئەلچىلىككە قويۇپ قىزغا بېسىم ئىشلەتكىلى تۇرۇپتۇ. بايا ئاڭلىدىم، مەن مەكتۇپكە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىمەن، كامىلنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن سىنىپ تەربىيىچىسى بىلەن سۆزلىشىمەكچىمەن!

— سىزنىڭ يۈز خاتىرىڭىز، — دېدى ئېلى ئاخىر يېلىنىپ، — تۆت دەرستىن تۆۋەن نومۇر ئالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىلىسىز، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ، كەمچىلىكلىرى بار، لېكىن بىز ئۇنى تۈزەپ كېتىمىز، سىز ئارىغا كىرمىسىڭىز قانداق بولاركىن...

— نېمە؟ ئۇ مەكتەپكىمۇ سېنىڭ سايەڭدە كىردى، بىلىپ تۇرىمەن، ئىمتىھاندا سېنىڭدىن كۆچۈرۈپ يۈرۈپ ئۆتتى. مەن سېنىمۇ تەنقىت قىلىمەن: نېمىشقا ئۇنىڭ نامىدىن قىزغا خەت يازىسەن؟ خالىس خىزمەت قىلاي دەپسەن-دە؟ خالىس خىزمىتىڭمۇ يولى بولىدۇ. چاپاننى، ئۆتۈكنى بىرسىگە بېرىپ تۇرۇشقا بولىدۇ، لېكىن بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ئىككىنچى ئادەمگە ئارىيەت بېرىپ تۇرغىلى بولمايدۇ. يادىڭدا بولسۇن، ياردەم قىل، لېكىن يولى بىلەن بولسۇن، مېنىڭ يۈز-خاتىرەمنى قىلساڭ ئۇنىڭ ساختا، بولمىغۇر قىلىقلىرى بىلەن كۈرەش قىل، كۈچۈڭ يەتمىسە مانا مەن بار!

ئېلىنىڭ دىلى يورۇدى...

## تۈيۈقسىز ئۇچرىشىش

ئېلى مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىغا كۆچۈپ چىقتى، ئۇ ھەر كۈنلۈك دەرسكە تولۇق قاتنىشىش، تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلەش بىلەن بىللە يەنە ياشلار ئىتتىپاق خىزمىتى، يىغىن، دوكلات، سۆھبەت، سىرتقى ئالاقە، كۈندىلىك ئىشلار بىلەن ھەر كۈنى باشقىلاردىن جىقراق جاپا چېكەتتى، جىقراق ھەركەت قىلاتتى، ئاز ئۇخلايتتى، ئاز كۆڭۈل ئاچاتتى. ئۇ ئەمدى شەخسى ئىشلىرى توغرىسىدا كەمدىن كەم ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ كامىلجاننى تاشلىۋەتمىدى. سىنىپ تەربىيىچىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ئىككى قېتىم كامىلجاننى سىنىپنىڭ تۇرمۇش يىغىنىدا تەكشۈرتكۈزدى، تەنقىت قىلدى، تەكشۈرۈش يازغۇزدى، كامىلجاننىڭ ئەھۋالىنى پات-پات شامىل شۇجىغا مەلۇم قىلىپ تۇردى. مانا بۇلارنى شامىل شۇجىنىڭ تەن-

قىدىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ تونۇپ بېرىلىپ ئىشلىدى. لېكىن كامىلجان ئىبلىنى يامان كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىبلىنىڭ ئارقىسىدىن تىللايدىغان، ئالدىدا دارتىما گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىبلى ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇنىڭ ھەركىتىنى كۈزەتتى. كەچقۇرۇن تەكراردىن قېچىپ كېتىشكە، ئەتىگەنلىك تەكرارغا چىقماي قويۇشقا يول قويمىدى، تاپشۇرۇقلارنى مۇستەقىل ئىشلىشىگە «نازارەت» قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماتېماتىكا تاپشۇرۇقلىرىنى پۇرسەت بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىدى، ئۇنىڭغا بىلمىگەنلىرىنى چۈشەندۈردى ... ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن كامىلجان ئىبلىدىن ئەيمىنىدىغان، ئۇنىڭ ئالدىدا كەلسە-كەلمەس گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بولسا كامىل ئىبلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئىبلىنىڭ ھۆرمىتى چوڭ ئىدى؛ ھەر قېتىمقى ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاشتا، ئەلاچىلارنى تەقدىرلەشتە ئىبلى بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئېلىناتتى. «4-ماي» مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئوقۇغۇچىلار يىغىنى بولغاندا ئىبلى پىداگوگىكا تېخنىكومىنىڭ ئىلغارلىرىنى باشلاپ يىغىنغا ۋەكىل بولۇپ باردى، مانا شۇ يىغىندا ئۇ «ياشلىق باھارىمىزنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلايلى» دېگەن تېمىدا ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن، چوڭقۇر مۇھاكىمىلىك سۆز سۆزلىدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا يىغىن زالىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىدە ئۇنى قىزلار قورشىۋالدى:

— ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن ياشنىڭ يەنە قانداق ئىستىقبالى بولسۇن؟

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ساتراچلىق قىلىشىڭىز سىزنى ئۈمىتسىزلىك چىرمىۋالمامدۇ؟

— ساتراچلىق بولسىمۇ ئىش تېپىلسىلا چوڭ گەپ، كەچكىچە كوچا چېكىدىسىڭىزچۇ؟

— ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يىراق ناھىيىگە ئەۋەتسىچۇ؟

بۇلار ئېلىنىڭ «غايە ئۈچۈن تىرىشقان ھەرقانداق بىر ياش ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە قوشۇلمىغان قىزلارنىڭ سوئاللىرى ئىدى. ئېلى قىزلاردىن ھودۇقتى. ئۇ جاۋاپ بېرىشتىن قېچىپ يىغىن زالىغا مېڭىۋېدى، بىر قىز بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قالدى. قىز يەرگە قاراپ ماڭغاچقا تۇيۇقسىز دۇقۇرۇشتىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى ۋە بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ:

— ئېلى! — دېدى.

— سىزمۇ كەلگەنمۇ؟ — دېدى ئېلى مەھبۇبەنى تونۇپ، — ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

— بۇنداق يىغىنلار سىزگىلا مەنسۇپمىدى؟ — دەپ كۈلدى قىز، — سۆزلىگۈچى بولالمىساقمۇ ئاڭلىغۇچى بولالايمىز.

قىزنىڭ ئاۋازىدىكى سەمىمى زوقلىنىش ئېلىنى ئويغىتىۋالاندۇردى. نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كۆزى تىكىلگەن سەھنىدە قىرىق نەچچە مىنۇت ھودۇقماي سۆزلىگەن سۆزمەن يىگىت قىز ئالدىدا دۇدۇقلىدى:

—سىلەرمۇ بۇ يىل پۈتتۈرىسىلەر - ھە؟ — دېدى ئۇ گەپ يۆتكەپ، — بىزمۇ بۇ يىل پۈتتۈرىمىز، ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلىپ راستىلا يېزىغا چىقامسىز؟

— سىلەر يېزىدىن شەھەرگە قاچقاندىكىن، بىز يېزىغا چىقمىساق، يېزا قۇرۇغدىلىپ قالار.

— كاملجاننىڭ گېپى تېخىچىلا ئېسىڭىزدىكەندە، — دېدى ئېلى كاملجاننىڭ بىر چاغلاردا، ئېلىنىڭ خىزمەت ئورنىمۇ تەييار، شەھەرگە بوۋاينىمۇ كۆچۈرۈپ ئەكىرىۋالىمىز، دېگىنىنى دەرھال ئەسگە ئېلىپ، — شەھەرگە بىلىم ئىزلەپ كىردۇق، ئىش ئىزلەپ كىرمىدۇق، بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان، قويىنى كەڭ يېزىمىزنىڭ ئۆمىدىنى ئاقلىيالايمىز!

قىز كۆلدى، ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، خۇددى كونا تونۇشىدەك ئېلىنىڭ يېنىدىن چىمدىپ سوردى:

— رەنجىپ قالدىڭىزمۇ، نېمىشقا بىزنىڭكىگە بارمىدىڭىز؟ دادام پات-پاتلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ قويىدۇ. ھەر قېتىم خانقىز بارغاندا «ھېلىقى ھارۋىكەش» تېچمۇ دەپ ئالاھىدە سورايدۇ.

— رەھمەت! — دېدى ئېلى يەرگە قاراپ، — خىجىلمەن. دوستۇمنىڭ سىزگە قىلغان قوپاللىقى ئۈچۈن ناھايىتى خىجىلمەن!

— ئەكسىچە مەن سىزدىن خوشال، سىزنىڭ ھېلىقى خېتىڭىز بولمىغان بولسا، كامىلجاننى ئۈنچىلىك تېز چۈشىنىپ يەتمىگەن بولاتتىم. بىراق، دوستىڭىزغا بەرگەن گىرىمىڭىز چېنىپ قالدى.

— قايسى خەتنى دەيسىزكىنتاڭ، — دېدى ئېلى ھودۇقۇپ، — پەرىزىڭىز توغرا ئەمەس، مەن ھېچقاچان سىزگە خەت يازغىنىم يوق!...

— پەرەز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟ — دېدى قىز يىگىتنىڭ كۆزىگە يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، — ئۇنداق بولسا كامىلجاننىڭ نامىدىن ماڭا قارىتىپ خەت يازغىنىڭىزدىن تېنىۋالالمايسىز.

— نىيىتىم...

— خىجىل بولماڭ، — دېدى قىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئىزاھات ئۇشۇقچە، ناۋادا خېتىڭىزنىڭ ئاخىرىسىغا ئۆز ئىسمىڭىزنى يازغان بولسىڭىز ئىدى، بىز بۇ چاغقىچە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان بولاتتۇق!

— خاتانى تۈزەتسەمچۇ؟ — دېدى ئېلى ھەسرەت بىلەن ئۇلۇق كىچىك تىنىپ، — دوست بولۇشمىزغا تېخى يەنە ۋاقىت بارغۇ!

— ئۇ كەلگۈسىگە مەنسۇپ، — دېدى قىزمۇ ئۇلۇق كىچىك تىنىپ، — ئۇ بىر ئۆتكەن ئىش. لېكىن ئۆتكەن ھەر بىر ئىش بىزنى پۇشايمان قىلدۇرمىسۇن، بەلكى خوشال قىلسۇن. ئۆمۈر ئاشۇنداق ئۇششاق ئىشلارنىڭ توپلىمى. بۇ توپلامنىڭ ھەر بىر بېتىنى ئوقۇغىنىڭىزدا يۈز قىزارمىسا، بەلكى ئۆز-ئۆزىڭىزدىن رازى

بولسىڭىز، ئۇ چاغدا كۈنلەرنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولسىز، مانا
شۇ چاغدا ياشلىق لاي سۇدەك ئېقىپ ئۆتمىگەن بولىدۇ، سىزچە
قانداق؟

ئېلى گەپ قىلمىدى، قىزنىڭ چىرايلىق يۈزىگە، كېلىشكەن
قامىتىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ خۇددى قىزنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقان-
دەك، شۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشتىلا بىر يوشۇرۇن يىپ بىلەن
باغلىنىپ قېلىۋاتقاندەك بىئارام بولماقتا ئىدى.

## ئەمدى ئىككىنچى قېتىم يۈزلەشمەيمەن

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئازاپلىق كۈنلىرى باشلاندى. يى-
گىرمە بىر ييشىغىچە قىزلارنىڭ كۆزىگە قاراپ باقمىغان ئېلىخان
بالىسىنىڭ يۈرىگى تۇيۇقسىز قاپقانغا چۈشكەن بۆجەندەك تىپچەك-
لىدى، ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشىغا، ھەممىلا خىيالىغا بىر قىزنىڭ سىما-
سى ئارىلىشۋېلىپ ئىشىنىڭ بەركىتىنى، ئۇيقۇسىنىڭ مەزىسىنى قا-
چۇردى «ھەي ئەقىل ئوغرىسى قىزلار! — دەپ كايىدى ئۇ ئۆ-
زىچە غۇتۇلداپ، — سىلەرنىڭ كۆلەڭگەڭلار چۈشكەن ئىشنىڭ سۈيى
قاچىدۇ، سىلەرنىڭ ناملار ئارىلاشقان ئىشنىڭ چىگىشى كۆپىيىدۇ.
شۇ چاققىچە ماتېماتىكا فورمۇلىلىرىنى بىر قېتىم ئۇنتۇمىغان ئىدىم،
مانا قاراڭ، كوسىنۇس كۋادراتنىڭ فورمۇلىسى ئورنىغا تانگېنۇس
كۋادراتنىڭ فورمۇلىسىنى قوللىنىپ خاتا ئىشلەۋېرىپتىمەن.
مۇشۇنداق بولسا ئاز كۈندە شەپكىنى پۇتۇمغا، شىبلىتنى بېشىمغا
كىيىپ كوچىغا چىققىدىغان ئوخشايمەن، ھەي ئىست، نىمىشقا ئۇ
قىز بىلەن سوھبەتلەشتىم؟ كامىلجاننىڭ قەدرىگە ئەمدى يەتتىم...»

ئۇ ئازاپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئىشىنى
بىر ھەسسە كۆپەيتتى: ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوخشاش ئوقۇغۇچىلىق
ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن سىرت ئۆزلۈگىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆ-
گەندى، ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئۇخلىغاندىن كېيىن ئىككى سائەت

ئىنگلىزچە سۆز يادلىدى. ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى يېرىم كېچىگىچە يورۇق تۇرىدىغان بولدى.

لېكىن شۇنداقتىمۇ ھامان ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلاتتى. بۇدرە چاچ، خىيالچان قارا كۆزلۈك، ئوماق قىز نىمىلا قىلمىسۇن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك، مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ: «كۆزىڭىز كىتاپتا بولغىنى بىلەن خىيالىڭىز باشقا يەردىغۇ، نىمىشقا ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارنى ئالدايسىز!» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

ئۇ ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى باشقىلار سېزىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزىنى خۇشال، جۇشقۇن كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ باقاتتى. لېكىن ھامان چاناتتى. بىر كۈنى قىزىكا مۇئەللىمى ئوچۇق دەرس ئۆتكۈزدى. دەرسنىڭ پىششىقلاش باسقۇچىدا مۇئەللىم دەرسنىڭ قانداق ئۆزلەشكىنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسىدىن دوسكىغا چىقىرىپ سۆزلىتىپ باشقا تىڭشىغۇچى مۇئەللىملەر ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.

— قېيىنى ئېلى دوسكىغا چىق! — دىدى مۇئەللىم. پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىڭگىنى ئالقىنىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ دەرس تىڭشىغان بۇ ئوقۇغۇچىسىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئېلى چۆچۈپ كەتتى ۋە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ دوسكىغا چىقتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەردى، ئۇ دەرسنىڭ بېشىنى ياخشى سۆزلىدى، لېكىن فورمۇلاغا سېلىپ يېشىدىغان يېرىگە كەلگەندە دۇدۇقلىدى، ئاخىر يەرگە قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى.

— نىمە قىلدىڭ دەرس تىڭشىماي، — مۇئەللىم غەزىۋىگە چىدىماي ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسىنى سىلكىشلىدى، — ماڭ ئولتۇر، كىم سۆزلەيدۇ؟

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك قول كۆتەردى. ئېلى نىمە قىلىپ ئولتۇردى؟ مۇئەللىم يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، پىلانىتلارنىڭ تارتىش كۈچى توغرىلىق سۆزلىگەندە ئېلىنىڭ يادىغا بىردىنلا «ئادەملەردىمۇ تارتىش كۈچى بولىدىغۇ، مەسىلەن، مۇھەببەت تارتىش

كۈچىگە مىسال، مەھبۇبە شۇنداق بولماي نىمە؟» دىگەننى ئويلىدى-
دە، بىردىنلا خىيالى قىزغا كۆچتى. دەرستىن كىيىن سەزگۈر مۇ-
ئەللىم ئۇنىڭغا تەنە قىلدى:

— يەنە ئۈچ ئايدا خىزمەتكە چىقىسەن، قىزلار بىلەن قاي-
چىلىك سۆزلەشسەڭمۇ ۋاقىت چىقىدۇ. دەرس ۋاقتىنى سەرپ قىلى-
مىساڭمۇ بولىدۇ!

— مۇئەللىم مەن... — ئۇنىڭ ھەقىقەتنى رەت قىلىشقا تىلى
بارمىدى.

تەجرىبىلىك كامىل شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ياتىقىغا
ھەجىيىپ كىرىپ كەلدى:

— قانداقكەن؟ — دىدى ئۇ ئىبلىنىڭ كۆزىگە قاراپ، — مەن
تۆت پەندىن ئۆتەلمىگەندە ماڭا نەسىھەت قىلىپ ھارمىغان يىگىت
مانا ئەمدى، پۈتۈن شەھەر سىنىڭ نىمىنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىڭنى
بىلىپ بولدى.

— نىمىنى ئويلاپتىمەن؟

— بىلمەيدۇ دەمسىنا؟ خانقىز ھەممىنى ئېيتتى. ئىلغارلار يىي-
غىنىدا مەھبۇبە بىلەن نىمىلەرنى دىيىشكىنىڭنى مەھبۇبە خانقىزغا
ئېيتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خانقىزدىن سىنىڭ يەتمىش پۈشتۈڭنى
قويماي سورايدىكەن... قىز شۇنچە ئوت-كاۋاپ بولۇۋاتسا سىنىڭ
يۈرىگىڭ ئېرىمايدىغان تاشمىدى؟...

— سەن تولا يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلما كامىل!

— كۆرىمەن، ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا بولغان ئىكەن-
دە! ئىچىم ئۇنچىلىك قارا ئەمەس ئۆكا، ئوغۇل بالىكەنسەن، قەد-
تىڭنى چاق! خانقىزغا ئېيتماي. ئىككى جۈپ بولۇپ باھار سەيلىسى
قىلساق قانداق ئېلى؟

يەنە شۇ گەپمۇ؟ — دىدى ئىبلى ھودۇقۇپ، — داداڭغا ئېيتى-
مەن، داداڭغا ئوقۇش پۈتتۈرمىگىچە بىر قەدەممۇ قىڭغىر دەسسىمەي-
مەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ!

— مەن ۋەدە بەرگەن بىلەن سەن بەرمىگەن، سىنىڭ نامىڭغا

سەيلە قىلساق دادام نىمە دىيەلەيتتى.

— بوادى، يوقىلاك گەپلەرنى قىلما، مەھبۇبە بىلەن ئىككىنچى قېتىم يۈزلەشمەيمەن، يۈزلەشسەم ئادەم ئەمەسمەن، مانا مەن ساڭا ۋەدە بېرىمەن!

## يىگىت ئىككەنسەن ۋەدەڭدە تۇرغىن

ياز كەلدى، كىشىلەرنى شامالغا تەشنا، سايىگە ئامراق قىلىدىغان تىنجىق كۈنلەر باشلاندى. بۇنداق چاغلاردا جانغا ئارام بولىدىغان جاي - سۈيى شوخ، چۆپلىرى يۇمران، تۇپرىغى ھۆل دەرەخلىق باغلار، بۇنداق باغلاردا بۇلبۇللارنىڭ تولا سايراپ ئۈنى پۈتكەن، گۈللەرمۇ مۇرادىغا يېتىپ ئېچىلىپ پۇراق چاچقان، كاككۇك ئۆز تۇخۇمىنى چىشلىۋېلىپ ياۋاش، گول قۇشلارنىڭ ئۇگىسىدىن ئۆز نەسلىگە ماكان ئىزلىگەن، تەبىئەت ئارمىنىغا يەتكەن، ئۆسۈملۈكلەر قۇياش تەپتىگە قانغان، كائىنات كۈي ۋە خۇشبۇي ھىد بىلەن تولغان... ھەممىلا نەرسە غۇربەتتىن يىراق، بەخت قۇچىقىدا ياتقان بولىدۇ...

مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئېلىنى چارچاتتى، ئورۇقلاتتى. ئۇن نەچچە خىل دەرسنىڭ ھەممىسىدىن ئەلا نەتىجە ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق كۈچ - زېھنىنى ئايىماي ئىشقا سالغان نەۋقىران يىگىتمۇ بۈگۈن بەخت قۇچىقىدا، ئۇنىڭ قەلبى ياز ئاپتىۋىدا يورۇغان دالىدەك نۇرلۇق، خوشاللىقى تاغ سۈيىدەك جۇشقۇن، يەنە ئون كۈندىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ جەمىيەتكە تۇنجى قەدىمىنى باسىدۇ. ئۇ ئەمدى ئەۋلات تەربىيىلىگۈچى، مىۋە بەرگۈچى باغۋەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چارچىغان بولسىمۇ روھلۇق، باغلار ئۇنىڭغا ئانا قۇچىقىدەك مېھرلىك، ياپراقلار دوست - ياران چاقچىقىدەك يېقىملىق. ئۇ بۈگۈن باققا مەقسەتسىزلا سەيلىگە چىقتى، خوشال بولغان مىنۇتلىرىدىلا

دائىم كېلىپ دەرس تەييارلايدىغان باغنىڭ گۈزەل ۋە تاتلىق
ئىككەنلىگىنى سەزدى. ئۇنىڭغا سەيلە قىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر،
ئاسفالت يوللاردا سىلىق ۋە ئازادە مېڭىپ، بىر بىرىگە كۆز قىرىدا
كۆز تاشلاپ قويۇشۇپ ئۇياتچانلىق بىلەن دەرەخ، گۈللەرگە قارد-
شىپ كېتىۋاتقان يىگىت - قىزلار؛ چىرايلىق، پاكىز كىيىنىپ كېپىد-
نەك قوغلاپ يۈرگەن باللار...ھەممىلا ئادەم چەكسىز خوشال، غەم-
سىز بىلىندى. دىمەك ھاياتنىڭ شۇنداقمۇ قانۇنىيىتى بولىدىكەن،
تەبىئەت گۈزەللىگى بىلەنمۇ ئىنسان بىر مەھەل غەمدىن خالاس،
بەختلىك بولالايدىكەن.
ئۇ ئۆزى دائىم دەرس تەكرارلايدىغان جاي — سۇ بويىدىكى
سېرىن گۈللەر يېنىغا كەلدى. گۈللەر ئارىسى خاماندەك تاقىرلاد-
غان، قەغەز پارچىلىرى ئەتراپقا چېچىلغان، ئېلى مۆكچىيىپ ئولتۇ-
رۇپ ھىساپ ئىشلىگەن ياش كۆتەك غېرىپسىنغان، بۇ جاي، ئېلىغا
خۇددى ئىگىسى كۆچۈپ كەتكەن ئۆيدەك كۆرۈندى. ئۇ بىر پارچە
قەغەزنى ئېڭىشىپ قولىغا ئالدى. بۇ ھىساپ ئىشلەنگەن قەغەزنىڭ
بىر بۇرجىگىگە: «ئېلى، يەنە قىز توغرىسىدا ئويلىغىلى تۇردۇڭمۇ،
ئۇنتۇغىن، يارامىلىق بولمەن دىسەڭ ئۇنتۇغىن، كېرەكسىز بولمەن
دىسەڭ بىراقلا مۇنۇ قەغەز ئارىسىدىن چىق!» دەپ يېزىلغان ئد-
كەن. ئېلى ئۆز خېتىنى ئوقۇپ كۈلدى - دە، قەغەزنى پۈكلەپ
يانچۇغىغا سالدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ۋەدەمدە تۇرالىدىممۇ؟ ھەئە
تۇرالىدىم» دىدى.
لېكىن گەپ بىلەن سىناق پەيتى ئارىسىدا پەرق بار! ئاغ-
زىدا شەھەر ئالىدىغانلار سىناق پەيتى كەلگەندە پايدىسى، نەپسى
ئۈچۈن ھەرقانداق شىرىن، جۇشقۇن گەپلىرىنى پايمال قىلىۋېتىدۇ،
ھاياجان بىلەن قىلغان قەسەم - ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ ئالتۇن بولاشقان
قاراقچىلاردەك پايدا ئۈچۈن جېنىنى ئالقىنىغا ئالىدۇ. ئېلى راستىلا
ۋەدىسىدە تۇرالىدىمىكىن، كىچىككىنە، پارچە - پارچە قەغەزگە يېزىل-
غان «... يارامىلىق بولمەن دىسەڭ ئۇنتۇغىن...» دىگەن سۆزگە

ۋاستلا ئەمەل قىلالامدىكىن، بىز بۇنى سىناق پەيتى كەلگەندە كۆرىمىز...

ئېلى سالقىن ۋە يېقىملىق باغنىڭ ئاسفالت يولىدا قولىنى
كەينىگە قىلىپ، يېقىن كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىش — ئەۋلات تەر-
بىيىلەش ئۈستىدە خىيال قىلىپ كېتىپ بارغاندا تۇيۇقسىزلا سېرىن
گۈللەر ئارىسىدىن كاككۇكنىڭ ئاۋازىدەك تاتلىق كۈلكە ئاڭلاندى.
بۇ تونۇش قىزنىڭ كۈلكىسى ئىدى.

— خانقىز! — دېدى ئېلى سەزگۈر كىيىكتەك تىكىلىپ قاراپ، —
مەھبۇبە!

ئۇ ئىختىيارسىز گۈللەر ئارىسىغا كۆز تاشلىدى. راستلا ئۇ
يەردە مەھبۇبە بار ئىدى. قىزنىڭ ئوڭ قولىدا كىتاپ، سول
قولىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن ھاۋارەڭ كۆينىكىد-
نىڭ ئېتىگىنى سىقىۋاتاتتى. دېمەك خانقىز شوخلۇق قىلىپ سۇغا
ئىتتىرىۋەتكەن ياكى سۇ چاچقان. ئېلى قىزنى كۆردى-دە، تۇ-
يۇقسىز قوقاس كېچىۋالغاندەك ئەندىكتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى نە ئال-
دىغا، نە كەينىگە مېڭىشنى بىلمەي جايىدا تېپىچەكلىدى، ۋۇجۇدىدا
بىر خىل كۈچلۈك، كۆيدۈرگۈچى تەۋرىنىش پەيدا بولۇپ، قولل-
رىمۇ خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان گۆدەكنىڭ قولىدەك
تىترىدى، ئېلى ئاشۇنداق ئۆزىنى يوقىتىپ، تەمتىرەۋاتقان پەيتتە
قىزلار ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— ئېلى! ھەي ئېلى! — دەپ ۋاقىرىدى خانقىز، ئۇلار يۈگد-
مەچ ئوتلار ئارىسى بىلەن ئېلىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلمەكتە
ئىدى. قىزلار بىلەن بىللە بولۇش قانداق كۆڭۈللۈك ۋە خوشاللىق؟
ئۇلارنى تاشلاپ، ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان، ئۆزلىرىنى كۆرمىگەن بولۇ-
ۋېلىپ قېچىشىمچۇ؟ ئازاپ ۋە نومۇس. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟
خوشاللىقنىمۇ، ئازاپنىمۇ؟ دائىملا ئۆز خوشاللىغى-ئارمىنى ئۈچۈن،
ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋەرسە، بۇ خىل ئىرادىسىزلىك ئۇ-
نى ئاخىر كېرەكسىز نەرسە قىلىپ قويمامدۇ؟ ئىرادىلىك ئادەملەر-
نىڭ تەسىرلىك ئىشلىرىدىن خاتىرىسىگە يېزىۋالغان سۆزلەرنى ياد-

لاشنىڭ يەنە نىمىگە لازىمى بولسۇن؟...

ئۇ قىزلارغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىرلا بۇرۇلۇپ قارىدى-دە، كەينىگە ياندى ۋە قويۇق قارىياغاچلار ئارىسىغا شۇڭغۇدى. ئىككى-ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن باغنىڭ ئارقا ئىشىگىگە كېلىپ توختىدى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قىزلار تەرەپكە قارىدى. نە قىزلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، نە ئاۋازى ئاڭلانمىدى؛ ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولدىكى، ئۇ خۇددى تۈيۇقسىز ئانىسىدىن ئايرىلغان چۆجىدەك زارلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىپلىگۈسى ھەتتا شاپىلاق بىلەن ئۇرغۇسى كەلدى. لېكىن يانچۇغىدىن ھېلىقى كىچىككىنە ۋەدە يېزىلغان قەغەزنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى: «يىگىت ئىكەنسەن، ۋەدەڭدە تۇرغىن!» دېدى ئۇ ئازاپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

## قىز كۆڭلى قىلدەك نازۇك

— بىزنى كۆرۈپ قاچقىنى نىمىسى؟ — دېدى خانقىز دومسىيىپ، — ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكىنىنى بۇ ئېلىنىڭ!

— ئېلى ئەمەستۇ بەلكىم، — دېدى مەھبۇبە سىقىپ بولغان ھاۋارەڭ كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى قايتىدىن سىقىشقا ئېڭىشىپ.

— ئېلى شۇ، ئەتەي قاچتى. باشقا يىگىتلەر بىزدەك قىزلارنىڭ سايىسىگە ئېگىلىپ ھەلەك، ئېلى تېخى قاچارمىش، پاھ، ئۇنىڭ ھالىنى!

— قويە، خان! — دېدى مەھبۇبە تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — كايىمىغىنا، بەلكى بىر خىجىلچىلىقى باردۇر.

— بولدىلا مەھبۇبە، — دېدى خانقىز شوخلۇق بىلەن مەھبۇبەنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، — كۆڭلۈڭنى بۇزما. كۆزۈمگە قارىغىنا، ئەنە كۆزلىرىڭگە ياش كەپتۇ. شۇنچە رەنجىپسەنۇ، يەنە ئۇنى ئاقلاۋاتىسەن. ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرالمىدىڭ، بىلدىم، بىزنىڭ سەرالقى-

نى ياخشى كۆرۈپ قاپسەن!

— نېمە دەۋاتىسەن شالاق قىز! — دېدى مەھبۇبە خانقىزنىڭ مۈرىسىگە يېنىك مۇشتلاپ، — چېچىڭنى يۇلىمەن جاۋۇلداق.

— ئەمدى نەگە يوشۇرىسەن قارا، لەيلى قازاقتەك قىزاردىڭ، سەرالغىنىمىز يامانمىكەن - ھە!

— ساراڭ! — دېدى مەھبۇبە ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاچچىق تىل بىلەن دوستىنى تىللاپ، — ئىككىنچى سېنىڭ بىلەن بىر يەرگە بار-مايمەن!

مەھبۇبە ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تېساپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇ-ۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. خانقىز بۇنىداق بولارىنى كۈتمىگەن ئىدى. ئۇ مەھبۇبەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش-قا باشلىدى:

— چاخچاق، چاخچاقچىمۇ يىغلامسەن. ئىككىنچى چاخچاق قىل-مايمەن، قىلسام ئۆلەي ئىگەكىم. يىغلىما، يىغلىما دەيمەن، راست مەن ساراڭ. مەن قوپال!

خانقىزمۇ ئۆزىنى كايىپ يىغلىغاندىن كېيىنلا مەھبۇبە ئىسە-دەشتىن توختىدى - دە، نېپىز قولياغلىقىنى سوغاق سۇدا مىجىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— يىغلاپ بولغان بولساڭ ئەمدى راست گەپنى ئېيتاي، — دېدى خانقىز ئۆيگە قايتىۋېتىپ، مەھبۇبەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئېلى بىكارغا قاچمىدى. ئۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. تەنتەك يىگىت، مۇھەببەتتىن قورقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن قورقۇپ قاچتى. ئەمدى بىلدىڭمۇ؟

— يەنە باشلىدى! — دېدى مەھبۇبە خاپا بولۇپ، — سەن بۇنىڭدىن باشقا گەپنى بىلمەمسەن!

— سەنمۇ بۇ گەپتىن قورقىدىكەنسەن - ھە؟ ئاستا - ئاستا قۇلىقىڭ كۆنىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزەڭمۇ كۆنۈپ قالىسەن، قىزلار ھەممىمىز شۇنداق، ئاۋال قورقىمىز، كېيىن كۆنىمىز، ئاندىن باتۇر

بولۇپ كېتىمىز! — مەھبۇبە خانقىزنى يېنىك ئىتتىرىۋەتتى-دە، يان كوچىغا قاراپ يۈگۈردى. شۇ يۈگۈرگىنىچە ھوجرىسىغا كېلىپ كارۋات ئۈستىگە تاشلاندى.

خانقىز دوستىنىڭ راستلا رەنجىگەنلىگىگە ئىشەندى. ئۇ گاڭگىرىدى. كېيىن بۇ يېڭىلىقنى بىرسىگە ئېيتىشقا ئالدىرىدى. شۇ چاغ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ خىيالىغا كامىلجان كەلدى: «ھىم، تازا قىزىقىپ ئاڭلايدىغان ئادەم شۇ، بۈگۈنلا ئۇنىڭغا ئېيتىمەن!» دەپ ئويلىدى قىز ياتىقىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ.

مەھبۇبە شۇ ياتىقىنىچە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدىمۇ ئېلىنى كۆردى. ئېلى مەھبۇبەگە قاراپمۇ قويماي قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك...

قىز ئويغىنىپ ئۆيىنىڭ ئىشىك-دەرىزىسىنى ھىملىدى-دە، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ياخشى كۆرۈپ قالغىنى ئۇچۇن قاچىدىكەن-دە، مەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنىلا ئويلىغان ئىدىمغۇ! بۇ قېچىشنىڭ بىر چېكى بارمىدۇ؟ قانچە يىل قاچاركىن، قېنى كۆرەي...»

شۇ كۈنى كەچتە ئېلى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقاندا كامىلجان ئۇنىڭ قۇلىغىنى تارتتى:

— قاچقاننى قوغلا، چاپلاشقاندىن قاچ دىگەن سۆز بار، بىلەمسەن، ئەمدى سېنى قىزلار قوغلايدۇ! — دىدى.

— نىمە دەۋاتىسەن ئۆزەڭ، — دىدى ئېلى ھېچنەرسە بىلمىگەن بولۇپ، — باش-ئاخىرى يوقلا بىر گەپنى قىلىۋاتىسەنغۇ!

— قۇۋلۇق قىلما! — دىدى كامىلجان ئېلىنى نوقۇپ، — بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ قاچامسەن؟

— قاچىمەن!

— بىر قىز سېنى ياخشى كۆرۈپ قالسىچۇ؟

— قاچىمەن!

ساراڭ! — دىدى كامىلجان قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئىست، ساڭا كەلگەن ئامەتكە ئىست! بۇ ئامەتنىڭ ئوندىن بىرسىگە ئۆزەمنىڭ

ھەتتا دادامنىڭ پۈتۈن دۆلىتىنى تېگىشىۋەتكەن بولاتتىم.

ئېلى كۈلۈپلا قويدى ۋە تاپشۇرۇقنى ئىشلەشكە باشلىدى. كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، ئېلى قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈنمەسكە تىرىشتى. قىز ئۇچرىغان چاغلاردا ئۇ كۆزىنى باشقۇرالماي قالغان چاغلارمۇ بولدى. لېكىن مۇھەببەت ئازاۋىغا يولۇققان ياشلارنىڭ بەدىنىدە بىر جۈپلا كۆز بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ يان تەرەپلىرى ھەتتا كەينىدە سەزگۈر كۆزلىرى بولىدىكەن، بۇ كۆزلەر ئېلىغا خەۋەر قىلدى: ئورۇنسىز قېچىشلار ئۈچۈن قىز ئازاپلانماقتا، قىزنىڭ كۆڭلى قىلدەك نازۇك، ئېلى ئاشۇرۇۋەتمىگىن، قەدىر-قىممەتنى خارلىما!

## باغۋەن

شەھەردىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ گۈڭشېنىڭ باشقا تەرەپلىرى شەھەرگە ئوخشىمىغىنى بىلەن گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ھەممىلا ئىشى شەھەرنىڭكىگە ئوخشاش: بەش-ئالتە سائەتلىك دەرس جەدۋىلىدىن تارتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پورمىسى كىيىشى، تەجرىبىخانىدا فىزىكا، خىمىيە تەجرىبىلىرى ئۆتكۈزۈشتىن تارتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھىساپلاش ماشىنىسى قوللىنىشى، قىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىشتا چاقماق سوكنودىن قىسقا پەلتۇ كىيىشلىرىدىن تارتىپ، بەزى يىگىتلەرنىڭ مەكتەپكە موتوتسىكلىت مىنىپ كېلىشى ھەتتا مەكتەپلەر ئارا تەنتەربىيە، ھەر خىل ئىلىم-پەن مۇسابىقىلىرىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى، ئىلمىي ئېكسپىدىتسىيەلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشى... يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگىچىلا شەھەرنىڭكىگە ئوخشاش...

— يەنە نىمىشقا خانقىز شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتتىكىنە، شەھەرنىڭ نىمىسىنى ئارزۇ قىلىدىكىنە؟ — دىدى مەھبۇبە دوستىنىڭ يېنىغىلا بۇ يەردىن شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ مەيۈسلىنىپ.

— نىمىشقا دەمسىز؟ — دەپ كۆزەينەگىنىڭ ئۈستىدىن قاردى ئورۇق، پاكىز كىيىنگەن ئىلمىي مۇدىر قىزنىڭ چىرايلىق يۈزىگە تىكىلىپ، — سىز تېخى بۈگۈن كەلدىڭىز، سىزگە تېخى بۇ يەرنىڭ شەھەردىن قانچىلىك دەرىجىدە قالاق ئىكەنلىگى سېزىلمەدى. ئەمما بىر ئايدىن كېيىن، ياق، سىزدەك قىزلار ئۈچۈن ئون كۈندىن كېيىن بۇ يەر شۇنچىلىك چۆل، زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇكى، قولياغلىغىڭىز قۇرۇمايدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ تېخى...

ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلمىي مۇدىر بولغان ئادەمنىڭ تېخى بۈگۈنلا خىزمەت ئورنىغا قەدەم قويغان ياش قىزنى كەمسىتىشى مەھبۇبەگە خورلۇق يولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ دەرھال ئاچچىغى كەلدى. ئۇ ئۆكدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىدى:

— سىز مېنى نەدىن بىلەتتىڭىز؟ — دىدى قىز ئۆزىنى باسالماي، — نىمەمگە قاراپ بۇنداق ئالدىن ھۆكۈم قىلالىدىڭىز؟

— نەدىن بىلەتتىڭىز؟ — دىدى ئىلمىي مۇدىر كۆزەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تارتىپ قويۇپ، — ئۈچ ياش چېغىڭىزدىن تارتىپ بىلىمەن. ئىمىن ئەپەندىنىڭ قىزىسىز، تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ ئامەتىڭىز كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدىڭىز، كېلىپلا يېزىدا ئىشلەشنى تەلەپ قىلدىڭىز، دادىڭىز شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئەتىۋالىغى، ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، ئېيىغا ئوتتۇز يۈەننى ئارتۇق ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭراق شان-شەرەپكە ئېرىشىش تاماسى بار. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىزنى بىزنىڭ مۇشۇ يېزىمىزغا توغرىلىدى. بۇ يەرنىڭ مۇدىرى ئىمىن ئەپەندىنىڭ دوستى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېز ئۆسىسىز، ئىمىن ئەپەندىنىڭ قىزى ئاز كۈندىلا ۋىلايەتنىڭ، ئاندىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالقىنىغا چىقىدۇ...

قىزنىڭ تاقىتى قالمىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— دادام بىلەن زىددىيىتىڭىز بار ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قىزىدىن ئۆچ ئالماقچىمۇ سىز؟

— كايىماڭ! — دىدى ئىلمىي مۇدىر بېشىنى لىڭشىتىپ كۈ-
لۈپ، — تە بولماڭ قىزىم، قىرىق بالىنىڭ ئالدىغا كىرمەي تۇرۇپلا
سەپرا بولۇپ قالسىڭىز، ئەتە-ئۆگۈن سىزنى سىنىپتىن ئىككى ئا-
دەم قولتۇقلاپ ئېلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، دادىڭىز بىلەن
زىددىيىتىم يوق، بۇ بىر ياخشىلىق، بىز كونا ئۈلپەت، بۇ بىر ئىزا-
ھات، خوش، سىز كېلىشتىن بۇرۇن دادىڭىز ماڭا تېلېفۇنمۇ بەرگەن،
بۇ بىر قوشۇمچە. خوش، گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ياتىغىڭىزنى،
خىزمىتىڭىزنىمۇ ئۆزەم ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم: ھەپتىسىگە
ئون ئىككى سائەت فىزىكا دەرسى بېرىسىز. ئىتتىپاق خىزمىتىنى
قوشۇمچە ئىشلەيسىز. نىمىشقا دىگەندە بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئىتتىپاق
شۇجىسى نەمۇنىچى باغۋەن بولۇپ باھالانغاندىن كېيىن مەك-
تەپتە توختىمايدىغان بولۇۋالدى. ناھىيىمۇ-ناھىيە يۈرۈپ تەجرىبە
تونۇشتۇرۇۋاتقان، يۇقۇرى ئورۇنلارغا يىغىن، ئېكىسكۇرسىيىگە بېرىد-
ۋاتقان، پارتىيە قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل، يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى،
ئىلغار تەربىيىچى، نەمۇنىچى باغۋەن... ۋاي-ۋۇي ئۇنىڭ ئىس-
مى بىر بولغىنى بىلەن سۈپىتى كۆپ. گەپنىڭ قىسقىسى ئەنە شۇ-
نىڭغا ياردەمچى بولىسىز. ئىشىڭىز جىق ھەم تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن
ياغلىغىڭىز قۇرۇمايدۇ دەيمەن-دە، قىزىم.

ئىلمىي مۇدىر قىزنى ياتىغىغا باشلاپ ماڭدى. قىز شۇ چاغ-
دىلا بۇ ئادەمنىڭ بىر پۇتى ناكا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئىلمىي مۇ-
دىر پارقىراپ كەتكەن ھاسىسىغا تايىنىپ ئىتتىك ۋە مەزمۇت قەدەم
بىلەن ماڭاتتى.

قىز قەلبىدىن بايىقى ئۆچمەنلىك تېزلا كۆتىرىلدى ۋە بىر-
دىنلا مۇنۇ گېپى توك، لېكىن تۈز ئادەم ئۇنىڭغا مېھرىۋان، غەم-
خور بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانى-
سى ئالدىغا كەلدى. ئۇ يەردىكى ئەينەك جازىدا رەسىملەر كۆپ
ئىدى. ئىلمىي مۇدىر رەسىملەر ئىچىدىن بىر يىگىتنى بىگىز
قولى بىلەن كۆرسەتتى:

— مانا ھېلىقى باغۋەن، سىزنىڭ باشلىغىڭىز! — دېدى ئۇ كۈلۈپ. قىز رەسىمگە قارىدى. يىگىت كۈلۈپ تۇراتتى. قىز ئۇنى دەرھال تونۇدى:

— ئېلى... باغۋەن! — دېدى قىز ھاياجان بىلەن.

## ئەمدى نەگە قاچارسىز

يالغۇز ياتاق، مۇستەقىل ھايات — مانا بۇ قىز ھاياتىدىكى يېڭىلىق. يىگىرمە ئىككى يېشىغىچە ئانىسىنىڭ تامىقى، ئاتىسىنىڭ ئىقتىسادى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ياشاپ كەلگەن، غايىلىك، تىرىشچان قىز ئەمدى ھەممىنى ئۆز ئەقلى، ئۆز كۈچى بىلەن قىلىشى لازىم. ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى تەلتۆكۈس قىلىش ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلاپ زور غەيرەت بىلەن تىرىشىشى، ئوقۇغۇچىلىقىدا ئويلىغانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ قانچىلىك يارامىلىق ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرۈشى، ئىستىقبال ئىشىكلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېچىشى، شان-شەرەپنىڭ پەللىسىگە ئۆز ئاياقلىرى بىلەن مېڭىپ ئۆرلىشى لازىم.

قىز يالغۇز ياتاقتا ئەينەك ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ چاچ ئۆرۈۋېتىپ ئويلايتتى: «ھاياتىمدا ئۆزگىرىش بولدى، ئورنۇم ئۆزگەردى، شۇنىڭ لايىقىدا مىجەزىممۇ، ئۆزەمنى تۇتۇشۇممۇ ئۆزگىرىشى لازىم. دۇرۇس، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ ماڭا ئاپامدىن سىڭگەن مىجەز، ئوڭايلىقچە كىشىلەرگە تەن بەرمەيمەن، ئارتۇقچە مەغرۇرمەن. بۇمۇ دادامنىڭ باشقىلارغا چوقۇنما، يېلىنما، ئۆزەڭنى مەغرۇر ۋە تىمەن تۇت، شۇ چاغدىلا ھەرقانداق ئادەم بىلەن بەسلىشەلەيسەن، مانا بۇ ئىلگىرىلەش، دەپ قايتا-قايتا قۇلىقىمغا قۇيغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئاتا-ئانامغا رەھمەت، ئۇلار مېنى بالىدىن ئادەمگە، بىر ناداندىن ئۆزگە باھا بېرەلەيدىغان غايىلىك ياشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىنى ئايىمىدى. لېكىن

ياسانچۇقلۇق، هاكاۋۇرلۇق بۇگۇن مىنىڭ ئەيىۋىم بولۇپ تۇيۇلۇۋا-
تىدۇ. بايا يېزا بازىرىدىن ئۆتكىنىمدە قانچىلىغان كۆزلەر ماڭا تى-
كىلدى، مەكتەپ قوراسىنى ئايلانغىنىمدا قانچىلىغان ئوقۇتقۇچى،
ئوقۇغۇچىلار ماڭا قاراپ كۇسۇرلاشتى. مەن بۇ ئۈنسىز ھۇجۇملار
ئالدىدا ھودۇقتۇم، قورۇندۇم ھەتتا غەزەپلەندىم، مەن بۇ غەزىۋىم
بىلەن شۇنچە ئادەمنى يېڭەلەمدىمەن؟ ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ پايدا
ئالالامدىمەن؟ ئوقۇتقۇچى قىزلارنى كىيىنىش بىلەن بەسلىشىپ
يېڭەلىشىم مۇمكىن. بۇنىڭدا ئىككى-ئۈچ ساندۇق كىيىمىم ياردەم
بېرەر. لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە زوھىي جەھەتتە ئازاپقا قالىمەن. بۇ
ئازاپتىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ دۇرۇس، خىزمەتتە باشقىلاردىن ئو-
زۇپ كېتىشىم، باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالىشىم مۇمكىن، لې-
كىن ئۇتۇقلىرىم ئەيىپلىرىمنى يېپىپ كېتەلمىسىچۇ؟ يەنىلا باشقىلار
كەينىمدىن غەيۋەت قىلىشسا، پىچىرلىشىپ كۇسۇرلاشسا، تاپا-تەنە
قىلىشسا، ماڭا يېقىنلاشمىسا، ئەكسىچە چىرايىم ۋە ياسىنىشىمغا زوقلى-
نىدىغان يىگىتلەر پەيدا بولۇپ، نەپ بەرمىگىنىم ئۈچۈن ئۈستۈمدىن گەپ
تېپىشسا، يارامسىزلىق قىلىشسا، مەسىلەن، كامىلجاندەك دوستلۇق
ئىزهار قىلغىنىمنى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزۇشسا...ۋاي-ۋۇي، مۇس-
تەقىل ياشىماق تەس ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنى ئاز دەپ مىجەزىمنى ئۆز-
گەرتىشىم تېخىمۇ تەس، مەسىلەن، تىكىلىمە ئەينەك بولمىسا خۇددى
ئاچ قالغاندەك خورسىنىمەن، بىرلا كۈن يوپكا يۆتكىمىسەم يۈزۈمگە
كۆيە سۈركىۋالغاندەك نومۇس قىلىمەن، كىچىككىنە ئەپسىز گەپ
ئاڭلىسام بومبىدەك پارتلاپ يىغلايمەن...»

دەرىزە ئەينىكى جاراڭلاپ سۇندى، مەھبۇبە چۆچۈپ دە-
رىزىگە قارىدى. دەرىزە سىرتىدا-قويۇق سۆۋادانلارنىڭ ئاستىدا
ئوغۇل باللار ئۆملىشىپ، بىر بىرىنى نوقۇشۇپ، توپنى قولتۇقلاپ
قېچىشقا تەمشەلمەكتە ئىدى. دىمەك پۇتبولچىلار دەرىزە چاققان
ئىكەن. قىز دەرىزىگە كېلىپ باللارغا قاراپ كۈلدى.

— پاھ، هاي! — دىدى ئۇن بەش-ئون ئالتە ياشلىق

بىر بالا مەيدانىدىكىلەرگە ۋاقىراپ، — ئېبلى مۇئەللىمنىڭ خوتۇنىكەن، هاي - هاي! ...

قىز خۇددى بىرسى كۆكرىكىگە مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك كەينىگە داجىدى. ئاشخىچە دەرىزىگە هەر خىل چىراي، هەر خىل كىينىگەن ئوغۇل باللار يامىشىشقا باشلىدى. ئۇلار خۇددى هايۋانات باغچىسىدىكى مايمۇن قەپىزىگە ئولاشقاندەك بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، هەيران قېلىشىپ، بارلىق گەپدانلىغىنى ئىشقا سېلىشىپ ۋاقىراشماقتا ئىدى:

— ئېبلى مۇئەللىم تەلەيلىككەن!

— پاه، نىمانچە چىرايلىق!

— نىمانچە ياسانغان!

— يېڭى تويى بولغاندىكىن ...

قىز نە تىللاشنى، نە قېچىپ كېتىشنى بىلمەي خوزار تاجىسىدەك قىزارغان يۈزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىپ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئېبلى پەيدا بولدى. ئېبلى ئاددى كىيىنگەن، ئۇنىڭ چىرايىدا خودۇقۇش، هاياجان، ئاغزى ئارانلا گەپكە كەلدى:

— ياخشىمۇ سىز مەھبۇبە؟ كەلگىنىڭىزنى هازىرلا ئاڭلىدىم.

— ياخشىمۇسىز ئېبلى؟ قاراڭ باللىرىڭلار ...

ئېبلى باللارغا قاراپ كۈلدى، باللار قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، ئېبلى دەرىزە يېنىغا كېلىپ باللارغا سىلىق ئاۋاز بىلەن:

— نەگە قاچىسىلەر، هەي بوۋجەنىلەر، بۇ قىز سىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىڭلار، ئىتتىپاق شۇجىسى مەھبۇبە؟ — دىدى. لېكىن باللار قايرىلىپمۇ قويماي قېچىشتى. قىز ئېبلىغا قاراپ كۈلدى.

— خۇددى سىزگە ئوخشاش قاچقاقكەن. مانا مەن سىزگە مۇئاۋىن بولۇپ قالدىم، ئەمدى نەگە قاچارسىز ئېبلى!

ئېبلى قىزازدى، ئۇ قىزنىڭ بۇ گېپىدىن تەنە ئەمەس،

بىر خىل يېقىنلىقنى سەزدى. ئېلى چۈشەندى: قىزمۇ ئېلىنى ئۇنتۇمىغان ئىكەن!

## خەير، ياخشى چۈش كۆرۈڭ

ئاخىرقى شەپەق ئوچۇق دەرىزىدىن كۆرۈنگەن ئاسمان پارچىسىدىكى ئاقۇش بۇلۇتلارغا، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قويۇق تېرەكلەرنىڭ تىنىمسىز شاخلىرىغا، ئوچۇق دەرىزە يېنىدىكى كارۋاتتا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىغا، نازۇك بويۇنلىرىغا، شوخلۇق بىلەن ئوينىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىگە ھەتتا كۈلكە كەتمەيدىغان لەۋلىرىگە كېلىپ قونماقتا. شەپەق قىز چىرايىغا رەڭ، كۆركەملىك بېغىشلاپ، ئېلىنىڭ كۆڭلىگە ئوت بولۇپ قۇيۇلماقتا. سېنتەبىرنىڭ كەچلىك شوخ شامىلى ئېتىز كەپىلىرىدىن مەزىلىك تەم، يېزا باغلىرىدىن خۇش پۇراق ئېلىپ كېلىپ ئېھتىيات بىلەن دەرىزە چەكمەكتە ۋە يوپۇرماقلار بەرگىنى سىلكىپ ئۇلارنى پىچىرلاتماقتا، مەيدانغا تۇتاشقان مېۋىلىك باغدىن ئۆستەڭ شاقىراتمىسىنىڭ تەنتەنىسى ئاڭلانماقتا، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى باللار ۋاڭ - چۇڭدىن خالى بولغان يېزا مەكتىۋىنىڭ كەچكى جىمجىتلىقى ئىچىگە سىڭگەن، بۇ ھال تۇنجى قېتىم جىمجىت مەكتەپتە — ياتاقتا ئولتۇرغان قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى.

قىز ئۇھ تارتتى:

— نىمانچە ياخشى، جىمجىت، سالقىن، خالى. بىر ئازدىن كېيىن يۇلتۇزلار چىقىدۇ. كارۋىتىمدا يېتىپ يۇلتۇزلار بىلەن سۆزلىشەلەيمەن، يالغۇز ئۆيدە كىتاپ ئوقۇسامىمۇ، خىيال قىلسامىمۇ، شېئىر ئوقۇسامىمۇ، ناخشا ئېيتسامىمۇ بولىدىكەن، ئېلى، ئەجەپمۇ ياخشى يەرگە خىزمەتكە كەپتىمەن!

— خۇشالمۇسىز؟ — ئېلى قىزنىڭ نۇرلۇق، سىرلىق كۆزىگە

قارىدى. قىزنىڭ كۆزلىرى بەخت قۇچىغىدىكى نارەسىدىنىڭ كۆزىدەك پاك، ئوتلۇق ۋە گۈزەل ئىدى. قىز ئېلىغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئالۇچىدەك قىپ-قىزىل تۆۋەن لېۋىنى سەدەپتەك چىشلىرى بىلەن يېنىك چىشلەپ ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى-دە، بېشىنى لىڭشىتتى. ئېلى كۈلدى:

— بالا، قىلىقلىرىڭىز ئۈچ ياشلىق بالىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ...

— لېكىن مىجەزىڭىز ئەكسىچە، تەكەببۇر، ياسانچۇق دىمەكچىمۇ؟

— مېنىڭ سىزنى تەنقىت قىلىشقا تىلىم قانداق بارسۇن، سىزنى كۆرمىگىلى ئىككى يىل بوپتۇ، مەن سىزنى سالماقلىق، تەمكىن بىر ئىلىم ئەھلى بولۇپ يېتىلدى دەپ ئاڭلىۋىدىم، لېكىن بالىلىق بىلەن تېخىلا خوشلىشىپ بولالمىغانىدەك كۆرۈنۈۋاتىسىز.

— بالىلىق بىلەن بۈگۈندىن باشلاپ خوشلاشتىم، — دىدى قىز مەيۈس بىر ئاھاڭدا يەرگە قاراپ، — ئەنە كىرسىن ئوچاق، تامغىمنى ئۆزەم ئېتىمەن، كىر-قاتلىرىمنى ئەمدى ئاپامغا تاشلاپ بەرمەيمەن. ئېيتىڭا ئېلى، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش تەسمۇ؟

— تەس بولمىسا كېرەك. مېنىڭچە تولىمۇ كۆڭۈللۈك، مەنىلىك بولۇشى مۇمكىن. مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش توغرىسىدا گەپ بولسىلا پاۋېل كورچاگىنىنىڭ تۆمۈريول ياساۋاتقان يەردە بىر پۇتىغا كالاچ، بىر پۇتىغا پىيما كىيىپ، زەي يەردە يېتىپ، قۇرۇق، قارا بولكىغىمۇ تويماي ئەمگەك قىلغان چاغلىرى دائىم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

قىز شۇ چاغدا ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان، ئىگىز پاشنىلىق توپلى كىيگەن ئاياقلىرىنى چۈشۈرۈپ، قىسقا، سۇس يوللۇق يوپكىسىنى پەسكە قارىتىپ تىزلىرىنى ياپتى-دە، خۇددى ئېلى ئۆزىگە تەنە قىلىۋاتقاندەك قىزاردى. ئۇ ئېلىغا قاراپ

كۆلۈمسىرىدى ۋە:

— شۇنىڭ ئۈچۈن پۇتىڭىزغا چۇخەي، ئۇچىڭىزغا خادانى چاپان، بېشىڭىزغا بىر كويلۇق سېرىق شەپكە كىيىپ يۈرۈپسىز-دە! — دەپ چاخچاق قىلدى ۋە دەرىزىدىن سىرتقا بىر قاراپ قويدى، — راست، مېنىڭ كىيىملىرىم يېزا ئوقۇتقۇچىدسىغا لايىق ئەمەس، كۆرگەن كىشى خۇددى كورچاگىن تۆنەگە ئېيتقاندەك «ناپتالىن پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ» دېيىشى، مېنىڭدىن قېچىشى مۇمكىن. لېكىن گەپ كىيىنىشتە ئەمەسقۇ؟ بۇ بىر ھەۋەس، ياشلىق ھەۋىسى مىجەز بولۇپ سىڭىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ روھىي گۈزەللىككە دەخلىسى يوق. بىر ياش ھەتتا بەزىدە ئۇ ئىشتا، بەزىدە بۇ ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ روھى گۈزەل بولسىلا بەرىبىر ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. يەنىلا سۆيۈملۈك بولالايدۇ.

— بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى ئېلى قىزنىڭ نازۇك تەبئەتلىك ئىكەنلىگىنى بىردىنچى قېتىم سېزىپ، ئېھتىيات بىلەن، — تۇرمۇش ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئاڭ ياشلارنىڭ مىجەز-خۇلقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سىز يالغۇز قىز بولغاچقا ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ چوڭ بولدىڭىز، ئاچ قېلىش، يالىڭاچ قېلىش، داق يەردە يېتىش، كىشىلەر ئالدىدا سارغىيىشنىڭ نېمىلىگىنى بىلمەيسىز، مەنچۇ؟ مەن يېتىم، مەن نامراتچىلىقتا چوڭ بولدۇم، تاماق خىللاش، رەتلىك كىيىنىش، قانداق يەرگە دەسسەش، قانداق يەرگە دەسسىمەسلىك، قانداق يەردە ئولتۇرۇش، يەنە قانداق يەردە ئولتۇرماسلىقتا ئوخشاش ئۇششاق ئىشلارغا دىققەت قىلمايمەن. مۆرىتى كېلىدىكەن قىغ ئۈستىدە يېڭى كىيىم بىلەن ھوزۇرلىنىپ يېتىۋېرىمەن، سوغاق سۇغا زاغرا چىلاپمۇ ئىشتىھا بىلەن غىزالىنالايمەن. كىيىمگە دەزمال سېلىش، ۋاقتى-ۋاقتىدا چاچ ياستىنىپ تۇرۇش، سىلىق-يۇمشاق

گەپ قىلىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارغىمۇ ئادەتلەنمىگەن.

— پاھ، — دېدى قىز ھەيران بولۇپ، — بىزنىڭ مىجەزىمىزدە پەرق نېمە دېگەن چوڭ - ھە!

— مىجەز - ئادەتمۇ ئۆزگىرىدۇ، — دېدى ئېپلى بىر پەس جىملىقتىن كېيىن، — مەن كامىلجان بىلەن خانقىزنى بۇنىڭغا مىسال قىلالايمەن. ئۇلار توي قىلغىلى بىر يىل بولدى. خانقىز شۇنچىلىك ئىشچانلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا ئىشخانىلارغىمۇ بۇرنىنى ياغلىق بىلەن ئېتىپ كىرىدىغان بولۇۋالدى. كامىلجانچۇ؟ ئۇ خىزمەتكە چىقىپ بىر يىل بولا - بولمايلا مائارىپ بۆلۈمىگە مۇئاۋىن كېچاك بولۇپ يۆتكەلدى. ياخشى ئادەملىكىمۇ خۇشا - مەتچىلىرى بولىدۇ. شامىل شۇجىي ياخشى ئادەم. لېكىن شۇ ئادەمگە تۇيدۇرماستىن كامىلنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ يۈرگەنلەر بار. ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن كامىلنى ماختاپ، كۆتىرىپ، ئۇنىڭدا يوق ھەتتا ئۇنىڭغا يات سۈپەتلەرنى ئەتەي پەيدا قىلىپ ئۇنى تەبىئىي ئىز باسار قىلىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېشى چوڭ، ئورنى يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي، كامىل بىلەن دوست - ئۇلپەت بولۇۋېلىشتى. ئىشلىرىنى كامىلغا دوكلات قىلىدۇ، كامىلدىن مەسلىھەت ئالىدۇ. كامىلچۇ؟ ئۇ ھاماقەت بۇ ئىشلارنى يوللۇق ھېساپلايدۇ. شۇ ئادەملەرگە خۇددى شامىل شۇجىنىڭ ئورنىدا مەسلىھەت، يوليورۇق بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ سوغىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنى ئىشقا سالىدۇ. يەكشەنبە كۈنلىرى ئەنە شۇلارنىڭ خوشامىتى ھېساۋىغا توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلارغا مەخسۇس كىچىك ماشىنا بىلەن بارىدۇ. ئاڭلىسام تېخى خانقىز ئۆيىگە تېلېفونمۇ ئورنىتىۋاپتۇ. كامىلنىڭ ھېلىقى تەنتەك مىجەزى يوق، ياسالما سالماقلىق، تەكەببۇرلۇق ئۇنىڭغا ھەتتا يارىشىپمۇ قاپتۇ. ئۇ ھازىر مېنى كۆرسە سالام تاما قىلىدۇ. شامىل شۇجىي پات - پات بىزنىڭكىگە چىقىپ تۇرغىنىنى ئۈچۈنلا كامىلمۇ بىزنى تاشلىۋەتمىدى. ئەمما ئۇ

ئۆزگەردى، خانقىز ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشتى...

مەھبۇبەنىڭ قاشلىرى چىمىرلىدى، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى، قىز بىر پەس جىملىقتىن كېيىن ئاستا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە:

— مەنمۇ ھەيران، — دېدى پەس ئاۋازدا، — ئۇلارنىڭ كۆپلىرى كوممۇنىست رەھبەر، ئەمما خوشامەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خوشامەت - پۇشامەتلىرى ئۆزى بىلەنلا كەتمەيدۇ - دە، باشقىلارغا تارقىلىدۇ. كامىلنى كۆتىرىش ئۈچۈن سىزدەكلەرنى چۆكۈرۈش كېرەك بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىش تۈزەلمىسە بىزنىڭ ئىلگىرىلىمە - گىمىز تەسكە چۈشىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى ئېلى قىز بىلەن خوشلىشى - ۋېتىپ، — بىزگە بىلىممۇ كېرەك. مۇھىمى كوممۇنىستىك پەزىلەت! خەير، ياخشى چۈش كۆرۈڭ ئەمىسە!

لېكىن ئۇلار چۈش كۆرمەك تۈگۈل شۇ كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

## شىۋىرغانلىق كېچە

ئىككى سوتكىدىن بېرى يېغىۋاتقان قار مەھبۇبە ئۈچۈن سۆيۈملۈك بولغان نەرسىلەرنى كۆمۈپ تاشلىدى: خۇددى ئاشۇ كۆمۈلگەن كىچىك ئارچىلار، كەچكۈزدىمۇ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئەتىرگۈللەر، ئۆستەڭ بويىدىكى قارامتۇل يېشىل چۆپلەر بىلەن بىللە خوشاللىقىمۇ كۆمۈلۈپ كەتكەندەك، قىزنىڭ ئىچى پۇشاتتى، دىمى سىقىلاتتى. قىز ئازاپلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىگە جاپا ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ يىغلىغۇسى، بىرسىنىڭ بوينىغا ئېسىلغۇسى، بىرسى بىلەن پۇخانى قانغىچە سىرداشقۇسى كېلەتتى. لېكىن كىم بىلەن سىرداشىش زۆرۈرلىگىنى بىلمەيتتى. ئاتا - ئانىسىنى سېغىندىمۇ؟ ياق، شەھەرگە كىرىپ - چىققىلى ئۈچ كۈنلا بولدى. ئانىسى

يېقىپ بەرگەن مايلىق توغاچ، سامسىلار تېخى قېتىشقىنى يوق. بىرسىدىن ئازار يېدىمۇ، ئىشىدا بىرەر كېلىشمەسلىك بارمۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس. نەدىن كەلگەن ئىچ پۇشقى بۇ؟ نېمىشقا قولى ئىشقا بارمايدۇ؟ كىتاب ئوقۇسا نېمىشقا پىكرى چېچىلىدۇ؟ ئۇنىڭ تەييارلايدىغان دەرسى، كۆرىدىغان تاپشۇرۇق دەپتەرلىرى، يازىدىغان دوكلادى، ئوقۇيدىغان يېڭى كىتاۋى، يازىدىغان خاتىرىسى، قىلىدىغان ئىشى كۆپقۇ، قەلەمدىن زېرىككەن بولسا مەشىنىڭ كۆلىنى ئېلىپ ئوت يېقىشى، قار كېچىپ ئەپكەش بىلەن سۇ ئەكېلىشى، ئىشىك ئالدىدىكى تىزدىن ئاشىدىغان قارنى تازىلىشى ياكى بولمىسا ھەممە رەسكاللىقى تايىن بولغاندىكىن ئوخشىتىپ غىزا ئېتىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ لېكىن ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمايدۇ. كارۋىتىغا چىقىپ پۇتىنى يوتقىنىغا تىقىپ، قولىنى ھوداپ قىزغۇچ لامپۇچكىغا قاراپ ئولتۇرغۇسى، دەرىزىگە تىنىمسىز ئۇرۇلۇۋاتقان دەرەخ شاخلىرىنىڭ چىۋىلدىشى بىلەن نەلەردىدۇر ھۆكۈرەۋاتقان رەھىمسىز شۇۋرغاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسىلا كېلەتتى... «مەن بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ - يە؟ ياق، ياخشى كۆرمەيمەن، كىمنى ياخشى كۆرەتتىم؟ — دەپ ئويلىناتتى قىز، — ماڭا بىرسى مۇھەببەت ئىزھار قىلدىمۇ - يە؟ ياق، مەن ئۇنىڭغا يول قويمايمەن. كىمنى سېغىنىمەن ئەمىسە؟ نېمە، ئېلىنى؟ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ماڭا ياقىدىغان نېمىسى بار؟ كۈندىن - كۈنگە سۆرۈنلىشىپ كۆكىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىمۇ؟ قىشتا يوغان باشلىق بەتىنكە كىيىپ، كونا چېبەرقۇت چاپاننىڭ ياقىسىغا قىزارغان قۇلاقلىرىنى تىقىپ، دۈگدىيىپ، بېلىنى كونا شارپا بىلەن باغلاپ يوغان چامداپ سەت مېڭىشىمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ئىشچانلىقى، تىرىشقاقلىقى بىلەن بىلىم، ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت تېپىپتۇ. تاپسا تاپسۇن، بۇ نېمىسى مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ شەرتىمىدى؟ مەكتەپكە كەلگىنىمگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. مەن

ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشىۋاتىمەن، مېنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپتە يالغۇز شۇلا بەسلىشەلەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئارقىدىمۇ؟ ياق، ئىككى يىل ئارتۇق ئوقۇدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلۈكۈمدىن ئوقۇغانلىرىممۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس. نىمىسىگە قايىل بولاتتىم، قايىللىق ھەۋەس قوزغايدۇ. ھەۋەس مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇغى، لېكىن بۇ ئۇرۇق پەيدا بولمىغان تۇرسا مەن يەنە ئۇنى سېغىناتتىممۇ؟ ...»

بىرلىرى ۋاقىراشتى. مانا قىزنىڭ ئىشىگى ئۆرۈلدى. قىز كارۋىتىدىن چۈشۈپ ئىككى ئالقىنى بىلەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى-دە، شىپىلدىغىنى سىپىپ ئىشىككە ماڭدى. ئۇ تېخى ئىشىك يېنىغا بارمايلا ئۆيگە ئاۋال ئىسىل جۇۋا كىيگەن، ئىسىل شارپا بىلەن بېشىنى چۆمكىگەن خانقىز، ئۇنىڭ كەينىدىن دىراپ پەلتۇ، قارا تېرە پەلەي ۋە قاما قۇلاقچا كىيگەن كامىل كىرىپ كەلدى.

— مەھبۇبە جېنىم! — خانقىز مەھبۇبەنى قۇچاقلاپ مۇزدەك يۈزىنى يېقىپ قىزنى ئەندىكتۈردى. ئۇنىڭ جۇۋىسىنىڭ يۇمشاق، قويۇق يۈڭلىرىدىكى قار مەھبۇبەنىڭ بويۇنلىرىغا چۈشتى.

— قويۇۋەت، قورقىمەن ئېيىق! — دېدى مەھبۇبە خانقىزنى نېرى ئىتتىرىپ، — جۇدۇندا كەلگەن قاراغۇچىلار، ئەجەپ بىمەھەل!

— قولىڭىز بىكار بولدىمۇ مەھبۇبە، قېنى ئەپكېلىڭ، ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ قوللىرىڭىزنى تۇتمىغىلى، كۆرۈشۈپ قويايلى! — كامىل قىزغا قولىنى سوزۇۋىدى، مەھبۇبە قوللىرىنى كەينىگە قىلىۋالدى-دە:

— تېخىچە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەنمەپسىز كامىلجان! — دېدى كۈلۈپ، — بىلىپ قويۇڭ، قائىدە بويىچە قىزلار قول سوزسا ئەرلەر كۆرۈشۈشكە قول بېرىدۇ. ھەرگىز بىرىنچى بولۇپ ئەر كىشى قول سوزمايدۇ. قېنى كارۋاتقا، مەن ھازىرلا ئوت ياقىمەن!

ئۇلار كارۋاتقا ئولتۇرۇشتى. كامىل ئۆينى كۆزدىن كەچۈردى. بىر ئۈستەل، بىر كونا ئىشكاپ، بىر ياغاچ كارۋات، بىر كىتاپ شىرەسى، بىر كىيىم ئاسقۇچ ۋە بىر دانە سىرلاتمىغان يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقتىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى. كامىل بۇلۇڭدىكى ساندۇق بىلەن چامادان، ئۇنىڭ يېنىدىكى تىكىلمە ئەينەك، قازان - قومۇچ، چېچىلىپ ياتقان كۆكتات، كۆمۈرلەرنىمۇ نەزىرىدىن قالدۇرمىدى:

— مەنسەپ - دەرىجىڭىزمۇ، مۇئاشىڭىزمۇ يۇقىرى ئوخشايدۇ. ياتىغىڭىزنىڭ سوغاقلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھەممىسى جايىدىكەن! — دېدى كۈلۈپ كامىل.

— كۈلمىگىنە! — دېدى خانىقىز ئۇنى ناز بىلەن نوقۇپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — بول مەھبۇبە، ئوت ياق، چاي قىل، مەن بۈگۈن قونىمەن، سېنى ناھايىتى سېغىندىم! — ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن ئىدى.

— ساڭا نېمە بولدى خان؟ — دېدى مەھبۇبە ھەيران بولۇپ، — ساقلىغىڭ يوقمۇ؟

— باياتىن يىغلاپ، ئىبىلغا يىغلايمەن مەھبۇپ، بىچارە نېمە بولۇپ كەتكەندۇر؟ ئاكىسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىلىسەنغۇ، ھېلىقى چاغدا ئېيتقان ناخشىلىرى، چالغان سازى، ئىسسىت، لەتىپە ئۈچ بالىسى بىلەن...

— ئىبىلنىڭ ئاكىسىغا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى مەھبۇبە چۆچۈپ دوستىغا قايرىلىپ قاراپ.

— تۈنۈگۈن مەكتۇۋىدىن قايتىپ كېتىۋاتسا تىراكتور بېسىۋاپتۇ. شوپۇر دېگەن ئىت، بىر قولىدا بىر كۈچۈكنى قۇچاقلاپ، بىر قولى بىلەن تىراكتور ھەيدەپ ماڭغان ئىكەن... تۈنۈگۈن ئاخشام تېلېفون بېرىشىپتىكەن، دادام ئۇرۇمچىگە كەتكەن، بىز چىققان ماشىنا قاردا ماڭالمىدى. سېنى ئىبىلىپ ئەتە نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ بارىدىغان بولدۇق مەھبۇپ، ئەجەپ

ياخشى يىگىت ئىدى ...

خانقىز كۆز يېشىنى ياغلىغى بلەن سۈرتتى. كامىل بېشىنى ساڭگىلاتتى. لېكىن ھەممىدىن قاتتىق ئازاپلانغىنى مەھبۇبە بولدى. ئۇ ئوت ياتقىچە بىر ئىشنى نەچچە تەكرارلاپ بۇ ئازاۋىنى ئاشكارىلاپ قويدى. كامىلجان بۇنى بايقىدى. چايدىن كېيىن كامىلجان شوپۇر بلەن بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى ۋە تاڭ ئاتقىچە هاراق ئىچتى ...

قىزلار كېچىچە مۆكىداشتى. سىرتتا شۇۋىرغان ھۇۋلايتتى ...

## كۆڭلىڭىزگە رەھمەت

لەقىمىنى قوشۇپ «ئىدرىس توكۇ» دېمىسە كىشىلەر ئۇقمايدىغان، ئاۋاق، سۆزمەن بۇ ئىلمىي مۇدىر قارىماققا قوپال كۆرۈنگىنى بلەن يۇمشاق كۆڭۈل، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۆكسى - قارنى كەڭ، بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق كۆپ ئۆتكەن ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى مەھبۇبە ھىلىلا ياتىغىدىن چىقىپ كەتكەن ئىلمىي مۇدىرنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ. ئىلمىي مۇدىر قىزنىڭ ياتىغىدىن چىقىپ بانكىدىن ئەللىك يۈەن پۇل ئالدى. ئۇ بىر ئىگىز، بىر پەس دەسسەپ گۇڭشېنىڭ چوڭ كوچىسىغا چىقتى - دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسى بلەن شىمالغا قاراپ دىڭگاكلاپ ماڭدى. كەڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدىن ئۇنىڭ نامىغا سالام، ھۆرمەت سادالىرى كەلگەندە ئىدرىس ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى سەل ئېگىپ رەھمەت ئېيتاتتى - دە، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ قوياتتى. ئۇ نىمىندۇر ھىساپلايتتى. قارا بۇرۇتىنى مىدىرلىتىپ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ ئىگىز - پەس ئاياقلىرى غىلتاڭ يول ئۈستىدىكى قار مونەكلىرىنى ھاۋانچا تېپىشىدەك ئېزىپ، غاچ - غۇچ ئاۋاز چىقىراتتى. بۇ ئۇنىڭ بىر ئىشقا ئالدىراپ ماڭغانلىغىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ

قانچىلىغان ھارۋا، ئىشەكلەرنى «پوش - پوش» دېگۈزۈپ، تىراكتور - ماشىنىلارنى «دۈت - دۈت» لىتىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن توپ - توغرا ئىككى سائەت پىيادە ماڭدى. پەقەت تارقاق مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى سىمونت كۆۋرۈككە كەلگەندىلا كۆۋرۈكنىڭ سىمونت رىشاتكىسىغا - قېتىشقان قار ئۈستىگىلا ئولتۇردى - دە، قولاقچىسىنى كەينىگە سۈرۈپ، شارپىسىنى بوشىتىپ، ھو چىقىۋاتقان پىشانىسىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ موخۇركا ئورىدى.

ئەنجان تاملىق كىچىككىنە باغ قار چېچەكلىرى بىلەن باراخسانلاشقان. يادەك ئېگىلگەن كۈمۈشتەك شاخلار ئارىسىدىكى كىچىككىنە ئۆي، چاقسلىق ھويلا، ئۆگزىسىدىكى قوناق شېخى، ئوت - چۆپلىرى بىلەن خۇددى ئاق جۇۋا ئىچىگە چۆكۈپ چاندا ئولتۇرغان بوۋايغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئېلى مۇشۇ كۆرۈمسىز كۆرەك جۇۋا ئىچىدە تۇغۇلۇپ، شۇنىڭ قوينىدا چوڭ بولۇپ بۈگۈنكى يىگىرمە بەش ياشلىق قىران يىگىتكە ئايلانغان.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆيدە. ئىدرىس ئەپەندى يەتتە - سەككىز كىلومېتىرلىق يولنى بېسىپ مانا شۇ بوۋايغا ئوخشايدىغان قورا چاخسا ئالدىغا كەلدى - دە، ئىشكتىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆي ئىگىسىنى تۈۋلىدى:

— ئېلى، ھاي ئېلى!

— ھە، مانا! — ئېلىنىڭ ئاۋازى، ئاندىن كېيىن بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردەمدىن كېيىن ئېلى چىبەرقۇت چاپىنىغا بىر بوۋاقنى يۆگەپ، باغرىغا تېڭىپ چاقسا ئالدىدا پەيدا بولدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئىدرىس ئاكا!

— ھە، قانداقراق؟ — ئىدرىس سالامغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى.

ئېلى ئىدرىسنىڭ نىمىنى سوراۋاتقىنىنى دەرھال چۈ -

شەندى - دە، بوش قولى بىلەن قاراڭغۇ ھويلىنى شەرەت قىلىپ:
— قېنى، ئۆيگە، ئىدرىس ئاكا! يەڭگەم سەھەر كېتىۋىدى، باللار ماڭا قالغان! — دىدى.
— بۇۋاينىڭ ھالى قانداق؟
— تۈنۈگۈن بالنىستقا ئالدى، دىگەن بىلەن...
ئۇلار ھويلىغا كىرىشتى، چاققان سۇپا ئۈستىدە ئىككى ئىشىك بار ئىدى. ئېلى مېھماننى غەرپتىكىسىگە باشلاپ ماڭدى.
— بۇرۇن ئىچكەركى - تاشقارقى ئىدى - ھە؟
— ھەئە، يېقىندا مۇشۇنداق قىلىۋالدۇق.
سەرەمجان ئۆينىڭ تۆردىكى گۈللۈك كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئىدرىس يۈزىنى سىپىدى - دە، يۈكۈنۈشكە بولمايدىغان سول تىزى ئۈستىگە تاراخلاپ تۇرىدىغان ئون يۈەنلىك پۇلدىن بەشنى يايدى ۋە ئالدىراشقا باشلىدى:
— گەپنىڭ بولار يېرىنىلا ئېيتاي ئېلى، — دىدى ئۇ سائەتكە قاراپ قويۇپ، — ئىككى نەزىر، بىر تويغا دىڭگاكلاپ بارىمەن تېخى، ئىشىم جىق، مىنى چايغا تۇتما، ئۈچ بالىغا قاراۋېتىپسەن، يەڭگەڭ يەكشەنبە بازارغا چۆچۈرە ساتقىلى كېتىپتۇ، خوش، ئەمدى مۇنۇ پۇلغا كېلەيلى، ساڭا ئەللىك يۈەن قۇتقۇزۇش بېرىۋىدۇق، بۈگۈن ئالغاچ كەلدىم. ئۆگۈنلۈككە ئاكاڭنىڭ قىرقىكەن، ئۆلۈمگە، داداڭنىڭ داۋالىنىشىغا بولۇپ جىق چىقىم تارتتىڭ، ئەللىك ئىككى يۈەن پۇلۇڭ بىلەن ھىلىمۇ تۇمشۇق تىرەپ كېتىۋاتىسەن، ھال ئېيتمايسەن، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە دىگەندەك، دەردىڭنى ئۆزەڭ بىلىسەن، لېكىن بىزمۇ بىلىمىز، يەڭگەڭ خىزمەتسىز، ئۈچ بالا، داداڭ بوۋۇپ ئالتە جان. يۈكۈڭ ئېغىر، ئازغىنا بولسىمۇ بىر نىمىگە دال بولۇپ قالار، قېنى ئەمسە، ماۋۇ جەدۋەلگە قول قويۇۋەت.

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، لېكىن مېنىڭ قىيىنچىلىغىم يوق، بار دىگەندىمۇ ئۆزەم ھەل قىلالايمەن! — دىدى ئۇ ئىدرىسنىڭ كۆزىگە قاراپ، — سىز ماقۇل دەڭ ئىدرىس ئاكا، مەكتىۋىمىزنىڭ پاراۋانلىق فوندى ماڭا مەلۇمغۇ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئون نەچچە ئادەم تۇرسا، ئۇلارنى قىسىش ھىساۋىغا مەن ئۆز قىيىنچىلىغىمنى يېڭەمدىمەن؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن قارار قىلىنىپ بولدى-دە!

— كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت، قارارنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ ئاكا!

— شۇنداقمۇ؟ — دىدى ئىدرىس ناكا پۇتىغا تايىنىپ تۇرۇۋېتىپ، — سېنىڭ بىلەن تالاشقانىڭ پايدىسى يوق، بىلىمەن سەن خېچىرنى!

— چاي تەييار ئاكا! — دىدى ئېلى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ، — زىغىردەك تەخىر قىل!

— ياق، مۇزدەك سۇدىن بىر چىنە بەرگىنە!

— نىمانچە ئىت قوغلىغاندەك يۈگۈرۈش بۇ؟

— ئۆگىنىشكە تەسىر بولۇۋاتامدۇ ئېلى؟ — دەپ سورىدى ئىدرىس پۇلنى تۆش يانچۇغىغا سېلىۋېتىپ، — ئوقۇشقا ئەۋەتسەك قانداق؟

— مۇنۇ چۆچۈرىلەرنى قانداق قىلىمەن؟

— ھىلىقى پىلانلىرىڭ ئاكاڭنىڭ ۋاپاتى بىلەن بىللە ۋاپات بولدىمۇ ئەمىسە؟

— ياق، ياق، پىلان ئۆزگەرمەيدۇ، قىيىنچىلىق سەل كۆپىيىدۇ ناھايىتى، — دىدى ئېلى كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم.

### ئېلى بولىدىغان يىگىت

— كىم ياردەم قىلالايدۇ؟ — دىدى ئىدرىس كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە، — قەدىرىگە يېتىدىغانلار كۆپ. مەنمۇ شۇلارنىڭ

بېرى. لېكىن قەدىرگە يېتىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغۇ. تەسەللى،
مەدەت، روھلاندۇرۇش ئېغىزنىڭ يېلى بىلەنلا بولىدىغان گەپ.
ئېلىغا ئەمەلىي ياردەم كېرەك. مەنمۇ ياش چېغىمدا خۇددى
مايسا سۇغا تەشنا بولغاندەك ياردەمگە مۇھتاج بولغان ئىدىمغۇ.
ناۋادا شۇ تىلىگەن ياردەمگە ئىگە بولالىغان بولسام بۈگۈن
ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقى بىلەن بۇرچۇمنى ئاخىر-
لاشتۇرۇشقا رازى بولمىغان بولاتتىم. لومونوسوپ، مېندېلېپ
بولالمىساممۇ تۆۋەنرەكى بولالايتتىم. بۇ چاققىچە ئىلىم ساھەسىدە
كۆزگە كۆرۈنۈپ قالاتتىم. ئاتوم-ۋودوروت ئىلمى، ئېلېكترونلۇق
ھىساپلاش ئىلمى، نۇر ئىلمى ۋە باشقا ھازىر مەن بىلمەيدىغان
بىلىملەردىن خەۋەردار، بەلكى كەشپىياتى-ئىختىراسى بار
ئادەم بولۇپ چىقالايتتىم. لېكىن مەن ئۇ ياردەمگە ئىگە
بولالمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قەپەزدىكى قۇشمەن. ئاۋازىم بار
ئۇچالمايمەن... تالاي-تالاي يارامىلىق ياشلىرىمىز بىرەر
كېلىشمەسلىك ۋە بەختسىزلىككە يولۇقتى-دە، تايىنىپ
تۇرالىغۇدەك ياردەمگە ئىگە بولالمىغىنى ئۈچۈنلا قانات-قۇيرۇغى
قىرقىلغان قۇشقا ئايلىنىپ قالدى. دەل ۋاقتىدا قىلىنغان ياردەم،
تومۇزدا قويۇلغان سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ، مايسىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ
قالالايدۇ. ئېلىغا ھازىر شۇنداق ياردەم كېرەك!

ۋۇجۇدى بىلەن بىلىمگە بېرىلگەن ياشلارنى كۆرسە ئىچ-
ئىچىدىن خوشال بولۇپ كېتىدىغان قىرىق يىللىق مائارىپچى
ئېلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ روھسىزلاندى. ئۈچ بالا، ئوت بىلەن
سۇنى ئايىرمايدىغان قاغىش، كەپسىز ئۈچ نارسىدە ئېلىغا نە
كىتاپ ئوقۇشقا، نە ئويلىنىشقا، نە بىرەر نەرسە يېزىشقا
ئىمكان بەرمەيتتى، ئىدىرىس ئەپەندى ئويلىناتتى «ئۇنىڭ
يەكشەنبىسى مۇشۇنداق بالا بېقىش بىلەن ئۆتسە يەنە نەدە
ۋاقتى بار؟ باشقا كۈنلىرى ماڭا مەلۇم: سەھەر مەكتەپكە
پىيادە بارىدۇ-دە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىدۇ. كۈندۈزى

مەكتەپنىڭ ھەممە ئېغىر ئىشى شۇنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ: دوكلات تەييارلاش، ئەمگەك، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، ئەمۇنىچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تۈرغۇزۇش، سىنىپ تەربىيىچىلىرىدىن دوكلات ئېلىش، ئۇنى ئاز دەپ ئون تۆت سائەت دەرس، دەرس بولغانىدىمۇ ھەر كۈنى تاپشۇرۇغى بار ماتېماتىكا دەرسى. ياق، بۇنداق ئۆتۈۋەرسە ئۇنىڭ پىلانلىرى قەغەز يۈزىدىلا قالىدۇ...»

ئىككىنچى يەكشەنبە، قەھرىتان سوغاقتا، ئىدرىس ئەپەندى غاچىلدىتىپ قار دەسسەپ، يىگىرمە كىلومېتىر يولنى بەش سائەتتە بېسىپ، ئەتىگەنلىك چايغا ئۈلگۈرۈپ كونا دوستى ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا بىر مۇنازىرىگە قاتنىشىپ قويۇپ يامانلىشىپ قېلىشقان، كېيىن تارتقۇلغى، كۆڭۈل ئازادىلىگى ئوخشاش بولسىمۇ، خىزمەت ئالدىراشلىغى بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى سىردىشالماي كەلگەن دوستلار دەسلەپ سوغاقلا كۆرۈشتى، لېكىن ئىدرىس ئەپەندىنىڭ تەكلىۋى بىلەن شەھەرنىڭ بىر خىلۋەت كوچىسىدىكى ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ياشلىق چېغىدىكى ئۆلپەتچىلىگىنى ئوڭايلا تىرىلدۈرۈۋېلىشتى:

— ئىچكىنە ئىمىن، — دېدى ئىدرىس تىترەپ تۇرغان قولىدىكى پىيالىنى كۆتىرىپ، — تاتلىقلا بىر نىمىكەنغۇ، ئۇزۇن بوپتىكەن ئىچمىگىلى، بىر بىرىمىزنى قولتۇقلىشىپ چىقىپ كېتەيلى، ئازراق كەيىپ قىلايلى. قېنى كۆتەردۇق، خوشە!

ئىدرىس سۆزلەشكە، ئىمىن تىڭشاشقا ئامراق. بۇنداقلار جاڭجالسىز ئۇزاق سىردىشالايدۇ. ئۇلار خېلى ئىچىشتى. ئىمىن ئەپەندى سائىتىگە قارىدى. ئىدرىس يەنە بىر بوتۇلكىنى جوزىغا قويدى ـ دە:

— نەگە ئالدىرايسەن، مۇتۇ بوتۇلكىدەك پېچىتى بوزۇلمىغان

گەپلەر بار تېخى. ئۆزىمىز توغرىسىدىكى گەپلەر تۈگىگىنى بىلەن باللار توغرىسىدا گەپ ئېچىلمىدى تېخى. ئەمدى گەپ سىېنىڭ قىزىڭ توغرىسىدا بولىدۇ ئىمىن، ئاۋال بىر پىيالىدىن ئۇتلىۋالايلى.

باياتىن خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇرغان ئىمىن ئەپەندىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلدى.

— ھە، سۆزلە ئىدرىس، قىزىم قانداقراق؟

— ئاۋال ئىچ، ھە پىيالىنى، يەنە بىرنى قۇيۇپ قوياي. قىزىڭ ياخشى، ياخشى بولغاندىمۇ ناھايىتى ياخشى. بىز يېڭى خىزمەتكە چىققاندىمۇ ئۇنچىلىك ئەمەستۇق. تىرىشقانتۇق. لېكىن خىزمەتكىللا تىرىشقانتۇق. قىزىڭچۇ، خەنزۇچىنى ناھايىتى ئۇستىكەن: خەنزۇچە ماتېرىيالنى ئۇيغۇرچىغا، ئۇيغۇرچە ماتېرىيالنى خەنزۇچىسىغا شارتىلدىتىپ ئوقۇۋېرىدىكەن. قايسىلا دەرسنى بەرسەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇۋاتىدۇ. قىزىڭغا ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭ شاقىراتمىسىغا رەسمى ئېلىپكىتىر ئىستانسىسى ياساپ چىقتى دىگىنە. ئۇنىڭ باش ئىنژېنېرى سىېنىڭ قىزىڭ، پىلانىنى ئۇچۇرۇشتا بىزنىڭ باللار ناھىيە بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى. بۇنىڭدىمۇ سىېنىڭ قىزىڭ بىلەن بىزنىڭ ئېلىنىڭ ئەمگىگى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا.

ئىمىن ئەپەندى بۇ قېتىم تەكلىپسىزلا پىيالىنى كۆتىرىۋەتتى.

— ھە، يەنىچۇ؟ — ئىمىن ئەپەندىنىڭ چىرايى تولۇق ئېچىلدى.

— ئىنگلىزچە سۆزلەشتە قىزىڭ ناھىيە بويىچە ئىككىنچى!

— بىرىنچىسى كىم؟

— ئېلى.

— ئېلى؟ ھە، مۇنداق دىگىنە، كامىل كېچاگىنىڭ ساۋاقدىشى، يېزىلىق قارا قۇمچاق، ئورۇق بالىمۇ؟

— ھە، بىلىدىكەنسەن. ئەمدى ئوچۇق سۆزلىشەيلى، ناۋادا قىزىڭ شۇ بالىنى يارىتىپ قالسا ئۇلارنىڭ بەختىگە خوشال بولارسەنمۇ؟

— شۇبھىسىز!

— قىزىڭنىڭ ئىچ - پۇشقى بارلىغىنى سېزەمسەن؟

— ھەئە، يېقىندىن بېرى قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى، دەيدۇ ئانىسى.

— ئۇنداق بولسا مەن ئېلىنىڭ ئەلچىسى. لېكىن بىلىپ قوي، ئېلىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. ياردەم قىلمىساق ئۇنىڭ ئىستىقبالى قۇرۇيدۇ. ياردەمنىڭ چوڭىنى سەن قىلىسەن. سېنىڭ ياردىمىڭ ھىساۋىغا خەلقىمىز ھىلىقى «ھەقىقەت ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدۇ» دىگەن كىتاپتىكى ئەر - ئايال كيۈرىلاردەك بىر جۈپ ئالىمغا ئىگە بولىدۇ.

— ئېنىقراق ئېيتقىنا، مەن نىمىلەرنى قىلىشىم مۇمكىن؟

— تويىنى قىلىمىز. چىقىمىنىڭ تولىسى سەندىن بولىدۇ. تويدىن كېيىن ئېلىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۆز تەربىيەڭگە ئالىسەن. بىرىنى ئانىسى چۆچۈرە سېتىپ باقىدۇ. يەنە نىمىلەرنى قىلىدىغانلىغىنى قىزىڭ بىلەن كۈيوغلۇڭ ئېيتىپ بېرىدۇ، — ئىدرىس پىيالىنى يەنە تولدۇردى.

— ئېلى، ھە ھىلىقى چاغدا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بىزنىڭكىگە كەلگەن بالا. ئېلى بولىدىغان يىگىت!

## كاشىلا دادامدىن ...

كامىلجان پەرىشان، ئۇنىڭ پىكرى چېچىلغان، سەپرايى ئۆرلىگەن، قاپىغى سېلىنغان. ئۇ ئۇلاشتۇرۇپ تاماكا چېكىپ چىرايلىق ياسالغان ئىشخانىسىدا، بىردە دىۋانغا تاشلىنىدۇ، بىردە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ. «ھەي

دادا، يا يۆتكىلىپ كەتمىدىڭ ... ۋاقىتلىق كېچاك بولۇپ مائارىپ بۆلۈمىنى ئەمدىلا ئالقانغا ئېلىۋىدىم، ئالى پارتىيە مەكتىۋىدە تۇرۇپ كادىرلار ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ قالدۇ-رۇۋەتكىلى تاسلا قالدىڭ. پارتىيىگە كىرىشكە ئاز قالغاندا يەنە سەن كاشىلا بولدۇڭ. ئەمدىزە، يەنە يېڭى كاشىلا. سەن ماڭا تۇساق، چۈشەك؛ سەن بار يەردە ماڭا ياخشى كۈن يوق. سەندەك دادىدىن ماڭا نىمە پايدا. سەن ئۆيدە بولمىساڭ جېنىم يايراپ كېتىدۇ. سەنلا پەيدا بولساڭ مېنى پالاكەت باسىدۇ ...».

ئىشىك قاتتىق چېكىلدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە قىلىۋاتقان سۆزىنى توختاتتى-دە، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشىكنى ئېچىشقا ماڭدى.

— ئىمىن ئەپەندىم، سىز ... — ئۇ ھودۇقتى، — قېنى كىرىسلۇغا!

— ئۆيىڭىزدىن تاپالمىدىم، ئىدارىدىمىكىن دەپ كېلىۋىدىم، بار ئىكەنسىز، بەش مىنۇت ۋاقتىڭىزنى بەرسىڭىز، سىزدىن سورايدىغان گېپىم بار ئىدى.

كامىلجان ئىشىكنى قايتىدىن ئىلىپ قويدى-دە، ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قوللىرىنى گىرە-لەشتۈرۈپ، بارماقلىرىنى قولتۇغىغا تىقىشى، خۇددى ئۇزۇن يىل خىزمەت ئىشلەپ تەجرىبە توپلىغان دىپلوماتىيە خادىمىدەك سۈنئىي قىلىق بىلەن ئۆزىنى سالماق كۆرسىتىشى ئىمىن ئەپەندىگە ياقمىدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنىڭ مېغىزىنىلا دىمەكچى بولدى:

— كامىلجان ئۇكام، ئالدىراشكەنسىز، گېپىمنىڭ بولار يېرى مۇنداق: خانقىز ئۆزەمنىڭ قىزىدەكلا، بىلىسىز، ئۇ مەھبۇبە بىلەن دوست، مەھبۇبەمۇ چوڭ بولدى، لېكىن قىزىمىزنىڭ نوي ئىشى توغرىلىق ئېغىز ئېچىش بىزگە قىيىن. خانقىز يوق ئوخشايدۇ. سىز بىر ئامال قىلىپ بىزنىڭ

پىكرىمىزنى خانقىزغا ئېيتسىڭىز، خانقىز ئۆز نامىدىن مەھبۇبە بىلەن سۆزلىشىپ باقسا ...

— مەسىلەن كىمگە؟ — كامىلجان تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— سىز بىلىدىغان بالا، بەلكى سىزنىڭ دوستىڭىز.

— ئېلىنى دەمسىز؟ — كامىلجاننىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى، — ئۇلارغا نىمىشقا ئەلچى كېتىدۇ؟

— گەرچە ئۇلار يېقىن، بىر بىرىنى چۈشىنىدىغان ياشلار بولسىمۇ بۇ ھەقتە گەپ ئېچىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغىدەك.

— ھا - ھا - ھا! ... — كامىلجان ئەرتىستەك يېنىك ھەركەت قىلىپ ئايلاندى ۋە قاتتىق كۈلدى، — مۇنداق دەڭ ئىمىن ئەپەندىم. چۈشىنىشلىك، قالغىنىنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ، ئېلىدىن بىرەر ئېغىز سۆز چىقمىغى تەس، ئۇنى كۈتكەن قىزنىڭ تەلمۈرۈپ، چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ!

ئىمىن ئەپەندى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلىدى: «ئەمدىلا خانقىزنى قويۇۋېتىپ مەھبۇبەگە ئىككىنچى ھۇجۇمنى باشلاي دېسەم مۇنۇ كاشىلىنى قارا. خانقىزنى بۇ چاققىچە يولغا سالاتتىم، كاشىلا دادامدىن بولدى. بالىسىنىڭ ئەركىنلىكىگە كاشىلا بولغان دادىلارنى جازالايدىغان بىر قانۇن چىقمىدى، ... ئىككى قات ۋاقتىدا ئايىلىنىڭ ئۈستىدىن ئاجرىشىش ھۆكۈمى چىقىرىشقا بولماسمىش. خانقىزنى نىمىگە ئالدىم؟ مەھبۇبەنى قىزغاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قويۇپ ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ ئۆمرۈمدە مەھبۇبەنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتالماسمەنمۇ؟ مېنىڭ نەرىم يىگىت؟ قەسەم ئىچىمەنكى، مەن ئۇنى قولغا چۈشۈرمەي قويمايمەن. ھىچ بولمىسا ئېلىغا تەككەندىن كېيىن بولسىمۇ ...»

ئۇ دادىسىنىڭ شوپۇرىنى تېلېفونغا چاقىردى.

— نېمە، دادىڭىز گۈڭشېغا چىقىمەن دىگەن دەمسىزا؟ دادامغا ئوغلىڭىز كېلىنىڭىزنى ئەپكىرگىلى چىقىۋىدەك دەڭ، ھەئە، كېلىننى ئەپكىرىمەن.

يېرىم سائەتتىن كېيىن پىكاپ كامىلجاننى چاقىرىپ سىگنال بېرىشكە باشلىدى.

پىكاپ ئېلىلارنىڭ يېزىسىغا قاراپ قار توزۇتۇپ كېتىۋاتقاندا كامىلجان شوپۇرغا:

— گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىۋىگە! — دىدى گېپىنى ئۈلتۈرۈپ.

ئۇنىڭ قاپىقى سېلىنغان، ئاۋازى قوپال ئىدى. ئۇ مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرگەندىمۇ، مۇدىرنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىمۇ، مۇدىرنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپ بىناسىنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى، تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى كۆرۈۋاتقاندىمۇ تۈتۈق ۋە سەپرا ئىدى. پەقەت كەچقۇرۇن مەھبۇبەنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلدى.

ئۇ كەچقۇرۇن مەھبۇبەنى پىكاپقا سېلىپ خانقىزلارنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ يولغا چىقتى.

— خانقىز ياماﻧلىقتىمۇ؟ — خېلى جىملىقتىن كېيىن مەھبۇبە كامىلجاندىن جەينىگىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ سورىدى.

— ھەئە، تەبىئىي شۇنداق بولۇشى زۆرۈر ئىدى - دە!

— بۇ نېمە دىگىنىڭىز؟

— ئەقلى - ھوشى بار ئايال، كۆڭلى تارتمىغان ئەر بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمايدۇ - دە!

— ئۇنداقتا نېمىشقا توي قىلىشقانىسلەر؟

— نېمىشقا، تېخى بىلمەمسىزا؟ خانقىز ئېلىغا ئاشىق، لېكىن ئېلى ھېچنىمنى چۈشەنمىگەن. ئېلىنى قىزغاندۇرۇش ئۈچۈن خانقىز مەن بىلەن يېقىنلاشتى، كېيىن گۈزىنىڭ پەرۋاسىزلىقى مېنىڭ بىلەن توي قىلىشقا سەۋەپ بولدى.

— يالغان! — قىز كامىلجاننىڭ كېيىمىگە تېگىپ تۇرغان

پەلتوسىنىڭ پېشىنى دەرھال يىغدى، — سىز نىمە قىلماقچى ئەمدى؟

— ئاجرىشىمەن! — دىدى كامىلجان دەرھال، — خانىقىزىمۇ مۇرادىغا يەتسۇن. ئېلى قىيىن كۆنىدىكەن، ئۇنىڭغا مايدەك ياقىدۇ. نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئۆي بىساتقا بىراقلا ئىگە بولىدۇ ...

مەھبۇبەنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئەزايى تىتىرەشتى، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، ئۇنىڭ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشكىسى كەلدى:

— توختاڭا، بېشىم قېيىۋاتىدۇ. مەن چۈشۈپ كېتىمەن!

شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى ۋە قىزغا قايرىلىپ قاراپ:

— گەپ ماشىنىدا ئەمەس، يولدا، — دىدى ئۇ كۈلۈپ، — كامىلجان كېچاڭ بىلەن مۇشۇ يولدا ماڭساقلا بىر كاشىلا چىقىدۇ.

— گەپ سېنىڭدە! — دىدى كامىلجان شوپۇرغا ئالىيىپ، — تۈزۈك ھەيدىمەيسەن، تۈز يەر تۇرسا، كاتاڭغا تارتىسەن. مېنى بىزار قىلماقچىمۇ سەن؟

قىز ماشىنا توختاش بىلەن يەرگە سەكرەپ چۈشتى. كامىلجانمۇ يەرگە چۈشۈپ قىزنىڭ قولتۇغىغا قول ئۇزاتتى:

— چىققا، بەش مىنۇت!

— ياق، پىيادە بارىمەن!

— مەنمۇ پىيادە ماڭاي ئەمىسە، — دىدى كامىلجان كۈلۈپ، — يولدا ھەمرا كېرەكقۇ!

— ھەمرا؟ ھەمرا ئەنە كېلىۋاتىدۇ! — ئۇلار يىراقتىن كېلىۋاتقان چىبەرقۇت چاپانلىق يىگىتنى كۆردى. ئېلى ئىتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللار بىلەن ئالدىراپ كەلمەكتە ئىدى.

كامىلجان ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى قاتتىق ياپتى.

— دادامنىڭ كاشىلىسى! سەرالىقلارغا قانات ياپىمەن دەپ

بالىسىنى بەختسىز قىلغان دادام، — دېدى غودۇڭشىپ، — بۇ يولنى دەسلەپ دادام ماڭغان، ئېلى، خانقىز دېگەنلەرنىمۇ دادام تاپقان، بولمىسا مەھبۇبە بىلەن ماڭا سەراغا قاتراشنىڭ نىمە هاجىتى بار ئىدى، هەممىسى دادامنىڭ كاشىلىسى.
شوپۇر مىيىغىدا كۈلۈپلا قويدى.

## يەنە نىمىگە قورۇنىسىز يىگىت

قارلىق دالا ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش شەپىقى بىلەن هال رەڭ تۇس ئالغان. قارغا چۆمكەلگەن ئېتىزلار كۆزنى چاقىدۇ. قىرلاردىكى دالا چۆپلىرى قار ئاستىدىن باش چىقىرىپ بىر جۈپ يولۇچىنى كۈزىتىدۇ. قىز ياخشى كىيىنگەن، يىگىت دىخان كىيىمدە. لېكىن ئۇلار ياندىشىپ، يېقىن كېتىۋاتىدۇ. قىز يۇمشاق قارا پەلەي كىيگەن قولى بىلەن پات-پات يىگىتنىڭ چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ يېڭىدىن، پېشىدىن تۇتۇۋالىدۇ. قىزنىڭ ئاق تىۋىت رومال ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان غىچچىم چاچلىرى بەزىدە يىگىتنىڭ قۇلاقلىرىنى غىدىقلاپمۇ قويىدۇ. قىزنىڭ كەيپى چاغ، ئاۋازى بۆلەكچىلا جاراڭلىق، قىز ئارىلاپ يىگىتنىڭ مۈرىسىگە ئاستا يۆلىنىدۇ. لېكىن يىگىت قىزدىن قورۇنماقتا. قىز ئىختىيارسىز سۈركىلىش، يىگىت تۇيۇدۇرماي ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن ئۇلار بەزىدە يولنىڭ سىرتىغا چىقىپمۇ كېتىدۇ. ئۇلار سۆهبەتتە، ئۇلار خۇددى مەس ئادەملەردەك هەممىلا نىمە توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە. جەمىيەت، تەبىئەت، دوستلار، مەكتەپ ... هەممىلا ئىش ئۈستىدە خالىغانچە سۆزلەشمەكتە. ئادەتتە زادىلا كۈلكە قوزغىمايدىغان ئىشلاردىمۇ هوزۇرلىنىپ كۈلۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى شۇنچىلىك ئاستىكى مۇز ئۈستىدە ماڭغان تاقىسىز هۆكۈزمۇ ئۇلاردىن تېز، دالا سەيلىسى ئۇلارنى بارلىق غەم-قايغۇ، تۇرمۇش

كۆڭۈلسىزلىكلىرى ۋە كۆڭۈل غەشلىكلىرىدىن بىر يولىلا ئازات قىلغان. ئېلىنىڭ قولىغا كۈندىكىدەك ئۈچ بالىنىڭ يىغا-زارى، غەشلىكى ئاڭلانمايدۇ؛ يەڭگىسىنىڭ سۇلغۇن چىرايى، دوختۇرخانىدىكى دادىسىنىڭ قورۇغان لەۋلىرى بىلەن ئۆچۈش ئالدىدىكى شامدەك پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى، قانسىز تومۇرلىرى، بۆرتۈپ چىققان يىكتەك بىلەكلىرىمۇ كۆز ئالدىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجان، خوشاللىق، يەنە ئاللىقانداق چۈشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق تۇيغۇلار بىلەن تولغان. ئۇ مانا شۇ ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان كۆرۈنمەس بەخت يىپلىرى ئىچىدە چەكسىز راھەت، ھايات لەززىتى بار ئىكەنلىكىنى مانا بۈگۈنلا بىلدى.

— دالا ياخشىمۇ ئېلى؟

— ئاجايىپ ياخشى ...

— كۈندە شۇنداقمۇ؟

— ياق، پەقەت بۈگۈنلا؟

قىز ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بىلىكىگە ياماشتى. بېشىنى يىگىتنىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇلار بىر بىرىنىڭ تېپچەكلىگەن يۈرەك سادالىرىنى ئاڭلاشتى. قىز يىگىتنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە ئۈمىت بىلەن قارىدى، لېكىن يىگىت قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ئەيىپكاردەك يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ يادىغا ئىدرىس ئەپەندىنىڭ سۆزى كەلدى: «ئاتا-ئانىسى رازى، يىگىت بولغاندىكى ئەمدى ئۆزەڭ ئېغىزلان»، «نىمە دەيمەن؟ ئۆمرىدە مۇشەققەت كۆرمىگەن، ئازىلىق، ياسانچۇق قىزنى ئايىلىم بۇلۇڭ دىيىشكە پېتىنايمۇ؟ مەن ئۇنى توپىسى توزۇپ تۇرىدىغان ئەسكى كىگىزلىرىم ئۈستىگە ئولتۇرۇشقا، قاراڭغۇ قازان بېشىدا ئىش قىلىشقا، مېنىڭ كېسەل دادام، غەلۋىسى جىق ئۇكىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، تۈگىمەس قىيىنچىلىقلىرىمغا شېرىك بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەنمۇ؟ مېنىڭ ياشلىق غورۇرۇم، تىرىشقاقلىق بىلەن ئېرىشكەن ئاز-تولا

بىلىمەن ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئەرزىمەس ئابرويۇمغا قىزىققان شەھەر قىزى ماڭا ئۆمۈرلۈك ئاش بولارمۇ؟ شەھەر قىزىنىڭ شەھەرچە ھەۋىسى بولىدۇ، ئۇ غايىلىك، ئۇمىتۋار قىز، نازۇك تەبىئەتلىك، ئۇ مېنىڭ بارى - يوقۇمغا قانائەت قىلىپ، مېنىڭ غورىگۈل تۇرمۇشۇمغا ئۆز ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قۇربان قىلارمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ۋىجدانلىق، نومۇسلۇق، غەيرەتلىك قىز. لېكىن باشقا بىرسىنىڭ پەزىلىتىنى ئۆز ئارامىم ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىشقا مېنىڭ ۋىجدانىم يول قويارمۇ؟ ... بىر ئۆمۈر ھەمرا بولۇش ئاسان ئەمەس، ماركسنىڭ ئايىلى ژېنىندەك، روسىيە يازغۇچىلىرى دوستويېۋسكىنىڭ ئايىلى، لېۋ. تولستوينىڭ ئايىلى، لۇشۈننىڭ ئايىلىدەك ... قەيەردان بولالارمۇ؟»

— دادىڭىزنى ئويلاۋاتامسىز؟ — قىز مەيۈس ھالدا سورىدى.

— ياق،— دېدى يىگىت ئوڭايسىزلىنىپ، — باشقا بىر ئىش.

— بىلىمەن! — دېدى قىز قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ، — غېمىڭىز كۆپ. لېكىن بىلىپ قويۇڭ، سىزگە ياردەم قولىنى سوزىدىغانلار كۆپ، لېكىن سىز باشقىلارغا ئانچە ئىشەنمەيدىكەنسىز.

— تەنقىدىڭىز ئورۇنلۇق، — دېدى ئېلى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ مېنىڭ ئەيىبىم. مەغرۇر ئادەملەر باشقىلارغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ. ھامان باشقىلار ئۆزى ھىس قىلغاننى ھىس قىلالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. بىز زىيالىلارنىڭ ئەيىبىمىز شۇكەن. بۇندىن بىر - ئىككى يىل بۇرۇن ھەممىلا ئادەمنى ئۆزەمدىن ئۈستۈن بىلەتتىم، كىتاپ ئوقۇپ ئاز - تولا بىلىم ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۆزگەردىم. ھېچ ئادەمنى ئۆزەمگە تەڭ قىلمايمەن، ناھايىتى بىلىملىك ئادەملەرنىمۇ يېقىن كەلگۈسىدە بەرىبىر مەندىن كېيىن قالىدۇ دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن چاندۇرمايمەن، مەغرۇرلۇغۇمنى بىلىندۇرمەسكە تىرىشىمەن.

— مەن چاندۇرىمەن! — دېدى قىز كۈلۈپ، — مەغرۇرلۇغۇمنى

زادىلا يوشۇرالمايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دوستۇم ئاز، ئۆزەممۇ كىشى-
لەر بىلەن ئاسانلا يېقىنلاشمايمەن. بىلدىم، سىز كامىلجان بىلەن
قانداقچە دوست بولۇپ قالدىڭىزكىنتاڭ؟

— دوست دېيىشكە ئۆزەممۇ ئىشەنمەيمەن، لېكىن يامان كۆر-
مەيمەن. مەن جەمىيەتتىكى خىلمۇ-خىل ياشلارنىڭ مەقسەت-
تىلەكلىرىنى بىلىشكە قىزىقىمەن، كامىلجان بىر خىل ياشلارنىڭ
ۋەكىلى.

— مەسىلەن، قانداق خىلدىكى؟

— جەمىيەتتە شۇنداق بىر خىل ياشلار بار، — دېدى ئېلى،
يوغان تۇمشۇق باجىنگەرنىڭ چەمگە قېتىشقان قار مۇنگىنى يەر-
گە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — ئۇلار خەلقتىن ئۆز تۆھپىسىدىن نەچچە يۈز ھەس-
سە ئۈستۈن ھەق تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ قان-تەرى
بەدىلىگە باياشات ياشاشنى نومۇس دېمەيدۇ. يۇقۇرى مەنسەپ، ماددى
تەمىنات، نام-شۆھرەت، باشقىلارنىڭ ياخشى گەپ، خوشامەتلىرىگە
ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يان-
مايدۇ، جاپاغا چىدىمايدۇ، ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن-
مەنسەپكە ئېرىشىش ئىلگىرىلىگەنلىك، مەئىشەت-بەخت. جاپا-
مۇشەققەت چېكىشمۇ بەزىدە بەخت ھېساپلىنىدۇ دېسىڭىز ئۇلار سىز-
نى ساراڭ دەيدۇ، تىرىشىپ بىرەر كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇش ئىل-
گىرىلىگەنلىك دېسىڭىز سىزدىن كۈلىدۇ. كامىلجان مانا مۇشۇ خىل-
دىكى ياشلارنىڭ ۋەكىلى. مەن كامىلجانغا قاراپ ئۆزەمنىڭ يولۇم-
نى تۈزەيمەن. ئۇ يېقىندا تېخى مېنى ئۆز بۆلۈمىگە، ئەمەلىيەتتە
ئۆزىگە كاتىپ بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا دوكلات يېزىپ
بەرگۈدەكمەن، ئۇ شۇ دوكلاتلار بىلەن تېزرەك ئۆسمەكچى، بەخت-
لىك بولماقچى!

قارلىق دالىغا قارامتۇل تۈن لىباسى يېپىلدى. ئاخىر مەھەللە
قارىيىپ كۆرۈندى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى ئاڭلاندى. كوچا بېشىدا
ئۇلار توختىدى. بىرىنچى يېزا ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن چۈشكەن

يورۇقتا دەرەختىن قويۇلۇۋاتقان كۆمۈشتەك قار ئۇچقۇنلىرى چىمىرلىدى، قىز ئاخىرقى قېتىم يىگىتنىڭ كۆزىگە ئۈمىت بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى. ئېلى خۇددى ھېچنىمە سەزمىگەندەك چىمىرلاۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ جىمجىت تۇراتتى، قىز ئەلەم بىلەن ئۇلۇق كىچىك تىندى ـ دە:

— ئەمدى مەن قايتاي! — دېدى.

— نېمىشقا؟

— خانقىزنىڭكىگە بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— قورۇنمىسىڭىز يەڭگەم سىزنى قوندۇرۇپ قالالايدۇ ...

— ئۇنداقتا ... رەھمەت ئەمىسە! ...

ئۇلار ئېلىلارنىڭكىگە جىمجىت، گويا مۈگدەكتەكتى يېزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاۋاتقاندەك سۈكۈتتە مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قار غىچىرلايتتى. كەچكى سوغاق ئۇلارنىڭ نومۇسچان يۈزلىرىگە بەخۇدۇك نەشتەر ئۇراتتى. ئىزغىرىن شامال چىۋىقلارنى ئۈشتەك چالغۇزۇپ ئېلىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايتتى: ئېغىزلان، يىگىت يەنە نېمىشقا قورۇنىسەن؟

## قىشنىڭ تۈنى شۇنچە ئۇزاقمۇ

تاماقتىن كېيىن ئېلى ئاتلىنىپ دوختۇرخانىغا — دادىسىنى كۆتكىلى كەتتى. مەھبۇبە ئېلىنىڭ يەڭگىسى لەتىپە بىلەن چۆچۈرە تۈگۈشكە ئولتۇردى. تىتىلىشقا باشلىغان كىگىز ئۈستىگە كۆپە سېلىنغان بولسىمۇ قىز ھامان بىئارام ئىدى. ئۇ پۇتلىرىنى سوزۇپ، قىيسىيىپ بىردە ئۇ، بىردە بۇ يانپىچىغا ئۆرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇششاق قىلىپ چۆچۈرە تۈگەتتى. ئېلىنىڭ يوقلۇغى، مۇنۇ ئۈچ بالىنىڭ توپا ـ چاڭ كۆتىرىپ قىيغىتىشلىرى، مەشتە كۆيۈۋاتقان مەدەكتىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا چىقىپ تۇرىدىغان قاڭسىق ئىس قىزنىڭ ئىچ پۇشۇغىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. لەتىپە

شوخ بالىلارنى سىلىق سۆزلەر بىلەن كايىپ قوياتتى، لېكىن تىللىمايتتى، ئۇرمايتتى. مانا بالىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى تويۇقسىزلا مەھبۇبەنىڭ كەينىدىن كېلىپ بوينىغا ئېسىلدى. مەھبۇبە ئوڭدىسىغا يىقىلىۋىدى، چوڭى كېلىپ قىزنىڭ قوسىقىغا مىندى. كىچىكىمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قۇلىقىدىكى ھالقىسىنى كۆچەپ تارتتى.

— قويىشە بەڭۋاشلار! — دەپ بالىلارنى تارتتى لەتىپە، — ھېچقاشنى بىلمەيدۇ. ئېلى مۇشۇنداق ئۆگىتىپ قويدى، قوپۇڭلار، ھەدەڭلەرنىڭ ئەڭلىنى رەسۋا قىلدىڭلار!

— ئېلى ئاكام بولمىغاندىكى كىمنى باساتتۇق ئەمىسە؟ — دەپ دومسايدى ئىككىنچى ئوغۇل، — چۆچۈرەڭنى چاچىمەن!

— نەبى! — دىدى لەتىپە بالىنىڭ قولىنى سىلىكىپ، — بوۋاڭنى دوختۇردىن ئەپچىقىمىز، بىلدىڭمۇ، چۆچۈرىنى سېتىپ پۇلىنى بوۋاڭغا بېرىمىز.

بوۋىسىنىڭ ئىسمى چىقىۋىدى بالىلار جىمىقتى ۋە مىسكىنلەشتى.

— دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، — دىدى لەتىپە مەيۇسلىنىپ، — دوختۇرخانىدىن ئەپچىقىپ كېتىڭلار دىگەن ئوخشايدۇ. بەش ئالتە يۈز يۈەنسىز ئەپچىقىلى بولمايدۇ. گۆڭشېدىن يا مەكتەپتىن ياردەم ئېلىشنى خالىمايدۇ، بۇ ئېلىنىڭ مىجەزى شۇنداق، بالىلار ئۇنى پېتىغداپ خېمىر قىلىۋېتىدۇ. ھىجىيىپلا ياتقىنى ياتقان. تېخى مۇنۇ چوڭى بىلەن كىچىكى كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتىدۇ. كېچىچە كىچىكىنى توسۇۋاتقان، چوڭىنى يېپىۋاتقان، ئۆزى تۈزۈك ئۇخلىيالمايدۇ. يەنە قارىسىڭىز بالىلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان، يېزىۋاتقان، سەھەر تۇرۇۋېلىپ ئىنگلىزچە يادلاۋاتقان، بىر مىنۇت جىم تۇرمايدۇ. ئەجەپمۇ چارچىمايدىكەن، چىچىلمايدىكەن، بالىلارغا ئالايغىنىنى، بىرسىگە دات ئېيتىپ زارلانغىنىنى بىلمەيمەن. ھال-ئوقىتىمىز مۇشۇنچىلىك، ئېلىنىڭ ئەللىك يۈەن پۇلى دادىسىنىڭ غىزاسىدىن ئاشمايدۇ. ياخشى كۆڭۈلنىڭ يامى-

نى بولۇپ قالسا دادامنى ئۇزىتىشقا لازىم بولىدۇ دەپ كېچىلىرى ئاۋۇ كىچىك تەجرىبىخانىسىدا بىر نىمىلەرنى تەجرىبە قىلىدۇ. ئەينەك سىرلاپ يەكشەنبە بازارغا ئۆلگۈرتۈپ بەش ـ ئالتە تىكلىمە ئەينەك تەييارلاۋاتىدۇ. ئەينەككە رەسىملەرنى سىزىدۇ، مۇشۇ مەھەللىنىڭ رادىيو، تېلېۋىزور، ۋەلسىپىت، ئۈنئالغۇلىرىنى ئېلىپ رېمونت قىلىدۇ. بۇنىڭمۇ ئازراق كىرىمى بولىدۇ. ئۆزەڭنى خار قىلغىچە كۇچۇڭنى خار قىل دەپ، بىرسىگە چىراي سارغايتقاندىن جاپا تارتقاننى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن زاپچاس، لازىملىقلىرىنى سېتىۋېلىپ رادىيو قۇراشتۇرۇپ ئۇنىمۇ ساتتى. ئاشۇنداق قىلىپ خېلى قوشۇمچە پۇل تاپىدۇ. لېكىن سىزدىن نىمىسىنى يوشۇرىمىز؟ ئىككىلا كۆينىكى، ئىككى خادانى بۇرۇلكىسىلا بار. نە ھاراق، نە تاماكىدا يوق، ئۆيلەنمىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى، ھازىر تويلار ئېغىرلاشتى. نە بىر جىڭ گۆرۈچ، نە ئالقاندەك لاتا ئېلىپ تاشلاپ قويغىنى يوق. مېنىڭ ئىچىم تىتىلدايدۇ. ئامالىم قانچە؟ مەھەللىدىكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇشلەر باللىق بولۇپ قالدى. يالغۇز بىزنىڭ ئېلىلا تېخى بېشىنى ئوڭلاشنى ئويلاپمۇ قويماي يۈرۈۋاتىدۇ. قىزلار توغرىسىدا ئويلىماەدىكىن دىسەم ئۇنداق ئەمەسكەن، بىرسىگە كۆڭلى بار ئوخشايدۇ. بىلىندۇرمىگىنى بىلەن دەرت دىگەن ئادەمنىڭ ئىچىدە ياتمايدىكەن. مەن ئۇنىڭ قەغەزلىرى ئارىسىدىن بىر قىزغا ئاتاپ يازغان شېئىرىنىمۇ كۆرۈپ قالدىم. شېئىرنى ئوقۇپ ئۆپكە ـ ئۆپكەمنى باسالماي يىغلىدىم.

— نىمە دەپ يېزىپتۇ لەتىپە ھەدە؟ — مەھبۇبە ھاياجان بىلەن دەرھال سورىدى.

— شېئىر ئۈچ كۇپلېت ئىكەن، بىر كۇپلېتى يادىمدا، — دىدى لەتىپە ۋە شېئىرنى ئوقۇدى:

قارايمەن بىر ئۆمۈر تەلمۈرۈپ،
قول يەتمەس كۆكتىكى يۇلتۇزغا.

ئه قاپقان لازىمكىن ئايلىناي،
سۆدىكى پەرۋاسىز قۇندۇزغا ...

مەھبۇبە تۇيۇقسىز ئوق تەككەن كىيىكتەك تىپچەكلىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئاسمان سۈزۈك، يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. يۇلتۇزلار بىلەن سۆزلىشىشكە ئامراق قىز تىنىق، سىرلىق ئاسمانغا قاراپ ئۆز بەختىنى ئوچۇق كۆردى. «ياق، سىزنى بىر ئۆمۈر ئەمەس، ئەمدى بىر كۈنمۇ تەلمۈرتكۈزمەيمەن!» دەپ پىچىرلىدى قىز ھاياجان بىلەن. ئۇنىڭغا يۇلتۇزلار تېخىمۇ گۈزەل، سىرلىق بىلىندى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى قىيىنىغان ئىچ پۇشۇغى تۈگىگەندەك، تېپىشماق يېشىلگەندەك، قىزلار ئۈچۈن ھەم خوشاللىق، ھەم قورقۇنچلۇق بولغان بۇ كۈن يېتىپ كەلگەندەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بۇ ئىشنىڭ يوشۇرىدىغان يېرى قالمىغاندەك بولۇپ يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزى بىلىدىغان ئىسىملىرىنى ئاتاپ توۋلىغۇسى كەلدى.

— مەھبۇبە! — بوسۇغىدا لەتىپە پەيدا بولغاندا قىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

— مەھبۇبە، سىزگە نىمە بولدى سىڭلىم؟ — لەتىپە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جېنىم ھەدە! — دىدى مەھبۇبە لەتىپەنىڭ مۆرىسىگە بېشىنى قويۇپ، — ئىنىڭىزغا ئېيتىڭ، مەن رازى. ماڭا ئىشەنسۇن، مەن ئۇنىڭ خوشاللىق، قايغۇلىرىغا شېرىك بولالايمەن!

ئۇلار ئىككىلىسى كېچىچە كىرپىك قاقمىدى: سىرداشتى، كۈلۈشتى، يىغلاشتى، لېكىن تۈن ئاخىرلاشمىدى. ئۆز ھىسسىياتىنى يوشۇرۇشقا ئۈگەنمىگەن مەھبۇبە ئۇلۇق كىچىك تىندى:

— توۋا، — دىدى ئۇ ئەسنەپ، — قىشنىڭ تۈنى شۇنچە ئۇزاقمۇ؟

# توي

توي دىسە قورۇق تېرىمۇ مىدىرلايدۇ. ئېلىنىڭ ئېغىر كېسەل دادىسى، ئىدرىس ئەپەندىدىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئورۇق قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىپىدى، ئۇنىڭ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدە شاتلىق ئۇچقۇنلىدى. ئۇ قورۇغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ:

— بالامغا ئېيتىسىلا، ماڭا قاراپ بۇ مەرىكىنى كەينىگە سوزمىسۇن، بالامنىڭ بەختىنى كۆرسەم بەلكى تۇزۇلۇپمۇ قالارمەن! — دىدى ۋە خەيرىلىك ئىش ئۈچۈن دۇئا بەردى.

لەتىپە باللىرىنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاز-تولا دەسمىنىڭ يولىنى قىلدى-دە، گۇڭشېغا بېرىپ چۆچۈرىخانا ئاچتى. ئۇنىڭ پاكىز ئاشخانىسىدا تەملىك چۆچۈرە ياخشى بازار تاپتى. ھەر كەچلىگى غەلە سانىغاندا ئېقىم-چىقىمدىن سىرت ئونبەش-يىگىرمە يۈەن كىرىم بولۇپ تۇردى. ئاشخانىنىڭ يۆگۆر-يېتىم ئىشلىرىنى ئىدرىس ئەپەندىنىڭ بىر ئوغلى ئۈستىگە ئالدى.

ئېلى تېخىمۇ خىيالچان، كەمسۆز ۋە تىنىمسىز بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆز كۈنلىرىنى سەھەر تۇرۇپ ئىنگلىزچە يادلاش بىلەن باشلايتتى، كۈن بويى تىنىمسىز ھەركەت قىلىپ يېرىم كېچىدە كىتاپلاردىن خاتىرە يېزىش بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى. ئۇ تېخى سائەتكە قاراپ ئىش قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن، شۇڭا قانچىلىك ئىشلىگەنلىگىنى ۋاقىت بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. كۆزى ئۇيقۇغا كېتىش ئالدىدىلا ئۆتكەن بىر كۈن ئىچىدە ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان بىرەر ئىش ئۈستىدە ئويلىناتتى.

بۈگۈن باللار ۋە يەڭگىسى يوق، ئۇ باش توخۇغىچە كىتاپ ئوقۇدى. لېكىن قۇرلار ئارىسىدىن مەھبۇبەنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، چىرايى كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا تېچلىق بەرمىگەندىن كېيىن ئۇ كىتاپنى يېپىپ قويۇپ خىيالىدا قىز بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى:

«مەھبۇبە، مەن ئەمدى سىز بىلەن بىر ئۆينىڭ ئادىمى بولىدىغان بولدۇم. قانچىلىك خوشال بولغىنىمنى بىرلا ئۆزەم بىلىمەن. لېكىن غەم - ئەندىشىلىرىمنى، ئازاپلىرىمنىمۇ بىرلا ئۆزەم بىلىمەن. توي — مۇھەببەتنىڭ قەۋرىسى، دېيىشىدىكەن، مېنىڭ قەلبىمنى ھېسسىيات بۇلىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان شىرىن مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى خالىمايتتىم. تېخىلا بىر ئولتۇرىدىغان ئۆي يوق، مۇنتۇ ئىككى ئېغىز ئۆيگە سىزنى ئەپكىرەلمەيمەن. بۇ ئۆيدىكى ۋاڭ - چۇڭ، چاڭ - توزاڭ، كۆز يېشى، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى قەۋرىگە تېزرەك كىرگۈزۈشى مۇمكىن. ئىدىرىس ئاكىغا رەھمەت، ئۇ مەكتەپتىن ئۆي ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن يەڭگەم بىلەن دادامنى قانداق تاشلاپ كېتىمەن؟ ئېلىپ كەتسەم، نەگە سىغدۇرىمەن؟ دادامنىڭ، يەڭگەمنىڭ مېنىڭ تويۇم ئۈچۈن سەكپارە بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈش ماڭا قانچىلىك ئازاپ، باشقىلارنىڭ ئازاپ ۋە ئەمگىكى ھېساۋىغا مەن كۆڭۈللۈك ئۆيگە، چىرايلىق ئايالغا — سىزگە ئىگە بولىمەن. بۇ ماڭا قانچىلىك ئەلەم قىلىدۇ؟ توينىڭ ئېغىرىنى ئىمىن ئەپەندى ئۈستىگە ئالدى، دەيدۇ ئىدىرىسكام. مەن ساپمۇ - ساق بىر يىگىت تۇرۇپ نېمىشقا باشقىلارغا ئېغىرىمنى ئارتىمەن؟ ئىتتىپاق شۇجىسى بولغاندىكىن تويىنى ئاددى قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش كېرەك، دەپتۇ شامىل شۇجى. ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك. لېكىن بۇنىڭ ھېساۋىغا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز غەش، ئاپىڭىزنىڭ تىلى قىسقا بولىدۇ. مەن ئۆز بەختىم ئۈچۈن قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ئازاۋىنى كۆپەيتەلەيمەن؟ ... يەنە ئون يىل كۈتسەم سىز نېمە دەرسىز؟ سىزغۇ چۈشىنەرسىز، لېكىن دادام رازى بولارمۇ؟ ئۇنىڭ تۆت كۆڭلۈگىلا قالدىغۇ؟ ...» ئۇ خىيالىدا مەھبۇبە بىلەن سۆزلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى، ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى ۋە دەرھال دادىسى يادىغا كەلدى: «شۇم خەۋەر!» دىدى ئۇ ئالدىراپ كىيىنىۋېتىپ. سىرتتىن ئۇنى ئالدىرىتىپ ماشىنا سىگنال بەرمەكتە

ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي قولىغا كىتاۋنى ئېلىپ چاپىنىنىڭ بىر يېڭىنى ساپمايلا ھويلا ئىشىگىنى ئېچىشقا يۈگۈردى.

— كىتاۋىڭ نىمىسى؟ — دىدى ئىدرىس ئەپەندى قىرودىن ھۈرپەيگەن قاشلىرىنى دىڭگايتىپ، — توي ئاخشىمىمۇ قىزنى قايرىپ قويۇپ كىتاپ ئوقۇيسەنمۇ دەيمەن، بول چاپسان!

— نىمە بولدى ئىدرىس ئاكا؟

— ئۆيۈڭنى جۆندىمەمسەن! — دىدى ئىدرىس ئەپەندى قوپال، لېكىن زوقمەنلىك بىلەن يالغاندىن خاپا بولۇپ، — شامىل شۈجىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلمىز. ھۆكۈمەتكە نىمەڭ ياراپ قالدىكىنتاڭ سەن ئاۋاقىنىڭ، ساڭا گۈڭشې ئەتراپىدىن بىر قوراجاي ئېلىپ بېرىپتۇ. تۆت ئېغىز ئۆي، يەتتە فۇڭ بېغى، كەڭرى ھويلىسى باركەن. مەھبۇبەنىڭ تەئەللۇقاتى بىلەن ئاخشامدىن بېرى ئۆيۈڭنى ياسىدۇق. ئۆگۈنلۈككە تويۇڭ بولىدۇ. مۇنۇ ئۆيۈڭدىكى بىساتىڭنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ماشىنا ئەپكەلدىم.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭلار؟ مەھبۇبەنىڭ دادىسى جاي سېتىۋاپتۇمۇ؟ مەن بۇنداق قىلىشقا قوشۇلالمايمەن ئىدرىس ئاكا!

— ئاكاڭ قۇرۇسۇن، ئاكىدىن مېڭىنى دىسەڭمۇ بىر تەيىن ئەمدى. پىكرىڭ بولسا شامىل ئاكىغا ئېيت، سەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىساڭ مەن ئىجرا قىلىمەن، چۈشۈڭلار يىگىتلەر!

ماشىنىدىن تۆت - بەش يىگىت سەكرىشىپ چۈشۈشتى ۋە ھويلىغا مېڭىشتى.

— توختاڭلار، ھەي بۇ...

— نېرى تۇت؟ — دىدى ئىدرىس ئەپەندى بىر ئىككىز - بىر پەس دەسسەپ ھويلىغا مېڭىپ، — ئۆگۈنلۈككە توي، تويدىگەننى سەن قىلمايسەن، كۆپچىلىك قىلىدۇ!

ئېلى ئامالسىز قالدى، ئۆي - جابدۇق توشۇلماقتا، يىگىتلەر كۈلۈشمەكتە. ئېلى نائىلاج كىتاپلىرىنى رەتلەشكە تۇتۇندى.

— ئۆي! — دىدى ئۇ ھەم خۇشال، ھەم خىجىل بولۇپ قىزىرىپ، — كۈتۈلمىگەن توي ...

## ھايات لەززىتى

ئۇ كۆزىگە چۈشكەن قۇياش نۇرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ دەرىزىگە قارىدى، ناۋاترەڭ ئىپەك پەردىلەر ئارىسىدىن تالا-تالا نۇرلار چۈشمەكتە. دەرىزە تەكچىسىدىكى باراخسان گۈللەرنىڭ ئۈستىدە بوك-بوك چىۋىن گىژىلدايتتى. «گۈزەللىكنىڭ كۈشەندىسى!» دەپ تىللىدى يىگىت چىۋىننى. ئۇ تاملارغا قارىدى، سىم كارۋات ئۈستىدە چاقناپ تۇرغان خوتەن گىلىمى، پەگا تەرەپتە چوڭ دىۋان، گىلەم بىلەن دىۋان شامىل شۇجىنىڭ سوغىسى ... يەنە كىتاب جازىسى، ئىشكاپ، خىلمۇ-خىل قاچا-قۇمۇچ، كىيىم ئاسقۇچتا لىقمۇ-لىق كىيىم، قات-قات تىزىلغان ساندۇق-چامادان. يەرگە سېلىنغان ئىككى پارچە ئىسىل گىلەم ... شۇنچە بايلىق بىلەن بۇ ئۆيگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن قىز مانا يىگىت يېنىدا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۇراقلىق چاچلىرى ئاپپاق ماموق ياستۇق ئۈستىگە يېيىلغان، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھەم جۇپلىشىپ خىيالچان ۋە سوئال بىلەن تىكىلىدىغان جادۇ كۆزلىرىنى يوشۇرغان. ئۇنىڭ لەۋلىرى ھەم يۇمۇلغان، يېنىك نەپەستىن كۆكسى ئاستا-خۇددى سوپۇن كۆپۈكىدەك نازۇك تىترەيدۇ ... يىگىت ئالقانلىرى بىلەن قىزنىڭ قويۇق چاچلىرىنى ئاستا سىيىدى ۋە جەينىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ قىزغا زوقى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. قارىغانسىرى ھايات ئۇنىڭغا كۈز ئاپتىۋىدەك يېقىملىق، ئېتىز ناخشىسىدەك لەرزان، شاخ مىۋىسىدەك شېرىن تۇيۇلۇشقا باشلىدى: «مۇشۇنداق لەززەتلىك تۇرمۇشنى كىم يامان كۆرىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ بەخت ئىچىدە مەس بولۇپ، — كوممۇنىستلارنىڭ جاپاغا ئۆزىنى ئېتىشىمۇ باشقىلارنىڭ راھەت-پاراغىتى ئۈچۈن، دېمەك بىزمۇ

راھەت - پاراغەتنى يامان كۆرمەيمىز. لېكىن ئۇنى ئاۋال باشقىلار-
غا، باشقىلاردىن ئاشسا ئاندىن ... ياق، بۇنداق ئويلاشقا ھەققىم
يوق. مەن باشقىلارنىڭ تەقدىم قىلغان، يول قويغان، ئۆتۈنۈپ
بەرگەن راھەت - پاراغىتى ھىساۋىغا خوشال بولۇۋاتىمەنغۇ، دادام
كېچىچە نىمە بولدىكىن؟ ئوقۇغۇچىلىرىمچۇ؟ ...»

ئۇ چەكسىز راھەتكە دەۋەت قىلىپ تۇرغان، ئۆمرىدە ئويلاپ-
مۇ باقمىغان ئىسسىل يوتقان - كۆرپىلەر ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ
چىقتى - دە، مەھبۇبە تىكتۈرۈپ كىيگۈزگەن كاستۇم - بۇرۇلكا،
قىسقا پەلتۇلارنى ئاسقىغا ئېسىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ كونا كىيىملىرىنى
تېپىپ كىيدى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالانغا چىقتى، يۈز -
كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن دادىسى بىلەن يەڭگىسى تۇرۇۋات-
قان ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئىشىگىنى چەكتى.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم! — دىدى دادىسى ياستۇققا
تايىنىپ ئارانلا بېشىنى كۆتىرىپ، كۈلۈمسىرەپ، — ئاغرىغىم يامان
ئەمەس، خېلى ياخشى، كۆڭلۈم غىزا تارتمايدۇ، تەشنالىق ...
ئوغلۇم، ھەدەڭ سۇدىن كەلگىچە ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈۋەت، ئۆگ-
زىدە قار بار ئوخشايدۇ، ئادالىۋەت، قېيناتاڭغا مىڭ رەھمەت،
سەندىن قايتمىسا خۇدادىن قايتار، خىزمىتىنى ياخشى قىل، بەك
بەلەن ئادەملەر ئىكەن ... — بوۋاي چوكىدەك قاتمال قوللىرىنىڭ
كەينى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى.

— ئېلى ئاكا! — دىدى چوڭ ئۇكىسى كۆزىنى ئۇۋىلاپ، —
نىمىشقا بىز بىلەن ياتمىدىڭ؟ نىمىشقا بۈگۈن ئەتىگەن ھېلىقى
كىتاۋىڭنى ئوقۇمىدىڭ؟

— ئەتە ئوقۇيمەن! — دىدى ئېلى بالىنىڭ پىشانىسىدىن
سۆيۈپ، — مەن مەكتەپكە بېرىپ كېلەي دادا!

— بارغىن، ئوبدان ئىشلىگىن ... — بوۋاي دەرمانسىزلىنىپ
ياستۇققا بېشىنى قويدى.

— ھە، نەگە؟ — دىدى ئىدرىس ئەپەندى ئۇنىڭغا يولدا

ئۇچراپ، ــ نىمە، باللار دەرس، خىزمەت دەەسىنا؟ سىىنىڭ بۆشۇ-
گۆڭنى تەييارلىغان ئادەم كۆلتىگىڭنى تۆكۈشىنمۇ بىلىدۇ. ھەممە-
سىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، سىىنى ئەنسىزلىك قىلىپ كىلىپ يۈر-
مىسۇن دەپ بۇياققا كىلىشىم، ماڭ، تۈزۈك كىيىن، ھىلىغۇ سەنكەن-
سەن، كىملا بولسىمۇ ئۈچ كۈن كىلىنىڭ يىنىدىن ھىدىرلىمىغان
بولاتتى.

ئىپلى قايتىپ كەلدى. قىزىل سىرلانغان تۆمۈر قاپقاقلىق دەر-
ۋازا كەڭ ئىچىلغان، ھويلىدا كىچىك ماشىنا تۇراتتى. ئۇ ھودۇ-
قۇپ ئۆيگە كىردى:

ــ مانا بىز بىرىنچى بولۇپ كەلدۇق! ــ دىدى دىۋاندا
كىرىلىپ ئولتۇرغان كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئىپلىنى چىڭ قۇچاق-
لاپ، ــ تەبرىكلەيمەن، مۇبارەكلەيمەن، تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن
كۈن ئاخىر كەلدى. ھاياجاندىن كىچىچە ئۇخلىيالمىدىم دوستۇم،
بىلىدىغانسەن، ئىمىن ئەپەندىنى سىىخى قىلىۋەتكەنمۇ، دادەنى توي
بىشى قىلىپ تىك تۇرغۇزغانمۇ پىقىر، سەن بىلىم ئۆگەنگەن بول-
ساڭ مەن دىپلوماتىيە ئۆگەنگەن. مۆرىنى كىلىدىكەن مىنىڭ تىلىم
ھەيكەلنى كۆلدۈرەلەيدۇ، يىغلىتالايدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىدىغانسەن
ئاۋاق؟

مەھبۇبە بىلەن خانقىز بىر بىرىگە قارىشىپ قويدى.

ــ بىلىمىز! ــ دىدى مەھبۇبە خانقىزغا كۆزىنى قىسىپ قو-
يۇپ، ــ مۆرىنى كىلىدىكەن ساپمۇ - ساق ئادەمنى بۇت، ھەيكەلگە-
مۇ ئايلاندۇرۇپ قويالايسىز!

ــ ھا، ھا ... زەھەر، زەھەر! ــ دىدى كامىل كۈلۈپ، ــ خانقىز-
نىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاۋىرىپ ماڭا ئۈچ بولۇپ قالدىڭىز - ھە؟ خانقىز
يالغان ئىيتىدۇ، ھەقىقى شىكايەتنى مەندىن ئاڭلايسىز تىخى! نىملا
دىسىڭىزمۇ سىلەرنىڭ بەختىڭلار ئۈچۈن باغرى كاۋاپ بولغانلار
تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇن ئالالايمەن، بولدى، قىنى مەھبۇبە،
جوزا تەييارلاڭ، بىزنىڭ بۇندىن كىيىنكى ئىككى جۈپ بولۇپ

سۈرىدىغان لەززەتلىرىمىزنىڭ بىرىنچى كۈنى بۈگۈن بولۇپ بېكىتىلدى. ئۆمۈر تېخى ئۇزۇن، ئىككى جۈپ، كېيىن بالا-نەۋرىلىرىمىز بىلەن ئون جۈپ، يىگىرمە جۈپ بولۇپ كېتەيلى. مەڭگۈلۈك دوستلۇغىمىزنىڭ بىرىنچى كۈنىنى داغدۇغىلىق، كۆڭۈللۈك، مەنىلىك، لەززەتلىك قىلىپ باشلايلى.

بۇ كۈنىمۇ كۈلكە، ناخشا، چاخچاق، مۇھەببەت بىلەن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا كامىلجان بىلەن خانقىز ئۇلار بىلەن خوشلاشتى:

— كۆردۈڭمۇ ئېلى! — دېدى كەچكىرگىچە ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ ۋالاقلىغان كامىلجان بىر قولىنى ئېلىنىڭ، بىر قولىنى مەھبۇبەنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، مەس كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، — ئىنسان ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ھايات دېمەك تۇرمۇش لەززىتى دېمەك، توخۇ دان ئىزلىگەندەك ئىنسان لەززەت ئىزلەيدۇ. توخۇ دانغا تويمىغاندەك ئىنسانمۇ لەززەتكە تويمايدۇ، ھەر ھەپتىدە ئويۇن، ياق، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بولسۇن، ئەتە شەھەرگە بىزنىڭكىگە تەكلىپ، ماشىنا ئەۋەتىمەن!

مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن ئېلى مەھبۇبەنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئېھتىيات بىلەن:

— راستمۇ، ياشلىقنى ئويۇنغا سەرپ قىلامسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — دېدى قىز دەرھال، — مەن ئۇنى خالىمايمەن، بىز باشقىچە ياشايمىز، بۇرۇنقىدىنمۇ قىزغىن ئۆگىنىمىز، ئىشلەيمىز، بەسلىشىمىز، تالىشىمىز، مانا لەززەت شۇنىڭدا، مانا بۇ ھايات لەززىتى!

## تەلىيىڭىز كاج ئىكەن مەھبۇبە

ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىلا ئىشى جەدۋەلدىكى ۋاقىت بويىچە قىلىنىدىغان بولدى: ئۇلار كەلگۈچە يەڭگىسى تاماقنى تەييارلاپ

قويدۇ. تاماقتىن كېيىن مەھبۇبە ئۆي ئىشى، ئېلى قورانىڭ ئىشلىرى بىلەن ئىككى سائەت ھەپىلىشىدۇ-دە، كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن ئېلى ئۆز تەجرىبىخانىسىغا چىقىپ كېتىدۇ، مەھبۇبە ياسىداق ئۆيدە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. پەقەت كەچ سائەت ئون بىر بولغاندىلا ئۇلار ئۆز ئۆيىگە جەم بولۇشىدۇ، ئىلىم-پەن يېڭىلىقلىرى، قىلغان ئىشلىرى، ئويلىغان، كۆڭلىگە پۈككەنلىرى ئۈستىدە بىر سائەتتەك پاراڭلىشىدۇ، بالىلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ. كەچ سائەت ئون ئىككىدىن كېيىنلا ئۇلار ئارام ئېلىشىدۇ. ئەتىگەنلىكى ئېلى سائەت ئالتىدە، مەھبۇبە سائەت يەتتىدە ئورنىدىن تۇرىدۇ-دە، ناشتىغىچە بەس-بەس بىلەن ئىنگلىز تىلى يادلىشىدۇ ...

ئۇلارنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. توي قىلىپ يەتتىنچى كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭكىگە كامىلجان بىر بولكىۋايدا مەس مېھمانلارنى باشلاپ چىقتى. شوپۇرمۇ مەس بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئېلېكتىر سىم تۈۋرۈكىنى ماشىنىغا سوقتۇرۇپ ئۆرۈۋەتتى. توك سىمى ئۈزۈلدى. لېكىن مېھمانلار ئۈچۈن بۇ ئىشلارمۇ كۆڭۈللۈك ۋە تاماشا بولۇپ تۇيۇلدى.

— بىزنىڭ ئېلى ھازىرلا تۈزەيدۇ،— دېدى كامىلجان دوستلىرىغا ماختىنىپ،— توكنىمۇ، ماشىنىنىمۇ جۆندەيدۇ. ئېلى بار يەردە پىشكەل يوق. ئاغىنىلەر، قېنى كۈلكىنى توختاتمايلى.

ئېلى مېھمانلار ئۈچۈن سويۇشقا قوي تەييارلىدى. توك سىمىنى ئۇلاش ئۈچۈن ئۆگزىگە چىقتى. ئۆگزىگە قىسقا بادىرا بېكىتىپ ۋاقىتلىق ئۇلاپ قويماقچى بولدى. يىقىلغان تۈۋرۈكتىكى چەينەكلەرنى چىقىرىپ بادىرىغا بېكىتتى-دە، سىمنىڭ ئۆي تەرىپىدىكى ئۇچىنى ئۇنىڭغا باغلىدى. ئەمدى توكبار سىمنى ئەپچىقىپ ئۇلاش كېرەك. ئۇ توك بار سىمنى ئۇزۇن بادىرىغا باغلاپ، ئۆزى ئۆگزىگە چىقىپ كامىلجانغا سىم باغلانغان بادىرىنى سۇنۇپ بېرىشنى ئېيتتى.

كامىلجان بادىرىنىڭ ئۇچىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ چاخچاق قىلدى.

— بىزنىڭ ئېلى قالتىس چاققان، — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — قاراڭلار ئىككى مېتىر يىراقتا تۇرغان سىمنى قالغاچ كېپىنەك تۇتقاندەك تۇتۇۋالدۇ. تۇتە ئېلى!

ئېلى ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ كامىلجان سۇنغان بادىرىغا قول سوزدى. ئۇ بادىرىنىڭ ئۇچىنى ئەمدىلا تۇتۇشىغا كامىلجان كەينىگە سۆرۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئېلى دۈگجۈپ كەتتى-دە، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆگزىدىن ئۇچۇپ چۈشتى. توك يەرگە سۆڭگەچ بىلەن غىچىلا چۈشتى-دە، ئاستا تۈۋلىدى، ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتىرىپ ئىڭرىدى، ئارقىدىن كۈلۈمسىرىدى. قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى بېلىنى ئالالمىدى:

— بېلىم! — دېدى ئۇ ئازاپ بىلەن كۆكىرۈپ كەتكەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېلى قاتتىق بىر ئاغرىدى-دە، كۆيۈشكەندەك بولدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم تۇرۇۋۇشقا ئۇرۇۋۇندى، لېكىن بېلىنى مىدىرلىتالمىدى...

ئۇنى باشقىلار قولتۇقلاپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭغاندا پۇتلىرى ئۆلۈكنىڭ پۇتىدەك يەر سىجاپ-سۆرۈلۈپ ماڭدى. بىرىنچى بولۇپ مەھبۇبە ۋاقىرىۋەتتى:

— ئېلى، دەسسەپ بېقىڭا!

ئېلى ئايىلىنىڭ كۆزىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشنى كۆردى. ئۇ ئازاپنى يۇتۇپ تەستە كۈلۈمسىرىدى:

— قورقماڭ، ئوڭلىنىپ كېتىمەن!...

لېكىن ئۇنىڭ كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەن يۈزىدىن چېپىلداپ تەر ئاقاتتى.

— قانداق قىلىپ يىقىلدىڭىز ئېلى؟

— ئۆزەم، پەخەس بولماي...

— كېرەك يوق! — دېدي كامىلجان دوستلىرىنى ئېچكىرىكى

ئۆيگە باشلاپ، — بىر - ئىككى سائەت ياتسا، ئەڭ ياخشىسى ئىككى رۇمكا قىيقىۋەتسە ئويغىنىپ كېتىدۇ. سوقا يەل تۇرۇپ قالغان گەپ!

ئېلىنىڭ ئازاپلىق كۆلۈمسىرىشى مەھبۇبەنىڭ دىلىغا تىغ بولۇپ سانچىلماقتا. مۇنۇ كامىلجاننىڭ تېتىقسىز كۈلكىسى ئۇنىڭ غەزىۋىنى قوزغىماقتا، ئۇ ئۆزىنى ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشتىن، كامىلجاننى قاتتىق تىللىۋېتىشتىن ئارانلا تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ شوپۇر يىگىتكە ئىلتىماس قىلدى:

— خاپا بولمىسىڭىز، مېھمانلار ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرسا ئېلىنى دوختۇرغا ئېلىپ بارساق؟

— مەھبۇبە قورقماڭ! — دىدى ئېلى يەنە كۈلۈمسىرەپ، — مېھمانلارنى كۈتۈۋېرىڭ، ئازراق ياتسام ئويغىنىپ قالىمەن!

مېھمانلار سورۇن تۈزەشتى. مەھبۇبە پەرتۇق تارتىۋېلىپ ئىش بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەس-خىيالى ئېلىدا ئىدى. ئۇ ھىلىدىن - ھىلىغا ئېلىغا قىزىق چاي، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلارنى ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن ئېلىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاشماقتا، ئەمدى زورۇقۇپمۇ كۈلۈمسىرەلمەيدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى. مەھبۇبە ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ پىشانىسىنى تۇتتى، ئېلىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىمەكتە. پۇتلىرى ئۆلۈكنىڭ پۇتىدەك مۇزلىماقتا ئىدى. ئاخىر يەڭگىسى ئىدرىس ئەپەندىنى باشلاپ كەلدى. ئىدرىس ئەپەندى ئېلىنىڭ ھالىنى كۆردى - دە:

— ياق، دەرت خېلى بار. ئېلى، كۆزۈڭنى ئاچقىنا ئوكام! — دىدى ئاۋازى تىترەپ، — ھۇشىنى بىلمەي ياتسا مۇنۇ خەقنىڭ ناخشىسىنى قارىمادىغان!

ئۇ دىڭگاكلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى - دە، ئىس ئىچىدە تەرلەپ - پىشىپ، ناخشا بىلەن هاراق ئىچىۋاتقان ئەزىمەتلەرگە سالام قىلدى:

— بىرىنىڭگە يۆتكىلەيلى، ئۆيۈمنى ئۆرۈۋەتسەڭلارمۇ مەيلى، — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — بۇ ئۆيدە ئېلىنىڭ ھالي يامان!...

مەسلەر جىمىشتى. شوپۇر سەگىدى. ئېلىنى مەھبۇبە، كامىلـ
جان ۋە يەڭگىسى دوختۇرغا ئېلىپ كەتتى.

ئەتىسى كامىلجان دوختۇر بىلەن سـۆزلىشىپ بىلدى. ئېلى-
نىڭ بەل ـ ژۇلۇنىغا زەخـمە يەتكەن. بەلـنىڭ تـۆۋەنى پالەچ
بولارمىش!

ـــ ئەپسۇس! ـــ دىدى ئۇ يالغان مەيۈسلىنىپ، ـــ ئېلىنىڭ بېلى
كاردىن چىققان ئوخشايدۇ. تەلىيىڭىز كاج ئىكەن مەھبۇبە!

## ماڭا لازىمى قەلبىڭىز...

ئاغرىق ئازاۋى، ئۈيقۇسىزلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەمبىلگە سې-
لىپ دوختۇرخانىلاردا سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈشلەر ئېلىنى هالىدىن
كەتكۈزدى. ئۇ بىر ئايدىن بېرى دوختۇرلارنىڭ چىرايىدىن، يې-
قىنلىرىنىڭ كۆز يېشىدىن، دوستلىرىنىڭ ئاۋازىدىن ھەممىنى بىلدى:
ئۇ ئەمدى بىلىنىڭ تۆۋىنى پالەچ ئادەم، ئۇ مەھبۇبەگە ئېغىر يۈك
بولۇپ، ئۇزۇن يىل ئۆلمەي ياشايدۇ. ئۆلمەسلىگىنىڭ سەۋىۋى
ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ساق، نېرۋىلىرى جايىدا. گەرچە بۇرۇنقىدىن
تېرىككەك، نازۇك بولۇپ قالغان بولسىمۇ زېھنى جايىدا، مۇھىمى
ئۇنىڭ ئىشچان قوللىرى بىلەن چارچىماس كۆزلىرى بۇرۇنقىدەك
ئىشلەيدۇ. هازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرى جىمجىتلىق، يالغۇز خىيال
قىلىشىلىشلا ئىدى. مانا بۈگۈن دوختۇرخانىدا يېتىشىۋاتقىلى بىر ئاي
بولاي دىدى. ئۇ ئاق خالاتلىق قۇتقۇزغۇچىلاردىن بىزار بولـدى.
ھەر كۈنلا بىر خىل ئىش: تېمپېراتۇرا ئۆلچەش، ئاسما ئوكۇل،
تەمسىز دورا، كىتاپ ئوقۇشقا، خاپا بولۇشقا، تاماقنى جىق يېيىشـ
كە يول قويماسلىق توغرىسىدىكى سىلىق تاپـلاش... ئۇنىڭ بىر-
دىن ـ بىر تىلىگى دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىش، مەھبـۇبە بىلەن
يالغۇز، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يۈرەك ساداسىنى تىڭشاش ئىدى.
مەھبۇبەنىڭ بىر ئايدىن بېرى قانچىلىك ئازاپ چەككىنىنى ئېلىلا

بىلدۇ، ئېلىغا كۆز يېشىنى كۆرسەتمىگىنى بىلەن قىزنىڭ ئولتۇرۇ-
شۇپ كەتكەن خۇما كۆزلىرى، سارغىيىپ كەتكەن چىرايى، قۇرۇغان
لەۋلىرى ھەممىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇپتۇ، قىز قانچە تۈنلەرنى ئۇيـ-
قۇسىز، ئازاپ بىلەن ئۆتكۈزدى. ئېلىغا كەلگەن پالاكەت ئېلىنىڭ
بەدىنىنى نابۇت قىلىش بىلەنلا توختىمىدى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ
گۈزەل تۇرمۇشىنى، غايىسىنى، غايە ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنى كار-
دىن چىقاردى. ئېلىغا مەنىسىز بىلىنۋاتقان كۈنلەر قىزنى قىينىماي
قوياتتىمۇ؟ قىزنى يەنە نىملەر كۈتىدۇ؟ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇ-
لۇق، نازۇك قىزى، ئەمدى ئېلىنىڭ يىرگىنىشلىك لاتىلىرىنى تا-
زىلامدۇ؟ بەدىنىنى سۈرتەمدۇ؟ ئۇنىڭ غىزاسىنى تەييارلاپ، قا-
غىشلىغىنى ئاڭلامدۇ؟ ناۋادا ئېلىغا ئەجەل ئوقى جان كېسىپ
تەككەن بولسىدى، قىز ئۈزۈلگەن ئۈمىدىنى ھاياتنىڭ ئوز قانۇنىيىتى
بويىچە باشقا بىر ياقتىن كەلگەن غايىپ خوشاللىق بىلەن يەنە باغ-
لىۋالغان، ھاياتتىن يەنە لەززەت تاپالىغان بولاتتى. ھازىرچۇ؟ ئۇ-
نىڭغا ھاياتنىڭ نىمە لەززىتى قالدى؟ يەتتە كۈن ئەر بولۇپ
سەككىز دىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا يۈك بولۇپ قالغان مۇنۇ
بەدەن ئەمدى قىزغا قانچىلىك خوشاللىق بېرەلەيدۇ؟ دۇرۇس ئې-
لى كىتاپ ئوقۇيالىشى، بىلىمىنى يەنە ئاشۇرالىشى، ساغلام قوللىرى
بىلەن ئۇنى-بۇنى يازالىشى، قىلالىشى مۇمكىن. لېكىن قىزنىڭ
ئۇنىڭدىن كۈتىدىغىنى شۇلا ئەمەسقۇ؟ ۋاقىت رەھىمسىز، ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن مۇنۇ كېرەكسىز بەدەن ھەرقانداق گۈزەل قەلب
ئىگىسىنىمۇ زېرىكتۈرۈشى، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىگە سىم-سىم
يامغۇردەك تىنىمسىز تەسىر قىلىپ ئاخىر ئۆچۈرۈشى مۇمكىنغۇ؟
«مەن ئۆلۈشۈم كېرەك، ئىككىلەنمەي، خوشال-خورام ئۆلۈشۈم
كېرەك،— دەپ ئويلىدى ئېلى بايىقى مۇلاھىزىلەردىن كېيىن،— ئۆ-
لۈمۈم بىلەن مەھبۇبەنى ئاخىرى يوق ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇشۇم كې-
رەك. قانداق ئۆلىمەن؟ ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆيۈمدە ھەل قىلىمەن...»
مەھبۇبە كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئېلىنىڭ

پىشانىسىگە ئالقىنىنى قويدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياخشى بولۇپ قاپسىز، ئەمدى بىر ئايغا قالماي تۇرۇپ كېتىسىز، مەن بىر كىتاپتىن ئوقۇدۇم. سىزنىڭ يۈلۈنىڭىز ساق، يۈلۈن ساق بولسىلا نېرۋا پالەچلىكى ساقىيىپ كېتىدىكەن. دادامىمۇ ياخشى بولۇپ قالدى، بۈگۈن ھاسىسىغا تايىنىپ باققا مېڭىپ چىقتى. باللار سىزنى كۆرۈشكە تەشنا، ئۇلارنى ھەدەم بۈگۈن ئەپكېلىدۇ. نەشپۈت ئاقلاپ بېرەيمۇ؟

ئېلى مەھبۇبەنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ:

— ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە، ماۋۇ بايرۇن شېئىرلىرىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئوقۇپ بېرىڭا، مەن يىگىرمە ئۈچ كۈن ئىنگلىزچە ئوقۇمىدىم. ئەمدى سىزدىن قالىدىغان بولدۇم، — دېدى.

— ئەمدى ئۆتۈپ كېتىسىز، سىز كەسپى كىتاپ ئوقۇغۇچى، ئوقۇشتىن باشقا ئىشىڭىز يوق. مەنچۇ؟ خىزمەت، ئۆي ئىشى، ۋاقىت چىقسا ئوقۇش، بولمىسا يوق...

— قوللىرىڭىزدا قاداقمۇ پەيدا بوپتۇ، ئەمگەك قىلدىڭىزمۇ نېمە؟

— قىلمايچۇ! — دېدى قىز كۈلۈپ، — ئاخشام ھەدەم ئىككىمىز باغنىڭ بوش يېرىنى ئاغدۇرۇپ بولدۇق. ئاز كۈندە باھار كېلىدۇ. باققا ئۆز قولۇم بىلەن كۆكتات، گۈللەرنى تېرىيمەن. سىزگە ئالما ئاستىغا سۇپا ياساپ بېرىمەن، شۇ يەردە يېتىپ كىتاپ ئوقۇيسىز، يادلايسىز. گۈللەر بىلەن قۇشلار سىزگە ھەمرا بولىدۇ ئېلى.

ئېلى قىزنىڭ ئالقىنىنى مەڭزىگە ياقتى:

— مەھبۇبە، مېنى ئەپچىقىپ كېتىڭ، بۈگۈنلا ئەپچىقىپ كېتىڭ، بۈگۈنلا ئەپچىقىپ كېتىڭ.

يىگىرمە كىلومېتىر يولنى ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم بېسىپ شەھەرگە كىرىسىز، يېزىغا چىقىسىز، بىلىمەن، ھازىر پاتقاقچىلىق، قاراڭا، جۇدەپ قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ كېتىپسىز...

— ھە راست، — دېدى قىز دەرھال گەپ يۆتكەپ، — لەتىپە

ھەددەمنى ئاتا-ئانىسى تۇرمۇشقا چىقىرىشقا قىستاۋېتىپتۇ. ئاخشام ھەددەم يىغلىدى، «ئېلىنى، دادامنى تاشلاپ بۇ ئۆيدىن قانداق كېتىمەن؟» دەپ يىغلايدۇ بىچارە، مەنغۇ ئۆزەم قارايمەن، يېتىشىدمەن، باللارغىمۇ قارايمەن، دىدىم. لېكىن كۆڭلى ناھايىتى يېرىم.

— تۇرمۇشقا چىقسۇن، — دىدى ئېلى تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن، — ھىلىمۇ دەردىمىزنى يېتەرلىك تارتتى، مەھبۇبە ئەمدى بىزنىڭ...

— باللىرىمىز بولمايدۇ، دىمەكچىمۇ سىز... ئۈچ ئوغلىمىز بارغۇ، مەن ئۇلارنى باللىرىم دەپ تونۇيمەن، سىز تېخىچىلا...

— مەن سىزگە يوق، — دىدى ئېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن قىزنىڭ ئۆز چىچىنى ئويناۋاتقان بارماقلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — سىزنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇم...

— نىمە؟ سىز ھاياتقۇ، — دىدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئېلىنىڭ ئىڭىگىدىن كۆتىرىپ كۆزىگە قاراپ، — ئىنسان بەدىنى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن قەدىرلىك. بەدەن كالىدىمۇ، تۆگىدىمۇ بار. مەن سىزنىڭ جىسمىڭىزنى ئەمەس، قەلبىڭىزنى ياراتقانمەن، بەدىنىڭىز مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە كېرەكسىز بولۇپ كەتسىمۇ يۈرىگىڭىز سوقۇپلا تۇرسا، پاكىز قەلبىڭىز ئۆزگەرمىسىلا، سىز يوق ئەمەس، بەلكى بەخت بولۇپ تۇيۇلىۋېرىسىز، ماڭا لازىمى قەلبىڭىز...

قىز يىگىتنىڭ بېشىنى باغرىغا چىڭ باستى.

## بىمەھەل چۈشكەن قىرو

ئېلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەت ئۈچۈن ئازاپلانغانلارنىڭ بىرى ئىدرىس ئەپەندى ئىدى. ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ بەختى بىلەن بەختلىك، خوشاللىغى بىلەن خوشال، كەلگۈسىدىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۈمىتلىك ئادەم ئىدى. ئېلىنىڭ پالاكەتكە يولۇقۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل باھاردا ئېلىنىڭ دادىسىنىڭ ۋاپات

بولۇشى، قىيىناتىسىنىڭ قىرقىنى توشقۇزۇپ لەتىپەنىڭ تۇرمۇشقا
چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىككى بالا ۋە ئائىلە ئىشى، مەكتەپ ئىت-
تىپاق خىزمىتىنىڭ مەھبۇبەگە قىلىشى، مەھبۇبەنىڭ ھەر كۈنى
ئىلىنى مەيىتچىلىكتىن تازىلاپ، كۆڭلىنى كۆتىرىپ، باللارنى،
ئۆي ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ ئون ئىككى سائەت دەر-
سىنى قالدۇرماي ئۆتۈشى، مانا شۇ سەۋەپتىن ئورۇقلاپ، تۈگە-
شىپ كېتىپ بېرىشى ئۇنى تېخىمۇ ئازاپلايتتى. ئۇ مەھبۇبەنى
خىزمەتتىن توختىتىپ، ئىلىغا قارىتىش، ئىككىسىنىڭ مۇئاشىنى تو-
لۇق بېرىش توغرىسىدا ئارقا-ئارقىدىن تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ،
مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا زادىلا قوشۇلمىدى. ئۇ يەكشەنبە كۈنى
ئىلاجىسىز شەھەرگە شامىل شۇجىنىڭ يېنىغا پىيادە ماڭدى. ئۇ
ھازىر بۇرۇنقىدەك ئىتتىك ماڭالمايتتى. سائەتتە ئىككى كىلومېتىر
ئارانلا ماڭاتتى. ۋەلسىپىت، ئېشەك ھارۋىسى دېگەنلەرنى ئۇ ئەزەل-
دىن ياراتمايتتى. دېڭگاكلاپ مېڭىش ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت-كۆ-
ڭۈللۈك ئىدى. ئۇ ماڭغاندا ئۆزىچىلا قوللىرىنى نۇتۇق سۆزلەۋاتـ-
قاندەك ھەركەتلەندۈرەتتى.

ئۇ سەھەر يولغا چىقتى. خىيالىدا بىرلىرىنى تىللاپ، بىرلە-
رىنى ماختاپ، بىر نىمىلەرنى ھىساپلاپ ئۇزاق ماڭدى. لېكىن قانـ-
چىلىك ماڭغىنىنى ھىساپلىمىدى. ئۇ شامىل شۇجىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە
ئۇ يوق بولۇپ چىقتى. بوۋاق كۆتىرىۋالغان كامىل ئۇنى كۈتۈۋالدى:

— ياخشى بولدى، — دېدى ئىدرىس دىۋانغا چۆكۈپ ئولتۇ-
رۇۋېلىپ پىشانە تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — سىز بىلەنمۇ مېنىڭ ئىشىم
پۈتىۋېرىدۇ. تىلىڭىز قىسقا ئەمەس، كېسەلەيسىز، ئاختۇرالايسىز.
مەھبۇبەنى خىزمەتتىن توختىتىپ ئىلىغا قاراشقا قويساق، مۇئاشىنى
پۈتۈن بەرسەك بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار؟

— نەچچە ۋاقىتقا؟

— ئىلى ساقايغىچە.

— بىر ئۆمۈر ساقايمىسىچۇ؟

— ئاغزىڭىزغا تاش. شۇنداقتىمۇ مەيلى...

— نىيىتىڭىز ياخشى ئىدرىس ئاكا! — دېدى كامىلجان بالىنى پەپىلەپ گىلەم ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈپ، — لېكىن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسەت-بەلگىلىمىلىرى سىزدەك مېھىر-شەپقەتلىك ئادەملەرنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، خەلق مەنپەئەتى، دۆلەت مەنپەئەتى، ئەمەلىي ئېھتىياجنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلىدۇ.

ئىدرىس باشقىلارنىڭ ئاتىكاچىلىق قىلىشىنى، ئۆزىگە ساۋاق بېرىشىنى يامان كۆرىدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە دىڭگاكلاپ ئىشىك تۈۋىگە باردى:

— ھەل بولمايدۇ، دەڭا، مەن كىمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپتىمەن ئەمەسە؟

— ئولتۇرۇڭ ئىدرىس ئاكا! — دېدى كامىلجان ئۇنىڭ يولىنى توساپ، — باشقىچە ئاماللىنى قىلارمىز، مەن مۇدىرغا ئېيتقان. ئەڭ ياخشىسى مەھبۇبەگە نەسىھەت قىلىڭلار. ئېلىدىن بۇرۇنراق ئاجراشسۇن. ئۆزىنى خاراپ قىلمىسۇن. ئېلىنى ساناتورىيىگە كىرگۈزىمىز. دۆلەت قارايدۇ. مەھبۇبە ئىستىقباللىق قىز ئىدى. بىردىن ئايرىلدۇق. بىرىنى بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ قالايلى!...

— دەۋاتقىنىڭىز «خەلق مەنپەئەتى» مۇ كامىلجان كېچاك؟ — دېدى ئىدرىس كاسىلداپ تىترەپ، — نىمانداق ئاۋازىڭىز بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك ئاڭلىنىدۇ، ئايىنىپ قالدىڭىزمۇ-يە؟

ئۇ دىڭگاكلىغان پېتى كوچىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ كەچقۇرۇن ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى.

— ھارىغىنىڭ بارمۇ ئىمىن؟

— سەي تەييار بولسۇن.

— نەدىن ئۆگەندىڭ بۇ سىپاگەرلىكنى؟ قويغىنا ئىككى رومكا، چوڭىغا قوي، — ئۇ رومكىنى قۇرۇقدىدى-دە، تاماكىسىنى شوراپ «قانداق؟» دىگەندەك ئىمىن ئەپەندىگە قارىدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — گەپنى ئوچۇق قىلايلى، كويوغلۇڭ ساقايماس پالەچ

بولدی، قىزنىڭ ئەمدى ياسىنىشنى ئۇنتۇيدىغان بولدى. بۇلار ياـ مانلىق، يامىنى بىر چوپ ئالىمدىن ئايرىلىدىغان ئوخشايمىز. بىرـ سى قالسۇن دىسەك ئۇلارنى نىكادىن ئاجراتقىدەكمىز، قىزىڭنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى ئېلىپ تاشلايمىزمۇ؟

ــ ئالجىما! ــ دىدى ئىمىن ئەپەندى تەرىنى تۈرۈپ، ــ ئۇـ يۇن ئەمەس، ئىزىمىنىڭ بەختى. بىزنىڭ كۆڭۈل ئارامىمىز. ئالجىدىڭمۇ؟

ــ ئالجىغان ئادەمىنىڭ گېپى بۇ دىگىنە، ھىم. يەنە قۇيە، قېنى ئۇلارنىڭ سالامەتلىگى ئۈچۈن بىر كۆتىرەيلى.

ــ شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالىتىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتىمىز، ــ دىدى ئىمىن ئەپەندى ئىككىنچى رومكىدىن كېيىن قىزىشىپ، ــ قىـ زىمىنىڭ مۇئاشى توختىسىمۇ، ۋەسلىم كەتسىمۇ مەيلى، قىزىمىنىڭ بەختى ئۈچۈن مەن ھەممىنى قۇربان قىلالايمەن ئىدرىس.

ئىدرىس ئەپەندى بېشىنى سىلاپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ كۆردۈڭمۇ، ــ دىدى ئۇ ئاقارغان چاچلىرىنى كۆرسىتىپ، ــ تېخى قىشتىلا بېشىم قۇندۇز تۈكىدەك ئىدى. كۈيوغلۇڭنىڭ، قىزىڭـ نىڭ غېمىنى تولا يەپ بىمەھەل قىرو چۈشتى...

## ياز كۈنلىرى

ئازاپ ئىچىگە راھەت، خوشاللىق ئىچىگە خاپىلىق، پالاكەت ئىچىگىمۇ بەخت ـ سائادەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يولدىن ئازغان يولۇچى مەنزىلىگە تۇيۇقسىز يېتىپ بارغاندا تارتقان ئازاپلىرىنى تېزلا ئۇنتۇپ ئۆزىنى غالىپ سەزگىنىدەك ئېلىنىڭ ئىشتىھا بىلەن تاماق يېيىشى، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يامانلاشقان نېرۋا ئاجىزلىغى كېسىلى تۈزۈلۈپ، كېچىلىرى پۇشۇلداپ ئۇخلىيالايدىغان بولۇشى مەھبۇبەنىڭ بارلىق ئازاپ ـ ھاردۇقلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ ئېلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى

قىلدى. ئېلى ئۇنىڭ يامپىچىغا ئايلىنىپ خەت يېزىۋەرگىنى ئۈچۈن
يامپاچلىرى يېغىر بولۇپ كەتتى. مەھبۇبە ئېلىغا يامپىچى پاتمايـ
دىغان قىلىپ ماموق كۆپە تىكىپ بەردى. ئېلى بەل تۆۋىنىنى
باشقۇرالمايتتى. قىز كۈنىگە بەش ـ ئالتە قېتىم خۇددى بوۋاقنىڭ
ئاستىنى قۇرۇقدىغاندەك ئۇنىڭ تازىلىقىنى ئىشلەيتتى. ئۇ تەبىئى ھالدا
يىرگىنىشنى ئۇنتۇغان. ئۇ ئېلىنى خۇددى بالا كۆتەرگەندەك ئەدىيالـ
غا ئوراپ كۆتىرىپ قول ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزاتتى ـ دە، مەخسۇس قول
ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ باغلارغا، ئېتىزلارغا باراتتى. ئېلىنى ئوينىتىش،
ئۇنىڭ بىلەن كېچىلىرى قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى بىللە تىڭشاپ
مۇڭدىشىش قىز ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ۋە خوشاللىق بىلىنەتتى. بىرنەچـ
چە ئايدىن بېرى ئۇلارنى يوقلاپ ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقانلار ئەمدى
ئازايدى، تۇرغۇن كىشىلەر تېخى ئۇلارنىڭ ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئۇنتۇپ كېتىشكەن. يېقىنلارمۇ مەھبۇبەنى كۆرسە ئىككى ئېغىز
تېچلىق سورىشىش بىلەنلا يېقىنچىلىقىنى بايان قىلىشىپ كېتىپ
قېلىشاتتى. پەقەت ئىككىلا يېقىنى ئۇلارنى ھەر كۈنى دىگۈدەك
يوقلايتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىدرىس ئەپەندى، يەنە بىرى كاـ
مىلجان ئىدى. كامىلجان ھەر كەلگىنىدە قۇرۇق قول كەلمەيتتى. بەزىدە
ئېلىنىڭ يېنىدا قونۇپمۇ قالاتتى. يازنىڭ ئىسسىغىدا بىردە ماشىنا بىلەن،
بىردە ۋەلسىپىت بىلەن تىنماي يوقلاپ تۇرغان بۇ دوستىدىن ئېلى
تولىمۇ رازى ئىدى. مەھبۇبەنىڭمۇ كامىلجانغا بولغان ئۆچمەنلىكى
پەسەيگەن. ئۇ چىن كۆڭلىدىن كامىلجانغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا
باشلىغان ئىدى. ئىدرىس ئەپەندى كامىلجان بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆـ
يىدە پات ـ پاتلا ئۇچرىشىپ قالغاندا كامىلجاننى زەھەردەك گەپـ
لەر بىلەن چاقاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئېلى كامىلجاننىڭ تەرىپىنى
ئالاتتى. مەھبۇبە كامىلجاننىڭ كۆڭلىنى دەپ بەزىدە ئىدرىس ئەـ
پەندىگىمۇ خاپا بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىدرىس ئەپەندى زەرـ
دە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:
— كېيىن بىلىسىز، سىڭلىم كېيىن پۇشايمان قىلىسىز، — دەيتتى.

ئېلى چۈشلۈك ئۇيقۇدا، مەھبۇبە ئېلىنىڭ كۆڭدىلىك خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. باغ تىنجىق، تېرەكلەرنىڭ ئەڭ يۇقۇرىسىدىكى يوپۇرماقلارمۇ ئۇيقۇدا. خۇددى تەبىئەت ئۇخلاپ قالغاندەك، قۇشلار بۇ يەردىن كېتىشكەندەك جىمجىت، پەقەتلا ئېلىنىڭ يېنىك نەپەسى، مەھبۇبەنىڭ كۆز يېشى رىتىم بىلەن دەپتەرگە چۈشكەندە چىقىۋاتقان نازۇك ئاۋازلا باغ جىمجىتلىغىنى بۇزۇپ تۇراتتى. مەھبۇبە دەپتەر بېتىدىكى ئارچا ياپرىغىنى سۆيدى، ئاندىن چىشلىدى. ياپراق سۇندى. بۇ ئىشتىن قىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، يۈزىنى تۇتۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ نېرىغا، قېرى ئۈژمە تۈۋىگە كەتتى، ئۇ دەرەخنى قۇچاقلاپ كۆكسى قارنى بوشغىچە يىغلىدى.

قىز يىراقلاشقاندىن كېيىن ئېلى كۆزىنى ئاچتى. ئۇ يالغان ئۇخلىۋالغان. مەھبۇبەنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى مەھبۇبەدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالغان، «ئۇ مېنىڭدىن زېرىكىشكە باشلىدى، شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق» دەپ خۇلاسە چىقىرىۋالغان ئىدى. چۈنكى مەھبۇبە بىلەن تېخى يەتتە كۈنلا بىللە بولغان، ئۇنىڭ نەزىرىدە، مەھبۇبە يەنىلا ياسانچۇق شەھەر قىزى، ئۇنىڭ ھازىرقى جانىۋازلىقلىرى خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئەيىپلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ۋاقىتلىق كۆيۈمچانلىقى ئىدى. ئېلى ئۆز نەزىرىدە «قىز پات ئارىدا ئۆزگىرىدۇ، ئۆزگىرىش يېقىندا باشلىنىدۇ» دەپ قارايتتى. قىزنىڭ بايىقى خەيرىخالىق يىغىسىنى ئېلى پۇشايمان دەپ چۈشەندى. قىزنىڭ ئارچا ياپرىغىنى ئاۋال سۆيۈپ تەشنالىغى قانماي چىشلىگىنىنى بولسا مەن بىلەن خوشلىشىشنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشەندى. ئېغىر كېسەل ئازاۋى ئىنسان قەلبىنى ئۆلۈكتەك شوراۋەرگەندە ئەسەبدلىك، چارچاش ئىنساننى گۇمانخور، نازۇك قىلىپ قويۇشى تەبىئى: «ئۆلىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — كېرەكسىز ئېكەنلىگىنى بىلىپ تۇرۇپ ياشىشىمنىڭ ئۆزى بىر نومۇس. كىتاپ

ئوقۇپ بىلمىمنى ئاشۇرارمەن، ئۇنى نەگە ئىشلىتىمەن؟ ئۆلسەم قەدىرلىك بولىمەن، ياتسام ئەسكى لاتىدەك قەدىرسىز بولىمەن. قاچان ئۆلىمەن، قەيەردە ئۆلىمەن؟ قانداق ئۆلىمەن؟ مەن ئۈچۈن ئۆلمەك ياشىماقتىنمۇ تەس...»

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ يالىغان ئۇيقۇسىنى يەنە باشلىدى. ياز هامان شەپقەتلىك، دىمىغى بولغىنى بىلەن شامىلىمۇ بار، ياز ئۆزى تەرلىتىپ، يەنە ئۆزى سىنى يەلپۈيدۇ. ئۇ بالىسىنى چىشلەپ يىغ-لىتىپ يەنە بەزلىگەن مېھرىۋان ئانىغا ئوخشايدۇ. ياز شاماللىرى يوپۇرماقلارنى ئوينىتىپ بولۇپ، نارەسىدىنىڭ قولىدەك يۇمشاق ئەكىلەپ ئىبلىسنىڭ يۈزىنى - چاچلىرىنى سىيپىدى.

## بوسۇغا

ئىككى كۈندىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇر ئۇلارنى دىمىق ئۆيگە قاماپ، ئۇلارنىڭ ئىچ - پۇشۇغى، ئازاپلىرىنى كۆپەيتتى. ئۇلارنىڭ يېڭى پاراڭلىرى ئاللىقاچان تۈگىگەن، بەزى گەپلىرى كۆپ قېتىم تەكرارلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەم هاۋا ئىبلىسنىڭ دەهشەتلىك بەدەن ئاغرىقىنى قوزغىغان، نە كىتاب، نە مۇهەببەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمايتتى. مەهبۇبە ئىبلىسنىڭ سەپرالاشقان چىرايىغا قاراپ ئازاپلىناتتى، بۇيرۇتمىلىرىنى ئالدىراپ ئورۇنلايتتى. لېكىن ئىبلىسنىڭ خاتىرجەملىكى، خۇشخۇيلۇغى قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. مانا بۇ هال قىزنى بەكرەك قىيىنماقتا ئىدى.

كەچقۇرۇن ئۆيگە يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ كامىلجان كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى بالىسىنى سېغىنغان كالىدەك ئىنجىق بىلەن ياتقان ئىبلىسنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىشتى ۋە:

— جېنىم دوستۇم! — دېدى ئۇ ئىبلىسنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ، — يامغۇر سېنى قىيناۋاتىدۇ. ئىككى كۈن بولدى، كۈچۈلا يەۋالغان ئىتتەك تىپىرلىدىم، ئاغرىق پەسەيتىدىغان كۆچلۈك دورا ئەپكەلدىم،

ئىچ، ساقىيسەن. ھاۋا رايى ئىدارىسىگە بىرىپ ئۇقتۇم! يامغۇر
يەنە ئىككى كۈن ياغىدىكەن. ساڭا ئۈزەم قاراي دەپ كەلدىم.
ئەپۇ قىل، ۋاقتىدا كىلەلمىدىم!

ئېلى مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى قىستى. مەھبۇبە
ئېلىنىڭ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرۈپ كامىلجاندىن چىن كۆڭلىدىن
رازى بولدى ۋە تاماققا قوپتى:

— خاپا بولسىلا ئاغرىقى ئەدەيدۇ! — دىدى قىز ھال ئىيتىپ، —
ھاۋا تولىمۇ چىشىمىزغا تەگدى!

تاماقتىن كىيىن ئۇلار يىرىم كىچىگىچە مۇڭداشتى. ئېلى
خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ئىككى كۈندىن بىرى
تۈزۈك ئۇخلىمىغان قىز ئەسنەشكە باشلىدى.

— سىز چىقىپ ئاۋۇ ئۆيدە ئۇخلاڭ مەھبۇبە، — دىدى كامىل-
جان ئېلىنىڭ ياستۇقىغا باش قويۇپ، — ئېلىغا ئۈزەم قارايمەن.

ئۆي جىمجىت، ئۆگزىگە تىنىمسىز ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر،
تۈيۈقسىز دەرىزە قاقىدىغان ئىزغىرىن شامال بەدنىيەت كۆڭلىدەك
قاپ - قارا كىچىنىڭ ئويغاق ۋە سەگەك ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈپ
كامىلجاننى ئەنسىرىتەتتى. ئاخىرقى دورىنىڭ كۈچى بىلەن ئېلىمۇ
قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن، بۇ ئۆيدە يالغۇز كامىلجانلا ئويغاق، ئۇ
ئورنىدىن يالڭاياق، مايكىچان ھالدا تۇردى - دە، چىراقنى ئۆ-
چۈردى. ئېلىنى يەنە تىڭشىدى، ئېلى بەخۇدۈك پۇشۇلداپ ئۇخلى-
ماقتا. كامىلجان پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن مىڭىپ دالانغا — مەھبۇبە
ياتقان يەرگە چىقتى. قىز چوڭ ئوغۇلنىڭ يىنىدا ياتاتتى. ئۇ
قىزنىڭ بىشىدا غالىلداپ تىترەپ بىردەم تۇردى - دە، تىترەپ
تۇرغان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ چىچىنى سىلىدى. قىز تاتلىق
تامشىپ قويدى. كامىلجاننىڭ تاقىتى قالمىدى. ئۇ چىراقنى ئۆچۈر-
دى - دە، قىزنىڭ يىنىدا سونايلىنىپ يىتىپ خۇددى ئاچ مۈشۈك
چاشقانغا ئۆزىنى ئاتقاندەك، بۆرە قوزىنى قاماللىغاندەك ھەركەت
قىلىپ قىزنىڭ نازۈك بىلىدىن قۇچاقلاپ لىۋىنى لىۋىگە چاپلىدى...

قىز چۆچۈپ ئويغاندى، كامىلجاننى مورلىدى، چىشلىدى، تەپتى، دومىلىدى، لېكىن ئاۋاز چىقارمىدى، بەش-ئون مىنۇت ئېيتىشقاندىن كېيىن قىز ھالسىردى، ئىلاجىسىز ئۇ كامىلجاننىڭ قۇلىغىغا:

— بۈگۈن بولمايدۇ! — دېدى پىچىرلاپ، ئۇنى ئالداپ قۇتۇلماقچى بولدى.

— قاچان ئەمىسە؟ — دېدى كامىلجان ھاسىراپ تۇرۇپ، — مېنى قىينىماڭ!

كامىلجان يەنە ئېسىلىۋىدى، ئوغۇل-نەبى ئۇندەرەپ سۆزلىدى، مەھبۇبە شۇنىڭ بىلەن ئۆز نومۇسىنى ئاقلاپ قالدى.

ئەتىگەنلىكى كامىلجان كەتكەندىن كېيىن ئېلى ناھايىتى خاتىرجەم، خوشال ھالدا مەھبۇبەگە:

— كامىلجان ياخشى يىگىت، خانقىز بىكارلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى، — دېدى. مەھبۇبە خۇددى خەنجەر ئۇرۇلغاندەك ئازاپلاندى. ئۇ تەتۈر قارىۋالدى-دە، پايپىسىنى تۈزىگەن بولۇپ:

— مەن مەكتەپكە بېرىپ كېلىمەن، نەبى سىزگە قاراپ تۇرسۇن، — دېدى. ئۇ ئېلىنىڭ خاتىرجەملىكىگە قاراپ ئاخشامقى ئىشنى سەزمىگەنلىكىنى بىلدى.

— بېرىڭ، مەن ياخشى!

مەھبۇبە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئېلىنىڭ ئاغرىقى تۇتتى. ئۇ مەھبۇبەگە بىلىندۈرمىگىنى بىلەن كامىلجاننىڭ پۈتۈن ھەركىتىنى سېزىپ ياتقان، «مەھبۇبە ۋاقىرايدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلاي» دېگەنىمۇ ئويلاپ قويغان. لېكىن مەھبۇبە ۋاقىرىمىدى: قىزنىڭ ئېلىنى ئاياپ ئۈن چىقارمىغىنىنى ئېلى «مەھبۇبە قارشىلىق قىلمىدى» دەپ چۈشەندى:

— نەبى، ئاپاڭنىڭكىگە بېرىپ ئۆكىلىرىڭنى ئەپكەلگىن، مېنىڭ يامغۇرلۇغۇم بىلەن رېزىنكا ئايىغىمنى كىيگىن...

...ئۇ دۈمسلىدى، تىرناقلىرى ۋە ئىڭىكىنىڭ ياردىمى بىلەن تەرلەپ - پىشىپ دالانغا قاراپ ھەركەت قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى سازاڭنىڭكىدىن ئاستا، قىيىن ئىدى، تىرناق بىلەن يەرنى تاتىلاپ، ئىڭەك بىلەن تىرەجەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىغاندا پالەچ گەۋدىسى ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىرلا ئىلگىرىلەيتتى. مۇشۇنداق قىلىپ تۆت - بەش مېتىر يەرگە مېڭىشى كېرەك. ئاندىن دالانغا چىقىدۇ. پەگادا ھاسا بار، ھاسا ئۇنىڭغا ئورنىدىن ئۆرە تۇرۇشىنى چۈشۈرۈۋېلىشتا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۇنى ۋە مۇھىم مەھبۇبەنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

— ئالغا، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا!—ئېلى پۈتۈن كۈچى بىلەن يەر تاتىلىدى. ئۇنىڭ تىرناقلىرى قانىدى. ئىڭىكى، چىشلىرى بىلەن تىرەجىدى، ئىڭەك ۋە لەۋلىرى قانىدى. ئۇ ئۆز گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بۈگۈن سەزدى. مۇشۇ گەۋدىنى بالىسىدەك كۆتىرىپ يۈرگەن ئايىلىغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ قانغا مىلەندى، چىلىق - چىلىق تەرلىدى. ئىككى سائەتتەك ھەركەت قىلىپ بوسۇغىغا كېلەلىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يەرنى تىرناقلىرى بىلەن قامالاپ سىلجىۋىدى، بېشى بىرلا ئايلاندى - دە، تۇمشۇغى نەم يەرنى چىشلەپ ھۇشسىزلاندى...

## ئارچا ياپرىغى

گىرىمسەن، كېيىن ئېنىق بىر يىڭنە كۆرۈندى. ئۇ تۇكۇل يىڭنىسىدىن چۆچۈدى. كېيىن يىڭنە بىردىنلا يېشىل تۈسكە كىردى: ئۇ ئەمدى بىلدى، بۇ ئارچا ياپرىقى ئىدى. مانا ياپراقلار كۆپەيدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. دەرىزە گۈل قاچىسىدا كىچىككىنە ئارچا كۆچىتى تۇراتتى. بۇ قەيەر؟

— بالام!— دىدى بىر تونۇش ئاۋاز،—كۆزۈڭنى ئاچقىنا بالام! «بۇ كىم؟ ئارچا كۆچىتىگە زۇۋان كىردىمۇ؟» ئۇ قۇرۇغان

لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىغا تەملىك، مۇزدەك سۇيۇق-لۇق تېمىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى.

— بالام!— دېدى ھىلىقى ئاۋاز،— تونۇدۇڭمۇ، مەن كىم؟

— شامىل شۇجى!... — ئېلى ئۈچ كۈندىن كېيىن زۇۋان سۈرۈپ شۇ ئىسمىنى ئۈنلۈك ئاتىدى.

— مانا ئىمىن ئەپەندى — داداڭ، مانا ئاپاڭ، مانا ئىدرىس ئەپەندى، مانا قىزىم مەھبۇبە، خانقىز، لەتىپە، مانا ئۇكىلىرىڭ، تونۇغانسەن؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە كۈلۈمسىرىدى.

— ئۈچ كۈن بولدى، دوختۇرخانىدا ياتىسەن، ھەئە، بۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا،— دېدى شامىل شۇجى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ،— ئەپۇ قىل بالام، مەجلىسلەر كۆپ، ساڭا قاراشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. ئۆگۈنلۈككە شاگخەيگە داۋالىنىشقا بارىسەن، جەزمەن ساقىيىسەن، يىغلىما، نىمىگە يىغلايسەن بالام؟ دادام يوق دېمە، مەن سېنىڭ داداڭ. ئەمدى سېنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ.

— كامىل ...

— بىلدىم، مەھبۇبە ھەممىنى ئېيتتى. كامىلنىمۇ داۋالىتىشقا ئەۋەتىمىز، ئۇنىمۇ ساقايتىمىز بالام!

ئۇنىڭ تامىقى قۇرۇدى، كۆزى تولاشتى. ئۇ دەرىزىگە قارىدى، دەرىزىدىكى ئارچا ياپراقلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ بىر ياپراققا ئايلاندى. ئۇ ئاۋاز چىقارماي پىچىرلىدى:

— جۇدۇن - چاپقۇن بولۇپ تۇرىدۇ. ياپراقلار ئۆلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى مۇنبەت تۇپراق ...

1983 - يىل 12 - ئاي ئۈرۈمچى

# ۋاپادارلىق

## لايىق

بېشىڭنى كىم سىلىسا ۋاپادارىڭ شۇ،
كۆڭلۈڭنى كىم ئالسا ماشايىخىڭ شۇ.

(خەلق ماقالىسى)

— خوش بول، كالچارا، ھەي قاشقىر ئېغىز! ئۆيلىنىدىغان بولدۇڭ. ئوتتۇز سەككىز يېشىڭدا قىز ئالىدىغان بولدۇڭ. ئەمدى ئاغزىڭ قۇلىقىڭغا يەتكەندۇ؟ ۋۇي سىلىقىمباش!

زىلۋا، قاملاشقان، خۇما كۆز، ئىنچىكە بۇرۇت يىگىت سۆزلەيتتى. سۆزلىگەندىمۇ خۇددى مەيلىنى تارتماقچى بولغان ئايال ئالدىدا سۆزلىگەندەك قاش - كۆزىنى ئويىنىتىپ، زوق - شوق بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ بىردە قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، بىردە تىڭشىغۇچىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، بىردە تىڭشىغۇچىنىڭ بۇرۇن - قۇلاقلىرىنى چىمدىپ - سوزۇپ قويۇپ، بىردە كۈلۈپ قويۇپ ھەر خىل ئاۋازدا ھەييارلىق بىلەن سۆزلەيتتى.

تىڭشىغۇچى سەت، قوپال، پاسكىنا كىيىنگەن، قارىماققا ئەللىك ياشتەك كۆرۈنىدىغان ئادەم سارغايغان شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، يوغان ئاغزىنى ئېچىپ ئۈنسىز، ئەمما ھاياجان بىلەن كۈلەتتى. خۇشاللىقتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆرۈمسىز قامىتىگە تېخىمۇ كۆرۈمسىز قىلىقلىرى بىلەن «زىننەت» بەرمەكچى بولغاندەك غولىنى قورۇپ، مۈرىسىنى لىكىلدىتىپ، تۆگە تاپىنىدەك گۆشلۈك ئالقانلىرى بىلەن بىردە گەدىنىنى، بىردە شالاڭ

ساقاللىق ئېڭىكىنى، بىردە بولسا كونا ياغ قاپسىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان چاچسىز بېشىنى سىلاپ قوياتتى.

— خوش بول ئايدىڭۋاش! — دېدى سۆزلىگۈچى تىڭشىغۇچىنىڭ گەدىنىگە شاپىلاقداپ، — سۇلتان پاشا بولىدىغان بولدۇڭ. تىراكتور ئال. يا بولمىسا رېزىنكە چاقلىق هارۋىدىن ئۈچنى ئال. شەھەرگە توي تارتىپ كىرىپ قىز كۆچۈرۈپ چىقىمىز. چاقچاقان دۈيجاڭغا چاپ!

— ئەمما لېكىن... — دېدى تىڭشىغۇچى بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، — جىق ياخشىلىق قىلدىڭ، هېكىم ئاداش...

— ياخشىلىقنىڭ چوڭىنى ئەمدى قىلارمەن، — دېدى هېكىم جىددى قىلىپ، — قۇباق تازىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىم. تويۇڭ تۈگىگىچە مېنى «دادا» دەمسەن سىلىقىمباش! ماڭ يۈگۈر، پاخلىنىڭنى بىرىنىڭگە ئاپىرىپ سوي، مەسلىھەت چېيى بېرىمىز. ئەپكەل يانچۇغىڭدىكى پۇلنى، شەھەردىن قىز ئىگىلىرى چىقتى. ئۇلارغا بىر نىمە قويىمىز. تاتلىق-تۇرۇم، هاراق، كۆكتات. ۋاي-ۋۇي، ئەللىك سوم يەتمەيدۇ. بوپتۇ قالغىنىغا ئاكاڭ بار. ماڭ چاپ، نىمە تۇرىسەن!

قۇباق ئىسمىلىك ئادەم تۆش يانچۇغىنى ئۇزاق كولاپ بىر سىقىم پۇلنى ئالدى. هېكىم ئۇنىڭ سۇس تىترەۋاتقان بېخىل ئالقىنىدىكى پۈتۈن ۋە پارچە-پۇرات پۇللارنىڭ هەممىسىنىلا يۇلۇۋالدى-دە:

— پايدىنى كۆرسەڭ بۆرگىدەك چاققان، زىياننى كۆرسەڭ سازاڭدەك لايغەزەل نىمسەن-دە! پۇل خەجلىسىلا زىيان بولىۋەرمەيدۇ. بەزىدە پايدىغا خەجلەيسەن، بەزىدە زىيىنىغا. ئەقلىڭ يەتمىگەن ئىشقا باش قاتۇرما. ئۆيلىنىش ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ پايدا. ئالقىنىڭنى يوغان ئاچ، بانكىنىڭ چەك-پەكلىرىنى ماڭا بەر، هىساپنى تويدىن كېيىن قىلىمىز. ماڭ يۈگۈر،

مېنىڭ دېگىنىمنى قىل!
ھېچكىم ماگىزىن تەرەپكە، قوۋاق ئۆيىگە ماڭدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۈلەتتى. بىرى دانالىغىدىن، يەنە بىرى گال-ۋاڭلىغىدىن خوشال ئىدى. ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى.
قوۋاقنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى بىرنەچچە قۇر گەپ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا بايان قىلىپ ئۆتەيلى.
قوۋاق ئۆيلىنىدۇ! قوۋاق مانا بۇنى ئويلىسىلا ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مانا ئەمدى ئاتا-ئانىسى ئارزۇلاپ چوڭ قىلغان بىر قىز ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرىيى بولىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، كۆڭلىنى ئاچىدۇ، ھالىغا يېتىدۇ. ئۇنى ئىنسانلار ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ «سىز» دەيدۇ، ئەمدى شۇ ھەمرىيى بىلەن ئۆز ئۆيىنى ئاۋات قىلىدۇ: باشقىلارنىڭكىدەك ئۇنىڭ تۇر-خۇنىدىن قويۇق ئىس، ئۆيىدىن مېزىلىك غىزانىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. كالىسى قەرەللىك مۆرەپ، توخۇلىرى قاقاقلاپ تۇرىدۇ. قازان بېشىنى ئۆمچۈك تورى باسمايدىغان، ئۆيىدىن بىخسىپ تەر پۇرىقى چىقىپ تۇرمايدىغان بولىدۇ. مانا بۇنچىلىك چوڭ خوشال-لىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئالقاننى چوڭ ئېچىپ پۇل خەجلىشى، زىيانغا قاپاق تۇرمەسلىكى لازىم.
لېكىن تېخى قىز بىلەن دىدارلاشمىدى. دىدارلاشماي ئۆيلۈك بولۇشقانلار ھامان بىر بىرىنىڭ چىراي-شەكلى، يېشى، مىجەز-خۇلقى، خۇي-پەيلى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرۈشى-دىكەن. قوۋاق نىمشقا سۈرۈشتۈرمىدى؟ ياق، قوۋاق سۈرۈشتۈر-مەيدۇ. سۈرۈشتۈرمەن دەپ يالتايتىپ قويسۇنمۇ؟ ھەممىلا ئادەم-نى ئۆزىدىن ئۇستۇن ھىساپلاشقا، ئۆزىنى ھەممىلا ئىشتا باشقىلار-دىن ناچار ھىساپلاشقا ئادەتلەنگەن بۇ ئادەم ئۈچۈن يۇقۇرقى سۈرۈشتۈرۈشلەر زىيانلىق. بۇنى قوۋاق ھېس قىلالايدۇ. ھېچكىم ھەر ھالدا لايىق دەپ بىر قىزنى تاپتى، مانا بۇ قوۋاق ئۈچۈن چوڭ خوشاللىق. يىگىرمە يىلدىن بېرى قانچىلىغان قىزلارنى

خىيال قىلمىدى؟ لېكىن خىيالدىن تۇرمۇشقا قەدەم تاشلاشقا
ئەدى نۆۋەت كەپتۇ. مەيلى، كېچىككەن بولسىمۇ ئاخىر كەپتۇ.
بۇ ئامەتنى قاچۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. قۇباق ئۈچۈن باشقا
شەرتلەر ئارتۇقچە. بىرلا شەرت بار — ئۇ قىز قۇباققا قانداق
قارارىكىن؟... هازىرغىچە بىرمۇ قىز كۆز قىرىنى سالمىغان، كۆرۈمـ-
سىز، ھەتتا ئاياللار چۆچۈگۈدەك چىرايى بار بۇ ئادەمنى ياراتقان
قىز قۇباق ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ گۈزەل (ئەيىۋى بولسىمۇ مەيلى)،
ئەڭ پاكىز (ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۈزىنى يۇسىمۇ مەيلى)، ئەڭ
ئەقىللىق (ئۇندىن يۇقۇرى تاق سانلارنى قوشالمىسىمۇ مەيلى)
قىز ھېساپلىنىدۇ. مانا بۇنداق قىز ئۈچۈن قۇباقنىڭ جېنى
پىدا.

ئۇ شىرىن خىيال بىلەن ئۆيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، كەينىگە
قايرىلىپ پات-پات ھېكىمنىڭ كەينىدىن قاراپ قوياتتى. خۇددى
ھېكىم ھازىرلا قايتىپ كېلىپ: «چاخچاق قىلدىم، ساڭا نەنىڭ
قىزى!» دەيدىغاندەك ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ھېكىمنىڭ قارىسى
يوقالغىچە قاراپ تۇردى. ھېكىم دوقمۇشتىن ئەگكەندىن كېيىن
مۈرىسىنى كۆتىرىپ قويۇپ ئۆزىچە كۈلدى ۋە بېشىنى ئېغىتىپ
پىچىرلىدى:

— دانا دەپ سېنى دىسە بولىدۇ ھېكىم! سەن مۇشۇ ئىپپىڭ
بىلەن تاشلىقتىن ئالتۇن ئالالايسەن، توخۇمغا تۈك ئۈندۈرەلەيسەن.
ۋالىمكام سېنى بىكارغىلا ئالىقاپ، ساختا، لولى دەپ تىللىغان
ئىكەن. سېنى رازى قىلىمەن، بالاڭغا قوزا، خوتۇنۇڭغا قوي
يېغى، ئۆزەڭگە بادىرا بېرىمەن!...

ئۇ ھويلىسىغا ھىجىيىپ كىرىپ كەلدى. ئازادە، لېكىن
قوي مايىغى، كالا تېزىگى، ئەخلەت-چاۋا بىلەن تولغان ھويلىدا
ئۈستىخان غاجاۋاتقان ئىتتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.

ياز ئايلىرى تەبىئەتكە گۈزەللىك، ئىنسانغا بايلىق تەقدىم
قىلىدۇ. بۇ بايلىقتىن قۇباقمۇ قۇرۇق قالمىغان: ئوتياشلىقتىن

سېسىغان پەمىدۇر - لازا پۇرىقى كېلىدۇ، ھورۇن خوتۇننىڭ چېچىدەك پاخماق، چاتالمىغان ئۈزۈم بارىڭىدا ھەرىلەر غۇڭۇلدايدۇ، ئېغىللاردىن چىلە پۇرىقى كېلىدۇ. باراڭ ئاستىدىكى داق يەرنىمۇ ئەمەن باسقان، يازلىق ئوچىقىغا بىرلالما قانجۇق كۈچۈكلىگەن. ئوگزىدىكى قارىداپ كەتكەن سېسىق سامان ئۈستىدە ياۋا مۈشۈك قۇشقاچ ئۈگىسىنى مارىلاپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا قالغاچلار نالىزار قىلىشىپ ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. مانا بۇلار قۇۋاقنىڭ بايلىقى ۋە قۇۋاق ھويلىسىغا سېخى ياز ئائىلىسى تەقدىم قىلغان گۈزەللىك...

ئۇ مەقسەتسىزلا ئۈچ ئېغىز ئۆيىنى ئارىلىدى: ئۇنىڭ تاپقان تەگىنى توپا - چاڭ، ئۆمۈچۈك تورلىرى ئارىسىدا قالغان چاڭ ساندۇق ئۈستىدە قاتلاق - قاتلاق كىگىزلەر، ئەستىرى مايلاشقان چىت يوتقان، ماي تۇلۇمىغا ئوخشاپ قالغان ئىككى دانە سامان ياستۇق، چاڭ باسقان قازان بېشىدا يۇيۇقسىز قاچا - قومۇش، بۇلۇڭدا باش قوناق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن قوي يۇڭى، كېپەك يېنىدا چاشقان تارتىپ چىقارغان سېغىز توپا، چالا ئاشلانغان تېرىلەر... ھەم دۆملەنگەن دەرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرى خىرەلەشكەن، كۆن تۆرى پەقەت مۈشۈ ئۆيلەرگىلا ئېقىپ كىرىشتىن يالتايغان بولسا كېرەك، ئۆيلەر قاڭسىق ۋە دىمىق ئىدى...

قۇۋاق ھىجايدى: «تۈزەيدۇ، مەن تاپىمەن، ئۇ تۈزەيدۇ، ھەممىسى رەتكە چۈشىدۇ»—دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ تۇلۇق تاشنى مىلىۋېلىپ قىڭراق بىلەۋاتقاندا ۋالىم گەكىسى ھويلىغا كىرىپ كەلدى:

— ھە خوشنا، قوي سوياەسەن نىمە؟—دېدى ئۇ دىخماق قوللىرى بىلەن قىسقا، لېكىن بۇقىنىڭكىدەك توم بىلىگە تايىنىپ تۇرۇپ، — كېچىچە ئىشەك توسۇدۇم. بولمىسا ھويلاڭنى بىت - چىت قىلىۋېتەتتى ھاراملار.

قۇباق خوشنىسنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە گەجگىسىنى سىلاپ، بىردە ئوڭ، بىردە سول پۇتىغا يۆتكىلىپ غولىنى قورۇپ قويۇپ ھىجايدى. ۋالىم ئۇنىڭ بىر يېڭىلىق ئېيتماقچى ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە:

ـــ ھە، لايىق تاپتىڭمۇ يە؟ــــ دەپ سورىدى. قۇباق چىللىماقچى بولغان خورازدەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ تەسلىكتە:

ـــ ھە ـ ئە...ــــ دەپ بېشىنى ئېغىتتى.

ـــ نەدىن؟ ـــ ۋالىمنىڭ مېكىيان پۆپەچىگىدەك غۇژمەك، ئۆسكەلەڭ قاشلىرى كۆتىرىلدى ـ دە، يوغان، چېقىر كۆزلىرىدە كۈلكە پەيدا بولدى.

ـــ شەھەردىن ...

ـــ ھە ـ ھە، قالتىسقۇ!

ـــ بۇگۈن مەسلىھەت چېيى ...

ـــ مانا يېڭىلىق، نەدە؟

ـــ ھېكىمنىڭكىدە...

ـــ ھېكىمنىڭكىدە؟ــــ ۋالىمنىڭ قاشلىرى كۆتىرىلدى ـ دە، چېقىر كۆزلىرىدە سوئال ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇ قويۇق چا بۇرۇتىنى سىلاپ:

ـــ تېگىنى ئۇققانسەن؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ياق ...

ـــ ئىسمى نىمكەن؟

ـــ سورىمىدىم ...

ـــ ئاتا ـ ئانىسى، نىمە قىلىدىغىنى، شەھەرنىڭ قايسى بۇلۇڭىدا تۇرىدىغىنى... ھېچنىمىسىنى سورىمىدىڭمۇ؟

ـــ ياق ...

ـــ ئەخمەق، بىر ئادەم ئېشەك سېتىۋالسىمۇ چىشىغا قاراپ، مىنىپ بېقىپ ئالىدۇ، بۇ دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا ...

ـــ ھېكىمگە يارىغاندىكىن ...

— ھەم ... — دېدى ۋالىم بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئويلانغان ھالدا، — ھېكىمدە ئېلىشىڭ بارغۇ - ھە؟

— كارى چاغلىق. ئىككى يۈز تەڭگىدەك بار ...

— باشقا ئادەمگە سۇنۇق تىيىنلىك ئۆتۈپ قالسا بوسۇغىسىنى تېشىۋېتىسەن. ھېكىمگە ئەجەپ كەڭ قوللۇق قىپسىنا؟ ئۇنى ئاز دەپ ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشىنى قىلىسەن. سېنى ئۆيلەيمەن دەپ ساختا قىلىۋالمىسۇن - يەنە!

— ھى - ھى - ھى ... لايىق تېپىپتۇ - لايىق!

— ئەخمەق! — دېدى ۋالىم خاپا بولۇپ، — ساڭىمۇ ھېكىمدەك بىر لەمگۈت① لايىق ...

## بوزەك

بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ،
قىيامەتتە سورىقى بار.
(خەلق ماقالىسى)

ۋالىمنىڭ ئەندىشىسى بىكار ئەمەس؛ يېقىندىن بۇيان ئۆگەنگەن تايىدەك يۇۋاش، شىياۋدۇيىنىڭ تاغىل ھۆكۈزىدەك قاۋۇل، جۇۋاز ئېتىدەك سەۋىرچان — كۆتىرىشلىك قوۋاقنى ھەممىلا ئادەم ئىشقا سالالايدۇ، تىللىيالايدۇ، خالىغانچە بوزەك ئېتەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەقىلسىزلىقىنىڭلا مەھسۇلى ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىنسابسىزلىقىمۇ بۇ ئىشتا بىر مۇھىم سەۋەپ. مەسىلەن، ئەر كىشىلەر ئازراقلا ھەق بېرىپ ياكى ھەق بەرمەيلا قوۋاقنى بىر - ئىككى كۈن ئىشلىتەلىسە، ئاياللار خۇددى قورا خىزمەتچىسىدەك ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇيالايدۇ. ئۇنىڭ كالىسىنى سېغىپ ئەپچىقىپ

① لەمگۈت — ئانىسىنى ئەمگۈزمەسلىك ئۈچۈن قىسىرەندە (ئىككى ياشلىق موزاي) نىڭ بۇرنىغا سېلىنىدىغان چۆلۈك.

كېتىدىغان، كۆكتاتلىرىنى ئۈتەكلەپ توشۇپ كېتىدىغان، قاچا ـ قو ـ
مۇش ياكى قولغا چىققۇدەك مۆلۈكلىرىنى بېقىۋالىدىغان ئايالار بۇ
مەھەللىدە خېلىلا كۆپ. قۇباق تارتقان زىيىنىنى بىلىدۇ، ئىچى
ئېچىشىدۇ، لېكىن چىش يېرىپ بىرسىگە قاتتىق گەپ قىلىشنى
نومۇسلۇق ئىش ھېساپلايدۇ. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ۋە چىرايىنىڭ
تەتۈرىسىچە، مىجەزى بالىدەك ساددا، قىزلاردەك تارتىنچاق، بالا
ئالدىدىكى ئانىدەك ئاق كۆڭۈل، تال چىۋىقتەك مۇلايىم ... ئۇ
قاتتىقراق بوزەك بولغان چاغلىرىدا ۋالىمغا كېلىپ ھال ئېيتىدۇ.
سەۋىۋى بۇ پاناسىز يېتىمنى كىچىگىدىن تارتىپلا ئاشۇ ۋالىم
ھىمايە قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ۋالىمغا پانا تارتىپ،
دادىسىنىڭ قالغان خېلى ئوبدانلا جايىنى ھازىرقى مۇنۇ ناچارراق
جايىنى باشىمۇ ـ باش تېگىشىۋالغان. ۋالىم ھازىرمۇ قۇباقنىڭ ھەر ـ
بىر قەدىمىگە زەڭ قويۇپ تۇرىدۇ. خاتا باسقان قەدىمىنى تۈزەش ـ
تۈرۈپ خۇددى ئىشىگى ئالدىدىكى كۆچەتنى ئاسرىغاندەك قۇباقنى
ئاسرايدۇ، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ياقا يىرتىدۇ، بىرلىرىگە قاتتىق
قاتتىق گەپمۇ قىلىپ قويىدۇ، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ۋالىم قۇ ـ
باقنى تولۇق ھىمايە قىلىپ كېتەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ھېكىم ساختا
قۇباق بىلەن دوستلاشقاندىن بېرى قۇباق ئۆزىنى ۋالىمدىن قاچۇ ـ
رىدىغان، ئۇنىڭغا ئانچە ھال ئېيتمايدىغان، مەسلىھەت سالمايدىغان
بولۇۋالدى. مانا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ۋالىم ھېكىم بىلەن دېيىشىپمۇ
قالدى، لېكىن قۇباقنى ئۆزىگە قارىتىۋالالمىدى. ھېكىم ۋالىمنىڭ
كۆزىچىلا قۇباقنى ئىشلەتمەكتە، پۇل، ئاشلىق، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى
يالغان ـ ياۋداق ۋەدىلەر بىلەن ئېلىۋېلىپ يۇنۇپ يىمەكتە ئىدى.
مانا ئەمدىلا ۋالىم قۇباقنى ئەس ـ ھۇشلۇقراق بىر يەردىن ئۆيـ ـ
لەش ئۈچۈن يول مېڭىپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقاندا ھېكىم
چاقىقان چىقىپتۇ. قۇباق بۇگۈن مەسلىھەت چىيىپ بەرمەكچى!
ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

ۋالىم قۇباقنىڭ ھويلىسىدىن روھسىز ھالدا قايتىپ چىقتى.

قوۋاقچۇ؟ ۋالىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئۆزىچە سۆزلىدى: «ھەي ۋالىمكا، سەنمۇ ياخشى، لېكىن ھېكىمدەك چاققان ئەمەسسەن، يول بىلمەيسەن. سەن ماڭا ئۈچ بالىسى بار تۇل خوتۇن تاپقان بولساڭ، ھېكىم قىز تاپتى. سەن مېنى كەچكىچە دۆيگىلا ئىشلە دەيسەن، ھېكىمچۇ؟ ماڭا شەھەر كۆرسەتتى، خاڭدا ئىشلەپ پۇل تېپىشنى، تاپقان پۇلنى چىڭ تۇتۇشنى، باشقىلارغا قەرز بېرىپ ئۇنى قانداق ئۇندۇرۇۋېلىشنى... ھەممىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭ بىلەن قىلغان ھەممىلا ئىشىم ئوڭدىن كەلدى. سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلىپ ھېچ پايدا تاپالمىدىم. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ ...»

قوۋاق يەرگە ئىشلەپ ھالال تەرنىڭ مەھسۇلىدىن خۇشاللىق تاپىدىغان دېھقانلار قاتارىدا چوڭ بولدى. ئېرىق چېپىپ، ئات بېقىپ، باغ-باغلاپ، تولۇق ھەيدەپ ئادەم بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن ئوما ئورۇپ، باغ تارتىپ، ساپان تۇتۇپ، تام-سوقۇپ، سۇرۇق سۇرۇپ، ھارۋا ھەيدەپ بىرمۇ ئادەمنى ئالدىماي، يالغان سۆزلىمەي، گەدەنكەشلىك قىلماي ئىشلەپ، كۆپ تاپسىمۇ، ئاز تاپسىمۇ، قانائەت قىلىپ، ئات مىنگىنىگە خۇشال بولۇپ، سۈيقاش ئىچكىنىگە رازى بولۇپ تونۇر بېشى، ئۆگزىلەردە، كالا، قوي، ئوغاق دېگەندەك ئۆزىگە تونۇش نەرسىلەر ئۈستىدە ئۆزلىرى خوش بولىدىغان دېھقان پارىڭىنى قىلىشىپ، شۇ يېزىنىڭ سۇۋادان تېرىگىدەك تۈز، بۇلاق سۈيىدەك تازا ئۆسۈپ ئەر بولۇپ يېتىلدى. ئەر بولۇش بىلەنلا تۇرمۇشنىڭ قايىنىمىغا شۇڭغىدى. ئۆزى يول تېپىپ مېڭىشقا، باشقىلارغا ئوخشاش تۇرمۇشتىن جىتراق لەززەت ئېلىشنىڭ كويىدا چېپىشقا توغرا كەلدى. تۇرمۇش يولى تۈز بولمايدىكەن، ئۇنى نە-نەلەرگە چاپتۇردى، نە-نەلەردە قاڭقىتتى، نە-نەلەردە كۆلدۈردى، ئۇ باشقا دېھقانلاردەك تۇرمۇشنىڭ ئەتىۋالىشىغىمۇ، زەربىسىگىمۇ ھەتتا جازاسىغىمۇ ئۇچرىدى. ۋالىم دائىم ئۇنىڭغا: يۇمشاق بول، قىل دېگەننى قىل، ئېغىر ئىشتىن قاچما، يالغان

ئېيتما، ئاجىزنى بوزەك قىلما، كىشىگە ھەققىڭنى يىگۈزمە، دىگەندەك گەپلەرنى جىكىلەپ تۇردى. لېكىن ۋالىمنىڭ دىگەنلىرىنى قىلىپ ئۇ پايدا تاپالمىدى. جىق ئىشلىدى، ئاز ئارام ئالدى، كۆپ زىيان تارتتى، ئاز پايدا ئالدى. ھاياتتا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇمۇ يالغانچىلىق ۋە ياسالمىلىقىنى ئاز - تولا ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرى تاشلاندۇق پىچاقتەك كارغا كەلمەس بولۇپ قالغان نەرسىلەر ئىدى. قوۋاق بۇ نەرسىلەر بىلەن پايدا تاپالمىغان، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداپ قالالمىغان بولسىمۇ، ئۇ ھامان بۇ نەرسىلەرنى چۆرۈۋەتمىدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يىگىلىك ئىدى. مانا مۇشۇ يىگىلىكلار ئۇنى ۋالىمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ھېكىمگە يېقىنلاشتۇردى. چۈنكى ساپ، سەممىي بولۇش، يۇۋاش بولۇش قوۋاققا زىيان كەلتۈرگەن چاغلار كۆپ بولدى. ئۇ ھىيلە، ساختىلىق بىلەن يېنىك ۋە كۆڭۈللۈك كۈن كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆردى ...

ئۇ بىرىنچى قېتىم ھېكىمگە ئەگىشىپ ئېغىر ئىشتىن قاچتى. ئۇ دىخانلار بۇغداي تېرىپ، كۈنجۈرە ئارىلاش قوناق يىگەن، ئۆي تۈتۈپ قازان ئاسمىغان، سوقا - ساپان بار تۇرۇپ يەرنى كەتمەن بىلەن ئاغدۇرغان يىللار ئىدى. تاڭ سەھەردە داڭ ئۇرۇلاتتى. جاپالىق ئىشلەشكە چىقمىغانلارغا بىر كۈنلۈك تاماق بېرىلمەيتتى. قوۋاق داڭنى ئاڭلىماي قالماي دەپ چالا ئۇيقۇ تاڭ ئاتقۇزاتتى. ئىككى زاغرا، بىر جاۋۇر سۇيقاش ئۇنى ئۇيقۇسىز قويدى، ئىشتىن باش كۆتەرگۈزمىدى. ئېغىر ئىش، ئاچ قوساق يۈرۈش ئۇنىڭ جېنىغا پاتتى. ئۇ بىر كۈنى شۇ چاغدا دۈيجاڭلىق قىلىۋاتقان ۋالىمنىڭ ئۆيىگە كىردى:

— ۋالىمكا، قوناق ئوغرىلاپ يىمىگەن ئىككىمىزلا قالدۇق. ھەممە ئادەم قوناق ئوغرىلاپ كېچىسى سۆت ئېشى قىلىپ يەيدۇ، مەن قانداق قىلاي، قوسىقىم تويمايۋاتىدۇ.

— غەيرەت قىل، مە، مۇنۇ ئىككى ئاپىقۇر قايماقنى ئال، مۇنۇ بىر جاۋۇر قىزىلچىنىمۇ ئال، ئاپىرىپ يە، لېكىن داتلىما، زارلانما، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە كىردى:

— يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ بىر قات ئوغۇت، بىر قات توپا قىلىپ ئىشلەۋاتقان يالغۇزلا ئىككىمىز ئىكەنمىز، قىيىنچىلىق قاچان ئۆتۈپ كېتىدۇ، قوساق قاچان تويىدۇ؟

— ساڭا يەر، ئات، ئۆي بەرگەن ھۆكۈمەت سېنى ئاچ قوياتتىمۇ سارالڭ، غەيرەت قىل!

لېكىن بۇ گەپلەر قۇباقىنىڭ قوسىغىنى تويغۇزالمىدى. بىر كۈنى ئۇ ھېچ چىدىمىدى - دە، شەھەردىن كۆچۈپ چىققان تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە يېرىم كېچىدە تاما بىلەن كىردى. تۇل خوتۇن ئىشىكنى تاقىۋېلىپ گۆش پىشۇرۇۋاتقان ئىكەن. قۇباقنى كۆرۈپلا ئەيىپلەشكە باشلىدى:

— شۇنچىمۇ بوزەك بولامسەن، شۇنچىلا كۈچۈڭ تۇرۇپ، ئاچ قالغىنىڭنى قارا! بىزنىڭ ھېكىمدەك بول، كۈچۈڭنىمۇ، ئەقلىڭنىمۇ ئىشقا سال، ئولتۇر، بۈگۈن گۆشكە بىر تويۇۋال، ئەتىدىن باشلاپ دۆينىڭ كەتمىنىنى ئاز چاپ، ھېكىمنىڭ كەينىدىن كۆپرەك چاپ! — دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ ھېكىمگە ئەگىشىپ شياۋدۈينى تاشلاپ خاڭغا قاچتى. مانا ئۇ ئۇنىڭ ساختا يولغا ماڭغان بىرىنچى قەدىمى ئىدى. ئۇلار خاڭدا تويغىچە تاماق يېدى، ئىسسىق ئۇخلىدى. كۈنىگە بەش - ئالتە كويدىن پۇلمۇ تاپتى. يازدا — خاڭ توختىغاندىلا ئۇلار مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنى ئەيىپلەيدىغان ۋالىم دۈيجاڭلىقتىن قالغان، لېكىن «ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق» تېخىچىلا بار ئىدى. پۇلنى قۇباق تاپتى. تىزگىننى ھېكىم تۇتتى، ئۇلار مال قىلدى، ئۆي - ۋاقى قىلدى. مەھەللىنى ھەيران قالدۇردى. بىر كۈنى ھېكىم قۇباققا:

— مەن ئاۋۇ شەھەردىن كۆچۈپ چىققان سەمەت داڭداڭنىڭ قىزىنى ئالىمەن. ئەكە، ئاشقان پۇلۇڭنى! — دېدى.

— ئەللىك تەڭگەم قالدى!

— ئەكەلگىن!

— ئۇ قىزىنى ساڭا بېرەمدۇ؟ — دېدى قۇباق ھەيران بولۇپ، — نى-نى ئەپەندىلەر، كادىرلار ئالالمايۋاتسا...

— كۆرىسەن. مېنى بىكارغا ھېكىم ساختا دېمەيدۇ، ئۈچ-تۆت كۈندىلا ئاتا-ئانىسىنى ئىندەككە كەلتۈرىمەن.

ئارىدىن ئۈن كۈن ئۆتمەيلا ھېكىم ساختا سەمەت داڭداڭنىڭ تىرناقتا توختايدىغان، ئۈن سەككىز ياشلىق چىرايلىق قىزىنى توي قىلىپ ئالدى. توي قىلغاندىمۇ جۇۋان تويىدەك ئاددىلا توي قىلدى. قۇباق ھەيران قېلىپ ھېكىمدىن سورىدى:

—قالتىس سەندە! قانداق قىلدىڭ ھوي؟

— ساختا قىلدىم! — دېدى ھېكىم كۆرەڭلەپ، — شەيتاننىڭ كۆزىگە توپا چاچىدىغان ساختىپەز تۇرسام بۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيتتىمۇ؟ سېنىڭ پايەك بېشىڭدا بۇنداق ئەقىل نىمە قىلسۇن؟ سەن خاڭدا ئىنجىقلاپ كۆمۈر ئەپچىقىپ، ئاران بەش-ئالتە كويغا ئىشلىدىڭ. مەنچۇ؟ دازادى، ماشىڭدى① بولدۇم، لېكىن سېنىڭدىن جىق پۇل تاپتىم. بىلىپ قوي، سېنىڭ قارا كۈچۈڭنى مېنىڭ ساختىلىغىم يېڭىدۇ. كۈچتىن ئەقىل غالىپ. ھەممىدىن ھىلە-نەيرەڭ كۈچلۈك، بۇنى قاملاشتۇرالمىساڭ بوزەك بولغىنىڭ بولغان!

— داڭداڭنى قانداق جايلىدىڭ، ئېيتقىنا ھوي!

— ئاسان! — دېدى ھېكىم ئايلىسى — چىرايلىق قىزچاقىقا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — قىزىنى ئۇناتقاندىكىن دادىسى نەگە باراتتى!

— ئۆلۈك! — دېدى قىز يالغان خاپا بولۇپ ۋە قاپاقلىرىنى

① خاڭدىكى ئىش-تۈرلىرى.

سوزۇپ، — ئالدامچى!

— ئېيتقىنا قانداق ئالدىدىڭ؟ — قوۋاق بۇ ئىشقا راستلا قىزىققان ئىدى.

— قەغەزنى ئون سوملۇققا ئوخشىتىپ قىيدىم، — دېدى ھېكىم كۈلۈپ، قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ، — ئىككى چېتىگە سەن بەرگەن ئەللىك سومنى ئېلىپ ئوتتۇرىسىغا قەغەزنى جايلاپ ئۈچ مىڭ سوم قىلىپ كاللەكلىدىم. بىر پېچەت پۇلنى يانچۇققا سېلىپ قويۇپ سەمەت داڭدىڭنى ھاراققا تەكلىپ قىلدىم. ھاراق، پۇل دېسە قولىنى كېسىپ سېتىشتىن، كۆزىنى ئويۇپ بېرىشتىنمۇ يانمايدۇ ئۇ. ئىچىپ بىرئاز قىزىغاندىن كېيىن ھېلىقى كاللەك پۇلنى جوزىغا تاشلاپ: «لايىق تاپ ئاكا! چىپىغىلا مۇشۇ كاللەكنى خەجلەيمەن!» دېدىم. ئۇ ئاۋال ئۆز قىزىنى ئويلايدۇ - دە، شۇ ئاخشىمىلا ئاپامغا ماقۇل جاۋاپ بېرىپتۇ. پۈتۈن تويلۇغى ئارىيەت، قوي سېنىڭ، گۈرۈچ بىلەن ماينىمۇ سەن تاپىسەن. بىكىرىغىلا ماۋۇ چىرايلىق قىز مېنىڭ بولدى. مانا ئەمدى سەمەت قېيناتام قىلتاققا چۈشكىنىنى بىلدى. نومۇس كۈچىدىن قەرزلىرىمنى ئۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ. ماجرا قىلاي دېسە قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئايايدۇ. بىلىپ قوي سىلقىماش، ساختىلىقنى بىلمىسەڭ قىزلارمۇ سېنى ياراتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى پىر تۇت، پېشىمگە چىڭ ئېسىل، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن!

راست، قوۋاق كۆزى بىلەن كۆردى: ھېكىم بىرىنچى بولۇپ خاڭغا بېرىپ جىق پۇل تاپالىدى. ئېغىزىنىڭ يېلى بىلەن تالاشتا قالغان ئېسىل قىزنى ئېلىۋالدى: «ساختا دېگەن لەقەم ئەيىپ ئەمەسكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ھېكىمگە چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، — كەتمەن چاپىمىز، سۇ تۇتىمىز، خامان سورۇيمىز، توپا - چاڭ، لاي - توپانغا مىلىنىمىز. لېكىن نېمىگە قول سوزساق شۇ بىزدىن قاچىدۇ. قولىمىز گەجگىمىزدىن باشقىغا يەتمەيدۇ. ھېكىمگە يېقىن بولسام زىيان تارتمايدىغان ئوخشايمەن ...»

شۇندىن باشلاپ قۇباق ھېكىمنىڭ سايىسى، پۇل تېپىپ بېرددغان، ئۆي ئىشىنى قىلىپ بېرددغان ئادىمى بولۇپ قالدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ ھېكىمنىڭ بېغىغا قۇرۇق تام سوقاتتى. ئوچىغىغا قالاش ئۈچۈن كۆشۈك بىلەن سېسىق سامان ياكى باغلاق قىلىپ شاخشۇمبا ئەكىلەتتى. ئارىلاپ دۈيدىن گۆش بېرىپ قالسا ئۆز ئۈلۈشىنى ھېكىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىراتتى. ھېكىمنىڭ ھويلىسىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچاتتى. ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېكىم ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئالىدىغان چىرايلىق قىزى، بولغۇسى تويى ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى توغرىسىدا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئاغزىنى تاتلىق قىلاتتى. قۇباق بەزىدە ھېكىمنى لايىق تېپىشقا ئالدىرىتاتتى. بۇنداق چاغدا ھېكىم مەھەللىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، شۇنىڭغا ئەلچى بولۇپ مېڭىۋاتىمەن دەيتتى. قۇباق بۇنىڭغا ئىشىنەتتى، شۇ قىز بار ئۆيىنى پىقىرايتتى، شۇ ئۆينىڭ ئىشىنى قىلاتتى، شۇ قىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈلتۈز ساناپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. كېيىن ئۇ قىز باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇپ كەتكەندە قۇباقنىڭ روھى چۈشەتتى. مەھەللە خەلقى ئۇنى ئاشكارىلا:

— ئالىدىغىنىڭنى تارتتۇرۇپ قويدۇڭغۇ! — دەپ زاڭلىق قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا روھسىزلانغان قۇباقنى ھېكىم ساختا يەنە روھلاندۇراتتى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا:

— قۇباق ئۇ قىزدىن يالتايدى، ئۇنىڭ لايىغى پالانچىنىڭ قىزى، — دەپ ئىككىنچى بىر ياخشى قىزنىڭ نامىنى ئاتايتتى. قۇباق بۇنىڭغىمۇ ئىشىنەتتى ۋە شۇ قىز بار ئۆيىنى ئايلىناتتى. ئايلار، يىللار مانا شۇنداق ئۆتتى. قۇباق مەھەللىنىڭ ياخشى قىزلىرىنى بىرمۇ-بىر ئۇزىتىپ بولدى. بۇ ئارىلىقتا ھېكىم ئىككى باللىق بولدى. ئۇنى ئارىلىقتا بىر قېتىم نىمە ئۈچۈنكى ناھىيىگە ئاپىرىپ سولىدى، مەھەللىدە كۈرەش قىلىدى. ئۇنىڭ قۇباقنى باشلاپ ئۇ ياققا-بۇ ياققا چېپىشىغا، قاقتى-سوقتى قىلىپ پۇل تېپىشىغا چەك قويدى. لېكىن قۇباق ئۇنى تاشلىمىدى. چۈنكى

ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى، كەلگۈسىدىكى تاتلىق تۇرمۇشقا بولغان
ئۈمىت رىشتىسى ھېكىمگە چىڭ باغلانغان. ئۇ ھېكىمنىڭ ئاشۇ
پەم - پاراستى بىلەن تۆگمەننىڭ نوسىدىن ساق چىقىپ يەنە
تالاي ئادەملەرنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىر يىلى ئۇلارنىڭ دۆيى يەنە نامراتلاشتى. بۇ چاغ 70 -
يىللار ئىدى. ھېكىم ئۇششاق بالىلىق، تۇرمۇشى ناچار، قۇباق
بىر جان - بىر تەن، پۇل - مېلى بار، تۇرمۇشى لەززەتسىز دوستا-
لار ئىدى. بىر ئاخشىمى ھېكىم قۇباققا:

— ھۆكۈمەت سېتىپ بەرگەن قوناقنى ئەكەپتۇ. ھەممىلا
ئادەم ئىسكىلاتتىن ئوغرىلاۋاتىدۇ. ئازراق ئوغرىلىساڭچۇ! — دېدى.

— ئوغرىلىسام ئوغرىلاي، ئەكە تاغارىڭنى! — دېدى قۇباق
دەرھاللا.

ئۇ كېچىسى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى ۋە تۆڭ-
لۈكتىن ئوڭايلا ئېسىلىپ ساڭغا چۈشتى. راستلا قوناق بار ئىكەن.
ئۇ تاغارنى قوناققا تولدۇردى. لېكىن ئۇ ئويلىمىغان ئىكەن.
تۆڭلۈكتىن قوناقنى ئەپچىقماق تۈگۈل ئۆزىمۇ چىقالمىدى. چۈشمەك
ئاسان چىقماق تەس، قۇباقنىڭ بۇ قېتىم ئۆگىنىۋالغىنى مۇشۇ
تەجرىبە بولدى. ئىلاجىسىز تاڭ ئاتقىچە قوناق ئۈستىدە ئېغىناپ
ياتتى. ئەتىسى بىر توقاي ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسكىلاتچى
ۋالىم كەلدى - دە، ئامبار ئىشىگىنى ئاچتى، مىشكاپىتىكى قوناققا
يۆلىنىپ ھەجىيىپ ئولتۇرغان قۇباقنى كۆرۈپ كۆپچىلىك قاتتىق
كۈلۈشتى.

— سەن خەق ئوغرىلىمىغانمۇ! — دەپ كۆپچىلىككە گۆلەيدى
قۇباق، — ھەممىڭ ئوغرى!

— ئوغرى بولسىمۇ ساڭا ئوخشاش تۇتۇلغىنى يوق! — دېدى
ئىش تاپالماي يۈرگەن خەلق ئەسكىرى پەيجاڭى ئىش تېپىلغىنىغا
خوشال بولۇپ، — قېنى مىشكاپنى كۆتىرىپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ!

— نەگە؟

— نەگە بولاتتى، دادۇيگە. بىر ئاي كېسەك قۇيسەن!

— سورىۋالايلى! — دېدى بىر بوۋاي قۇباققا چىمچىق كۆزى بىلەن قاراپ، — راستنى ئېيت قۇباق، سېنى ھېكىم ئوغرىلىققا سالدىمۇ - ھە؟ بولمىسا تىكەندەك بىر جىڭىڭغا ئوغرىلىق قىلمىساڭمۇ كۈنىڭ كېتىدىغۇ!

— راستىنى دە! — دېدى ۋالىم ئارىغا كىرىپ، — ھېكىمنىڭ ئىشى بۇ، ئۇنىڭ ئۆيدە ئاشلىق ئۈزۈلگىنى نىكەم، ئوغرىلاپ شۇنىڭغا بەرمەكچى بۇ، بىكار خەقنىڭ تايىقىنى يەۋالسەن قۇباق، راستىنى ئېيتىۋەت!

— ئۆزەم ئوغرىلىدىم! — دېدى قۇباق كىچىك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئوغرىلاپ ساتماقچىدىم!

— يالغان ئېيتما! — دېدى ۋالىم ئۇنى ئاقلاپ، — سەنمۇ ئوغرى ئەمەس. تۈز ئادەمسەن. ھازىرمۇ راستچىنىڭ پىچىغى گاللىشىپ، ساختىنىڭ پىچىغى كېسىدىغان بولۇپ قالدى. سەن جىڭىڭدا راست گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدىڭ. قوي يالغان گەپنى. سەن پۇلغا مۇھتاج ئەمەسسەن. مەن بىلىمەن، پۇلۇڭ جىق، سەن قەرزدار قىلمىغان ئادەم قالمىدىمۇ بۇ مەھەللىدە؟ يەنە كېلىپ سەن تېخى ئوغرىلىمىدىڭ، ئوغرىلىماقچى بولدۇڭ. كىم سېنى ئوغرىلا دېگەن، شۇنى دېسەڭلا بولدىغۇ!

— ئۆزەم! — دېدى قۇباق ئۆزىنى چاغلىماي مىكىيانىغا نوچىلىق قىلغان چۆجە خورازدەك كۆرەڭلەك قىلىپ، — ماڭا ھېچكىم ئۆگەتمىدى!

— بۇندىن بۇرۇنمۇ ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ؟ — خەلق ئەسكىرى پەيجاڭى، يېڭىلا ساقچى خىزمىتىدىن ئالمىشىپ كەلگەن يىگىت سورىدى.

— قىلغان! — يالغان گەپ بىلەن ماختاندى قۇباق.

— قانچە قېتىم؟

— ئون قېتىم!

— قانچىلىكتىن ئوغرىلىدىڭ؟
— قانچىلىك بولماقچىدى، ھەر قېتىمدا تىسكمۇ - تىسك بىر تاغار!
— يۈز كىلو كېلەمدۇ؟
— كەلمەيچۇ!
— بىر تونىنا ئاشلىق ئوغرىلىغانسەن، راستمۇ؟
— راست بولماي!
ئۇ خاتىرىسىگە بىر نىمىلەرنى يازدى ۋە قۇباقتا دەپتەرنى تەڭلىدى.
— مەيەگە قول قوي!
— قويسام قويدۇم! — ئۇ قولىنى باستى. پەيجساڭ خاپا بولۇپ ۋاقىرىدى:
— ھەي قوپال ھۆكۈز. ئىسمىڭنى يازمامسەن؟
قوباق ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھجايدى:
— ئۆزەڭ يېزىۋال، يۈز يەرگە يېزىۋال، سېرىق ماشكا!
— بېشىڭغا بالا تاپتىڭ قۇباق! — ۋالدىم بېشىنى لىڭشىتىپ غۇدۇڭشىدى. ئۇنىڭ غۇژمەك قاشلىرى چىقىر كۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ساڭگىلىدى.
شۇ كۈنى قۇباق بىر مىشكاپ قوناقنى كۆتىرىپ مەھەللىمۇ - مەھەللە سازايى قىلىندى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانلار كۆپ بولدى. ھەممىدىنمۇ كۆپ ئىچ ئاغرىتقان ئادەم ۋالىم بولدى. ئۇنىڭ كۆيە سۈركەلگەن، لېكىن ھەجىيىپ تۇرغان تۇرقىنى كۆرۈپ تېلىقىپ كۈلگەنلەرمۇ بولدى. ئەڭ تېلىققانلارنىڭ بىرى ھېكىم ساختىتا بولدى. قۇباق دادۇيگە بىر ئاي بىكىرغا كېسەك قويۇپ بەردى. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقانلاردىن قاچتى. ئۆزىنىڭ خورلانغىنىنى كۆرۈپ تېلىقىپ كۈلگەنلەرگە تېخىمۇ يېقىن بولدى.
قۇباقنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئوغرى» دىگەن سۈپەت

ئۆلاندى. ئەمدى مەھەللدە نىمىلا يوقالسا قۇباقىنى تۇتىدىغان بولدى. قۇباقمۇ بۇ ئوغرىلىقلارنى تانماي بوينىغا ئېلىپ تۇردى. ئەمدى ئۇ ئوغرىلارنىڭمۇ بوزىگى بولۇپ قالدى.

## توي

توي‌مىساڭ تويۇڭدا تويارسەن.
(خەلق ماقالىسى)

قۇباقنىڭ مەسلىھەت چېيى ھېكىمنىڭ ئۆيدە ھەشەمەتلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلدى. شەھەردىن چىققان، ئاغزىدىن ياخشى گەپ تېمىپ تۇرىدىغان بۇ مېھمانلار قۇباق تېخى كۆرۈپ باقمىغان قىزنى بىر بىرىگە گەپ بەرمەستىن ماختاشتى:

— چىرايى دىسەڭ — يېڭى ئېچىلغان گۈل! — دىدى بىرسى.

— قول ئىشىچۇ؟ ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، قولىمۇ گۈل!

— ئەخلاقىچۇ تېخى؟ قىز دەپ شۇنى ئېيتسا بولىدۇ!

كۆپچىلىك قۇباقنى تەبرىكلەشتى. ساددا سەپداشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن خوشال بولۇشتى. ئۇنىڭغا دۆيىدىن ئۈچ ئات قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋىدىن بىرنى ئاجراتتى. ھېكىم ئاتا بولۇپ ئايلى بىلەن تۆپىدە تۇرىدىغان بولدى، ئۇلار ھارۋىغا لىخشىتىپ توي راسكالىغى باستى. ھارۋىنىڭ كەينىگە تۆت ياشلىق توپاقتىن (ھۆكۈز) بىرنى باغلاپ، توي تارتىپ شەھەرگە ماڭدى.

قۇباق ئۈچ كۈن كىرىپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ — ئۇ ئۆيلىنىدۇ!

شەھەردە — ھېكىمنىڭ بىر تۇققىنىنىڭ ئۆيدە ھېكىم بىلەن سەمەت داڭدالڭ قۇباقنى ياسىدۇردى. ئۇنىڭغا چىبەرقۇتتىن ئۇستىۋاش، پاكىز كۆينەك كىيگۈزۈشتى؛ يېڭى ئۆتۈكنىڭ قونچىسىنى قايرىپمۇ، يېڭى شىلەپىنىڭ ئىچىدىكي قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى

كەيندىن چىقىرىپمۇ قويدى. قۇباق بازاردىن چۈچىلىك غىلاپ بىلەن پىچاق سېتىۋېلىپ ئۇنى پوتىسىغا ساڭگىلىتىپ ئاستى. پارچە پۇللارنى تۆش يانچۇغىغا سېلىپ پومپايتتى-دە، ئىككى كويلۇق كۆك پۇللارنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ قويدى. تۇجۇركا يانچۇغىدىنمۇ ئىپەك قولياغلىقنىڭ يېرىمى چىقىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ ئوبدان ياسانغاندىن كېيىن كۆز ئايلىرىنىڭ مۇشۇ ئۇزۇ-تۇلغۇسىز بىر سېخى كۈنىدە قىز بىلەن كۆرۈشتى. كۆز پەسلى ئەجەپ سېخى: ھاياتلىق كۆزدە تويۇنىدۇ، ئادەملەر، قۇرۇت-قوڭغۇزلارمۇ شۇنداق. ھەممىلا جان ئىگىسىنى رازى قىلغان ئىللىق كۆز پەسلىگە رەھمەت!

مانا شۇ كۆز پەسلى قۇباقنىڭ ئالدىغا مۇنۇ قىزنى ئېلىپ كەلدى: ياپىلاق يۈزى زاغرا يەڭلىگە ئوخشايدىغان، كۆزلىرى قىيغاچ، قاشلىرى يېپىلاڭغۇ، لەۋلىرى قېلىن بۇ قىز ئىككى پۇتىنى كارۋاتتىن ساڭگىلىتىپ، قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم ئولتۇراتتى. قۇباق قىزغا سىنچىلاپ قارىدى: قايرىما ياقىلىق چىبەرقۇت چاپاننىڭ غولى تارتىشقان، كالاچىسىز، ئەرلەرنىڭكىدەك ئۆتۈكى چالا مايلانغان، پايپىقى تىزىنىمۇ باسمىغان، كۆك گۈللۈك باسما ئىشتان پۇشقىقى پايپاق ئىچىگە تىقىلمىغان، ئىڭىكىدىن چىلك چىگىلگەن يىپ ياغلىق ئۇنىڭ ياپىلاق يۈزىنى پوسماق قىلىپ، قېلىن لەۋلىرىنى ئۇماق قىلىپ كۆرسەتتى. قىز قۇباققا ياقتى. ئەمدى گەپ قىلىشىلا قالدى، لېكىن قىز ئۈندىمەيتتى. «قىز بالىنىڭ كەم سۆز بولغىنى ياخشى» دەپ ئويلىدى قۇباق تېچلىق سورىشىپمۇ قويمىغان قىزنى ئىچىدە ئاقلاپ. گەپ باشلاش كېرەك. قۇباق تۈنۈگۈن ھېكىمدىن ئۆگەنگەن گەپلىرىنى يادىغا ئېلىشقا تىرىشتى، لېكىن ئۇنتۇپتۇ.

— ئىسمىڭىز ... — قۇباق ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. قىز قاراپمۇ قويماي ئىككى قولىنى يانچۇغىغا سېلىپ، ئالغاي كۆزلىرى بىلەن دەرىزىدىكى گىژدىلداۋاتقان چىۋىنگە قاراپ ئولتۇراتتى، قۇباق

قاردى. قىز ھېچ بولمىسا مېنىڭدا كۆلۈپ قويۇشى لازىم ئىدىغۇ؟ ئۇنىمۇ قىلمىدى.

— ماڭا ... ئۆزىڭىز خالىدىڭىزمۇ؟ — قوۋاق ئۆگەنگەن چىرايلىق گېپىنىڭ يېرىمىنى دېيەلىدى. قىزنىڭ چىرايىدا يەنە ئۆزگىرىش بولمىدى. قىز نە تارتىنىپ، تىرناق تاتىلاپ يەرگە قاردمىدى. نە ناز بىلەن پىسىڭگىدە كۆلۈپ قويمىدى. پومىساق لەۋلىرى يىلىملاپ قويغاندەك جىم، سوزۇنچاق كۆزلىرى ھېچ ئادەم يوق يەردە تۇرغاندەك بەقىيىت (پەرۋاسىز)، ئۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك قوۋاققا قاراپمۇ قويماستىن ئولتۇراتتى. قوۋاقنىڭ روھى چۈشتى. ئۇ ھودۇقتى. «مېنى ياراتمىدى ئەتىمالىم، بايا بىكارلا قىزنىڭ بارلىغىنى ئۇنتۇپ بېشىمنى سىلاپتىمەن. بېشىمنى كۆرۈپلا كۆڭۈلسىز بولدى. شەھەر قىزلىرى چىراي تاللايدۇ. ھەي، ئىسىت ... پۈتۈن بەختسىزلىك مۇشۇ چىرايدىن بولۇۋاتىدۇ. ئىسىت!» دەپ ئويلىدى قوۋاق.

— يېتىم ... يېتىمچىلىكتە ... مۇشۇنداق سەت بولۇپ قالدۇق، — قوۋاق خۇدۇكسىنىش بىلەن مالخېيىنى قولىغا ئېلىپ ۋە چاچسىز بېشىنى سىلىدى. «بۇنىڭ تۇرمۇشقا ئانچە تەسىرى يوق» دىگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، — تاز بولساقمۇ كۆڭلىمىز ...

لېكىن قىز يەنىلا ھېچ گەپ بولمىغاندەك قاراپلا ئولتۇراتتى. قوۋاق: ھەي باشقا بىرسىگە كۆڭلى بار ئىكەن، مېنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئولتۇرىدۇ. ئاتا-ئانىسى ماڭا زورلىغان ئوخشايدۇ، بۇنى يىغلىتىپ، قاخشىتىپ ئالغىچە بويتاق ئۆتسەم بولمامدۇ. ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگىچە بىرسىنى يىغلاتمىدىم، ھىلىھەم بولسىمۇ يېپىق قازان-يېپىق پېتى قېلىۋەرسۇن ...» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قىزغا شۇنچىلىك رەھمى كەلدىكى بېرىپ بېشىنى سىلىغۇسى، كۆزلىرىنى سۈرتكۈسى كەلدى: «ھەي خۇدايىم، نىمىشقىمۇ ماڭا دولۇپقىنا قارايدىغان بىر ئايال ياراتمىغانسەن؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئىچ-ئىچىدىن خورسىنىپ، — خېلى جىق قىزلارغا

كۆڭلۈم چۈشتى، لېكىن بىرەمۇ ماڭا قولىنى ئۇتقۇزمىدى، بەختـ سىزنى شۇنچىمۇ بەختسىز يارىتامسەن، ھېچ بولمىسا مۇنۇ يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرغان قىز بالا بولسىمۇ ماڭا چىراي ئاچسىچۇ ....»

ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكا ئورىدى، تاماكا چېكىشنى ئىككى كۈن بۇرۇنلا ئۆگەنگەچكە ئورىغان تاماكىسىنى چىشلەش بىلەن يىرتىلىپ كەتتى، ياندۇرغان سەرەڭگىسى قۇرۇق گېزىت قەغىزىگە تۇتاشتى، قالدۇق تاماكىلار ئاپپاق ياقىسىغا چۈشتى. قىز بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قۇۋاقنىڭ ياقىسىدىكى ئوتنى قاقتى. قۇۋاقنىڭ يوغان قوللىرى قىزنىڭ قوللىرىغا تەگدى.

ئايال كىشىنىڭ قولى! ئاجايىپ نازۇك ۋە سېھىرلىك بىر نەرسىكەنا؟ ... قۇۋاقنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر ئىللىق نەرسە ئاققاندەك، كىمدۇر بىرى سېھىر بىلەن ئۇنى غىدىقلىغاندەك بولدى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان بۇ لەززەتتىن قانغىچە ھوزۇرلىنىشنى خالايتتى، بىراق قىز كارۋاتتا ئولتۇرۇۋالغان، ئۇ ئەمدى قۇۋاققا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى. قۇۋاق شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، قىزغا ئۆزىنى تاشلاشتىن ئارانلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالىدى:

— ئەمدى ماڭا ... ئىختىيار قىلىد ... ڭىمۇ؟ — ئۇ قىزنى «سەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلدى.

— مېنى ئۇرماسسىز؟

— ساراڭمۇ سېنى ئۇرىدىغانغا ...

— قاۋۇل يامان ئۇراتتى ...

— كىم ئۇ قاۋۇل دېگىنىڭ؟

— مېنى قويۇۋەتكەن ھاراقكەشچۇ ...

قۇۋاقنىڭ يۈرىكى «جۇغ» قىلىپ قالدى. قىز ئەمەس، جۇۋان ئىكەن ـ دە، ھېكىم قىز دېۋىدىغۇ؟ ھېكىممۇ يالغان سۆزلەيدىكەندە ... يالتايسۇنمۇ؟ ياق، جۇۋان بولسىمۇ قۇۋاق تۇنجى قېتىم ئايال يۈزى كۆرۈۋاتىدۇ، قىزغا تېگىل بولۇۋېرىدۇ ...

— قاۋۇل دىگىننىڭ ياشىمىدى؟
— نەدىن بىلەي؟
— چىرايلىقمىدى؟
— چىرايلىقچۇن باشقا خوتۇنلار تارتىپ كەتتى - دە!
قىزنىڭ كۆڭلى بىكار يېرىم بولىمىغان ئىكەن - دە، ئەمدى بۇندىن كېيىن نىمە بولار؟ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇرۇپ قويىمايمەن دىگىلى بولامدۇ؟
— قاۋۇل سىنى مېنىڭدىن تارتىۋالسا قانداق قىلىمىز؟
— ۋايىيەي، ئالدىغا تاشلاپ بەرسىڭىزمۇ ئالمايدۇ، مېنى كۆرسە زاڭلىق قىلىپ كېتىدۇ تېخى، «هەي تۇدەك يۇگۇر، بىرىپ خوتۇنۇمنىڭ يۇندىسىنى تۆك، كولىنى ئال، بالامنىڭ يۆگىمىنى يۇ» دەپ كېتىدۇ — تېخى ...
— ئۇنداق ئادەمگە نىمىشقا تەككەنتىڭ؟
— چېقىلىپ قويغاندىكى ...
— چېقىلىپ دەمسەن؟ نىمىشقا گەپ قىلمىدىڭ؟
— بىنەمدە ئەرلەرنىڭ كەينىدىن باغ باغلاپ يۇرۇپ هېرىپ كەتتىم، خاماندىكى مەڭگەن ئۇستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، قاۋۇل يېرىم كېچىدە ... چېقىلدى ... ئۇ چاغدا كىچىك ئاپامغا ئېيتمىدىم. هېچكىم بىلمەيتتى، كىچىك ئاپامنىڭ قۇلىغىغا يېتىپتۇ. مېنى نوغۇچ بىلەن هارغىچە ئۇردى، شۇ كۇزلۇگى قاۋۇلغا چېتىپ قويدى.
قۇباقنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تىترىدى، بەدىنى مۇزلىدى.
هېكىمنىڭ قىز دەپ تاپقىنى ئۇز ئاغزى بىلەن نىمىلەرنى دەۋاتىدۇ - هە؟ ... قۇباق تېخى ئۇز هاياتىدا بىر ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان، تۇردىخان ئىسمىلىك مۇنۇ چوكان تېخى بەتنام بىلەن ئەرگە تەككەن تۇرسا، قانداقمۇ گۇلى - گۇلىگە كەلگەنلىك بولىدۇ، گۆهەرنى تاشقا ئۇردى دىگەن مۇشۇ بولۇپ قالماسمۇ؟ ...

— مېنى بىر يىل خوتۇن قىلدى، بەدەنلىرىمدە كۆك چۈش-مىگەن يەر قالمىدى، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تاياق، تاياق دەس-تىدىنلا بىر يىللىق نومۇرلىرىمنىمۇ بىربۇيىتىپ خېتىمنى ئالدىم... ئاپامدىن قالغان بىر قازان، ئىككى ياستۇق، بىر قۇراق كۆرپە، چۈكا سالغۇچنىمۇ بەرمىدى...

— كىچىك ئاپاڭ گېپىڭنى قىلمىدىمۇ؟

— نەدىكىنى، قاۋۇلغا بولۇشۇپ تىللىشىپ بەردى تېخى!...

— سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدىغان بىرى چىقمىدىمۇ؟

— ھەممىسىلا شۇنىڭكىنى راست قىلدى... ئۇ باشلىقلارنىڭ ئاغزىنى مايلاپتىدەك...

قىز بىردىنلا كۆزلىرىنى ياغلىغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇۋۇلاپ تۇ-رۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. قۇباقنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى: «گۇناسى نىمىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ھىسداشلىق قىلىپ، — ئەقلى-ھۇشى جايىدا، چىرايىمۇ بار ئىكەن، قىلغۇلۇقىنى ئۇ قىلىپ يەنە بۇ بىچارىگە جەۋرى قىپتۇ...»

ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان تۇردىخاننى بەزلەپ قويۇش ئۈچۈن قۇباق يوغان چامداپ كارۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. تۇردىخان مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى، ئۇ قوللىرىنى تۇردىخاننىڭ بېشىغا قويدى ۋە ياغلىغىنى تۈزىتىۋىدى، تۇردىخان بېشىنى قۇباق تەرەپكە سىلجىتتى، قۇباق ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، گۆشلۈك، يىرىك، يېرىلىپ-يېرىلىپ كەتكەن قوللارنى كەڭ، كىرىشتەك قاتتىق، ئۇ يەر-بۇ يېرىدە يېشىل داغلار ئويۇپ قالغان ئالقانلىرىغا ئالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوت ياندى. ئۇ كۈچلۈك بىلەكلىرىنى ئايالنىڭ بېلىگە تاشلىدى...

ھايات تولىمۇ لەززەتلىككەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر ئاچ-كۆز ۋە رەھىمسىز بولىدىكەن، مۇنۇ ئايال ئۆزىنىڭ پومساق لەۋ-لىرىدە، يىرىك، گۆشلۈك مەگزىدە قۇباق ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن لەززەت ساقلاپ قويۇپتىغۇ... ئوتتۇز سەككىز يىل دۇنيانىڭ

راھىتى بىر تەخسە لەگمەن، ئىسسىق يوتقان، پاكىز كىيىم ... دىگەن چۈشەنچە بىلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سىنىڭ قاۋۇل بەدەنلىرىڭنى ئېرىتىۋاتقان مۇنۇ ھارارەت نەدىن كەلدى؟ ... قۇباق، سىنى بىھۇش قىلىۋاتقان ئاشۇ ئايال ئۆز ۋۇجۇدىدىن ساقلىغان ھارارەت ـ مۇھەببەت يالقۇنى تەقدىم قىلىۋاتىدۇ، سەن ئۇنى قوبۇل قىل ۋە ھاياتىڭنى بۇندىن كېيىن مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈزگىن. ئىنسانلار بىر بىرىگە مۇھەببەت باغلىمىغان بولسا بۇ دۇنيا توڭغۇزدىمۇ مۇز، باھاردىمۇ قىش بىلىنگەن بولاتتى، مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ ... سەن قۇباق مانا بۇنى بۇرۇن بىلمىگەن ئىدىڭ، ئەمدى بىلىۋال، ئۆز مۇھەببىتىڭ بىلەن مۇنۇ يېنىڭدا ئولتۇرغان ئايالنى بەختلىك قىل! ...

قۇباق ئۇنى قۇچاقلىدى.

ــ بولدى، ھەي سىلىقىم، ئىنساپ قىل، قالغىنىنى تويدىن كېيىنگە ئاتاپ قوي!

قۇباق چۆچۈپ تاپىسىدا كۈلۈپ تۇرغان ھېكىمنى كۆردى.

تۇردىخان ئۆزىنى تۈزىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا نە رەنجىش، نە خىجالەت، نە قورۇنۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ھېكىم ئۇنىڭغا چاخچاق قىلدى:

ــ قانداق تۇردىخان، يىگىت يارىدىمۇ؟ چىرايلىقمىكەن؟

ــ چىرايلىقكەن، ئىسمى سەتكەن ... ــ ئايال كۈلۈمسىرىدى.

ئۆزىنى چىرايلىق دىگۈچىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان قۇباق ھوزۇرلىنىپ كۈلدى، ئۇنىڭ قىيىن كالپۇكلۇق ئاغزى كۈلگەندە قۇلىقىغا يەتتى، ساپ ـ سىرىق شالاڭ چىشلىرى ئىككى جاۋغىيىدىلا توپلانغان بۇرۇتلىرىغا زىننەت بولدى، قارىمۇتۇق يۈزىدىكى كىچىك كۆزلىرى ئۈستىدە قاش ئورنىدا ئۈنۈپ قالغان بىرنەچچە تال تۈكلەر قىمىرلىدى ... ئۇ چاچىسىز، تاقىر بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئىسمىم قۇرۋان ... ــ دىدى.

ــ ئەركىلىتىپ قۇباق دەۋالغان، ــ دىدى ھېكىم چاخچاق قىلىپ.

— مېنىمۇ تۇردىقىز دىمەي، تۇدەك دەيدۇغۇ - تېخى! — دىدى ئايال دەرھال ھېكىمگە قوشۇلۇپ.

— راسا تېپىشتىڭلار! — دىدى ھېكىم ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۇچۇن، — مەن قۇباقتا سىزدەك لايىق تاپالماي كەلگەن، يىگىرمە يىلدىن بېرى باسمىغان بوسۇغا، باش تىقمىغان ئىشىك قالمىدى... خۇدايىم ئاخىر سىزنى يەتكۈزدى، تۇردىخان كېلىن بولىدىغان بولدىڭىز، سىلەرنى رايونغا ئۆزەم ئاپىرىمەن، قېنى، يۈرۈڭلار ئەمىسە!

ئۇلار ئىككى قەغىزى ئېلىش ئۇچۇن رايونغا مېڭىشتى. قۇباق پۇل مۇئامىلىدىكى پىششىقلىغىنى بۇگۇنچە تاشلىدى. توي ئۇچۇن ھېكىمگە ئۈچيۈز كوي نەق پۇل تۇتقۇزدى. ھېكىم ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويۇپ:

— سەن خوتۇن ئالمەن دىگىلى يىگىرمە يىل بولدى، يىققان پۇلۇڭ ئارانلا مۇشۇما؟ ھەي پىخسىق، كېيىن غىڭشىما، مېنىڭدە ئىككى يۈز كوي ئېلىشىڭ بارغۇ، شۇنىمۇ قېتىپ خەجلەيمەن. ئاڭلىدىڭىزمۇ تۇردىقىز؟ تويىڭىزغا بەش يۈز كوي خەجلىنىدىغان بولدى!

## بەخت

تويدىن كېيىن قۇباقمۇ، تۇردىخانمۇ، ھېكىممۇ خوشال بولدى. ھېكىم مۇشۇ يول بىلەن ئىككى يۈز كوي قەرزىنى تۈگىتىۋالدى. قۇباق ئاياللىق بولۇپ قالدى. تۇردىخانچۇ؟ ئۇ ھەممىدىن بەختىلىك، ئۇ ئەمدى كىچىك ئانىسىنى خۇش قىلىش ئۇچۇن كەچكىرگىچە ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ يۈرمەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭ كەڭ - كۇشادە قوراسى، سېغىن سىيىرى، بېقىلىۋاتقان قويلىرى، كۆڭگەي پېشايۋانلىق ئۈچ ئېغىز ئۆيى، توخۇ - تۇمان، باغ - ۋارانلىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇردىخان ئوڭچى ئۆيدە قورۇنماي ئۇنى - بۇنى

قىلالايدۇ. ئۇنى قازان بېشىغا يولاتمايدىغان، نان ياقسا ئوت سېلىشتىن باشقىنى قىلغۇزمايدىغان، سېيىر سېغىش، كىر يۇيۇش، ئورۇن يىغىش، يىگنە ئىشى، ھەتتا باش تاراشلارنىمۇ ئۆزى قىلىدىغان كىچىك ئانىسىنىڭ تۇردىخاننى يامانلاپ: «بۇنىڭ قولى كۆسەي، ھېچ نىمىگە ئېگىلمەيدۇ» دەپ ۋايسايدىغان ئاۋازى ئەمدى ئاڭلانمايدۇ. تۇردىخان ھەممىلا ئىشنى ئۆزى قىلىپ بىر باشتىن ئۆگىنىۋاتىدۇ. قۇباق ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشىدىن زوقلىنىدۇ: سېيىرنىڭ سول تەرىپىدىن كەلگەچكە كالا تېپىپ يىقىتىۋەتسىمۇ، سۇيىقاش دەپ ئەتكەن تامىقى ئۇماچ بولۇپ پىشسىمۇ، قازان نېنى دەپ پىشۇرغىنى بىر تۇزسىز كومەچ بولۇپ چىقسىمۇ خاپا بولمايدۇ: ھەتتا پىيازنىڭ ئوتىنى يۇلدۇم دەپ پىيازنى يۇلۇپ تاشلاپ ئاپىخان ۋە قىياقلارنى قالدۇرۇپ قويغاندىمۇ يوغان ئاغزىنى ئېچىپ كۈلۈپلا قويىدۇ.

— قىلىپ كۆرمەپتىكەنسەن - دە؟

— ئەدىن بىلەي، كىچىك ئانام ئېتىزدا زەمبىل كۆتىرىش، كەتمەن چېپىش، باغ باغلاشتىن باشقا ئىشنى قىلغۇزمىغان تۇرسا...

— نىمىشقا؟

— ساراڭ بولمىساممۇ ساراڭ دەپ!...

— ساراڭ بولساڭ سېنى ئالاتتىممۇ!...

قۇباق تۇردىخاننىڭ ھەممىلا ئىشىدىن رازى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى «ئەسلى مۇشۇنداق بولۇشى لازىم» دەپ چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇ تۇردىخان ئۈچۈن ئاڭلىغان ئاھانەتلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان، تۇردىخاننىڭ تۇرمۇشتىكى بىلمىسىزلىگى سەۋۋدىن ئۆتكۈزگەن ئەيىپلىرىنى خۇددى نارەسىدە بالىنىڭ ئەيىۋى ئورنىدا كەچۈرۈۋېتىدىغان بولدى. بىر كۈنى تۇردىخان قۇباقنىڭ كىرگە پېشىپ كەتكەن كۆينىگىنى يۇدى. كۆينەك قۇرۇغاندا قۇباق غۇژمەك كۆينەكنى تارتىشتۇرۇپ كىيدي ۋە كوچىغا چىقتى.

—پاھ قۇباق، ئاق كۆينىكىڭنى شولكىۋاپسەنغۇ!...
—بەقەسەم بوپتۇ، قاراڭلا بىر يولى ئاق، بىر يولى قارا-قوڭۇر! ...
— ھا-ھا ... قالتىس ئايىلىك بار جۇمۇ!
— ئىشتىنىڭنى قالتىس ياماپتىغۇ، قاراڭلار، كۆك ئىشتانغا سېرىق ياماقچا، ھا-ھا-ھا!...

لېكىن قۇباق بۇ مازاق قىلىشلاردىن خاپا بولمىدى، بەلكى راھەتلەندى، سەۋەبى مەيلى قانداق يۇسۇن، قانداق ياماسۇن، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۆز ئايىلىنىڭ قولى بىلەن پۈتكەن. مانا بۇ خوشاللىقنى ھەرقانداق مازاق قىلىشمۇ يوقىتالمايتتى...

كۈنلەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئايلار ئۇلارنى چۆچەكلەردىكى ئاشىق-مەشۇقلاردەك بىر بىرىنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايدىغان قىلىپ قويدى. خۇلۇم-خوشنىلار ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىن پات — پاتلا كۈلكە، بەزىدە غىڭشىغان ناخشا ئاۋازلىرىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قېلىشتى.

ئۇلار توخۇ بىلەن تەڭ بىر جۈپ بولۇپ ئېتىزغا ماڭاتتى، قاراڭغۇ چۈشكەندە يەنە بىللە قايتاتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەڭ جىق نومۇر تاپىدىغانلاردىن بولۇپ قالدى.

بىر يىل ئۆتتى، ئىككى جۈپ قاۋۇل تىزلا بېيىدى، قۇباق تۇردىخاننى ۋەلسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ھەر يەكشەنبە كۈنى يېزا بازىرىغا ئېلىپ باردۇ، يېڭىدىن-يېڭى ئۆي جابدۇقلىرىنى، مەسىلەن، گىلەم، كارۋاتلارنى سېتىۋالايدۇ، قاچا-قۇچا، ھەر خىل ساندۇق، كىيىم-كېچەك... ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ قولى نەگىلا سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم يوق ئىدى، سەۋەبى باشقىلار بىر ئەمگەك كۈنىگە ئىشلىگەن يەردە قۇباق ئايىلى بىلەن ئۈچ-تۆت ئەمگەك كۈنىگە ئىشلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇردىخاننىڭ پىششىقلىقى ۋە تېجەپلەپ ئىشلىگەنلىكى سەۋەبىدىن قۇباقنىڭ كۆكتات، مېۋە-

چۈشلىرى پۈتۈن مەھەللە بويىچە ياخشى ئوخشايتتى. تۇردىخان
قۇباقىنىڭ بىر تال پاخىلىنىمۇ بىرسىگە ئالغۇزمايتتى، ئۆتنە-
يېرىم قىلىشقا يول قويمايتتى، ھەر ئىككىلىسى تاماق تاللىمايدىغان
بولغاچقا قوناق ئۇنى، زاغرا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ دۇيدىن ئال-
غان نورما بۇغدىيى بىلەن قالدۇق يېرىدىن چىققان بۇغدىيىنى
شۇنداقلا ئاشۇرۇپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ سېغىن سېيىرى ئۆچكە،
تايىنچا- توپاقلىرى بەش-ئالتىگە، قوي- قوزىلىرى ئون بەش-
ئون ئالتىگە يەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر يىلدىن كېيىنلا قۇباق
مەھەللىنىڭ بايلىرىدىن بولۇپ قالدى.
— بۇ ھالغا خوشال بولغۇچىلارمۇ، خاپا بولغۇچىلارمۇ بولدى.
ئەڭ خوشال بولغىنى ۋالىم ئىدى، ئۇ پات-پاتلا ئۇلارنىڭكىگە
كىرەتتى. بۈگۈن كەچ ئۇ يەنە كىردى. مەھەللىدە ھېچكىمنىڭمۇ
تۇردىخان ئەتكەن تاماقتا ئېغىز تەككۈزۈشكە كۆڭلى كۆتەرمىسىمۇ،
ۋالىم بىرەر-يېرىم پىيالە ئىچىپ باقاتتى ۋە تۇردىخاننىڭ قول-
دىن كېلىدىغان بىردىن-بىر تامىغى بولغان ئاپپاق سۇيقىشىنى
ماختىدى.
— ئۆگىنىپسەن ئۇكام، سەل ئاقراق بولۇپ قاپتۇ. پەمدۇر
قېقىنى قايناقسۇغا چىلا، يۇشىغاندىن كېيىن راسا چاناپ ئاشقا
سېلىۋەت، تۇزىمۇ سەل كەمرەك بولۇپ قاپتۇ كېرەك يوق، ئۆگە-
نىپسەن، تەملىك، نەچچە قاچا ئىچىسەن قۇباق؟
— بەش ئاپقۇر ئىچىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى تۇردىخان
ماختىنىپ، — تېخى مېنى يەكشەنبە كۈنلىرى بازاردا ئاش ساتقىن
دەيدۇ، ھى-ھى... ئالارمۇ؟
— ئالىدۇ، ئالىدۇ، ھا-ھا-ھا، — ھوزۇرلىنىپ كۈلدى ۋالىم.
— پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشۈپسىلەردە ئىككىڭلار، باي
بولۇپ نەگە بارسىلەركىنتاڭ...
— مانا تاپقان پۇلىمىز ئاران... — تۇردىخان كىچىك ساندۇقنى
ئېچىپ كىنىشكىنى ئالدى ۋە ۋالىمغا سۇندى.

— پاھ، ئۈچ مىلىڭ سەككىز يۈز ئون ئالتە يۈەن ...
بەنە ئۈچ يىلدا ماشىنا سېتىۋالالايدىكەنسەن، يارايسەن قۇباق،
يارايسەن تۇردىخان، قۇباقتا ياخشى لايىق تاپىمدى، قۇباقنى
ئالدىدى دەپ ھېكىمنى تىللاپ يۈرۈپتىمەن، خاتا قىپتىمەن، ھېكىم
تازا ياخشى لايىق تاپقان ئىكەن - دە!
— ھېكىم بىزدىن بۇغداي ئوتتە ئېلىپ بەرمىدى، پۇلىمىزنى
قەرز ئېلىپ تېنىۋالدى، ئالمىلارنى قىقىپلا ماڭىدۇ، قويىمىزنى
سويغۇزۇپ ھاراقكەشلىرىگە يىگۈزۈۋەتتى. غوتۇلدىسام مېنى ساراڭ،
قويغۇزۇۋېتىمەن دەپ تېپخى، — تۇردىخان ماچىلداپ يىغلىدى،
قۇباقمۇ تىرنىغىنى تاتىلاشقا باشلىدى:
— ھساۋى يوق ئالاتتى ...ئەمدى مۇنۇ خوتۇن ئۇنىمايدىغان
بولۇۋالدى... قېيىداپ يۈردۇ؟ ... — دىدى قۇباق چۈشەنمىگەنسىز
غوتۇلداپ.
— ھېكىم نىمىسىگە قېيىدايدۇ؟
— ئوغلۇمنىڭ خەتنىسىگە بىر توخلا بەرمىدىڭ دەپ ...
— قولۇڭدىن كەلسە ياردەم قىلىپ قوي، ئۇششاق بالىلىق
ئەمەسمۇ ئۇ؟
— كەچكىچە بىزنىلا ئالدايدۇ، تويدا بەش يۈزكوي خەجلىدىم
دەپ يالغان ئېيتىپ تېخى... كىچىك ئاپام تويۇڭغا ئىككى يۈز
كوي خەجلىدى، ھالقا، ئۈزۈكنى ئارىيەتكە ئەكەپتىكەن دەيدۇغۇ! ...
— پاھ، قارا سېنى! — دىدى ۋالىم كۈلۈپ، يىپىدىن - يىڭنىسى
گىچە ھساپلاۋېتىپسەن - دە! ئۇنداق قىلماي بىر توخلا بېرىڭلار!
— مەنغۇ بېرىۋېرىمەن ... مۇشۇ، قىل بەرمەيدىغان بولۇۋالدى!
— بەرمەيمەن، بەرمەيمەن! — دىدى تۇردىخان چالۋاقاپ، —
خوتۇنى مېنى ساراڭ دەيدۇ، ئادىمەتچىلىككە ئاپىرىمەن دەپ
ئۈچ مېتىر چىت ئوتتە ئېلىپ بەرمىدى، بىر جۈپ تەخسەمنى
بىقىۋالدى، ئايالىلارغا چاي قويىغاندا بىر تېكىمەتنى ئەكىتىپ
ئايرىۋاش قىلىۋالدى، يازىچە قاق سېلىپ بېرىمەن دەپ پەمدۇر-

لىرىمنى چىپلەك ـ چىپلەكلەپ توشۇپ بولدى، ھېكىمنى توخۇ
كاتىكىدىن تۇخۇم ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇۋالدىغۇ! بىزنى گالۋاڭ
كۆرۈپىزە...

— پاھ، تۇردىخان! — دېدى ۋالىم ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپ، — ئۇنداق نەچچە ھېكىم غاجىسىمۇ يەتكۈدەك پۇلۇڭلار باركەن، بوپتۇ، قوساقنى كەڭ تۇت!

لېكىن ۋالىم ھېكىم بىلەن بىر سۆزلىشىشنى كوڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇنىڭ قۇباقنى چاكاردەك يۇتۇپ يەيدىغانلىقىنى مەھەللىدە ھەممىلا ئادەم بىلەتتى. ئەلۋەتتە مۇنۇ گالۋاڭ ئايالنى ئېلىپ بېرىپ ئۆمۈر بويى ئۇلارنى يەيمەن دەپ ئويلىغان بولغىيدى، لېكىن ئىش ئەپلەشمىدى. كۈتۈلمىگەندە تۇردىخان پىششىق ۋە ئەسلىك چىقىپ قالدى. ئەسلىك بولغىنى ئۈچۈن دۈشمەنلىك بولۇپ قالدى. ھېكىمگە نەسىھەت قىلىش كېرەك، ئۇ قۇباقنى بۇ ئايالدىن سوۋۇتمىسۇن!

## كۈنچىلىك

ئۇلارغا ئۇتلۇق مۇھەببەت بەخش ئەتكەن يىللار ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە غەم ـ قايغۇمۇ ئېلىپ كەلدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋالىم ھىلىقى خۇشخۇي بەختلىك تۇردىخاننىڭ ھال ـ مۇڭىنى ئاڭلىدى:

— مېنى ئۇردى، تەپتى. ئۇرسىمۇ مەيلىدى، خېتىڭنى ئال دېدى تېخى!...

ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش قارايغان، يېرىلغان ۋە قورۇق چۈشكەن يۈزىنى يۇيۇپ، جاۋغىيى ئەتراپىدا تارىلاتتى. بويۇنلىرىنى ھۆل قىلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈزى سوقچاق، كۆزلىرى ئولتۇرۇپ خېلى چىرايلىق بولۇپ قالغان ئىدى.

— ھەممىنى ئۆگەندىم، لەغمەن ئېتەلەيمەن، نان ياقالايمەن،

سۈت پىشۇرالايمەن، ماشىننى تېپىپ ئىشمۇ قىلالايمەن. كېيىم يۇسامىمۇ كىرىدىنى قاتۇرۇپ قويمايمەن، يەنە نىمىگە ئۇرىدىكىنتاك؟...

ئۇ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي ئېسەدەيتتى، دالان ئۆينىڭ سۈپىسىدا دۈمچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ بىردە كىر قولىياغلىقى بىلەن، بىردە چىت كۆينىكىنىڭ ئېتىگى بىلەن توختىماي يۈز-كۆزىنى ئېرتاتتى:

— تۇغمۇدۇك دىدى، بالا بېقىۋالدىم، بالا ئۆلۈپ قالسا، باقالماي ئۆلتۈرۈپ قويدۇك دەيدۇ تېخى! كالا سۈتىنى خام بېرىپ بالىنى تولغاق قىلىپ ئۆلتۈردۇك دەيدۇ. بالىنى مەن نىمىشقا ئۆلتۈرەتتىم؟ ئاغرىپ قالغاندا كېچىچە ئۇخلىماي كۆتىرىپ چىقتىمغۇ! هو-هو-هو...

— بولدى، تۇردىخان يىغلىما! — دىدى ۋالىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، — بالا باقمىساڭمۇ بوپتىكەن، باقساڭمۇ ئۆز نېنىنى يېيەلەيدىغاننى باقساڭچۇ... قۇباق بالىغا بەك ئېچىكىپ كېتىپتىكەن، چىدىمىدى ئەتىمالىم. بالىنىڭ ئوتى بېسىلغاندا ئوكۇلىنىپ قالدۇ تۇردىخان، خاپا بولما!...

تۇردىخان ۋالىمنىڭ گېپى بىلەن ئۆز ئۆيىگە كىردى. ئۇ قۇباقنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىش ئۈچۈن ھەر نىمە قىلىشقا تەييار ئىدى: ئۆينىڭ سۈپىنى ئەكىلەتتى، قۇباقنىڭ كىيىملىرىنى يۇياتتى، سەھەر تۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇشقا ئىسسىق سۇ تەييارلايتتى. مال-ۋاراننى بېسىقتۇراتتى، ھەتتا قۇباقنىڭ ھول پايتىملىرىنى قۇرۇتاتتى، ئاياقلىرىنى تازىلايتتى. ئۆزى زاغرا يەپ قۇباققا ئاق نان بېرەتتى...

بالا ئۆلگەندىن كېيىن قۇباقنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگەرگەن، ئۈچ يىلدىن بېرى تەقسىماتنىڭ تۆۋەن بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى، قوشۇمچە ئوقەتكە يول قويۇلمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن قۇباقنىڭ كىرىمى كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ياكى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ «قۇباق باتۇر بولغىنى بىلەن مۇسىز قاپاق تېرەككەن» دىگەن تەنىسىنىڭ جانىغا تەككەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ

مىجەزى چۈس، تېرىككەك ۋە كەم سۆز بولۇپ قالغان تۇردىخانغا قىلىدىغان چاخچاقلىرى، ساپ ـ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈشلىرى، ئايىلىغا مەسلىگى كېلىپ ئىككى مەڭىزىدىن ئالقانلىرى بىلەن قىسىپ كۈلۈپ كۆتىرىپ قويۇشلىرى ... ھازىر تۈگەگەن. ئۇ ھازىر ئادەملەرگە كەم ئارىلىشىدۇ. قالدۇرۇق يېرىنى تارتۋالغاندىن كېيىن ھويلىسىدىكى چۆنەك چاقماققىمۇ ئىشلىمەيدىغان بولۇۋالغان. ئېتىزدىن كېلىدۇ ـ دە، كەتمىنىنى لاي پېتى چۆرۈۋېتىپ لاي ئاياقلىرى بىلەن كاڭغا چىقىپ سونايلىنىپ ياتىدۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە ئورام موخوركا چېكىدۇ، ئاندىن خوقىراپ خورەك تارتىشقا باشلايدۇ، تۇردىخان كەتمەننى، ئاياقلىرىنى تازىلايدۇ، ئۇنىڭ بېشىغا ياستۇق قويىدۇ، ئويغانغىچە پىشۇرۇپ بولۇش ئۈچۈن سۈيقاشقا تۇتۇش قىلىدۇ ... قوۋاق قوسىقى تويغاندىن كېيىن تالاغا بىر چىقىپ كېتىدۇ ـ دە، يېرىم كېچىدە ھارغىن ھالدا قايتىپ كېلىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن تۇردىخاننى پۇتى بىلەن تۇقۇيدۇ:

ـــ قوپ ھەي، لايدەك ياتقىنىنى قارا، چاي ئەت!

ـــ نەلەردە يۈرىسىز؟ ـــ دەپ سورايدۇ تۇردىخان چاينى جوزىغا قويۇۋېتىپ ئېرىگە بىچارە ھالەتتە تەلمۈرۈپ.

ـــ ئېيتقىنا، نېمىشقا تۇغمايسەن؟

ـــ مەن نەدىن بىلەي! ـــ تۇردىخان كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك سۆھبىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. قوۋاق ئۆزىنىڭ خورىگىنى تاڭ ئاتقىچە تارتىۋېرىدۇ.

1974 ـ يىل كەچ كۈزنىڭ يامغۇرلۇق بىر ئاخشىمى تۇردىخان ئۈچۈن ئەجەپ رەھىمسىز، پالاكەتلىك كۈن بولدى!

قوۋاق بىلەن تۇردىخان كاڭدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغاندا ئۆي ئىشىگى يوغان ئېچىلىپ ئۆيگە ھېكىم كىرىپ كەلدى. ئۇ مەس، ئىككى يانچۇغىدا ئىككى بوتۇلكا بار ئىدى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ئۆيگە كىردى ـ دە:

— ھەي قوباق، ھەي يوندىغا چوشكەن چاشقان، ئۆيۈڭگە مېھمان باشلاپ كەلدىم ... بول، پاخلان سوي، نېرىن قىل، سەي قور! ھەي تودەك، ماڭ ئوچاق ئالدىغا بار، ئوت قالا، ۋوي خاۋارىچ!

ئۇ مۇشتۇمىنى ئاسماندا پۇلاڭلاتتى. تۇردىخان قورقۇپ قوباققا قارىۋىدى، قوباق ھېكىمگە قاراپ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— سوياەسەن-يوق ؟ — ھېكىم بوتۇلكىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى.

— سوياي!

— بول ئەمىسە، بىلىپ قوي سىلىقىم، سويمىساڭ تاناۋىڭ يىپ!

ئۇ بوتۇلكىلىرىنى دەرىزىگە قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. تۇردىخان هاراقلارنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن قولىغا ئالدى:

— ۋوۋۋان! ئۇنىڭغا قوي سويغىچە ۋالىمكاەغا سويۇك، ۋالىكام يىسۇن، مۇنۇ هاراقكەشكە هارام كېتىدۇ!

— سەن تولا كاپىشىماي ئۇتۇن يارغىن، بىلەمسەن، ھېكىم هازىر دۆيجاك!

— نىمە، دۆيجاڭلىق ھېكىمگە قالدىما؟ — تۇردىخاننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئۇ دۆيجاڭ بولغان بولسا ئەمدى مېنى قويغۇزۇۋېتىدۇ، قوۋۋان ماڭا رەھىم قىلىڭ، مېنى قويۇۋەتمەڭ، سىزدىن باشقا كىمىم بار مېنىڭ، كىچىك ئاپام ئۆلدى، ئۆگەي ھەدەمنىڭ قولىغا قالغىچە ... مېنى قويۇۋەتمەڭ، مەيلى نىمە قىل دىسىڭىز قىلاي. يەنە بالا بېقىۋالايلى، يىمەي يىگۈزەي، ئۇخلىماي كۆتىرەي، ئاغرىتىپ قويسام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، جېنىم قوۋۋان مېنى قويۇۋەتمەڭ!

— ساراڭ، مەسخۇش! — دىدى قوباق كۈلۈمسىرەپ، — سېنى كىم قويىمەن دەپتۇ!

— ئۇ دۆيجاڭ بولغان بولسا قويغۇزۇۋېتىدۇ!

— ئۇ مېنىڭ دادامىدى؟

— ئۇنداق بولسا قوي سويىماڭ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىڭ،

كۆچىڭىز يېتىدۇ، كارنىيىنى بوغۇڭ، قوسىغىغا تېپىڭ!

— مەسخۇش! — دېدى قوباق قاپىغىنى تۈرۈپ، — ئۇنداق قىلساڭ قويغۇزۇۋېتىدۇ.

— ۋاي ئۆلەي! ئۇنداق بولسا قوي سويۇڭ، مەن ئوتۇن ياراي ئەمسە!

تۇردىخان ئۆزىگە ياراشمىغان چاققانلىق بىلەن يامغۇرلۇق تۈن قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. قوباق پەنەر كۆتىرىپ قوي سويۇش ئۈچۈن ئامبىرىغا ماڭدى.

تۇردىخان ئوت قالاۋاتقاندا ئۆيگە ۋالاقلاپ سۆزلىگىنىچە ھېكىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئايال مېھمان بار ئىدى. تۇردىخان ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانغا سالام قىلدى ۋە تېچلىق سورىدى:

— يۇقۇرىدىن كەلگەن كادىر! — دېدى ھېكىم ئايالنى كۆرسىتىپ، — سارايغا باشلا، بول يەكەنداز سال، سارايغا ئوت ياق! — تۇردىخان ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىلدى.

مېھمان سارايدا-كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن تۇردىخان ئۈنىنچى لامپا يورۇغىدا مېھماننى كۆزدىن كەچۈردى: مېھمان تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. بويۇن ۋە پېشانىلىرى سۈتتەك ئاق، مەڭزى ۋە لەۋلىرى قىزغۇچ، قاڭشالىق، دۈگىلەك-خۇما كۆزلىرىنى قويۇق كىرپىكلەر بېزىگەن، قۇلىغىدىكى ھالرەڭ ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسى چىراق يورۇغىدا يالتىراپ سۈزۈك يۈزىگە قىزغۇچ شولا چاچاتتى. ئايال تۇردىخانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، يامغۇردا ھول بولغان چاچلىرىنى يېڭى ئايدەك ئەگرى تاغاق بىلەن تارىغاندا نازۈك بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەر يالت-يۇلت قىلىپ كۆزنى چاقتى. تۇردىخان ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق ئايالنى كۆرمىگەچكە ئاغزى ئېچىلغان پېتى قاراپلا قالدى.

— ئېچىڭ كىرىدۇ ھوي، قاراۋېرەمسەن! — دەپ ۋاقىرىدى ھېكىم تۇردىخانغا قاراپ، — قانداق، چىرايلىق كادىرمىكەن؟

— چىرايلىقكەن! — دېدى تۇردىخان راست گېپىنى قىلىپ. ئايال قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، ئۇنچىدەك چىشلىرى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتتى.

ئۆز ئۆيىدە بۇنداق چىرايلىق، خۇلقى-نازى يارىشىملىق ئايالنى كۆرگەن تۇردىخاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ، بەدىنىنى تىترەك باستى. ئوچاق ئالدىدا پۇسۇرلاپ يۈرۈپ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا «مېنىڭ قۇرۇۋىنىمنى ئۆزىگە قارىتىۋالسىچۇ؟ قۇرۇۋان بۇ ئايالغا كۆيۈپ قالسىچۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. دەھشەتلىك خىياللار بىلەن بېشى گاڭگىرىغان ئايال قويغان-تۇتقىنىنى بىلمىگەن ھالدا بىردە ئۆيگە، بىردە قوي سويۇۋاتقان ئامبارغا يۈگۈرەيتتى.

مېھمان ئايال ھېكىمنىڭ پىكرى بويىچە قازان بېشىنى قولغا ئالغان، قىزىل يوپايكىچان ھالدا تاكاسلاپ مېڭىپ يۈرۈپ تۇردىخانغا قازاننى تالاغا ئەپچىقتۇرۇپ ئۆرتەتتى. ئاندىن كېيىن قىردى ۋە ئاغچا يۇغۇچ بىلەن غوچۇرلىتىپ يۇدى. تۇردىخاننى يىراق-يېقىندىكى ئىشلارغا بۇيرۇپ يۈرۈپ بىردەمدىلا سەي قوردى، پاخلان گۆشىنى قازانغا تىقىپ سالدى-دە، ھوپپىدە ئىسسىغان سارايغا كىرىپ، ئەرلەر بىلەن بىر جوزىدا ئولتۇردى.

تالادا يامغۇر چاپقىداپ ياغماقتا، ھويلىدىكى دەرەخلەر ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ، بىردە چىقىرايدۇ، دەرەخ ئۈستىدىن توخۇلارنىڭ ئەنسىز قاقىلداشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئوچاق ئالدىدا ئوت قالاپ ئولتۇرغان تۇردىخان ئۈچۈن بۇ كېچە ئەجەپ قورقۇنچلۇق، ئەجەپ ئۇزاق تۇيۇلماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆل ئوتۇن پىژىلداپ كۆيۈپ قازاندىكى گۆشمۇ پىشماي كېتىۋاتىدۇ. تېزرەك پىشسا، ئاۋۇلار يەيدىغىنىنى يەپ تېزرەك كەتسە، تۇردىخان قوباق بىلەن ئۆز ئۆيىدە يالغۇز قالسا، مۇنۇ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان قورقۇنچتىن تېزرەك قۇتۇلسا بولاتتى.

تۇردىخان مەشكە ئوتۇن سېلىش ئۈچۈن سارايغا كىردى، ھېكىم قولىغا ھاراق قۇيۇلغان پىيالىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىمەكتە:

— مەن كىم بىلەمسەن؟ مەن بىر مىتە قۇرۇت، نىمىنى كۆرسەم غاجايمەن، تۆگىتىمەن. بىر دەكلەرنى دۇيجاڭ قىلىپ قويغىنى گۇگ-شىنى تۇگەشسۇن دىگىنى بولمادۇ ... هەي قۇباق، ئىيتقىنا سەن قۇرۇپ تۇگەشكەن قوناق شىخىمۇ؟ نىمىشقا بۇ دۇنياغا بىرەر يوپۇرماق بولسىمۇ تاشلاپ كىتەي دىمەيسەن؟ ... — ئۇ ۋاقىرايتتى، ئالقانلىرى بىلەن جوزىغا ئۇراتتى. خۇمالاشقان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قاقاقلاپ كۇلەتتى ... ئۇنىڭ كۇلكىسىگە ئەگىشىپ قۇباقمۇ، مىھمان ئايالىمۇ قاقاقلىشىپ كۇلىشەتتى. تۇردىخان قۇباققا قارىدى، قۇباق ئوپكىدەك قىزارغان، پىيالىسىنى هىكمىنىڭ پىيالىسىگە تەككۇزۇپ قويۇپ قاقاقلاپ كۇلۇپ هىلىدىن-هىلىغا هاراق ئىچەتتى، يوغان ئاغزىنى ئىچىپ، ساپ-سىرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، يۇمۇق كۆزلىرىنى خۇ-مالاشتۇرۇپ ئايال مىھمانغا كۆز ئۇزمەستىن قارايتتى. مانا ئۇ مايلاشقان شەپكىسىنى ئىلىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ شاپىغى ئىلىپ تاشلانغان توك تاۋۇزغا ئوخشاپ قالغان بىشى چىراق يورۇغىدا پارقىرايتتى.

— ئىچىمىز، تاڭ ئاتقىچە ئىچىمىز! — دىدى ئۇ پۇتۇن گەۋدىسىنى چايقاپ. تۇردىخانغا بۇگۇن مۇنتۇ يىقىملىق ئىرى بىردەمدە سەتلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. «هاراق دىگىنى ئادەم سەتلەشتۇرىدىكەن» دەپ ئويلىدى تۇردىخان.

مىھمان ئايال لىگەنگە گۆش ئىلىپ كىرگەندە هىكىم ئۇيقۇغا كەتكەن، قۇباق بىشىنى تىزلىرى ئارىسىغا ساڭگىلىتىۋىلىپ ئۆزىچە پىخىلداپ كۇلەتتى. تۇردىخان قورقۇپ تىترەپ:

— گۆشنى ئەمدى كىم يەيدۇ؟ — دەپ ئايالدىن سورىدى.

— يەيمىز دىگەنلەر يىيىشەر! — دىدى مىھمان كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، — مەنمۇ ئۇخلايمەن.

— سىزنى مەن ئاپىرىپ قوياي ... — دىدى تۇردىخان دەرهال.

— مەن سىزگە مىھمان، مۇشۇ يەردە قونىمەن. يامغۇردا نەگە كىتەتتىم. قورقماڭ تۇردىخان، ئەنسىرىمەڭ تۇردىخان!

— دالان پاسكىنىراق ... بۇ يەردە مۇنتۇ ئەر كىشلەر...

— ۋاي قورقىماڭ، مەس دىگەن يېرىم ئۆلۈك، مەن يېتىۋېردىمەن! — ئۇ تۇردىخاننىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتمەيلا ئەڭ پاكىز يوتقان-كۆرپىلەرنى ئېلىپ ئۆزىگە ئورۇن سالدى ۋە تۇردىخانغا قاراپ:

— نىمە تۇرىسىز، كېلىڭ ماۋۇلارنىمۇ ئۆز ئورنىغا ياتقۇزايلى! — دىدى. دەرىزە تۈۋىدە ھېچكىم، ئوتتۇرىدا قوباق، نېرىقى تام تۈۋىدە مېھمان ئايال ياتتى. تۇردىخانغا بۇ ئۆيدىن ئورۇن تەگمىدى. ئۇ دالانغا چىقىپ كاڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قۇلىغى ئىچكىركى ئۆيدە ئىدى. سارايدىن خورەك، پۇشۇلدىغان ئاۋازلار كېلەتتى. تۇردىخان قوباقنىڭ خورىگىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغان ئىدى. بىردىنلا ئايال يېنىك يوتەلدى ۋە شۇ ھامان قوباقنىڭ خورىگى توختىدى. «قوباق ئەجەپ سەتكەن، بۇ چىرايلىق كادىر ئايالنىڭ كۆڭلى تارتماس» دەپمۇ ئويلىدى، لېكىن ئېرىنىڭ كۆز ئۈزمەي ئۇ ئايالغا تىكىلىشلىرىنى ئويلىغاندا ئۇ خۇددى ئوق تەككەن يولۋاستەك تولغىناتتى، بىرسى خۇددى يۈرىگىگە قول سېلىۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇراتتى-دە، ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقاتتى. ئىچكىركى ئۆي قاپ-قاراڭغۇ، ھەر قايسىسى ئۆز ئورنىدا، قوباق بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇ قوباقنى خورەك تاتقۇزماسلىق ئۈچۈن كىرىپ يېنىچە ياتقۇزۇشقا ئېگىشتى. شۇ چاغدا قوباق ئاغزىنى تامشىغىنىچە يېنىچە بولۇۋالدى، تۇردىخان قورقۇپ دالانغا قېچىپ چىقىۋالدى.

تالادا بوران قاتتىق گۈكىرىمەكتە، ھەممە تەرەپ قارا سىيا چېچىۋەتكەندەك قاراڭغۇ، تۇردىخان تاڭدىن دېرەك ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىقتى. تاڭدىن بەلگە يوق، خورازلارمۇ تۇردىخان بىلەن قېرىشقاندەك جىمىپ كېتىشكەن. ئۇ سوغاقتا تىترەپ تۇرۇپ نالە قىلدى: «خۇدايىم نىمىشقا دۇنياغا سەت ۋە چىرايلىق قىلىپ

ئىككى خىل ئادەم ياراتقانسەن؟ چىرايلىق ئاياللار رەھىمسىز، ئۇلار سەتلەرنى ئىلاندەك چاقىدۇ، ئاچ بۆرىدەك قاسايدۇ. خۇدايىم ماڭا ئوخشاش بىچارىلەرگە ياردەم قىل، ئېرىمىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەر...»

ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلدى، پىشايۋاندا بىر قارا گەۋدە پەيدا بولدى، ئۇ تۇردىخاننى كۆردى:

— ھەي، جىن تەپكەن، نىمىشقا دەردزە مارايسەن؟ ئۇخلا ماڭ، كادىر ئايال بۇزۇلسىمۇ سېنىڭ ئىت ئۆلۈكى ئېرىڭگە ئاشمايدۇ. يوقۇل ئۇخلا! — دىدى ئۇ، تۇردىخان ئۆيىگە ماڭدى ۋە ھېكىمنىڭ بۇ سۆزىدىن تەسەللى تېپىپ ئىسسىق كاڭدا ياتتى، ياتتى ـ دە، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى... ئۇ قانچىلىك ئۇخلىدىكىن، چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئىچكىركى ئۆيگە قۇلاق سالدى، ئۆيدىن پىچىرلىغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى... لېكىن ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالمىدى، ئۆي ئىشىگى يېپىلغان، ئۆيدە ھېكىمنىڭ بار ـ يوقلۇغى تۇردىخانغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ قورقۇپ پۇتلىرى تىترىگەن ھالدا تاپىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە قانچە قىلسىمۇ خورەكتىن باشقا تىۋىش ئاڭلىيالماي ئاخىر ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى.

يەرگە يېڭى يورۇق چۈشكەندە ئۇ مۇزلاپ ئويغاندى ۋە قوۋاقنىڭ قاتتىق خورىگىنى ئاڭلاپ خوشال ھالدا سارايغا كىردى، لېكىن ئۇ يەردە ياتقانلارنى كۆرۈپ قورقۇپ ۋاقىرىۋەتتى، ھېكىم يوق، قوۋاق ھىلىقى ئايالغا يېقىنلا يەردە ئۇخلاۋاتاتتى...

تۇردىخان ئۈچۈن يېتىمچىلىك، ئېغىر ئەمگەك، كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشلىرى، قاۋۇلىنىڭ تاياقلىرى، يېلىڭ ـ يالىڭاچلىق... ھەممىسى ئازاپ ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلسىمۇ بۈگۈنكى ئازاپنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولالمايتتى. ئۇ ئازاپقا چىدىماي ئولتۇرۇۋېلىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى، چاچلىرىنى يۇلدى، كىيىملىرىنى يىرتتى...

كەچ كۈزنىڭ جۇدۇنلۇق كېچىسى مۇنۇ يۆلەنچۈكسى يوق

ئايالغا ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك قىلدى. «ۋاي خۇدايىم كۈنچىلىك دېگىنى مۇشۇمىدۇ؟ نىمانچە ئازاپ، نىمانچە ئاچچىق. دۇنيادا كۈنچىلىكتىنمۇ ئېغىر ئازاپ بارمىدۇ - ھە؟» — دەپ ئويلىدى ئۇ.

## ئاسار كۈنى

بىراق تۇردىخاننىڭ ئازاپلىرى ئۇزاققا بارمىدى، «كادىر» ئايال كېتىش بىلەنلا خۇددى ياپراق ئۇستىدىكى تۇنجى قىرو كۈن نۇرىنى كۆرۈش بىلەنلا يوقالغىنىغا ئوخشاش تۇردىخاننىڭ خاپىلىقىمۇ قۇۋاقنىڭ بىرلا ئىللىق كۈلكىسىنى كۆرۈپ يوقالغان بولدى.

— ھە، نىمىشقا ئەمىسە ئۇ ئايالغا شۇنچىلا تەلمۈرىسىز؟

— مەس، مەس بولۇپ قاپتىمەن كالۋا، — دىدى قۇۋاق ئايالىنى تىنچلاندۇرۇش ئۇچۇن گەپ ياساپ، — سەن مەس بولۇپ باقمىغاندىكىن بىلمەيسەن. ئادەم مەس بولۇپ قالسا تىلى بىلەن كۆزىگە ئىگە بولالمايدۇ. بىلدىڭمۇ - مەسخۇش؟ شۇڭا مەسنىڭ تىلى بىلەن كۆزىدىن خاپا بولماسلىق كېرەك...

تۇردىخاننىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپتى، ئۇ ئەمدى خۇدايىمدىن قۇۋاققا ئىنساپ تىلەپ ھېچ سۈرە بىلمىسىمۇ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىدىغان بولۇۋالدى. «خۇدايىم، ئىلاھىم، — دەيتتى ئۇ تىترەپ تۇرغان ئالقانلىرىنى ياشتىن ھۆللەشكەن يۈزىگە يېقىپ، — قۇۋاققا ھاراق ئىچكۈزمىگىن، ئىچكۈزسەڭمۇ مەس قىلمىغىن...»

قۇۋاقمۇ ئەمدى قويۇۋېتىمەن دەپ ۋايىسمايدىغان بولۇپ قالدى. تۇردىخان بارلىق مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن خۇددى كالا موزىيىنى ياخشى كۆرگەندەك، مىكىيان چۈجىسىنى ئاسىرىغىنىدەك قىزغىنلىق بىلەن ئېرىنى ئاسرىدى... ئېرىنىڭ بىردەملىك خوشلۇقى ئۇچۇن ھەرقانداق ئىشنى قىلدى. ھەتتا ئېرى ئۇچۇن موخۇركا ئوراشنىمۇ ئۆگەندى، ئېرى كەلگىچە بىر تەخسىگە تاماكا

تۇراپ قويىدىغان، ھەر كۈنى ئېرى ئۈچۈن بىر پىيالە خام قايماق، ئىككى تۇخۇم تەييارلاپ قويىدىغان بولدى.

مۇشۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئېرىدە مۇھەببەت پەيدا قىلىپ، مۇھەببەت لەززىتى بىلەن بەختلىك كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا قىلماقچى بولدى.

لېكىن قۇباق ئۆيدە كەم بولاتتى. تۇردىخان لامپىنى چۆكۈرۈپ قويۇپ يېرىم كېچىگىچە پۇسۇرلاپ ئۇخلىمايتتى. «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسا ئىشىككە يۈگۈرەيتتى. لېكىن قۇباق ئەمەس بولۇپ چىقاتتى. ئۇ كاڭدا ئىگىنى ئالقانلىرىغا قويۇپ خىيال سۈرەتتى: «... ھىلىقى چىرايلىق ئايال قۇرباننىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالغانمىدۇ؟ نىمانچە ھېكىمنىڭ ئۆيىگە قاترايدىغان بولۇۋالدى، دۈيجاڭ دەپ خۇشامىتىنى قىلامدىغاندۇ، كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ كېچىسى دۈيجاڭنىڭ تېمىنى سوقىنى نىمىسى؟ مەس بولۇۋېلىپ يەنە ھىلىقى خوتۇنغا ھېجىيىپ قارامدىغاندۇ؟ خۇدايىم بالا بەرسە ئۆيدىن چىقماي بالىسىغا قارار ئىدى، خۇدايىم، ھىچ نەرسىدىن ئېيتمىغان خۇدايىم بىر بالا يۈزى كۆرسەم...»

تېگى يوق خىياللار، كۆلەڭگىدەك ئۇنى ئەگىشىپ يۈرگەن كۈندەشلىك، ئۆرتەۋاتقان ئىچ كۆيۈكى بىردەممۇ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ نىمىلا ئىش قىلسا ئازاتتى، ئۇنىڭ قولى ئىشقا، كۆڭلى غىزاغا تارتمايتتى، يىغلىغۇسى ھەتتا ئازاپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈۋالغۇسى كېلەتتى... شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالاتتى. بىر كەمدە ئويغانسا قۇباق ئىچكىركى ئۆيدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان بولاتتى.

ئۇنىڭ كۈنلىرى شۇنداق ئۆتەتتى. بۇ كۈنلەردە قۇباقنىڭ دەردى تۇردىخاننىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ھېكىم دۈيجاڭ بولغاندىن كېيىن قۇباقنى ئىشىمۇ بوزەك قىلىدىغان بولۇۋالدى. ھېكىم ئاشكارىلا:

— تۇردەكنى ھەيدە! يۇندىسىنى ئىت، تۇتۇنىنى بۇلۇت

كۆرمەيدىغان قانجۇققا ئىچ ئاغرىتىپ نىمە قىلاتتىڭ! — دەيتتى.
قۇباقنىڭ تۇردىخانىغا ئىچى ئاغرىيتتى. ئايىلىنىڭ كۆز يېشى،
يېلىنىشلىرى ئۇنىڭ ھىسداشلىغىنى قوزغىغان. قۇباق كەمىستىش
بىلەن يېلىنىش ئارىلىغىدا ئازاپلانماقتا ئىدى. قۇباق ئۇنى ئادەملەر
توپلاشقان يەردە مازاق قىلاتتى. دۇيجاڭلىغىغا ئىشىنىپ تىللايتتى.
پەس كۆرەتتى. قۇباق ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كېچىلىرى
ئۇخلىماي تېمىنى سوقاتتى. لېيىنى ئېتەتتى. يېڭى سېلىنىۋاتقان
ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلاتتى. لېكىن ھېكىم
ئۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ قۇباقتىن: بانكىدىكى پۇلى،
ئۆيىدىكى كىگىز - كېچىگى، قوتىنىدىكى قوي - كالىسى، توخۇ -
تۇمان، مىۋە - چىۋە قاتارلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ ئالغۇسى كېلەتتى.
قۇباق ھازىر بۇرۇنقىدەك مەرت ئەمەس، سەۋۋى تۇردىخان قۇباق
ھويلىسىدىكى ھەر بىر گىيانىڭ ئۈستىدە تىك تۇراتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھېكىم قۇباقنى كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا كەمىستەتتى:
— ھە دىسىلا «ئاكاڭ قارىغاي» دەپ مەيدەڭگە ئۇرىسەن، —
دەيتتى ئۇ قۇباقنى نوقۇپ قويۇپ، — نەرىڭ قارىغاي، ۋاي پاخشەك،
سەن كەچكىرگىچە ئىرغىتىسىمۇ مىۋە تۈگۈل بىر تال سېرىق
يوپۇرماقمۇ چۈشمەيدىغان دار، چوخچىيىپ تۇرغان قاخشال
دەرەخ! بولمىسا ئۆيلەنگىنىڭگە شۇنچە يىل بولدى، ئەركەك
ئۈجمىدەك كۆكلەيسەن، مىۋەڭ يوق. خوتۇنۇڭ چاشقان بالىسىدەك
بولسىمۇ... نىمە، خوتۇن تۇغماس دەمسىنا؟ سەن بىلەمسەن،
مەنمۇ؟ بۇرۇنقى ئېرىدىن بىر قىز تۇغقان خوتۇن ئۇ! ھەي،
بولۇمسىز سىلىقىم!
بۇ گەپلەر قۇباقنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى.
ھېكىمگە ئەگىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكۈچىلەرنىڭ ئاۋازى تويۇقسىز
چىققان گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىناتتى، ھەسخىرە بىلەن قاراشلىرى
نەشتەردەك سانچىلاتتى، توخماقتەك تېگەتتى، لېكىن كىچىگىدىن
تارتىپلا باشقىلارنىڭ ھاقارەت - كەمسىتىشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ،

بىرمۇ كىشىگە يېتىپ كۆرمىگەن، خورلۇقتا كۆنگەن مۇلايىم دېخان مازاقلار ئالدىدا شالاڭ - سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ قويۇش، غولىنى قورۇپ - گەجگىسىنى سىلاش، يەرگە قاراپ جىم تۇرۇۋېلىش بىلەن چەكلىنەتتى. لېكىن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئەلىمىنى تۇردىخاندىن ئالاتتى. بۇ بوزەكنىڭمۇ بوزىكى بار ئىدى، ئۇ ئەمدى ئادەم ئۇرۇشنىمۇ ئۆگىنىۋالغان، ئايىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن تۇغماسمۇ، مەنمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

— مەن تۇغماس، مەن!... ئىللا - بىللا! ئالدىنقى ئېرىدىن بالىسى بولغان دېگىنى يالغان!

— يالغان؟ ۋوي ئاناڭنى!...

قوۋاق ئۇنى ئۇراتتى، تېپەتتى، تۇردىخان يىغلىماي - قاخشىماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قوۋاقنىڭ ئاياقلىرىغا چىرمىشىپ يالۋۇراتتى...

تۇنۇگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەھەللىدە «ھېكىم دۇيجاڭ ئاسارغا چاقىرغىدەك» دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈردى. دۇيجاڭنىڭ خۇشامىتىگە كۆنگەن ئاياللار تاۋاق راسلاشتى. ئەرلەر مۇھىم ئىشلىرى بولسىمۇ توختىتىپ «ئاسارغا» قاتناشماقچى بولۇشتى.

بۇ يۇرتنىڭ ئادىتى شۇنداق، بىر كىشى يېڭى جاي سالسا تام سوقۇلۇپ، كېسەكلىرى تەييارلانغاندىن كېيىن پۈتۈن مەھەللە خەلقى بىر كۈن ئۆملىشىپ ياردەم قىلىپ، ئۆينىڭ ياغاچ - چەنزىسىنى چىقىرىپ، يېپىپ - توپىلاپ، ھەتتا سۇۋاپ قولدىن چىقىرىپ بولىدۇ، ئۇ كۈنى ئاياللار جاي سالغۇچىنىڭ ئۆيىگە تاۋاق ئەپكېلىدۇ. پۈتۈن مەھەللە ئۇ جايغا يىغىلىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. مانا بۇنى يەرلىك تىلدا «ئاسار» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئىش باشلانغان كۈنى پۈتۈن مەھەللە ئاياللىرى تاۋاق ئەپكەلدى ۋە پۈتۈن مەھەللە ئىشلىدى، ھېكىمنىڭ بېغىدا توي بولغاندەك ئويۇن - كۈلكە، ناخشا - ئۇسۇل قايناپ كەتتى. مەھەللىنىڭ ھەييارلىرى ئۆز نۆۋىتىدە قوۋاقنىمۇ ئۇسۇلغا تۇتتى. ئۇسۇلچى

قوباقنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ بىر قولىنى گەجگىسىگە قويۇپ، بىر قولى بىلەن تىزىغا شاپىلاقلاپ «بېقىشقان» بولۇپ تۇرۇۋالدى. ھۆمەردە قولىنى كۆتىرىپ باقمىغان قوباق قېچىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا ھېكىم ئۇنىڭ مالخىيىنى ئېلىپ چۆرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ياغلىما قاپاقتەك پارقىراق بېشىنى كۆرۈپ ئەر ـ ئاياللار ھەمـمەيلەن قىقاس ـ چۇقان كۆتىرىپ كۈلۈشتى. بۇ ئىش قوباققا ھار كەلدى. ئۇ مالخىيىغا ئېڭىشىۋىدى، بىرى كەينىدىن ئىتتىرىۋەتتى، ئۇ دوگۇلداپ بېرىپ ھېكىمنىڭ ئايىلىنىڭ يېنىدا تۇرغان مېھمان ئايالنىڭ قوچىغىغا دۈملا يىقىلدى. كۆپچىلىك تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشتى.

— پاھ، تاپقان ئادىمىنى قارا، تازا چىرايلىقىنى ـ ھە!...

— يارايسەن تازچاق، قويماي يېتىۋال!

— بېشىڭنى مەڭزىگە تەككۈزۈپ قوي...

قىقاس ـ چۇقان ئىچىدە تەمتىرەپ قالغان قوباقنى مېھمان ئايال سىلىق يۆلەپ، مالخىيىنى كىيگۈزۈپ قويدى. بۇ ئايالنى تۇردىخان تونۇدى، قايسى كۈنى ئۆيىدە قونغان ئايال شۇ ئىدى. ھېكىم كۆپچىلىككە ۋاقىرىدى:

— خالايىق ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار، ماۋۇ مېھمان ئايال بىزنىڭ قوباق بىلەن بېقىشىپ ئوينايمەن دەيدۇ، ئىتتىرىڭلار، قوباقنى قويۇۋەتمەڭلار، قوتىگۈلنى چىقىرىڭلار، ھوي خوتۇنلار!...

— تۇردىخانچۇ؟ ئۇ بىچارە نەدە يۈرىدىغاندۇر؟

— تۇردەك ساراڭ چۆنەكلىگىدە...، — دىدى ھېكىم ۋاقىراپ، — قاراڭلار، بىزنىڭ قوباقمۇ چىرايلىق بولغاچقا ئۆزىگە قوتىگۈلنى جۈپ قىلىپ تاللاپتۇ، ھا ـ ھا ـ ھا!...

قوتىگۈل ئىسىملىك ياقا يۇرتتىن كەلگەن چوكان قىزىرىپ ـ تاتىرىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. قوباق بولسا نىمە قىلارىنى بىلمەي بىردە غوللىرىنى قورۇپ، بىردە قېلىن كالپۇكلىرىنى مىدىلدىتىپ، بىردە ھىجىيىپ، بىردە ئۆگۈپ ـ تاتىرىپ ئوتتۇردا تۇراتتى. كۆپچىـ

لىنىڭ كۈلۈشەتتى، قىقاس سالاتتى، بىردىنلا ئۇششاق بالىلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئايالنىڭ ھۆكۈرەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بالىلار قىقاس-چۇقان بىلەن ئۇنىڭ يىغىسىنى كۆمۈۋەتتى. يىغلىغان ئايال باغدىن چىقىپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— تۇردىخان! — كۆپچىلىكنى يېرىپ چىققان قۇباق ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

— كۆچۈپ كېتەيلى! — دېدى تۇردىخان ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن قۇباققا مەھكەم ئېسىلىپ.

— تۇغساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى قۇباق ئەلەم بىلەن ئۇنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ، — ھېكىم، مانا مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ سېنى قويغۇزۇۋەتمەكچى!

— مېنى قويۇۋەتمەڭ، بالا بېقىۋالايلى، مەن ئۇنىڭدەك چىرايلىق ئەمەس، مېنى سەت دەپ قويۇۋېتەمسىز، تۇغمىدى دەمسىز؟

— خەقلەر مېنى بالا تاپالمايدىغان ئۆلۈك دەۋاتسا...

— قويۇۋەتمەڭ، داخانغا ئوقۇتۇڭ!...

تۇردىخان ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى، قۇباققا ئېسىلاي دېسە ئىتتىرىۋېتىدۇ دەپ ھويلىسىدىكى قېرى سۆگەتكە يۈزىنى يېقىپ، ئىچ-قارنى بوشىغىچە ئۈن سېلىپ يىغلىدى... باشقىلارنى كۈلدۈرگەن «ئاسار» مۇنۇ بوزەكلەرگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بەردى...

## سېغىزخان

تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

(خەلق ماقالىسى)

تۇردىخان ھاقارەتكە چىدىماي دادۈيگە ھېكىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى.

— مېنى قويغۇزۇۋېتىپ تۇقىقىننى بەرمەكچى! — دېدى ئۇ

دادۇي كاتىۋىغا يىغلاپ، — قۇتىگۈلنى ھەيدىۋېتىڭلار، ئۇ سېغىزخان، بىزنىڭ ئۆيىنى ئەگىپ شاراخلاۋاتىدۇ!

لېكىن كاتىپ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنىمۇ، تۇردىخاننىڭ ئەرزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

سېغىزخانىنى باشلاپ بىر كۈنى ھېكىم قۇباقىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى - دە، ئۆيىنى قۇتىگۈلگە كۆرسىتىپ:

— تۇزەشتۇرۇڭ، ئۆي سىياقىغا كەلتۈرۈڭ، ئۆز ئۆيىڭىزدەك باشقۇرۇڭ! — دېدى ۋە تۇردىخانغا قاراپ، — ھەي تۇدەك غىدىڭ - پىپ دىڭ دىسەڭ قويغۇزۋۇېتىمەن، قۇتىگۈلنىڭ دېگىنىنى قىل، بولمىسا تاناۋىڭ يىپ! — دېدى. قۇتىگۈل ھىجايدى، تۇردىخان شۈمشەيدى، تىترىدى...

قىلىۋىدىن تۇرۇلۇپ چىققان قارا تۇمان بوران بولۇپ يېتىپ كەلدى. قۇباقىنىڭ پەيلى بۇزۇلدى، ئۇ ھەر كۈنى تۇردىخانغا:

— خېتىڭنى ئالساڭ ئال، بولمىسا ئۆلسەن! — دەيدىغان بولىۋال- دى. ھىلىقى ئاخشىمى «كادىر» دەپ قونۇپ كەتكەن ئايال راستلا ھەر كۈنى دىگۈدەك كېلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئۆيىنى باشقىدىن تۈزەشتۇردى، لايچىلىق قىلدى، ھاكلىدى، يوتقان - كۆرپىلەرنى سوكۇپ قايتىدىن تىكتى، قۇباقىنىڭ ھەتتا تۇردىخاننىڭ كىيىملىرىنى يۇدى، دەزمال سالدى. تۇردىخان ئەمدى ئۆز ئۆيىگە ئەيمىنىپ كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ئۆيىدە تۇردىخانغا سۇ چېچىپ ھويلىلارنى سۈپۈرۈش، ئوچاققا ئوت قالاش، كىر يۇسا يۇندا تۆكۈش، تېزەك چاپلاش، كۈكۈم يېيىشتىن باشقا ئىش قالمىدى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئىشىزدا ئىشلەيتتى، ئادەملەرگە ئارىلاشمايت- تى. كەچتە قۇتىگۈلنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن تاماقىنى خۇددى زەھەر يىگەندەك ئازاپ بىلەن يەيتتى... كەچتە قۇتىگۈل ھېكىمنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن كاڭدا يېنىچە يېتىۋېلىپ تېگى يوق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولاتتى. ئۇ ئۇزغۇن ئويلايتتى. لېكىن ھېچ خىيالنىڭ ئاخىرى بولمايتتى. ئۇنىڭ پىكرى چېچىلغان، ئۆزىچىلا

سۆزلەيدىغان، يالغۇز يەردە يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. سىڭىزخان
ئۇ ئۆيگە بىر شۇملۇقتىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇ كەل-
گەندىن بىرىلا تۇردىخاننىڭ بەدىنى كۆيۈشمەكتە. ئۇ ئەمدى ئېتىزغا
ماڭدىم دەپ باشقا ياقلارغا كېتىدىغان، بەزىدە توپىراق بېشىدا
ھېلىقى ئۆلگەن بالىسىنىڭ بېشىدا سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان
بولۇۋالدى...
بىر كۈنى چۈشلۈكى زاراتكالىقتا ئۇنى ۋالىم كۆرۈپ قالدى.
ئۇ غۇژمەك بۇرۇتىنى يىمىرىپ چىشلىدى-دە، ئاچچىق بىلەن:
— ھېلىقى سەتەڭنى نىمىشقا تاياق بىلەن ئۇرۇپ چىقارمايـ-
سەن؟ — دىدى.
— قۇرۇۋان... ئۇنىڭغا بولۇشۇۋاتسا...
— ساراڭ تاز! — دىدى ۋالىم غەزەپ بىلەن، — ھېكىم تېخى
كۆپچىلىككە ئاشكارىلا ئاشۇ سىڭلىمنى قوباققا چاتىمەن دەپ يۈر-
گىدەك، كىم بىلسۇن ئۇ ئاتا باشقا، ئانا باشقا سىڭلىسىمۇ تېخى!
قونامدۇ؟
— ياق، كەچتە كېتىدۇ...
— نىمە قىلىدۇ ئۆيۈڭدە؟
— ھېكىمنىڭ خوتۇنى يىگىنىگە چىدىمىغان ئوخشايدۇ، قو-
ساق باقىدۇ شۇ! ھۆكۈمەتكە ئېيتايلى! — دىدى تۇردىخان ئولتۇرۇش-
قان كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — ھۆكۈمەت بولغاندىكىن...
— قېنى ئۇ ھۆكۈمەت؟ — دىدى ۋالىم قوللىرىنى شىلتىپ، — ھۆ-
كۈمەت بار بولسا ھېكىمنى بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىرىپ قوياتتىمۇ؟
ئۇ شۇنداق دىدى-دە، ھۈرپىيىپ تۇرغان غۇژمەك قاشلىرى
ئاستىدىكى بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرىنى تۇردىخانغا ئالايتتى ۋە قولى-
نى ھاۋادا قىلىچتەك بىر سىلكىدى-دە، ئېتىز تەرەپكە كەتتى.
ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر چۈشلۈكى
ۋالىم قوباقنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ھويلىدىكى ئوچاقنىڭ ئالدىدا
لەغمەن ئېتىۋاتقان قۇتىگۈل ۋالىمنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— كەلسلە! — دىدى ئۇ ئۇزۇن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ.

— سىڭلىم، سىز بۇ ئۆيگە كىمنى پانا تارتىپ كىرىپ - چىقىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى ۋالىم قۇتىگۈلگە تىكىلىپ، — بىزنىڭ بۇنى بىلگىمىز كېلىۋاتىدۇ؟

ھېكىم ئاكام... ھېكىم دۈيجاڭ... — دىدى قۇتىگۈل ھودۇقۇپ - تاتىرىپ ۋە تىرنىقىنى تاتىلىدى.

— ھېكىم دۈيجاڭ نىمە دىدى؟ قۇباققا تۇردىخاننى قويغۇزۇۋېتىپ سىزنى ئېلىپ بېرىمەن دىدىمۇ ياكى...

— ئۇنداققۇ دىمىدى، — دىدى ئايال دۇدۇقلاپ، — ھېكىم دۈيجاڭ ئانامنىڭ شىرەم تۇققىنىكەن، مەن ئەردىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىگە - چاقىسىز قالغاندىن كېيىن... كۆچۈرۈپ ئەپكېلىۋالدى... قۇباق ئاكام ئاغىنىسىكەن، ئەمدىزە ئىش - پىشىغا قارىشىپ بىرىڭ دىگەچكە...

— ھىم! — دىدى ۋالىم ئايالنىڭ بىچارە قىياپىتىگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئىچ ئاغرىتىپ، — ئۇنداق بولسا كۆڭۈل ئېلىڭ. مۇشۇ يەرلىك بولۇپ كېتەرسىز بەلكى، بىلدىم، سىزنى ئۆز ئۆيىگە پاتۇرالمىغان گەپ، لېكىن مۇنۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆيىنى بۇزۇلۇپ يۈرمىسۇن، تۇردىخان مەسخۇش بولسىمۇ ئېرىگە كۆڭلى بار. مەن ئەقىللىق، مەن چىرايلىق، مەن ئۇلۇق دەپ بوزەكنى چەيلەشكە بولمايدۇ. خەير، باشقا گېپىم يوق!

بولۇنغان گەپ مۇشۇ، لېكىن ھېكىم ۋالىمنىڭ بۇ ئىشنى ئۆز يولىدا چۈشەنمىدى. ئۇ قۇباقنى كۈشكۈرتۈپ:

— ئەخمەق، ۋالىم بىكارغا كىرەمدۇ، مۇشۇ تۇردىخان ھال ئېيتقان گەپ، ئەمدى ئۇ پۈتۈن مەھەللىگە قۇباق قۇتىگۈل بىلەن... دەپ ئۇستۇگىدىن گەپ - چۆچەك تارقىتىدۇ!

— تارقاتسا مەيلى، — دىدى قۇباق ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەن قۇتىگۈلگە يامانلىق قىلمىدىم... ئۇنى كادىر دىۋىدىك، يالغانچى!..

— نىمە؟ ئۆزەڭنى نەگە قاچۇرىسەن، ھېلىقى كېچىسى...

قۇباق غولىنى قورۇپ قويۇپ ھىجايدى:

— مەن مەس بولۇپ قاپتىمەن... كىم مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويدى؟ بىرى سۆرىگەندەك قىلدىغۇ؟...

— مەسچىلىك دېگەن شۇ. ئۇنىڭغا چېقىلغانسەن... ئۇ ماڭا ئەرز قىلدى پېقىش! — ھېكىم ئۇنىڭغا چاخچاق بىلەن ئەمەس، بۇيرۇق ئاھاڭدا شۇنداق دېدى.

— ئەمدى تۇردىخاننى قويۇۋەت! بولمىسا ئىش يوغىنايدۇ. مەن سېنى تۇققىنىمغا چېقىلىدۇ دەپ ئويلىمىغان، ئەمدى ئۇنى ئالسەن، قېنى ئالماي باقە!

— قۇتىگۈلنى؟ — قۇباقنىڭ كۆزلىرى ئۆيناپ كەتتى. قۇتىگۈلنىڭ ئەتىر پۇراپ تۇرغان بەدىنى، چىرايلىق ھۆسنى، يېقىملىق كۈلكىسى، «قۇربانۋاي» دېيىشلىرى يادىغا كېلىپ ئۇنىڭ بەدىنىدە گۈزەل ئايالغا ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. ھېكىم ئۇنى دەرھال سەزدى:

— قۇتىگۈلنى ئالساڭ، تاز بېشىڭدا گۈل ئۈنگەن بولىدۇ پېقىش، دۇنيانىڭ راھىتى نېمىدە؟ ياخشى تاماق، ئىسسىق ئۆي، ئوبدان كىيىم، كۆڭۈللۈك ئويۇن، گۈزەل ئايال... ھەي تاز، يۇۋاشلىقىڭمۇ چېكى بار. پۇل دېسە بار، بىلىمەن، تۇردىخان پىخسىق سېنى باي قىلىۋەتتى، مال-ۋاران، ئۆي-جابدۇق، دېگىنىڭ تۇرۇپتۇ، بانكىدا ئۈچ مىڭ كوي پۇلۇڭ بار...

قۇباق خوشال بولۇپ سېرىق، شالاڭ چىشلىق يوغان ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. ئۇ غولىنى قورۇپ قويۇپ:

— تېخى ساندۇقتا ئون كىيىملىك ئىسىل رەخت، قول سائىتى...

— ھىم! — دېدى ھېكىم قىزىقىپ، خۇددى قۇباقنىڭ بايلىقىنى ھازىرلا يۇتۇۋالىدىغاندەك ئاچكۆزلۈك بىلەن، — پۇل دېگەن نېمە، بىلەمسەن؟ پۇل دېگەن چىراي، ئەقىل، مەنسەپ، مىجەز-خۇلۇق! پۇل دېگەن ئىنساندا بولىدىغان ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى! تۇردىخان ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن يېپىشقان، ھازىر قۇتىگۈلمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئاشىق!

— ئاشىق! يالغانچى... — دېدى قوۋاق ئىشەنمەي.

— سەن كالۋا تاز، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى بىلمەيسەن، شۇنچە ئەگىپ يۈرسە قىيا كۆزۈڭنى سالمايسەن، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونسا قويت دەپ، ھۆپۆپ قونسا ھەيدەيدىغان تازدە، سەن! ها-ها-ها...

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى قوۋاق تۇردىخاننى ئېتىزغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئىككىسى بىردەم قوناق چاپتى-دە، قوۋاق تۇردىخانغا قاراپ:

— ھوي راست، دۈيجاڭ كەلگىن دېگەنتىغۇ، سەن ئىشلەپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا كېلىمەن! — دېدى. تۇردىخان قوۋاققا ئىشەنمەتتى. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:

— سىز كەلگىچە مۇشۇ سولنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈۋېتىمەن، — دېدى.

قوۋاق ۋەلسىپىت بىلەن ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ ھويلىسىدا دېگەندەك قۇتىگۈل ئۇسما قويۇۋاتقان ئىكەن. قوۋاق ئۆينى ئاچتى. قۇتىگۈل ئۆيگە كىردى ۋە قوۋاققا سۈركەلدى. قوۋاقنىڭ قوپال پۇت-قولى بەزگەكتەك تىترىدى، قېلىن كالپۇكلىرى ھازىرلا ساقىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك كۆيۈشۈپ، ئاغزى گەپكە كەلمەيدى. ئۇنىڭ ھالىنى بايقىغان ئايال يۇمشاق قوللىرى بىلەن قوۋاقنىڭ قولىنى تۇتتى.

قوۋاقنىڭ بەدىنىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ قۇتىگۈلنى باغرىغا باستى...

— تۇردىخاننى قويۇۋېتىشكە ۋەدە بېرىڭ، — دېدى قۇتىگۈل ئەركىلەپ.

— بۈگۈنلا خېتىنى بېرىمەن، ئۈچ تالاق قىلىمەن، — دېدى قوۋاق ئايالنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

— يارايسەن پاخشەك!

قوۋاق چۆچۈپ دەرىزىگە قارىدى، ئىنچىكە بۇرۇتلىرىنى پارقىرىتىپ، خۇما كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ھېكىم قاراپ تۇراتتى...

# كۆڭۈل

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ
كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ...
(خەلق ماقالىسى)

شۇندىن كېيىن قوباقنىڭ تۇردىخاننى كۆرەرگە كۆزى قالمىدى. دۇنيادا ئەڭ يىرگىنىشلىك ۋە سەت ئادەم مۇشۇ تۇردىخان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن ھاياتىدىكى ئەڭ ئالىي لەززىتى تۇيۇلغان مۇنۇ ئايىلىنى بىر كۈندىلا يىرگىنىشلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن قانداق كۈچ ئۇ؟ قوباق شۇ كېچىسىلا ئاشۇ غايىپ كۈچنىڭ قۇتراتقۇلۇغى بىلەن غالجىرلاشتى. تۇردىخاننىڭ ئورۇن-كۆرپىسىنى (ئىككىسى بىللە ياتىدىغان) مايلاشقان ئىككى ياستۇق، گۈلى ئۆچكەن تېكىرى بىلەنلا باراڭ ئاستىغا ئەپچىقىپ تاشلىدى. كىيىم-كېچىكىنى كاللەك-كاللەك قىلىپ پىقىرىتىپ ئاتتى، ھەتتا تۇردىخان خېمىر يۇغۇرىدىغان تەڭنە، تاماق يەيدىغان قاچا-قۇچىلارنىمۇ چاقتى...

— ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۆلەمسەن، خېتىڭنى ئالامسەن؟

— ئۆلىمەن، ئۆلىمەن... — دىدى تۇردىخان ئۇنىڭ ئاياقلىرىغا چىرمىشىپ.

— مانا ئەمسە! — قوباق ئۇنى تەپتى، دەسسىدى... تاياققا چىدىمىغان تۇردىخان ئاخىر:

— ئالاي، خېتىمنى ئالاي!... — دەپ نالە قىلدى.

نەسىھەت، سالا-سۇلۇ، پوپوزىلار كار قىلمىدى، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېكىم دۇيجاڭنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇلارغا ئاجرىشىش خېتى كېسىپ بېرىلدى. تۇردىخان ئۆزىگە تەككەن ئۆي-جابدۇق، كىيىم-كېچەك، ئىككى قوي، ئۇن ۋە

ئاز-تولا نەق پۇلنى ئېلىپ بىر مەخسۇس هارۋا بىلەن شەهەرگە ئۇزىتىلدى....

تويدىن كېيىن قۇباقنىڭ هاياتى باشقىچە تۈس ئالدى، كېيىملىرى پاكىز، قول، بويۇنلىرى خېلى سوزۇلگەن، گەپلىرى خېلى سىلىق-سىپايە بولۇپ قالغان. بىراق ئۆيدە قىلىدىغان ئىش بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى: ئۇ كېلىپلا كىيىم يوتكەيتتى، پۇت-قوللىنى، بويۇنلىرىنى ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇياتتى. ئاندىن كېيىن ئېهتىيات بىلەن جوزىغا چىقىپ قۇتىگۈل ئۆگەتكەن بويىچە يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى ۋە ئالدىغا كەلگەن لەززەتلىك تاماقنى بۇرۇنقىدەك شالاپ-شۇلۇپ قىلماستىن ئاستا ۋە ئاز-ئازدىن يەيتتى. تاماقتىن كېيىن كاگدا ئېغناپ يېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. چۈنكى ئۇ داسلاردىكى يۇندىلارنى، دۆۋىلەنگەن ئەخلەت-كۆللەرنى بەلگىلەنگەن جايغا ئاپىرىپ تۆكۈشى، ئاندىن كېيىن تۇڭنى سۇ بىلەن تولدۇرۇشى، كالا ساققىچە موزاي تۇتۇپ بېرىشى، ئوچاققا ئوتۇن تەييارلىشى، بېرىدىم كېچىكچە كۆكتات ئاقلىشى، چوڭراق كىر-قاتلارنى مۇجۇپ سىقىشى لازىم. ئىش كۆپ، تەلەپ قاتتىق بولسىمۇ ئۇ هار ئالمايتتى. بىراق هەر كۈنى يوتقانغا كىرىشتىن بۇرۇن بويۇن ۋە پۇت-قوللىرىنى سوپۇنلاپ يۇيۇشى، هەر هەپتىدە ئىچ كىيىم يوتكەش، تېخى تاماقنى ئاز-ئازدىن يېيىشى، شالاپ-شۇلۇپ قىلماسلىق، پۇتلىرىنى پۈكۈپ ئىخچام ئولتۇرۇش، ئىشقىلىپ قانداق قىلسىمۇ بولىۋېرىدىغان ئۇششاق-چۈشەك ئىشلار ئۈستىدە ئائىلىدىن نەسىهەت ئاڭلاش، ئايالنىڭ دىگىنىنى قىلماي قويسا ئائىلى ئۇنى سەتلەش، سىلكىش، تىللاش هەتتا نوقۇشلاپ قويۇشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چوڭ ئاۋارىچىلىق ۋە ئارتۇق يۈك بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئايال ئۇنىڭغا خۇددى سىركىچى مايمۇنغا هەرىكەت ئۆگەتكەندەك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارنى بىرمۇ-بىر، بەزىدە يۇمشاق، بەزىدە قاتتىق يوللار بىلەن ئۆگەتتى...

لېكىن نىمىلا بولمىسۇن قوۋاق ئايلىدىن رازى، ئۆزىنى بەخت-
لىك ۋە تەلەيلىك ھىساپلايتتى:

— ھېكىمنىڭ بۇ ياخشىلىغىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن، — دەيتتى
ئۇ، قۇتىگۈلنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ، — ئۇنى
كۈندە مېھمان قىلسامۇ ھەققى تۈگىمەيدۇ!

— ئىش-كۈشلىرى بولسا قارا كۈچىڭىزنى ئايىماڭ، پات-پات
بېرىپ نىمە ئىشلىرىڭىز بار. سەن بولساڭ دۈيجاڭ، يېتىشەلمەي
قالساڭ ھايت دەپ قوي دەپ ئاغزى يۇمشاقلىق قىلىڭ، — دەيتتى
قۇتىگۈل.

قوۋاقنىڭ بىر كۈن ئاڭلىغان ئاھانىتى قۇتىگۈلنىڭ بىر ئەركى-
لەپ قويۇشى ياكى سۆركىلىپ قويۇشى بىلەن تۈگەيتتى، بەزىدە
قوۋاق مۇشۇ گۈزەل مېنىڭ ئايىلىم دىيىشكە ئىشەنمەيمۇ قالاتتى.
ئۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى يات ئادەم ئالدىدا ھېيىققان بالىدەك
يوچۇن ۋە ياسالما تۇتاتتى. مانا شۇنداق ۋاقىتلاردا قۇتىگۈل
سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇنىڭغا بۇيرۇتما بۇيرۇيتتى:

— بۈگۈن ئاخشام مېھمان چاقىرىمەن، راست، سىزگە دىيىشنى
ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كىملەر دەمسىز؟ ھېكىم ئاكام ئەر-خوتۇن،
ياقۇپ ئەر-خوتۇن، باقى...

قوۋاق نىمىمۇ دىيەلىسۇن؟ قۇتىگۈلنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە
مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلاتتى، ئالدى-
رىتاتتى، ئۆيگە كېلىپ قوي سوياتتى، ماگىزىندىن تاتلىق-تۈرۈم
ئەپكىلەتتى، سەۋزە قىراتتى، سەي ئاقلايتتى، مېھمانلار كېلىپ بول-
غىچە ئۇ تىپىرلاپ ئىشلەيتتى، كۆڭلىدە بەزىدە خاپا بولاتتى. كەت-
كەن پۇل، بولۇۋاتقان چىقىمغا چىدىمايتتى، بەزىدە قۇتىگۈل
ئۇنىڭ جان كۆيدۈرۈپ قىلىۋاتقان ئىشىدىن قۇسۇر تېپىپ، قاتتىق
كايىغاندا بولسا ھەممىدىن ۋاز كېچەتتى. شۇنداق چاغلاردا مۇلايىم،
مېھرىۋان تۇردىخان يادىغا كېلەتتى-دە، يۈرىگىنىڭ بىر يېرى
«پىژ» قىلىپ قالاتتى. لېكىن سەزگۈر قۇتىگۈل قوۋاقنىڭ ئۇزاق

مەيۇسلىنىشكە يول قويمايتتى، خالى جايغا تارتىپ ئۇيناقلاپ تۇرۇپ:

— ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ! — دەيتتى. قۇباق ئاغزىنى يوغان ئاچاتتى، قۇتىگۇل ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تال كەمپىت ياكى قەن سېلىپ قوياتتى ۋە مەڭزىنى بوشلا چىمدىپ قوياتتى. مانا بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ھەممە خاپىلىقى كۆتىرىلىپ كېتەتتى ۋە تۇرمۇش ئۇنىڭغا چەكسىز گۈزەل، ئاغزىدىكى كەمپىتتەك تاتلىق بىلىنەتتى ۋە شۇ شىرىن ھايات ئۈچۈن ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ، بىر بۇلۇڭدا پۈكلىنىپ يېتىپ تاڭ ئاتقۇزاتتى، مېھمانلار ئۇنىڭ قويىنى يەپ، ھارىقىنى ئىچىپ، ئۆيىنى چەيلەپ، چىنە-قاچىلىرىنى چېقىپ، ئۇنى ئاز دەپ ئۆيىدە قونۇپ... نېمىلەر قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى، ئەتىسى قۇتىگۇل ئولتۇرۇشنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا ھەممىنى بىلەتتى ۋە شۇنداق بوپتۇ دەپ چىن كوڭلىدىن ئىشىنەتتى ۋە خوشال بولاتتى...

ھاياتى بەختسىزلىك بىلەن خورلىنىۋاتقان بىر ساددە ئىنسان ئۆزىنى بەختلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ مازاق قىلىپ كۈلگۈلۈكمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ساختا بەختىنى تەبرىكلىگۈلۈكمۇ؟ ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئالدانغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكۈلۈكمۇ؟... ۋالىم بۇ ئادەمنى قىينايدىغان سوئاللارغا خېلى ئۇزاق جاۋاپ ئىزلىدى، ئاخىر نومۇس، ۋىجدان ئۇنى قۇباقنىڭ ھويلىسىغا ئاخىرقى قېتىم ئېلىپ كىردى.

ئۇ كىرگەندە قۇباق ئايلى داسقا چىلاپ بەرگەن داستىخان، ئەدىياللارنى مىجىپ ئولتۇراتتى:

— تۇردىخان چىقىپتۇ قۇباق! — دىدى ئۇ ئۇزاق جىم تۇرغاندىن كېيىن، — نىمىشقا چىرايىڭنى پۈرۈشتۈرسەن؟ ئالجىپ قالاي دەپتۇ، قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيدۇ، سېنىڭدىن ئالغان مال-مۈلۈكنى قانداق يوقاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، كۆرسەك ئېچىڭ سىرد-

لىدۇ، ئادەم چىرايى يوق!

— ساراڭ! — دېدى قوۋاق قېلىن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ، — ساراڭ ئۇ!

— ساراڭ؟ — دېدى ۋالىم غەزىۋىنى باسالماي، — سەن قانچە-لىك نېمىدىڭ؟

ئۇنىڭ توشقاننىڭ كۆزىدەك بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرى قوۋاققا تىكىلدى، ھۆرپىيىپ تۇرىدىغان بۇرۇتلىرى ئاستىدىن غەزەپلىك سۆزلەر چىقىشقا باشلىدى:

— ئىنسان پۇل بىلەن ئەمەس، نومۇس، ۋىجدان، ئىنساپ بىلەن قەدىر-قىممەت تاپىدۇ، سەن ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە نېمىشقا مېھماندىن بۇرۇن مەس بولۇپ قالىسەن، نېمىشقا دائىم تام تۈۋىدە ياتىسەن، خوتۇنۇڭ ۋاپادار بولسا سېنى نېمىشقا كېچىچە تالاغا چىقىرىۋېتىدۇ؟

— ئۆزەم چىقىپ كېتىپتىمەن، مېنى ئىزلەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. قورقۇپ باققا كىرەلمەي، مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن كېچىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقىپتۇ.

— مانا، مۇشۇ گەپلەرگە ئىشەنگەن بولغاندىكىن سەن ئۆزەڭ قىپ-قىزىل ساراڭ. مەن ئۆگزىدە ياتقان، ھەممىنى كۆردۈم. سەن ئەخمەق ئۆيۈڭدە مەس بولۇپ يىقىلىپسەن، مېھمانلار ئۇزد-غاندىن كېيىن ھويلاڭغا ھېكىم يەنە كىردى، سېنى ھاپاش قىلىپ باققا ئەپچىقتى، ئاندىن كېيىن... ئاندىن كېيىنكىسىنى ئۆزەڭ چۈ-شىنىۋال... سەن قوۋاق، ئىلاننى ئاغىنە تۇتىدىغان، ئالۋاستىنى مەشۇق دەيدىغان بىر ئىلەشمەن ئىكەنسەن... — ۋالىم شۇنى دېدى-دە، قولىنى بىر سىلكىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. قوۋاق ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى...

قوۋاق ئۈچۈنمۇ ئازاپلىق كۈنلەر باشلاندى. ئۇنىڭ نە ئۆي-قۇسى، نە ئىشتىھاسى قالمىغان، جاھان كۈندىن-كۈنگە قاراڭغۇلىشىپ كېتىپ بارغاندەك، بىر يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى بوغۇۋاتقاندەك بىلىنىشكە

باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى قۇتىگۈلنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى، ئەركىلەشلىرىمۇ، ھېكىمنىڭ قوپال، لېكىن سەمىمى چاخچاقلىرىمۇ ساقايتالماس ئىدى. ئۇ كوچىغا چىقسا باشقىلار ئۇنى مازاق قىلى-شىپ كۇسۇرلىشىۋاتقاندەك، ئۆيگە كىرسە ھېلىقى ئۇماق ئايلى «مەن سېنى انا مۇشۇنداق خورلايمەن، سەن بۇ خورلۇققا چىدى-شىڭ كېرەك» دەۋاتقاندەك بىلىندى. «قانداق قىلسام بولىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ كېچىلىرى ئۆيدە يېتىپ، — مۇنۇ ۋاپاسىزنى بوغۇۋېتىپ، ھېكىمنى بوغۇزلىۋېتىپ دەرياغا سەكرەيمۇ؟ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىم ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتسا بۇ دۇنيانىڭ يەنە ئارزۇلى-غىدەك نىمىسى قالدى؟...»

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ لامپا ياندۇرۇپ، يېنىدا يېنىك نەپەس ئېلىپ ئاپپاق مەيدىلىرىنى ئېچىۋېتىپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان قۇتىگۈلنىڭ قويۇق ۋە توم چاچلىرىنى تۇتتى، چاچلارنى ئاپپاق بوينىغا ئاستا ئورىدى، توم چاچلارنى سىرتماق قىلىپ بىرلا بوغسا دۇنيادا ئۇنى ئازاپقا سالىدىغان ئايال تۈگىگەن بولىدۇ. ئاندىن كېيىنچۇ؟ دۇنيا شۇنىڭ بىلەن لەززەتلىك بولالامدۇ؟ ياق، قۇتىگۈل-سىز ياشاش قۇباق ئۈچۈن ئازاپلىق، لېكىن نىملا بولمىسۇن قۇتى-گۈلنى... ئۇنىڭ قوللىرى تىترىدى، كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ياشلار ئاقتى، ئۇ خۇددى يىغىسىنى بىرسى كۆرۈپ قالىدىغاندەك دەرىزىگە قارىدى. ئۇ دەرىزىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. بىرسى ياپىلاق ۋە سەت يۈزىنى ئەينەككە يېقىپ راستىنلا قاراپ تۇراتتى. قۇباق ئايىلىنىڭ چاچلىرىنى قويۇۋېتىپ تالاغا يۈگۈردى:

— تۇردىخان!

تۇردىخان قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىپ بولدى، قۇباق ئۇنى قوغلىدى، تۇردىخان مەھەللە سىرتىدىكى قەۋرىستانلىققا كىلىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

قۇباق قايتىپ كەلگەندە قۇتىگۈل دۇم يېتىپ يىغلاۋاتاتتى.

— نىمە بولدۇڭ! — دىدى قۇباق ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ مېنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىسىزغۇ،
ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈڭ! — قۇتىگۈل قۇباقنىڭ تىز-
لىرىغا كۆكرىگى بىلەن تاشلىنىپ ھۆكۈرەپ يىغلىدى. قۇباق ئوغ-
رىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان گۆدەكتەك غالىلداپ تىترىدى ۋە
قۇتىگۈلنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ:
— خاپا بولما، يىغلىما، ئەمدى سېنىڭ گېپىڭگىلا ئىشىنىمەن،
ھەممىنى قىلغان تۇردىخان ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى دەرىزە مارا-
دىكەن، بىزنىڭ ئىت ئۇنى تونۇغاچقا ھاۋشىماپتۇ. ھازىر ئۇنى
قوغلاپ زەرەتكارلىققا بېرىپ كەلدىم.
— ئەسكىكەنسىز! — دېدى قۇتىگۈل قۇباقنىڭ قوللىرىنى ئىتتى-
رىپ، — ئىچىڭىزمۇ سىرتىڭىزدەك قارىكەن. سىزدىكى كۆكۈل قان-
داق كۆكۈلكىنتاڭ؟ تۇردىخاندەك پوشكالىغا ئوراپ بەرسە ئىت يە-
مەيدىغان خوتۇننى ئەتىۋا بىلىپ، ماڭا ئوخشاش جەننەتنىڭ
ھۆرلىرىدەك خوتۇننى خارلايدىغان... كۆڭلىڭىز كۆتەرگەن بولغاندىكىن
ئاشۇ تۇردىخان پاسكىنا بىلەن ئۆتۈڭ!
قۇتىگۈل ئۆيدىن سالغا تېشىدەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.
قۇباق كەينىدىن قوغلىدى، لېكىن يېتەلمىدى. يېرىم يولدا تۇيۇقسىز
چاتقاللار ئارىسىدىن بىر ئايالنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلاندى. قۇباق
تونۇدى: ئۇ تۇردىخان ئىدى:
— سىڭىزخان ئۇچۇپ كەتتى! ھا-ھا-ھا... ھا-ھا-ھا!...
— ساراڭ! — دېدى قۇباق مۇشتۇملىرىنى تۇردىخانغا تەڭلەپ، —
ھەممىنى قىلغان سەن ساراڭ. ئاشقا چۈشكەن چىۋىن، كۆكۈل
ئاينىتىدىغان بۇس!
— ھا-ھا-ھا!... سىڭىزخان شاراخلايدۇ، توخۇلار قاقاق-
لايدۇ، قۇيت!
ئۇ يىراقلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇننى قويۇپ بېرىپ يىغ-
لىماقتا ئىدى. قۇباق خىيال بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن پىچىرلىدى:
— كۆكۈل، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېغىتىپ، — خاپا قىلغانمۇ،

يىغلاتقانمۇ، كۆلدۈرگەنمۇ، ساراڭ قىلغانمۇ كۆڭۈل! پاھ-پاھ — كۆڭۈل!...

## ۋاپادار

كېچە بولسا ياتمايدۇ،
تېرەك باشىدا قارغا.
نىمە ئانچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا.
(خەلق قوشىغى)

كىيىمگە چۈشكەن داغنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدىكەن. لېكىن كۆڭۈلگە چۈشكەن داغنى ھېچنىمە بىلەن، ھەتتا جاسارەت ۋە ئىرادە بىلەنمۇ ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىكەن!

قۇباق قۇتىگۈلنىڭ كۆز يېشى، غەزىۋى ۋە يامانلاپ كەتكەنىگە قاراپ ۋالىمنىڭ سۆزلىرىنى يالغانغا چىقاردى. لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى ھەممىلا نىمىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتقان يۈرىگى يەنىلا غەشلىك ئىچىدە تۈگۈلۈكسىز ئۆيدەك گۇڭگا ئىدى. ھېكىم ھەر قېتىم ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ، پۇتلىرى تىترەيتتى. ئۇ ئەمدى قىرىقتىن ئاشقاندا تۇرمۇشنىڭ يالتىراق قاتلىمى ئاستىدا يەنە بىر رەڭدار قاتلىمى بارلىغىنى، بۇ قاتلام ساختا، يالغان ۋە ئالدامچى بوياقلار بىلەن بويالغىنىنى چۈشەنمەكتە ئىدى. ئادەملەر بىرىنىڭ ئەمگىكىنى يەنە بىرى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر بىرىنى ئالدايدىكەن. يالغان ۋەدىلەر بىلەن بىرىنى كەلگۈسىدىكى چوڭ پايدىغا ئەمەك قىلىپ قويۇپ، ئاغزىدىكى نېنىنى تارتىۋالىدىكەن. تۇرۇدىخاندەك زادىلا يالغان ئېيتمايدىغان ئادەملەر بولسا چاۋا-چاتقال ئارىسىدا ئەخلەتتەك سۆرۈلۈپ يۈرىدىكەن...

قۇباق ئۆز بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى خۇلاسىلەپ ئەنە شۇنداق

يەكۈن چىقاردى. لېكىن ئۇنىڭ يەكۈنىگە يەنىلا ئۆزى پىرىنچى بولۇپ قارشى چىقىپ، بىر مەھەل نەپرەتلەنگەن ئادەملىرىنى ئىككىنچى بىر سۆھبەت ئارقىلىقلا پاك - پاكىز قىلىپ ئۆزى قازىلاپ چىقتى. بۇ ۋەقە ھاۋا تۇتۇق، قىلۋىدىن سوغ شامال ئۇرۇپ تۇرغان، تېرەكلەرنىڭ سېرىق يوپۇرماقلىرى تىنىمسىز تۆكۈلۈپ يەر بېتىنى چۈمكەۋاتقان، تېرەكلەرنىڭ ئەڭ ئۇچىدىكى ياپراقلىرىدىلا ياپيېشىل پېتى تۆكۈلمەي تۇرۇۋېلىپ قۇباقنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان بىر كەچ كۈزلۈگى مەھەللە سىرتىدىكى بۇزۇلغان كۆۋرۈك يېنىدا بولدى.

قۇباق ئەلىمنى يەردىن ئالدىغاندەك غەزەپ بىلەن كەتمەن چاپىماقتا ئىدى. ھېكىم مىكىيان يېنىغا نوچىلىق بىلەن كېلىۋاتقان خورازدەك غادىيىپ قۇباقنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نىمە قىلىۋاتىسەن پېقىش! — ئۇ قوپال ۋاقىرىدى.

— كۆۋرۈك ياساۋاتىمەن! — قۇباق ھىجايدى.

— ئۆيۈڭنىچۇ؟ خوتۇنىڭنى قاچانغىچە باقىمەن؟ ھەي راپاۋەت بىلمەيدىغان قارا قوساق، ئۆز سىڭلىمنى ماڭا چاپلاپ تۆھمەت قىلغانلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك چىڭ يەردە تۇرۇۋاتقان بالىنى قوغلىۋەتتىڭما؟ قوغلىغانلىكىن ئىتىڭنى توشقاز. سەن سەت تازغا گۈل ياراشمايدۇ زادى. ماڭ يۈگۈر تۇدەك دىگەن ئىشەك تېزىگىنى قۇلىغىڭغا قىسۋال!

قۇباق ئاغزىنى مىتىلداتتى، گەپ قىلالمىدى. ھېكىم ۋە قۇتىڭۈل توغرىسىدا يامان گەپ چىقارغان ۋالىمىغا ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنىپ ھېكىم قۇتىڭۈللەردىن گۇمان قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىدىنمۇ نەپرەتلىنىپ ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ ئادەمنى تاڭدا ئېچىلغان گۈلدەك پاكىز ھىساپلىدى.

— ھەممىنى قىلغان ۋالىم... ئۇ مېنى ئازدۇردى...

— ئەمدى قانداق قىلىسەن؟

— ناماقۇل بولاي... ھېكىم ئاكا...

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن كەچكە تـوغرىـلاپ قۇتىگۈلگە چاي قۇيسەن!

— ماقۇل! — دىدى قۇباق خوشال بولۇپ، ئۇ ئاخشىمى ھېكىنىڭ ئۆيىگە توخلا ئاپىرىپ ناماقۇللۇق چىپىي بەردى ۋە قۇتىگۈلنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى.

مانا شۇندىن كېيىن قۇباقنىڭ يۈرىگىدە كۈنچىلىكنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنە كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى، چۈنكى يالغان سۆز قىلغۇچىلار قەدىرلىك بولۇپ قالغان يىللار بولغاچقا قۇباقمۇ ئۆزىنى يالغان سۆزلەر بىلەن ئالداشقا ۋە قانائەتلەندۈرۈشكە ئادەتلەنمەكتە ئىدى.

ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك مېھمانلار كېلىشىدۇ، ئۇلار قۇباقنى شۇنچىلىك ماختاشتىكى، ھېچكىمدە يوق سۈپەتلەر قۇباقتا تېپىلىدىغان بولۇپمۇ قالىدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۇنى سەن چىرايلىق بولۇپ قالدىڭ دەپ يالغان ئېيتىدۇ. بەزىدە ھېكىم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قەدەھ كۆتىرىپ: «مېھماندوست، ساپ كۆڭۈل، سەمىمى-سادىق دوستلارنىڭ سالامەتچىلىكى ئۈچۈن!» دېيىشىدۇ، قۇباق بۇ خىل ماختاشلارنى ئاڭلىغاندا بىر نەچچە رومكىنى ئارتۇق ئىچىۋېتىدۇ ۋە ھەممىدىن بۇرۇن مەس بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. قېرىنشقاندەك ئەتىگەنلىكى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ھويلىسىدا تۇردىخان پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ قۇباقنىڭ بېشىغا كېلىپ، مەسخۇشلارچە جۆيلۈيدۇ:

— ھەي قۇباق، بېغىڭغا سېغىزخان كىردى، توخۇ-تۇخۇمىلىرىڭنى ئەپچىقىپ كەتتى... ھا-ھا-ھا... قوپ!

— ساراڭ! — دەيتتى قۇباق تىللاش ئورنىغا سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ، — ئالسا ئالمامدۇ، بۇ ئۆي سېنىڭمىدى-يە!

تۇردىخان قۇباقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايدۇ-دە، يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— بېغىڭغا ئوغرى چۈشتى، ئەمدى قارغۇجاڭنى قوپ دىمەيمەن! — دەيدۇ.

قۇباق تۇردىخاننىڭ ساراڭ بولۇپ قالغىنىغا راست ئىشىنىدۇ - دە، ئىچ ئاغرىتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە يالغۇز قۇباقلا ئەمەس، ھەممە ئادەم تۇردىخاننى ساراڭغا چىقىرىۋەتتى. دىمىسىمۇ ھازىر تۇردىخان ئۆزىچە سۆزلەپ، بەزىدە كۈلۈپ، بەزىدە ناخشا ئېيتىپ ئېتىز - باغلاردا يالغۇزدىن يالغۇز يۈرىدۇ. ئۇ ئۇتتۇر كەلگەن يەرلەردە ئۇخلاپ قالىدۇ. بەزىدە بالىسىنىڭ قەۋرىسىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ كۈن بويى يىغلايدۇ...

قاتتىق بوران تۇردىخاننى ئويغىتىۋەتتى، ئۇ مۈزلاپ كۆيۈ - شۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئورنىدىن تۇردى، چىچىغا چاپلاشقان چاۋا - چاتقالنى قاقتى، شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قۇباقنىڭ قۇرۇق تېمىغا توپا ئالغان گوداڭدا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلدى. ئۇ ئويغاندى - دە، ئادىتى بويىچە قۇباقنىڭ دەرىزىسىگە قارىدى. دەرىزە لاپ قىلىپ يورۇپ يەنە قاراڭغۇلاشتى. دىمەك قۇباق تالاغا چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلدى ئۇ.

ئۇ ھويلىغا كىرىپ قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە شۈمشىيىپ ئولتۇردى. بوران ھۆكۈرەيدۇ، دەرەخلەر چىقىرايدۇ... كەچكۈزنىڭ ئاچچىق شاملى ئۇنى چاقماقتا، چاڭ - توزاڭ ئەخلەتلەرنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرماقتا، كىيىملىرىنى تارتىماقتا، مۈزلاپ - كۆيۈشكەن بەدىنىگە تىكەندەك تىرناقلىرى بىلەن ئىز سالماقتا... لېكىن ئۇ ھېچنىمىنى سەزمەيدۇ. ئۇنىڭ قۇباقنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسى ئىچ - ئىچىنى كۆيدۈرمەكتە. ئاشۇ ئارزۇ، ۋەسۋەسە، قايغۇ - ئەلەم پەيدا قىلىپ يۈرىكىنى مۇجۇماقتا. ئاشۇ ئارزۇسى، ئاشۇ ئىنتىزارلىق ئۇنىڭغا ئەجەل ئېلىپ كېلىدىغاندەك يۈرىكى بىلەنلا ئېيتىشماقتا. ئۇنىڭ خىيالى قۇباقتا، كۆزلىرى ئىشىككە تىكىلگەن، قەدىناس ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلسا، گەۋدىلىك قۇباق چاپان يېپىنچاقلاپ چىقىپ كەلسە، ئۇ كۆلۈمسىرەپ كېلىپ جامالىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇنۇ تۇردىخاننىڭ بېشىنى سىلىسا،

قۇباقنىڭ يىرىك - تونۇش قوللىرى چاچلىرىغا تەككەن ھامان باياتىن ئارام بەرمىگەن جاپاكەش يۈرىگى سەكرەشتىن بىراقلا توختىسا ياكى تاشقا تەككەن چىنە پارچىسىدەك پارە - پارە بولۇپ كەتسە، تۇردىخان شۇ چاغدا دۇنيادىن ئارمانسىز ئۆتكەن بولماسمىدى؟...

مانا، ئۇنىڭ ئۈمىتلىك كۆزلىرى شاتلىقتىن ئوينىناپ كەتتى.

ئەنە، راستلا ئىشىك ئېچىلدى ۋە ئىشىكتىن ئىككى ئادەم چىقتى. تۇردىخان زەڭ قويۇپ قارىدى ۋە ئۆزىگە يېقىن كەلگەندىلا ئۇلارنى تونۇپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. خورلۇق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى ئۇ ياقىسىنى چىڭ تۇتۇپ: «خۇدايىم، خۇدايىم!»دەپ نالە قىلدى. ھىلىقىلار بىربىرىگە سۈركىلىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى - دە، دەرىزىگە بېرىپ چاپلاشتى.

بوران گۈكۈرىمەكتە، ئۇنىڭ ئاجىز، خورلانغان تېنىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تالىماقتا، ھورلىماقتا، قىيما-چىما قىلىۋېتىش ئۈچۈن نەشتەر ئۇرماقتا... لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى ئۆيدە، ئۆيدىن پىخىلدىغان كۈلكە ۋە گۈڭگۈر - مۇڭگۈر سۆھبەت ئاڭلانماقتا!

— ھېكىمجان!... ئەقىللىق، ئامەتلىك ئادەمسىز - دە، قاراڭا، چاندۇرماستىن ئىككى خوتۇنلۇق بولۇۋالدىڭىز...

تۇردىخان بۇ ئاۋازنى بىلدۇ، ئۇ قۇتىگۈلنىڭ ئاۋازى.

— مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ياشىسۇن! جاھان قالايمىقانلاشسا بىزدەكلەرگە ياخشىكەن... قۇباقلارمۇ ئادەم - ھە؟ چوكا سالغۇچتىن نىمە پەرقى بار؟... بوينىنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەمنى بوزەك قىلمىساڭ نامەرت بولىسەن... قورقما، بىزدەكلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ چولىسى يوق!...

ھېكىمنىڭ يىرگىنىشلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدىمۇ، تۇردىخان چاچلىرىنى ئۇچۇملاپ تۇتۇپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى ۋە

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۈستەڭ شاقىرىتمىسى بويىدا پەيدا بولدى:

— مېنىڭ نېمىگە ئىچىم كۆيسە شۇنى خورلايدىغان دۇنيا، ئەمدى سېنى قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي!...

شۇ پورانلىق كېچىسى قوۋاقمۇ ئۇخلىيالمىدى، باشقا ھارغىن تەنلەرگە ئارام بېرەلىگەن بۇ ئازادە ساراي قوۋاق ئۈچۈن ئەسكى تۈگمەندەك زېرىكىشلىك ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەن قوتىنگۈل قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— شەھەرگە تېز كىرىڭ، ھېلىقى مۆرىلىك ھالقىنى ئېلىپ چىقىڭ، ئوغلىڭىز ئۈچ ئايلىق بولدى!— دېگەندە قوۋاق خوشال-لىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان ۋە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا شەھەرگە ۋەلسىپىت بىلەن كىرىپ بىر يۈزسەكسەن كويغا ھالقا سېتىۋالغان، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە سارايدا قونۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئايىلىنى ۋە تۇغۇلغۇسى ئوغلىنى ئويلاپ ئەمدىلا ياماپاشلىشىۋىدى، قىلۋىدىن گۈررىدە قارا بوران كېلىپ قالدى «بو-راندا ئايىلىم قورقۇپ كەتسە ئوغلۇم نېمە بولار!» دەپ ئويلىسىلا ئۇنىڭ پېشانىسىدىن پۇژۇلداپ تەر چىقاتتى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، بورانغا دۇمبىسىنى قىلىپ مەھەللىسىگە قاراپ يول ئېلىغماستىن ۋەلسىپىت بىلەن چاپتى. ئۇ يولدا يىقىل-دى، لاي - توپىغا مىلەندى، پۇتلىرى سۈرۈلدى، بەدەنلىرى تىلىن-دى، لېكىن ئۇنىڭ يادىغا ھامىلدار ئايىلى ۋە كەلگۈسىدە چىرىغى-نى ياندۇرىدىغان ئوغلى كېلىشى بىلەن ۋۇجۇدىدا قۇۋۋەت پەيدا بولاتتى. ئاخىر ئۇ تۆت سائەت جانۋازلىق قىلىپ مەھەللە سىرتى-دىكى كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى. ئۈستەڭ تاشقىلاپ پۈتۈن ئەتراپقا سۇ يامراپ كەتكەن. ۋەلسىپىت تۈگۈل پىيادىمۇ يۈرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئىشتان پۇشقاقلىرىنى تۈرۈۋېتىپ ۋەلسىپىتنى مۈرىسىگە ئارتىپ، بەلگىچە سۇ كېچىپ بىردە يىقىلىپ، بىردە قوپۇپ ئالغا قاراپ ماڭدى. بوران ئۇنى ئاۋارە قىلاتتى. بەزىدە سۇغا پېشى بىلەن كىرىپ كېتەتتى، بەزىدە ۋەلسىپىتنى يوقىتىپ قوياتتى. مانا، پات-

قاقتىن پۇتىنى تارتىۋىدى رېزىنكە ئۆتۈكى پاتقاقتا قالدى... لېكىن قورقۇپ چەكچىيىۋاتقان ئايىلى ۋە كەلگۈسىدە چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ئوغلىنى ئويلىسىلا ۋۇجۇدىدا يەنە قۇۋۋەت پەيدا بولاتتى. ئۇ ئۆمىلەپ قوپۇپ، يالىڭاياق پۇتلىرىنى(*) تەستە يۆتكەپ، راھەت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئۆيىگە قاراپ يەنە ماڭدى...

ئۇ ھويلىسىغا كىردى، ئىشىكلىرى ھاڭگىرقاي ئوچۇق، ھويلىدا قوي - كاللىرى، توخۇلىرى تەمتىرىشىپ يۈرىشەتتى. قەدىردان ئىتى بولسا، چىلىق - چىلىق سۇ، غالىلداپ تىترەپ تاپىسىدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

ئۇ ئۆيىگە كىردى. ساراي قالايمىقان، ئورۇن - كۆرپىلەر ۋە ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يەرگە تاشلانغان. ئىككى ساندۇغى ئوچۇق تۇراتتى.

— ئوغرى! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ساندۇققا ئۆزىنى ئېتىپ، — قۇتىگۈل، ئوغلۇم، سىلەر نەدە؟!

ساندۇق قۇرۇق: نەچچە يىلدىن تۈجۈپىلەپ يۈرۈپ يىققان بايلىغى — ئەن رەختلەر، ئالتۇن ئۈزۈك - ھالقىلار، ئايىلىنىڭ كېيىنگە كىرىپ بانكىدىن ئېلىۋالغان نۇرغۇن پۇل... ھەممىسىلا يوق ئىدى.

— قۇتىگۈل! — ئۇ ئەسەبىلەرچە ۋاقىراپ قاپ - قاراڭغۇ كېچە قوينىغا — دالىغا قاراپ يۈگۈردى. بوران تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئۇنىڭ نالىسىگە جاۋاپ بولۇپ ئىشىكى ئالدىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ ھويلىسىغا قاراپ كېرىلگەن چوڭ شېخى غاراسلاپ يېرىلىپ چۈشتى. توخۇلار قاقاقلاشتى...

ئەتىسى بوران توختىدى. تام تۈۋلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلەر غازاڭ، قامقاقلار بىلەن تولغان، بوران كەتكەن بىلەن ئاچچىق سوغىقى كەتمىگەن. يېزىنى قىش كېلىش ئالدىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ئىگەللىگەن ئىدى.

مەھەللە خەلقى قىلىن جۇۋا - چاپانلىرىغا يۆگىنىپ، قولاقچى-

لېرىنى باسۇرۇپ كېيىپ ۋالىمىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ - چىقماقتا ۋە شۇنداق ئاددى سوئال - جاۋاپلار بىلەن ۋەقە بايان قىلىنماقتا ئىدى.

— نىمە بوپتۇ ھوي!

— نىمە بولاتتى، ئاخشامقى بوران تۇدەك ساراڭنى ئۇچۇرۇپ سۇغا تىقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ!

— پاھ، ماۋۇ بوراننىڭ يامانلىغىنى - ھە!

لېكىن ۋالىم بولغان ئىشنى تەپسىلىرەك قىلىپ مۇنداق بايان قىلاتتى!

— بوراندا چىقىپ قارىسام، سۇ تاشقىلاپ مەھەللىگە يامرىغىلى تۇردى. كۆۋرۈك ئاستىغا بىر نىمە تۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ بوراندا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ سۇغا كىردىم، سىلىسام قولۇم يۇمشاق بىر نىمىگە ئۇرۇلدى. قوي - يۇڭى ئوخشايدۇ دەپ تارتىپ چىقىرىپ قارىسام تۇردىخان ... كۆتىرىپ ئۆيگە ئەپكەلدىم. ھەي بىچارە دۇنياغا تۇغۇلۇپ كۆرگەن راھىتى نىمە بولدى؟ قۇۋاقنىڭ ئۆيىدە كىچىككىنە راھەت كۆرۈۋىدى، بىز ئىنسانلار شۇنىمۇ كۆرەلمىدۇق، تارلىق قىلدۇق. قۇۋاقمۇ ياماننىڭ گېپى بىلەن بۇ بىچارىنى ھەيدىدى. كۆڭلى بار ئىكەن، بىچارە تۇردىخان شەھەردىن قۇۋاقنى پانا تارتىپ يەنە چىققان ئىدى. خورلىنىپ قالدى. قۇۋاقنىڭ چىرايلىغى ۋاپا قىلمىدى. يىققان - تۆككىنىنى ئېلىپ، قۇۋاقنى ئەپلەپ - سەپلەپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قېچىپتۇ.

— ئۇنى يولغا سالغان ئاكىسىدە! — دەپ تەنە قىلدى غەزەپلەنگەن بىر دىخان، — قۇۋاق بىچارە بوراندا نەلەردە يۈرىدىكىنتاڭ!

— تۇردىخاننىڭ سۇدا ئۆلۈشى، قۇتىڭۇلنىڭ قېچىشى، قۇۋاقنىڭ شەھەرگە كېتىشى بىرلا ئاخشامدا بولغان. بۇنى تازا بىر ئويلاپ باقايلى!

شۇ چاغدا هويلغا هېكم كردى، ئۇ پەرۋاسز، قڭغر يۆگەلگەن تاماكسنى ئاغزدا پېقىردتىپ، قاشلرنى ئوينتىپ تۇرۇپ:

— ياشلارغا يەرلك كولتىپ قويدۇم، كۆمەيلى ۋالىمكا! — دىدى.

— كۆتەيلى! — دىدى ۋالىم قاپىغنى ئاچماي.

— كىمنى؟

— ئىگىسىنى؟

— ئىگىسى كىم؟

— قۇباق بولىدۇ - دە!

— نىكادىن ئاجراشقان تۇرسا...

ۋالىم هېكىمگە يالت قىلىپ قارىدى - دە، هۆكۈم ئېلان قىلىۋاتقان سوتچىدەك هەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— ئۇنداقتا تۇردىخان ئىگى - چاقىسىز ئىكەن - دە! بىلىپ قوي، ئىتنىڭمۇ ئۆلسە ئىگىسى چىقىدۇ. بۇ بىر ئادەم، ئادەم بولغاندىمۇ ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، ساپ ئادەم! نىكادىن ئاجراشمىغىنى ئۇنىڭ پۇل، مال - دۇنياسىغا ۋاپادار ئىكەن. ئاجراشقىنىچۇ؟ قۇباقنىڭ كۆڭلىگە... قۇباقتىمۇ بىراۋنىڭ هالال ئەقىدىسىنى بىلگۈدەك كۆڭۈل بار... ئەلۋەتتە بىزمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قەدىر سانىشىمىز كېرەكتە!...

ۋالىمنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن هويلىغا قۇباق كىرىپ كەلدى. ئۇستى - بېشى، يۈز - كۆزى لاي، بىر كۈندىلا كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، پۇشقاق - يەڭلىرى تۈرۈلگەن، ياقىلىرى ئېچىلغان، يالاڭباش، يالاڭياق قۇباق ئۈن - تىنسىز كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. سۇپىدا — تاختىپۇشتا غېرىپ يوپۇقىدا ياتقان تۇردىخاننىڭ جەسەدىگە قاراپ بىر هازا جىم تۇردى - دە، بىردىنلا ئۆزىنى جەسەتكە تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ سىلكىنىپ شۇنچىلىك قاتتىق يىغلىدىكى، سىلكىنگەندە پۈتۈن گەۋدىسى هازىرلا يەردىن

ئاڭقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ھېچكىم قۇباقنىڭ يىغىسىنى ئاڭ-
لىمىغان ۋە بۇنچىلىك يىغلايدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدى. قۇباقچۇ؟
ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گويا ۋەيلۇندا كۆيمەكتە، يىلان - چايانلار ئۇنىڭ
بەدىنىنى چاقماقتا ... ئۇ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئازاپ كۆرمىگەن
ۋە ئۆزىنى بۇگۈنكىدەك گۇناكار سەزمىگەن ئىدى ...
ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ساپ يىغىسى ساپ كۆ-
ڭۈل ئادەملەرگە تەسىر قىلدى. كۆز ۋە بۇرۇنلىرىنى ئۇۋۇلاپ
يىغلىغۇچىلار خېلىلا كۆپەيدى.
خېلى ئۇزاق يىغىدىن كېيىن ھېكىم قۇباقنىڭ يەلكىسىدىن
تۇتتى:
— قوپ ھوي، قوپ دەيمەن! نىمانچە قىلىسەن. ساراڭغا
يىغلىغاننىڭ ئۆزى ساراڭ!
قۇباق يىلان چېقىۋالغان توپاقتەك ئورنىدىن سەكرەپ قوپتى-
دە، چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى دەپ ۋاقىراپ ھېكىمنىڭ كانىيى-
دىن بوغدى، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى تىترەيتتى. ھېكىم بىردەمدىلا
كۆكىرىپ - سارغىيىپ گىلدىڭلاپ قالدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ قولل-
رىنى قانچە قىلىپمۇ ئاجرىتالمىدى. قاتمان قوللار ناھايىتى كۈچلۈك
ئىدى. كۆپچىلىك مىڭ بىر تەسلىكتە ھېكىمنى ئاجرىتىۋالدى.
— پاھ، بۇنىڭ كۈچىنى!
— ئىنسان شۇنداق نەرسە، قويدەك بوزەك بولىدۇ، كەپتەر-
دەك يەم بولىدۇ. بوزەك بولا - بوزەك بولا، ئاخىر سەۋر قاچىسى
تولىدۇ. بوزەك ئادەم بىردىنلا غەزەپلىك شىرغا ئايلىنىدۇ، يائاللا،
قۇباقنىڭ ئاچچىغىنى بۈگۈن كۆردۇق! يىغىسىنىمۇ بۈگۈن كۆردۇق!
ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمايلى جۇمۇڭلار، پاھ - پاھ! ...
ئۇنىڭ شىر سۈپەت تىرناقلىرىدىن ئارانلا قۇتۇلغان، يىگىر-
مە نەچچە يىل قۇباقنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ ھەر كويغا سېلىپ
كەلگەن ھېكىم خۇددى ئېيىق ئويناتقۇچىنى ئۆز ئېيىقى ئۆلتۈرۈپ
قويغان بەختسىز سىركىچىدەك، چىرايى ۋابادىن ئۆلگەن توخۇدەك

ۋانسز، ۋاتىلداق لەۋلىرى تىۈششۈك سويمىسىنىڭ بۇرنىدەك كۆكەر-
گەن، تۈلكىنىڭ بۇرنىدەك سەزگۈر بۇرنىدىن هارام قىنى ئاق-
قان هالدا بىهۇش ياتاتتى.

قۇباق هېكىمنى قويۇۋېتىپ ئوق يېگەن ئېيىقتەك قاتتىق ۋاقىردى - دە، ۋالىمغا تاشلاندى:

— سادىغاڭ كېتەي ۋالىمكا، ۋاپاغا جاپا قىلدىم ... مېنىمۇ تۇردىخانىغا قوشۇپ كۆمۈۋېتىڭلار! ...

1980 - يىل غۇلجا

1983 - يىل ئۈرۈمچى

# ئارچا ياپرىغى

(پوۋېستلار)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1984 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1985 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098.887
تىراژى: 4,600 — 1
باھاسى: (قاتتىق مۇقاۋىلىق) 1.80 يۈەن
(ئاددى مۇقاۋىلىق) 0.95 يۈەن

**柏　叶**（中篇小说集）（维吾尔文）
左尔东沙比尔著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 11.75 印张 2 插页
1984年5月第1版　1985年1月第1次印刷
印数：　1——4,600

书号：M10098·887　定价：（平）0.95元（精）1.80元